# شنجاڭ تاريخ ماتيرياللرى

(24)

شنجاڭ خەلق نەشرياتى

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(24)

جوڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خالىق ساتى
ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى(24)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىەنجۇڭ كوچىسى 54 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 1/32؛ باسما تاۋىقى: 14، قىستۇرما ۋارىقى: 1
1988 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 10,000
ISBN7—228—00518—X/K·44
باھاس...
(ئىچكى جا... ...دۇ)

## مۇندەرىجە

1. يەكەننىڭ ئون يىللىق تارىخى ھەققىدە ئەسلىمە
ئابدۇرىشىت يۈسۈپى ........................ 1
2. ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ 15 يىللىق تارىخىدىن ئەسلىمە
چاۋار يۈسۈپ ........................ 80
3. چىرىيە يېزىسى ۋەقەسى توغرىسىدا ..............
تىلىۋالدى ھۇشۇر ........................ 98
4. ئاقسۇ كونىشەھەر مائارىپ تەزكىرىسى ..........
ئابدۇراخمان مامۇت دىيار ........................ 190
5. لوپ ناھىيىسى مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى
لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش .............. 145
6. غۇلجا خەيرىيە مەكتىپى توغرىسىدا ئەسلىمە ......
مۇھەممەت قۇربان ئەزىز يارى .............. 179
7. ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسۇل، تىياتىرچىلىقى توغرىسىدا ئەسلىمە .............. ئېلى ئېزىز 189
8. يەكەن سەنئىتى توغرىسىدا ئەسلىمە ..............
مۇھەممەت فايىتىھ ........................ 232
9. شىنجاڭ سەنئەتچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىچكى ئۆلكىلەرنى ساياھەت قىلىشى .......... پەرىدە ئېلىيوۋا 239
10 - خېمىت ھېكىمى توغرىسىدا ئەسلىمە ..........
پەرىدە ئېلىيوۋا ........................ 250
11. ئاتاقلىق شەخس باي سىجاڭ ..............

ئابدۇراخمان مامۇت دىيار ................ 262

12 ياقۇپ ئامبال توغرىسىدا ئەسلىمە ................

ئابدۇرىشىت خوجەخمەت ................ 270

13. گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىگە قاتنىشىش سەرگۈزەشتىلىرىم ................ ۋاڭ خۇكچىڭ رەتلىگەن 275

14. ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىنكى شىنجاڭ تاشىۋوللىرى ................ لىۇلىڭجەن 281

15. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى ... ................ ۋاڭ لىيەنفاڭ 311

16. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مايتاغ نېفىتلىكى ................ خابدۇللا 321

17. مايتاغ — شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى ................ ئەلىيۇپ 430

18. 14 ـ ساندىن 23 ـ سانغىچە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى ................ 436




# يەكەننىڭ ئون يىللىق تارىخى ھەققىدە ئەسلىمە

(1939 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە)

## ئابدۇرىشىت يۇسۇپى

مەن ئازادلىقتىن بۇرۇن 1938 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ساۋاقداشلاردىن ئابدۇغېنى ھەسەن، ئابدۇرېھىم ئەھمىدى، ئابدۇلھېمىت ئىمىن ھاجى تۆتىمىز مۇشۇ ئانا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدۇرۇلدۇق. 1939 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن دارىلمۇئەللىمىن مۇدىرى ئابدۇقادىر سىدىق (ئازادلىقتىن كېيىن پەيزىۋاتتا ھاكىم بولغان)، دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن خوجائەھمەد ھۈسەيىن بىز ئۈچ كىشى يەكەن مائارىپ خىزمىتىگە بەلگىلىنىپ باردۇق. مۇدىر ئابدۇقادىر سىدىق ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە، مەن مەدەنىيەت بۆلۈم مۇدىرلىقىغا، خوجا ئەھمەد مەكتەپلەر مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلىنىپ خىزمەتكە كىرىشتۇق. يەكەن ئىككى ناھىيىدە بىرلا ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، بىر خەنزۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بولۇپ، ئۇيغۇر

ئۇيۇشمىسى كونىشەھەردە، خەنزۇ ئۇيۇشمىسى يېڭىشەھەردە ئىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كونا - يېڭى شەھەر ناھىيىسىنى ئاساس قىلغىنى ئۈچۈن دائىرىسى كەڭ، باشقۇرىدىغان ئورۇنلىرى كۆپ ئىدى. پۈتۈن باشلانغۇچ مەكتەپلەر، مەدەنىيەت - سەنئەت ئورۇنلىرى قىرائەتخانا، باغچا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. ئىككى ناھىيىدە ھۆكۈمەت تەمىناتىدا ئىككىلا مەكتەپ بولۇپ، كونا -يېڭىشەھەردە تولۇقسىز سىنىپلىق ئۇيغۇر، يېڭى شەھەردە ئۈچ سىنىپلىق خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى، بۇلار شەنلى مەكتەپ دەپ ئاتىلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن باشقۇرۇلاتتى. مەن 1939 - يىلدىن 1949 - يىلغا قەدەر يەكەن مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ ئىلگىرى - كېيىن ئوقۇتقۇچى، قىسقا مۇددەتلىك ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ھاكىمى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولدۇم. مۇشۇ 10 نەچچە يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا كۆرگەن - بىلگەن ۋە باشتىن كەچۈرگەن ئەھۋاللار ئۈستىدە بۇ قىسقىغىنا ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم. ھېچ بولمىغاندا بۇ ئەسلىمىنىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى تولۇقلاش ۋە ناھىيە تەزكىرىسىنى يېزىشتا ئاز - تولا ياردىمى بولار دەپ ئويلىدىم. بىراق ئارىدا 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى، ياشنىڭ يۇقىرىلىشى بىلەن ئەسلەش ئىقتىدارىمنىڭ تۆۋەنلىشى تۈپەيلىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ئەينەن يېزىلىشى، يىل - ئايلارنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قېلىشى، شۇنىڭدەك بەزى ئېنىق بولمىغان جايلارنىڭ بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. شۇ يىللاردا يەكەندە خىزمەت قىلغان ياكى ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرگەن



ۋە ئاڭلىغانلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەسكەرتىش: 1 - بۇ ئەسلىمىنى 1939 - يىلدىن باشلاپ يەكەنگە ھاكىم، ۋالىي بولغانلارنى چۆرىدىگەن ھالدا يىل تەرتىپى بويىچە يېزىپ چىقتىم.

2 - شۇ دەۋرلەردىكى ۋەزىيەتتە دارىنلار ئىسمىنىڭ باش ھەرپىگە ئەمىلىنى قوشۇپ ئاتاش رەسمىيلەشكەن بولغاچقا ئىسمىنى ئېنىق بىلىدىغان، يادىمدا بولغانلىرىنى ئەينەن يازدىم. ئىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇچۇق بىلەلمىگەنلىرىمنى باش ھەرپىگە ئەمىلىنى قوشۇش ئادىتىگە ئاساسەن يېزىپ چىقتىم.

3 - يەكەن ھەققىدە قىسقىچە ئۆز تونۇشلىرىمنى قىسمەن شەخسىيلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئىزاھلاپ كىرگۈزدۈم.

* * *

يەكەن شەھىرى قەدىمى چوڭ شەھەرلەردىن بولۇپ، شىنجاڭدىكى شەھەر ۋە ناھىيىلەر ئىچىدە تارىخى ئۇزۇن، كۆلىمى چوڭ، نوپۇسى كۆپ جايدۇر. خەلق ئاغزىدا 16 مىڭ قەشقەر، 32 مىڭ يەركەن دەپ ئاتىلىشىمۇ يەكەننىڭ چوڭلۇقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. يەكەن دېگەن بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى جانلىق تىلىمىزدا «يەكەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ كەلدى. 1939 - يىلدىكى ئەھۋالغا نەزەر سالغىنىمىزدا، كونا شەھەرنى دائىرىگە ئېلىپ تۇرغان سېپىل ئىچىدە(شەھەر ئىچىدىلا) 15 20 مو يەر كۆلىمىنى ئىگىلىگەن نۇرغۇن باغلار، زور تېرىلغۇ يەر ۋە كۆكتاتلىقلار، بىرنەچچە ئون مۇ يەرنى ئىگىلىگەن چىلتەن مازار، ئال-

تۈن مازار، شەھەر خەلقىنىڭ زاراتلىقى، ئۆزبېك زاراتلىقى
(ھازىرقى ترانسپورت ئورنى) ئاشلىق جوۋلىرى — مانا
بۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەر ئىچىدە بولغانلىقى سىرتىدا،
يەنە 44 مەدرىس، 16 خانىقا، 119 مەسچىت، 91 كۆل،
چوڭ ھاممام (مونچا)، بىرنەچچە چوڭ ساراي - دەڭلەر،
ھەممىسى شەھەر ئىچىگە جايلاشقان. شەھەردىكى مەھەللى-
لەرنىڭ ئىسمى شۇ مەھەللىدىكى كۆل ئاساسىدا ئاتىلىپ
كەلگەن. مەسىلەن: ئورا كۆل، سارايكۆل، جارسۇكۆل، يا-
ڭاق كۆل، قىزىل كۆل، ھوشۇۋاقى كۆل، جۇۋۇچىكۆل، سال-
غان كۆل، كىچىك كۆل، ھەلەمدان كۆل، مانجۇ كۆل،
تۆمۈرغوجا كۆل، سەگەنياز كۆل....، بەزى ئىچكىرىكى كوچىلاردا،
كۆل يوق مەھەللىلەرمۇ بارئىدى. بۇلار ئايرىم ئىسىملار
بىلەن ئاتىلاتتى. ئىچكىرىكى خەندەك، كەشمىلە كوچىسى،
قوچقارئاتا مەھەللە، شاخالا كوچىسى، سوپىكا مەھەللىسى،
نوتوۋى .... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## ئاھالىسى

ئاھالىنىڭ تۈپ ئاساسى ئۇيغۇرلارنى گەۋدە قىلغان
بولۇپ، بۇ يەردە ئۆزبېك، خۇيزۇ، خەنزۇ، تاجىك، قىر-
غىز خەلقلىرىمۇ ئورۇنلاشقان. يەنە ئافغانىستان،پاكىستان
(بۇرۇن ھىندىستان دەپلا ئاتىلاتتى) ۋە خانلىقى-
لارمۇ بارئىدى. يەكەن شىنجاڭ بويىچە چەتئەللەرنىڭ
(سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق دۆلەتلەر-
نىڭ) پۇقرا ۋە تىجارەتچىلىرى كۆپ ئورۇنلاشقان
جايلارنىڭ بىرى بولغان. 1937 - يىلغىچىلىك تاشقور-



غان، سانجۇقوشتاغلار ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىدىغان ئىم-
پورت ماللىرىدىن ئېلىنىدىغان خارجى باجلار يەكەندە ئېلى-
ناتتى. تاۋۇزنا ئورنىمۇ يەكەندە ئىدى. يەكەننىڭ دورى
قازا، ھېجى خالتا، كەشمىلە كوچىسى دېگەن كوچا - مە-
ھەللىلىرى، ھىندىستانلىقلار كۆپرەك توپلىشىپ ئولتۇراق-
لاشقان جايلىرى ئىدى. بۇلار شەھەر رەستىلىرىدە دۇكان
ئېچىپ تىجارەت قىلىشاتتى. ئەڭ چوڭ باي مەدەمىرخان-
نىڭ شەھەر ئىچى ۋە يېزىلاردا كاتتا قورۇ - جاي ۋە يەر -
زېمىن، باغلىرى بارئىدى. ئابلىمىت ئاقساقال، تىللا-
خان ئاقساقال، سېيىت مويدىنخان ئاغا قاتارلىقلار ئۇ-
لارنىڭ ئەتىۋارلىق نامدارلىرى ۋە پاكىستانلىقلارنىڭ
ئاقساقالى ئىدى. ئاقساقاللار ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى
ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مە-
سىلىلەرنى باشقۇرۇش رولىنى ئوينايتتى. يىلدا بىرەر
قېتىم قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىنگلىز (ھىندىستان) كونسۇل-
لىرى كېلىپ ئاقساقاللار ئۆيىگە چۈشۈش بىلەن پۇقرا-
لىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تۇغۇلغان ئىش-
لارنى بىر تەرەپ قىلىپ قايتىشاتتى. تۆمۈرغوجا كۆل
بويىدىكى ھىندى سارىيىدا بىرنەچچە ھىندى سودىگەرلىرى
بارئىدى. 1935 - يىللاردىن باشلاپ شېڭ شىسەي ھاكى-
مىيىتى ھىندىستانلىقلار (ئىنگلىز پۇقرالىرى دېيىلەتتى)
بىلەن ئالاقىلىشىشنى قاتتىق چەكلىگەن. بۇلار بىلەن
گەپ - سۆز، ئالاقە قىلىش پەقەت توختىغان. مۇشۇ يىللاردا
تۇتقۇن قىلىنىپ، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بىرقىسمى پەقەتلا
بۇلار بىلەن ئالاقە قىلدى، دېيىلىپ تۈرمىگە تاشلان-
غان ۋە كۆپلىرى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن. دېمەك نوپۇسى

كۆپ بۇ چوڭ شەھەردە يۇقىرىقىدەك مۇرەككەپچىلىكلەرمۇ بارئىدى.

## يەكەندە مەدەنىي - مائارىپ

يەنە مۇشۇ ۋاقىتلاردا يەكەن مەدەنىي - مائارىپىدا خەلقنىڭ ھۆرمەت ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان شەھەر مۆتىۋەرلىرى، دىنىي زاتلار، سودىگەرلەر ۋە زىيالىيلاردىن سابىق ئەلەم ئاخۇنۇم، سالىخ ئەلەم ئاخۇنۇم، مەمەد ئابلاخان غوجام، تۇختى ئەلەم ئاخۇنۇم، قۇل ئەھمەت ئاخۇنۇم، تۇردى يارقازى ئاخۇنۇم، ئىمىن ئاخۇنۇم، ئابدولېتىپ ھاجىم، ئابدۇمەجىت مۇفتى ئاخۇنۇم، قادىرخان غوجام، ھاجى ئابلامەخدۇم، ئارتۇق ھاجى داموللام، ئابلاخان تۆرەم، نىياز مەمەتخان ھەزرەت، مويىدىن مەخدۇم، ئابلا داموللام، ئايۇپ قارى ئاخۇنۇم، زىيائىدىن قارى ھاجىم، مەھەممەت ئىمىن ئىسلامى، ھاجى نۇرۇللا، پازىلجان ئاكا، تۇخسىينخان، پازىلجان زەھىم، ھەلىمدىن ئاخۇنۇم، قەمەردىن ئەپەندى، شىرىق نىيازھاجىم، روزى مەمەت ھاجىم، روزى بېگىم، ئابدۇقادىر بېگىم، بەدرىدىنلار شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق نامدار، ۋەتەن سۆيەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىدىن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەسلىگەندە ئابدۇ سابىق ئەلەم ئاخۇنۇم خەلقنىڭ ئىلىم مەرىپەت بىلەن ئويغىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان ئىدى. ئۇ كىشى يەنە قەشقەردە قىرغىنچىلىق قىلىپ يەكەنگە كەلگەن ماخوسەننىڭ يەكەننى پاراكەندە قىلىش، خەلقنى قىرىشتەك ياۋۇز ھەرىكىتىنى ئۈنكۈر تەدبىر قوللىنىپ توسۇپ،



پۈتۈن خەلقنى بۇ زور بالادىن قۇتقۇزۇپ قالغان. مەمەت ئابلاخان غوجام يەكەندە تۇنجى مەتلەئىل ئىرپان مەكتىپىنى قۇرۇپ يەكەن مائارىپىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان. ئارتۇق ھاجى داموللام 1934 - يىلىلا ئۆز ھويلىسىدا يېڭىچە ئارتوقىيە ناملىق يېڭىچە مەكتەپنى قۇرۇپ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرگەن. خەلق ئاقارتىش خىزمەتلىرىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدۇرغان.

ئابدۇلېتىپ ھاجىم ئۇستا ھۆكۈما، مىللىي دوختۇر بولۇپ، دوختۇر يوق مۇشۇنداق بىرچوڭ شەھەردە بىرنەچچە ئون يىللىق ئۆمرىنى خەلقنى داۋالاش ئۈچۈنلا سەرپ قىلىپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان.

پازىلجان ئاكا، زىياۋىدىن قارى ھاجىم، ھامى نورۇللا، توخسىينىجانلار 1935 - يىللىرىدىلا سانايى نەپىسەنى تەشكىللەپ ئۆزلىرى قاتنىشىپ، يەكەن سەنئەت ئىشلىرىنى يولغا قويغان. ئابدۇقادىر بەگ 1939 - يىلى ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ياتاق، ئىشخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شامالباغ چاچاڭدا سەككىز سىنىپلىق زامانىۋى يېڭى مەكتەپ سېلىپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆرتكە بولغان. شۇ چاغدا ئۇ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىپ بۇيرۇق ئارقىلىق تەقدىرلەنگەن. ھەلىمدىن ئاخۇنۇم، ئۆمەي ئېلى داموللام، بەدرىدىن، مەھەممەت ئىمىن ئىسلامى قاتارلىقلار يېڭىدىن قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، كۆپلەپ بىلىم ئەھلىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. شۇنىڭغا ئوخشاش قالغان دىنىي زاتلار ۋە زىيالىيلارمۇ شۇ ۋاقىتتا مەدەنىي - مائارىپ، خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ ئاساسي تەشكىلاتى بولغان

ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ ۋە ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم بېرىپ، يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى قوللاپ ماددىي - مەنىۋى جەھەتتىن مەدەت بېرىپ، يۇرتىنىڭ تەرەققىياتى، خەلق مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە پائال كۈچ چىقارغان.

خەنزۇلار ئاساسەن يېڭى شەھەر (خەنچېڭ) گە ئولتۇراقلاشقان، شۇڭا يېڭى شەھەر خەنزۇ شەھىرى دەپمۇ ئاتىلاتتى. گەيشەڭ ۋە كونا شەھەردىمۇ بىرنەچچە ئائىلىلىك خەنزۇلار بار ئىدى. بۇلار يەرلىك ۋە ئىچكىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ماللار بىلەن دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىشاتتى. بەزىلەر ھاراق - ئاچچىقسۇ چىقىرىش، سېتىش (شوپاڭ ئېچىش)، دورىكەشلىك، گۆرەكەشلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئالمات، ئاۋات، خاڭدىن، قىزىل ئاۋات دېگەن يەرلەردە يەر زېمىنلىرى بار خەنزۇلارمۇ بولۇپ، بۇلار دېھقانچىلىقمۇ قىلىشاتتى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلاتتى. لىجۇ دارىن (خەنزۇ ئۇيۇشما رەئىسى)، دەن مىشۇ (يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كاتىپى)، ياڭ مىشۇ (كوناشەھەر كاتىپى)، كوك شانپا (ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئۇزۇن يىللىق كاتىپ، كېچاڭ بولغان)، زۇسى (دۇكاندار ھاراقكەش)، شۈي شاڭزۇڭ (چوڭ دۇكاندار، خەنزۇلار ئاقساقىلى)، خو خۇيجاڭ (سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، چىڭ پاشاڭ (دورىكەش)، ليوپوسىڭ (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كادىرى) قاتارلىقلار خەنزۇلار، ئىچىدىكى نوپۇزلۇقلار بولۇپ، جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئىدى. مۇندىن باشقا يەنە يېڭىشەھەر - كونا شەھەرلەردە گۆرەكەشلىك



بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز سانلىق خەنزۇلارمۇ بار ئىدى.

خۇيزۇلار ئاساسەن گەيشاڭدا ئولتۇراقلاشقان. بۇلارنىڭ ئۆي - دۇكان ۋە يەر - زېمىنلىرى بولۇپ، ئاچچىقسۇ، پىنتوزا ئىشلەپچىقىرىش، دۇفۇ، تۈرلۈك يېمەكلىكلەر (لەڭپۇڭ، گازىر، خاسىڭ قاتارلىقلار)نى سېتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نامدار كىشىلەر ئېلى ئاخۇنباي، خەن دارىن، ھاشىم ئاخۇن، سېيىت ئاخۇن، رامزان ئاخۇن، چاڭسا ئاخۇن، مالوسى، لوياخۇن، دەنداخۇن قاتارلىقلار ئىدى. خەن دارىن (داۋۇت خەلىپە) يەكەن، قەشقەردە توڭلىڭ (ھەربىي ئەمەلدار) بولغان. شېڭ شىسەي 1937 - يىلى تۈرمىگە قاماپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

## ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

يەكەن خەلقى يۇۋاش، ساددا، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، مەرىپەتسۆيەر، ئۆز-ئارا ئىناق بولۇپ، جەمئىيەت كەيپىياتى ياخشى ئىدى. يامان ئەھۋاللار (ئوغرىلىق، جېدەل - ماجرا، قاتىللىق كەبى ناچار كەيپىياتلار) يوق دېيەرلىك ھالدا ئىدى. 80 نەچچە ياشلىق روزى بېگىم شۇنداق ئىزاھلاپ: «مىنگونىڭ 18 - يىلى بېيجىڭ خاندىن ناھىيىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالى، خەلقىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى سوراپ بۇيرۇق كەلدى، شېڭلۇچى يېزىسىنى ئېچىپ ئاۋاتلاشتۇرغان ئامبال ليۇدارىن «يۇۋاش، ساددا، ئىناق، ئەمگەكچان» دېگەن تۆت خەت بىلەنلا بېكىتىپ مەلۇم قىلغان» دەيدۇ.

خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، تۈرلۈك قول سانائەت، قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇششاق ھۈنەرۋەنلەرمۇ كۆپ. قول سانائەت تەرەققىي قىلغان. بەقەسەم، ئەتلەس، شايى، زىلچا توقۇش كەڭ راۋاجلانغان. بۇلار داڭلىق تاۋارلاردۇر. شۇنىڭدەك چەكمەن، شەتلەنكى (كاتەكچە)، تولىما، چوتا، يۇڭ چەكمەن، ھەر خىل رەڭدار گىلەم (پالاس)، كىگىز، پىيما، يۇڭ پايپاق، يۇڭ بەلباغ، باش - ئاياغ كىيىملىرى، مىس ئەسۋابلار، ناھايىتى نەپىس - كۆركەم ئىشلەپچىقىرىلاتتى. ياغاچتىن قىرىپ ئىشلەنگەن قاچا - قۇچىلار ۋە تۈرلۈك ئۆي بۇيۇملىرى ئەڭ بازارلىق ھۈنەر مەھسۇلاتى ھېسابلىناتتى. قۇيمىچىلىق، كەشتىچىلىك، بوياقچىلىق، نەققاشلىق، ياغاچ ئويما قاتارلىقلار بىلەن بىناكارلىق ئىشلىرىمۇ كۆپ ئۆلگىرىلىگەن. باغۋەنچىلىك شەھەر - يېزىلار بويىچە كەڭ ئومۇملىشىپ راۋاج تاپقان، مېۋىلەرنىڭ تۈرى كۆپ. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئەرزان، مەمۇرچىلىق ئىدى. قەشقەر، ئاقسۇ ۋە باشقا ناھىيىلەرگە بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، زىغىر، ماش ئۇنى، پىنتوزا، ياڭاق قاتارلىقلارنى يۆتكەپ تىجارەت قىلغۇچىلار كۆپ ئىدى. يىل بويى ئاشلىقلار چەت ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە يۆتكىلىپ سېتىلاتتى. شۇنداق شارائىتتىمۇ يەنىلا يەكەندە ئاشلىق كۆپ، باھاسى ئەرزان، بازارلار ئاۋات ئىدى. 1939 - يىلى بىر نان ئىككى سېنت (ئىككى فۇڭ)، بىر تاغار بۇغداي بىر كوي ئىكەن. ئۆيۈشما ئاشخانىسىدىكى تاماق تۈرى، باھاسى يېزىلغان جەدۋەلدە بىر كىشىلىك پولۇ 10 سېنت، پىششۇرۇلغان تۇخۇم (ياغدا) ئىككى سېنت، دەپ



يېزىلغان. شۇنداقتا 3 - 2 خىل تاماق بىلەن غىزالانغۇچىغا ئاران 25 - 20 سېنت كېتەتتى. مۇشۇ يىلى ئۆلكىدە خەجلىنىۋاتقان بىر سەرلىك، بەش سەرلىك، لىڭپيو، دۇبەن دەيدىغان تىزا پۇللار (قەغەز پۇللار) ئورنىغا بىر كويلۇق، ئۈچ كويلۇق، 50، 20، 10، 5، 2، 1 سېنتلىق پۇل چىقىرىلىپ، كونا پۇللار تېگىشىپ بېرىلدى. بۇلار ماۋزېمىن مالىيە نازارىتىگە نازىر بولغان ۋاقتىدا چىقىرىلغان پۇللار ئىدى.

## 1939 - يىلدىكى يەكەن (كونشەھەر - يېڭىشەھەر ناھىيىسى) نىڭ ئەھۋالى

### كونشەھەر (يېرچياڭ)

كونا شەھەردىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەكەن جامەسىنىڭ ئارقا تەرىپى خانىقا دەرۋازىسىغا چىقىدىغان چوڭ يول ئۈستۈلىغا (ھازىرقى پارتىيە مەكتىپى ئورنى) جايلاشقان. كونشەھەرنىڭ ئالتۇن، خانىقا، قاۋۇغات، تېرەباغ دەپ ئاتىلىدىغان تۆت دەرۋازىسى بولۇپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ شەھەردىكى شۆبىلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. ئاخشىمى سائەت 11 لەردە تاقىلىپ، ئەتىگىنى 5 - 4 لەردە ئېچىلاتتى.

### ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى تەشكىلى

— ھاكىم (شيەنجاڭ)، (مائاۋىن ھاكىم بەلگىلەش بۇ چاغدا رەسمىيلەشمىگەن) كاتىپ (مىشۇ)، ئىچكى ئىشلار

بۆلۈمى (مىنجىڭكو)، مالىيە بۆلۈمى (سەيجىڭكو)، قوراللۇق بۆلۈمى (جەنشىكو)، مائارىپ بۆلۈمى (جاۋيۈيكو)دىن ئىبارەت تۆت بۆلۈم بولۇپ، ھەر بۆلۈمدە بىر بۆلۈم باشلىقى، ئىككىدىن كېيۈەن (بۆلۈم ئەزاسى) بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ھېساباتچى، زاپخوز، باجگىر، تەرجىمان، چارۋا تېخنىكى، توپ بېشى، لوزۇڭ (ئىدارە مۇھاپىزەتچىلىرى، يايى دوغىلارنى باشقۇرغۇچى)، ھارۋىكەش، ئات باقار، قاراۋۇللار بولۇپ، جەمئىي 84 كىشى ئىشلەيتتى. ئىدارە قاراۋۇللىرى بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان، بۇلار قوراللىق ئىدى. بۇلار توپ بېشى ياكى لوزۇڭ، دەپ ئاتىلىدىغان كىشى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. ناھىيە بويىچە زېمىن بېجى (تۆي، زېمىنلار سېتىپ - ئېلىشتىن ئېلىنغان باج) بولۇپ، بۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن زېمىن بېجى ئېلىشقا مەسئۇل باجگىرلار تەرىپىدىن ئېلىنىپ، ئايدا بىر قېتىم بانكىغا تاپشۇرۇلاتتى. زېمىن بېجى ئېلىش بۆلۈمىدە ئۈچ كىشىلا بولۇپ، ئاساسىي مەسئۇلى مەمەت توختىبەگ ئىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانى تۇردى بەگ، بۇ كىشى شۆتاڭ (كونا خەنزۇچە مەكتەپ) تە ئوقۇغان. توپ بېشى جۇمە بەگ، ئاۋۇتخان بەگلەر ئىدى.

ناھىيىنىڭ پۈتۈن سۇ ئىشلىرى ئىككى زۇڭ مىراپ ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى. ھەر بىر بەگلىكتە بىردىن مىراپ بار ئىدى. بەگلىك مىراپلار زۇڭ مىراپلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. زۇڭ مىراپ ۋە بەگلىك مىراپلارنىڭ توختاملىق مائاشى يوق بولۇپ، ئۇلارغا يىللىق غەللىدىن پىرسەنت ئايرىپ بېرىلەتتى. بەگلىك مىراپلىرىغا دېھقانلاردىن مەلۇم مىقداردا ئاشلىق يىغىپ بېرىلەتتى



ھەر بىر بەگلىكتە بىر مائاۋىن بەگ، توپ بېشى (كاتىپلارنى، ئىچكى ئىشلارنى، دوغىلارنى باشقۇرغۇچى)، بىرنەچچە دوغىلار، بەگلىكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ 20 دىن 30 غا قەدەر يۈز بېشى، ھەر بىر كەنت (يېزا) نى ئاساس قىلىپ يۈز بېشى تەۋەلىكىدە 30 غا قەدەر ئون بېشىلا تۇرغۇزۇلغان. بەگلىكنىڭ شتاتلىق مائاشى يوق. بۇلار يىللىق غەللە - پاراقتىن پىرسەنت ئايرىپ بېرىش، بەگلىككە ۋە ھۆكۈمەتكە قاراشلىق زېمىنلارنى خەلق كۈچى بىلەن تېرىغۇزۇش، مىراس، تەقسىمات، زېمىن بېجى، تۈرلۈك دەۋا سوراش، مۆھۈر ھەققى ئېلىش، يۇرتقا چېچىلغان ئالۋاڭلارنى كۆپەيتىشلەر ئارقىلىق تەمىنلىنەتتى. ھەر ھالدا بەگ، يۈز بېشى، مىراپلارنىڭ پايدىلىنىدىغان ئىقتىسادىي كىرىملىرى كۆپ بولۇپ، بەگلەرنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازى، تەسىرى يۇقىرى ئىدى.

## كونىشەھەر ھاكىمى باقىرجان

باقىرجان ئۆزبېك بولۇپ، 65 ياش (ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا ئېيتىشى)، ساقىلى ئازراق قىرقىپ قويۇۋېتىلگەن، كۆك كۆز، ئوتتۇرا بوي، سېرىق چىراي، چاققان، دىنىي، پەننىي مەلۇماتقا ئىگە، سۆزچان ئادەم ئىدى. 1938 - يىلىغىچە يېڭىسار ناھىيىسىدە ھاكىم بولغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا يەكەنگە بەلگىلىنىپ كەلگەن. باقىرجان يېڭىلىقنى سۆيىدىغان، خەلق ئىچىگە چۆكۈپ، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، خەلققە كۆيۈنۈپ ئىشلەيدىغان كىشى ئىدى. ئۇ، شەھەر كوچىلىرىنى كېڭەيتىپ، ئىسلاھ قىلىش بىلەن شەھەر

قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن. مائارىپ، سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مەدەت بېرىپ، ئەشۇ ئىشلىرىنى ناھىيە بويىچە قانات يايدۇرغان. پۈتۈن ئىمام، مەزىنلەردىن ئىمتىھان ئېلىپ يارامسىزلارنى قالدۇرغان. مەكتەپلەرگە ئۆزى بېرىپ بىۋاستە تەكشۈرۈپ رەھبەرلىك قىلغان. خۇراپى ئادەتلەر (باخشى، داخان، رەممال، ئىشانلىق)نى قاتتىق چەكلەپ مازارلارنىڭ توغ، شەددەلىرىنى ئالدۇرۇۋەتكەن ۋە كىچىك مازارلارنىڭ گۈمبەز - پەشتاقلىرىنى ئالدۇرۇۋېتىپ خەلقنىڭ ئاڭلىق ھالدا ئىلگىرىلىشى، بىلىم، مەدەنىيەتنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان ئىلغار زىيالىي كىشىلەردىن ئىدى. 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شىڭشىسەيگە قىياراشلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق 40 - تۇەن (پولكى)دىن باقىرجان مەجلىسكە چاقىرتىلىپ قولغا ئېلىنىدۇ ۋە باقىرجاننىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئولتۇراق ئۆيى پېچەتلىنىپ ئائىلىسىدىكىلەر چىقىرىۋېتىلىدۇ. باقىرجان كېچىسى گوڭئەنجۇيگە تاپشۇرۇلۇپ بىرنەچچە كۈن قاماپ قەشقەر ساقچىغا ئەۋەتىلىپ، 1944 - يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئاڭلىنىدۇ. باقىرجان قولغا ئېلىنىپ ئەتىسىلا يەكەندە يەنە زور كۆلەملىك قولغا ئېلىش يۈرگۈزۈلۈپ، بىرنەچچە كۈن يەكەننىڭ شەھەر - يېزىلىرىنى قورقۇنچ - ئارامسىزلىقلار قاپلىدى. يەكەن ساقچىنىڭ ھوقۇقدار ئەمەلدارلىرىدىن مىشۇجاڭ دېيىلىدىغان تۇراپبەگ (خاڭجىيۇ)، رەستە شۆبە ساقچىنىڭ باشلىقى مەھەممەدئىمىن يۈسۈپ قاتارلىقلار كېچە - كۈندۈز شەھەر - يېزىلارغا قاتناپ تېررورلۇق يۈرگۈزگەنلىكتىن، خەلق ئىچىدە خاتىرجەمسىزلىك، مۆكۈنۈۋېلىش، قېچىپ كېتىشتەك كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىپ، خەلقلەر ئۆز



ئۆيلىرىدە تىنچ بولالمىدى. بىرنەچچە كۈن دۇكانلار تاقالدى. شەھەرنى قورقۇنچ، جىمجىتلىق، سۈرلۈك ھالەت قاپلىدى. مۇشۇ تۇتقۇندا توختى ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇمەجىت مۇفتى ئاخۇنۇم، زاكىرھاجىم، روزى مەمەت ھاجىم، قەمەردىن ئەپەندى، گوڭشەنبا، غاپپارخان غوجا، ئېلى ئاخۇنباي، شېرىپ ھاجىم قاتارلىقلار ۋە يەكەن نەمۇنە شىركەت (يەكەندىكى ئىقتىسادلىق كىشىلەر ئۇيۇشۇپ تۇرغۇن پۇل سەرمايە بىلەن رەستىدە چوڭ بىر تىجارەت ماگىزىنى قۇرغانىدى) نىڭ 18 ئەزاسى قولغا ئېلىنىدى. بۇلار شۇ ۋاقىتتا يەكەندە ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما، داڭدار باي ۋە زىيالىي كىشىلەر ھېسابلىناتتى.

## يەكەن ئىككى ناھىيىدىكى تەشكىلىي ئورۇنلار

### كونا شەھەر ناھىيىسى

#### 1. ناھىيىلىك ساقچى

باشلىقى ياڭ فۇلىن(قۇربان) خەنزۇ - ئۇيغۇر ئىككى قاندىن بولغان. مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە باش كاتىپ تۇراپبەگ (خاڭ جىيۇ)، دوساجاڭ ئابلەھىمتجان. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئورنى ئۆتەك بازىرى (كونا ھىندى سارىيى ئورنىغا سېلىنغان بىنا) دا ئىدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ شەھەر رەستىدە، خانىقا دەرۋازىسىدا ماڭدىردە بولۇپ، ئۈچ شۆبىسى بار ئىدى. بۇلارغا سەئىدۇللا، مۇھەممەد ئىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتنىياز سايىتلار باشلىق ئىدى. مەھەممەتنىياز كېيىن پوسكامغا ناھىيىلىك ساقچى باشلىقى بولدى.

## 2. ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى

ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىغا زولەنچاڭ جۈيجاڭ، مۇئاۋىن جۈيجاڭجاڭ × × ئىدى. مالىيە ئىدارىسىنىڭ ھەر بىر يۇرتتىكى بازارلىرىدا باج ئېلىش ئورۇنلىرى تەشكىل قىلىنغان ۋە بۇلار قارىمىقىدا خاڭتو (باج ئالغۇچى)لار بەلگىلەنگەن ئىدى. بۇلار مالىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى.

3. جىسادۈي

بۇ ئورۇن ناھىيىلىك ساقچى قارمىقىدا بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي جىنايى ئىشلار - ئوغرىلىق، ئۇرۇش - تالاشقا ئوخشاش ھەرىكەت تۇغدۇرغۇچىلارنى تۇتۇپ، بىرنەچچە كۈن توختىتىپ قويۇپ، چوڭراقلىرىنى ساقچىغا ئەۋەتىپ شەھەر تىنچلىقىنى قوغداشتا ھەمكارلىشىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلاتتى. بىرنەچچە دوغىلار ئارقىلىقلا ئىش بېجىرەتتى. بۇنىڭ باشلىقى قەشقەرلىق ئىسمايىل بەگ (ئىسمايىل جىسا دەپمۇ ئاتىلاتتى) ئىدى. ئورنى جامە يېنىدىكى چوڭ مەكتەپ ئالدىدا (ئەگلىكچى كوچىدىكى بىر سارايدا) ئىدى.

### خەلق تەشكىلاتلىرى

1. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

(قىسقارتىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇقادىر سىدىق، مائاۋىن رەئىس ئابدۇرەھمان ھاجىم ئىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىجرائىيە، تەپتىش، مائارىپنى تەمىنلەش ھەيئەتلىرى، كاتىبات، تەشكىلات مەدەنىيەت، تەشۋىقات، مالىيە، ئەۋقاپ (ۋەخپىلەر-



نى باشقۇرغۇچى)، ھېسابات، سانائىنەپىسە، ئاممىۋى قىرائەتخانا، باغچا باشقۇرغۇچى دېگەن بۆلۈمچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى بار ئىدى. ئۇيۇشما مەدەنىي مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاساسلىق ئاممىۋى تەشكىلات ئىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كوناشەھەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، باش كاتىپ قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى مىر ئادىلجان، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى زىيائىدىن قارىم، مالىيە مۇدىرى پازىلجان رەھىم، مەدەنىيەت بۆلۈم مۇدىرى ئابدۇرىشىت يۈسۈپ، ئەۋقاپ مۇدىرى ئارتۇق داموللام، سانائىنەپىسە مۇدىرى ھاجى نۇرۇللا، باش بوغالتىر ئىمىن ئەھمەت (4 ياردەمچى بوغالتىر)، ئامبارچى ئىلياس قارىملار ئىدى.

2. شاڭيەخۇي (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)

شاڭزۇڭ پازىلجان ئىدى. 40 - يىللىرى گوڭشاڭخۇيغا ئۆزگەرتىلىپ، دائىرىسىنى كېڭەيتىپ تەشكىللەندى. بۇ چاغدا ئىچكى تەشكىلمۇ كېڭىيىپ، 15 تىن ئارتۇق خىزمەتچىدىن تەركىب تاپتى. بۇ، ئىككى ناھىيىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلدى. رەئىسى غوپۇر قاسىم، مائاۋىن رەئىسلىرى خوخۇيجاڭ، خۇيزۇ سىيىت ئاخۇنلار ئىدى. بۇ چاغدا ھەر كەسىپ بويىچە تىجارەتچى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، ئاقساقاللار ئارقىلىق ھەربىر ھۈنەرۋەن، تىجارەتچىلەر شۇ ئۇيۇشمىغا ئۇيۇشتۇرۇلغان. مەسىلەن: تىجارەتچىلەر ئاقساقالى ھېمىت قارى،

ماشىنىچىلار 〃 يۈسۈپخان

ياغاچچىلار 〃 ئەبەيدۇللا

خامچىلار 〃 جۇمە ئاخۇن

قاسساپلار 〃 ئەبەيخان، ئابدۇرىھىم ئاخۇن
ھارۋۇكەشلەر 〃 موسا شاكىيۇ
بەقەسسەمچىلەر 〃 قادىر ئاقساقال

غا ئوخشاش ئاقساقاللار بىرنەچچە ئونغا يەتتى. ھەربىر بەگلىكتە بىرنەچچىدىن كاللە ئاقساقاللار بەلگىلەنگەن. ھەربىر ھۈنەرۋەن، تىجارەتچىلەر شۇلار ئارقىلىق ئىگىلەپ ئىدارە قىلىنغان.

### 3. دېھقانلار ئۇيۇشمىسى

بۇ ئىككى ناھىيىنى بىرلىك قىلغان ھالدا كونا شەھەردە قۇرۇلغان. باشلىقى ئىدرىس بەگھاجى، بەگلەردىن بىرنەچچىسى مۇئاۋىنى ئىدى. بىر ماگىزىن، كىچىك دائىرىلىك بەقەسسەم - شايى توقۇيدىغان كارخانىسىمۇ بارئىدى ۋە ھەربىر بەگلىك بويىچە خەلقتىن توپلانغان ئاشلىقلار ساقلىنىدىغان ئېھتىيات ئامبىرىمۇ ئۇيۇشما قارمىقىدا ئىدى. ئىككى ناھىيەنىڭ ھەر بىر بەگلىكىدىكى خەلقلەردىن توپلانغان ئاشلىق بىرنەچچە مىڭ چارەككە يېتەتتى (كونا جىڭدا بىر چارەك 14 جىڭ).

### 4. قازىخانا (شەرىئەت مەھكىمىسى)

قازىخانا دىنىي تەشكىلات بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ مىراس، نىكاھ، مەسچىت، مەدرىسە، دىنغا دائىر دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. بۇنى مەھكىمە شەرئىيە دەپ ئاتاش رەسمىيلەشكەن. تەشكىلى مۇنداق:

باش قازى — ئەلەم (باش ھۆكۈم قىلغۇچى)
توختى ئەلەم ئاخۇنۇم

2 - قازى مۇپتى (كىتابقا قاراپ بېكىتكۈچى، پەتۋا



چىقارغۇچى) ئابدۇمىجىت مۇپتى ئاخۇنۇم.

3 - قازى رەئىس (دىنىي ئەمرى مەرۇپ قىلغۇچى ۋە تەپتىش) ئابلاخان ھاجىم.

4 - قازى (قوشۇمچە ئىشلارنى بېجىرگۈچى) قادىرخان غوجام.

5 - فەتتە قازىسى (مەخسۇس نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى) موسا قازى ئاخۇنۇم.

قازىخانىدا سوراق قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىلغانلار، ھۆكۈمگە كۆنمىسە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يوللىنىدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىنمۇ بەزى دىنىي ئىشلارغا دائىر دەۋالارنى قازىخانا (مەھكىمە شەرئىيە) گە يوللاپ بېرىلىدۇ. قازىلا مۆھۈر ھەققى ئالىدۇ. قازىخانا ئورنى جامەدە ئىدى. بەزىدە ئەلەمنىڭ ئۆيىدە ئىش بېجىرەتتى. قازىخانىمۇ ئىككى ناھىيىنى ئاساس قىلاتتى. ئازادلىقتىچە يەكەندە ئەلەم بولغانلار سابىق ئەلەم، سالە ئەلەم، توختى ئەلەم، ئابدۇقادىر ئەلەم، ئەڭ ئاخىرقىسى ئابلىھېمىتخان غوجام ئىدى. بۇلاردىن باشقا ھەربىر بەگلىكتە يۇرت قازىسى بەلگىلىنەتتى. بۇلارنى قازىخانىدىن بەلگىلەيتتى. ئارالدا ئىسھاق قازى، خاڭدىردا مەھەممەد ھاجى، راۋاتچىدا ئەلى قازى، كاچۇڭدا چاۋارقازى، ئاۋاتتا نۇر مەممەد قازى، شۇنىڭدەك ئىككى ناھىيە 16 بەگلىكتە 16 قازى بار. قازىلارنىڭ يۇمىلاق شەكلىدە كۆمۈشكە ئويۇلغان مۆھۈرلىرى بولۇپ، مۆھۈرگە ئىسمى، فامىلىسى ۋە قازىلىق ئەمىلى چىرايلىق خەت بىلەن نەزمە شەكلىدە ئويۇلغان. يەكەن سابىق ئەلەم ئاخۇنۇم مۆھۈرى مۇنداق ئويۇلغان.

«ئىسمى ماۋلىۋى ئابدۇسادىق ئەلەم
قازىل قۇززات ئابدۇسابىق ئەلەم»

## يېڭىشەھەر (شاچې) ناھىيىسى

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇر، خۇيزۇلارمۇ بار ئىدى. شەھەر ئىچى بىرلا چوڭ كوچىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەھەر ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت چوڭ بىر جاينى ئىگىلىگەن بولۇپ، قەدىمى يامۇل فورمىسىدا سېلىنغان. بۇ بىنا ئۈچ داتاڭ، قارا تۆرۈكلۈك راۋاق، ئۇزۇن كەتكەن كارىدور، باغچا ۋە ھاكىم باشلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق جايلىرىدىن تەركىب تاپقان. 42 - يىلى ۋىلايەت بولغىچە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كونا شەكلى ئۆزگەرتىلمىگەن، يېڭىشەھەر دائىرىسى كىچىك بولغانلىقتىن سېپىل، سېپىل ئۈستىدىكى ئۈچ دانە راۋاق (ئىككى دەرۋازا ئۈستىدە ئىككى راۋاق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى سېپىلدا بىر راۋاق بارئىدى) سېپىلغا يانداپ سېلىنغان خەندەك بار ئىدى. سېپىل كونا شەھەر سېپىللىرىغا قارىغاندا، ئېگىز ھەم بۇزۇلمىغان ئىدى. يېڭىشەھەرنىڭ قەشقەر دەرۋازىسى (خەنزۇچە دۇڭمىن)، كونا شەھەر دەرۋازىسى (شىمىن) دەپ ئىككى دەرۋازىسى بار ئىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى تەشكىلى كونا شەھەرنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ.

يېڭىشەھەر ھاكىمى ۋىن جىن، كاتىپى دەن ×× (يەرلىكتە ئۇزۇن تۇرغان، ئۇزۇن يىل كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن)، تەرجىمان گۇسۇن، ئىمىن بەگلەر ئىدى.

### يەرلىك ئاساسىي قاتلاملارغا بۆلۈنۈشى

شەھەر توشۇلۇپ قوققۇز بەگلىككە بۆلۈنگەن، ئومۇمەن



ئېيتقاندا بەگلىك تۈزۈم شىنجاڭنىڭ باشقا ناھىيىلىرىدە بار بولسىمۇ «ھېكىم بەگلىك» ئۇنۋانى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەكەندىلا مەۋجۇت ئىدى. مەشھۇر ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىدىن كېيىن سەھنىگە چىققان ھوشۇر ھېكىمبەگ (1825 - 1919 - يىللار) نىڭ كەڭ دائىرىلىك ھاكىمىلىقىدىن كېيىنمۇ بەگلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ۋە زۇلمى ناھايىتى ئارتۇق بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھوشۇر ھېكىمنىڭ يەكەندە ئىگىلىگەن يېرى توقسان توققۇز مىڭ موغا يەتكەن (بۇيەرلەرنىڭ تولىسى چارەك يېزىسىنىڭ نەزەرباغ كەنتىدە ئىدى). خاتىلىق تۈزۈمدە يەر يۈزمىڭ موغا يەتسە غەللە ئېلىنمايدىغان بولۇپ، ھوشۇر ھېكىمبەگنىڭ يېرىگە مىڭ مو كەملىگەن.

## يەكەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى

1) 40 - تۈەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر پولك ئورۇنلاشقان (ھازىرقى ھەربىيلەر ئورۇنلاشقان جاي)، بۇ ئاتلىق پولك بولۇپ، تۈەنجاڭ جاڭ ×× ئىدى. 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا تۈەنجاڭ قەشقەرگە سىجاڭ بولۇپ يۆتكىلىپ، ئورنىغا گۈەن تۈەنجاڭ (گۈەن زىيۈەن) كەلدى. پولك ئىسمى 36 - پولك قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

2) ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى. ئورنى كونىشەھەرگە كىرىدىغان دەرۋازا يېنىدىكى ئورۇن (كېيىن مائارىپ ئىدارىسى، مىن جاۋگۈەن قىلىنغان ئورۇن)، باشلىقى غۇلجىدا ئۆسكەن ئابلىتىپ (قەشقەردىكى دوختۇر ئابدۇروپنىڭ

ئىنىسى)، ساقچىنىڭ گەيشاڭدا ۋە كورڭۋاتتا ئىككى شۆبىسى بار ئىدى.

3) تېلېگراف ئىدارىسى. يېڭىشەھەر ئاشلىق ئامبىرىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشقان، باشلىقى ۋاڭ × تەيجاڭ بولۇپ ئىككى ناھىيىنى ئاساس قىلاتتى.

4) پوچتىخانا. دائىرىسى كىچىك، ئورنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدا، ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئىگىلىگەن قورو ئىدى. خەت توشۇغۇچى بىلەن 5، 6 لا ئىشچىسى بار ئىدى. باشلىقى ياڭ × ئىسىملىك ئۇيغۇرچىنى تولۇق بىلىدىغان خەنزۇ ئىدى. خەتلەر ئات ئارقىلىق توشۇلاتتى.

5) بانكا. گەيشاڭدىكى يېڭى سېلىنغان بىنادا.

6) تۈرمە. ھازىرقى يەكەندىكى تۈرمە ئەينى بولۇپ، باشلىقى تۇردى بەگ ئىدى. بۇ كىشى قەشقەر - خوتەنلەردە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۈرمە باشلىقى بولۇپ كەلگەن. كونا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان ئادەم ئىدى.

## خەلق تەشكىلاتلىرى

خەنزۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى. ئورنى گەيشاڭدا بولۇپ، قارمىقىدا يېڭى ياسالغان بىر بىنا، 3000 كىشى سىغارلىق كۇلۇب، تىجارەت ماگىزىنى بار ئىدى. ئۇيۇشما قارمىقىدا بىرەر مەكتەپمۇ يوق ئىدى. رەئىسى ليۇ خۇيجاڭ (بۇرۇن بىر نەچچە يىل يەكەنگە ئامبال بولغان)، خەنزۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئارتۇقچە پائالىيەت خىزمەتلىرىمۇ يوق ئىدى.

## ۋېن شەنجاڭ (ۋېن جېن) ھەققىدە

ۋېن جېن باقىرجان قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن كونا شەھەرگە ھاكىم بولۇپ ئورۇنلاشتى. بۇ، 1940 - يىلىنىڭ



باشلىرى ئىدى. ئۇ شىبە مىللىتىدىن بولۇپ، 45 ياش چامىسىدا ئىدى. ئۇيغۇرچىنى (خەت-سۆزنى) ئوبدان بىلىدىغان بىلىملىك، سەزگۈر، غەيۇر ئادەم ئىدى. ئەسلىدە تاشقورغاندا بىر نەچچە يىل ھاكىم بولغان. 1938 - يىلى يەكەن يېڭىشەھەرگە ھاكىم بولۇپ يۆتكىلىپ كەلگەن. يېڭىشەھەرگە كەلگەندىن كېيىن ناھىيىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنى يېڭى، زامانىۋى ئۇسۇلدا ياساپ چىققان. ۋېن جېن خىزمەتتە دادىل، يۈرەكلىك ئىشلەپ ئوبدان نەتىجىلەر قازاندى. بۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئالدى بىلەن شەھەر يوللىرىنى ياساپ، تاش ياتقۇزۇپ، قاتناشنى راۋانلاشتۇردى. كوچىلارنى رەتكە سېلىپ، شەھەر مۇھىتىنى ياخشىلىدى. پۈتۈن شەھەردىكى كۆل ئەتراپىنى باغاچ شادا بىلەن ئېھاتە قىلدۇرۇپ سۇنىڭ تازىلىقى، بۇلغانماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ خەلق ئېھتىياجى ۋە سالامەتلىكىنى تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى جەھەتتىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ چىقتى. خىزمەت سۈرئىتىنى ئىلگىرىلەتتى. خىيانەت، پارىخورلۇقنى قەتئىي چەكلەپ، پاكلىقنى ئورناتتى. خىيانەت ئىشلىرى كۆرۈلگەن ھامان جازالاش، ئىشتىن بوشىتىش، ئوچۇق ئېلان قىلىشنى قوللىنىپ، بىر نەچچە بەگنى ئىشتىن بوشاتتى. خەلقنىڭ ئەرز - داتلىرى ۋە ھەرقانداق خەت - چەكلەرنى ئۈچ كۈنگىچە بىر تەرەپ قىلىشنى ئىزچىل يولغا قويدى. بىۋاستە يۇرتلارغا چىقىپ تەكشۈرۈش، تۇيغۇزماي ئۆزى كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

2) ھەر بىر يۇرت، بەگلىكلەرنى تەرتىپكە سېلىپ،

رايونغا ئۆزگەرتتى. ھەر بىر رايوندا بىر رايون
باشلىقى، بىر مۇئاۋىن رايون باشلىقى، بىر كاتىپ،
بىر توپ بېشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىشلەش ۋاقتى،
ھەر بىر ئىشلىگەن خىزمىتىدىن خاتىرە قالدۇرۇش، دوك-
لات بېرىش تۈزۈملىرىنى ئورناتتى.

مائارىپ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە، مائارىپ ئىشلىرىغا
بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. ئۈرۈمچىدە ئوقۇش پۈتتۈ-
رۈپ كەلگەن لى×× نى مائارىپ بۆلۈمىگە كېچاك قىلىپ
بەلگىلەپ، ئايرىم مەكتەپ تەكشۈرگۈچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ شەھەر
ۋە يېزىلاردىكى بارلىق مەكتەپلەرنىڭ سان - سۈپەت تەرتىپىنى
ياخشىلاش، رايون باشلىقلىرىنىڭ مەكتەپلەرگە ياردەم
بېرىش، ئۆز دائىرىسى بويىچە مەسئۇل بولۇشنى ئورناتتى.
بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش نىسبىتى
99% كە يەتتى ۋە ئۇيۇشما قارمىقىدىكى 10 سىنىپلىق
بىر باشلانغۇچ مەكتەپنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا تاپشۇرۇپ
ئېلىپ، ھۆكۈمەت ھېسابىدىكى توققۇز سىنىپلىق مەكتەپنى 21
سىنىپقا، ئوقۇغۇچىسىنى مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىغا يەتكۈزدى.
بۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر ئۇيۇشما يېڭىدىن ئۈچ ئوغۇل - قىز
مەكتىپى تەشكىل قىلىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەن 1500 ئو-
قۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىلەن مەكتەپنى تولۇقلىدى.

3) ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىلەن بىرلىكتە پىلانلاپ، ھەر بىر
رايون خەلقلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق خەلق باغچىسى بىنا
قىلىندى. باغچا ئىچىگە تەنتەربىيە مەيدانى، قىرائەتخانا،
ئاشخانا قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ باغچا ئۇيغۇر
ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدا بولۇپ، خەلقنىڭ سەيلە قىلىش،
كۆڭۈل ئېچىش جايىغا ئايلاندۇرۇلدى. 1940 - يىلىنىڭ



ئوتتۇرىلىرىدا ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ
باش كاتىپى ۋاڭ باۋچەن باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي شىن-
جاڭ تەپتىش ئۆمىكى يەكەنگە كېلىپ ئومۇميۈزلۈك ئەھ-
ۋالنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يەكەننىڭ ئىسلاھات، مائارىپ
جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشلىرىنى تىلغا ئالدى. شەنلى مەكتەپ
(ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ) ۋە ئۇيۇشما قارمىقىدىكى
دارىلئېيتام مەكتەپلىرىنى بىر ئايلىق مائاش بىلەن (مەكتەپ
ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئايلىقى ئىچىدە) مۇكا-
پاتلىدى. ۋىلايەت بويىچە ۋەكىل قاتناشتۇرۇلۇپ قەشقەردە
تەپتىش ئۆمىكى خۇلاسە چىقىرىش يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا
يەكەندىن 15 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا يەكەن تەقدىرلەندى.
ئارتىس ئابدۇقادىر مۇيىدىن، خەيرىنىسا تۆلەندى، يۈسۈپ
زىيالار ئايرىم مۇكاپاتلاندى.

## 1941 - يىلى ئىچىدە بولغان ئالاھىدە ئىشلار

1. يەكەن كونىشەھەر ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى
مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى سەئىدۇللا مامۇت (يەكەن
ناھىيىسىگە خۇيجاك، ھەكىمكە ھاكىم بولغان) شۇ يىلى
بىرىنچى ئايلاردا يوقىلىپ كەتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن
قېچىپ كەتتى، دېگەن خۇلاسە چىقىرىپ ئۇقتۇرۇش قىلى-
دى. بىر ئايدىن كېيىن ساقچى كىيىملىرىنى كىيىپ ئاش-
كارا بولۇپ، خانىقا دەرۋازا شۆبە ساقچىغا باشلىق قىلىپ
تىكلەندى.

2. شۇ يىلى 3 - ئايلاردا ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى
ئابدۇقادىر سىدىق بىر پارچە خەت بىلەن مېنى قەشقەر
مائارىپ ئىدارە باشلىقى ساۋۇت ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈش-

كه ئەۋەتتى. خەتنى مەخپىي ئىتۇتۇشۇمنى ۋە ئۆزىگە تاپشۇرۇشۇمنى جېكىلىدى. خەتنىڭ مەزمۇنىدا: «مەۋشۇ خەت تېگىش بىلەن مېنى يۆتكەپ كېتىڭلار! بىرەر كۈن كېچىكسە ساقچىدىن مېنى تۇتۇپ كېتىدۇ»، دېيىلگەن. مەن قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ ساۋۇت ئەپەندىگە خەتنى تاپشۇردۇم. ئەھۋالنى ئېغىز ئارقىلىقمۇ مەلۇم قىلدىم. ساۋۇت ئەپەندى: «مەن بۇگۈنلا جاڭ سىلىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن. ساقچىلار ھېچنېمە قىلالمايدۇ. سىز خاتىرجەم دەم ئېلىپ قايتىپ كېتىڭ. ئابدۇقادىر ئەپەندىگە خەۋپ يەتمەيدۇ»، دېدى. مەن بىر ھەپتە تۇرۇپ يەكەنگە كەلسەم، ئابدۇقادىر سىدىق قەشقەرگە كەتكىلى ئۈچ كۈن بوپتۇ. مەن كېلىپ بەش كۈن بولغاندا، ھاكىم ۋىن جىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا ئۇيۇشما ھەيئەتلىرى، يەرلىك ئىدارە باشلىقلىرى، خەلقلەردىن بولۇپ 150 چە كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۇيۇشما ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى» يىغىندا ناھىيە ھاكىمى ۋىن جىن، «ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇقادىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى» دەپ ئېلان قىلدى. ئەسلىدە ئابدۇقادىر سىدىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ قەشقەرگە بېرىش بىلەن قەشقەر يارباغ دەرۋازىدا كۈتۈپ تۇرغان بىرنەچچە ئەسكەر تۇتۇپ ساقچىغا قامىغان ئىكەن. ئۇيۇشمىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىندا مەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە سايلاندىم.

## ۋىن جىننىڭ قولغا ئېلىنىشى

3. 1941 - يىل 3 - ، 4 - ئايلاردا يېڭىشەھەردە



چوڭ يىغىن ئېچىلدى. بۇنىڭغا ئىككى مىڭدەك ئادەم قاتناشتى. قەشقەرنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، مۇئاۋىن سىجاڭى باشلىق ھەربىي ۋە ساقچى ئەمەلدارلارمۇ كېلىپ يىغىن سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. سائەت سەككىزدە يىغىن ئېچىلدى. دەل شۇ چاغدا، ھاكىم ۋىن جىن، شەنلى مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرېھىم ساۋۇتلار قوللىرى ئارقىغا قىلىپ باغلانغان ھالدا، قوراللىق ساقچىلار تەرىپىدىن مەيدانغا ئېلىپ كېلىندى. تۇيۇقسىز بولغان بۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتىن ھەممەيلەن ھەيران قېلىشتى. يىغىندا قەشقەرنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى × × سۆزگە چىقىپ تۇتقۇنلارنىڭ جىنايىتىنى ئېلان قىلدى. ئۇ: «ۋىن جىن جاھانگىرلىككە سېتىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. مەدرىسلەرنى چاقتى، بۇنىڭ بۇ قىلمىشى، ئالتە بۈيۈك سىياسەت ۋە سەككىز مادىلىق خىتاپنامىگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋىن جىن ئوچۇق سوت قىلىنىپ قولغا ئېلىندى» دېدى. ئەسلىدە يەكەن جامە قېشىدىكى شەنلى ئوغۇللار مەكتەپ، ئالتۇندىكى دارلئېتام ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار مەدرىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئەمما بۇرۇنقى مەدرىسىنىڭ دەرۋازا، پەشتاق، گۈمبەزلىرى ئۆز پېتى ساقلانغان. ۋىن جىن ھاكىم بولغاندىن كېيىن بۇ دەرۋازا، پەشتاق، گۈمبەزلەرنى ئالدۇرۇۋېتىپ مەكتەپ دەرۋازىسى شەكلىگە كەلتۈرگەنىدى. ئەسلىدە بۇ ياخشى قىلىنغان ئىش ئىدى. ئەكسىچە ئەمدى كېلىپ بۇ ۋىن جىننىڭ جىنايىتى بولۇپ قالدى. مۇئاۋىن سىجاڭ ۋە باشقا ئەمەلدارلار ۋالىينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ سۆز قىلىشتى. ئارقىدىن قانداق پىكرىڭلار بار؟ دەپ خەلقتىن پىكىر سورالدى. بۇ يەردە كەيپىيات بىردىنلا

ئۆزگىرىپ بەزى مۇتەئەسسىپ موللا، ئىشان، ئۆك-
تەم جاھىللار، بولۇپمۇ يېشىل مەدرىسە مۇددەرىسلىرى
بولۇپ، ئاز سانلىق كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ «ئۇيۇشما
مەكتەپ قىلىۋالغان مەدرىسنى قايتۇرسۇن، ئاياللار يۈز-
نى ياپسۇن، ۋەخپە يەرلەر قايتۇرۇلسۇن» دېگەنگە ئوخ-
شاش پىكىرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن بېرىشتى. نۇرغۇن
ئادەملەر بۇلارغا ئەگەشتى. قارشى پىكىر بەرگۈچىلەرمۇ
بولدى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن باشقىچە تۈس ئېلىپ، قالاي-
مىقانچىلىققا ئايلاندى. يىغىن يېپىلىپ ۋىن جىنلار كەل-
تۈرۈلگەن پېتى قايتۇرۇپ كېتىلدى (مەجلىس تارقىغاندىن
كېيىنلا ۋىن جىن كونىشەھەر گۇڭئەنجۈيگە ئاپىرىلىپ،
زور زىيانەت ئۆتكۈزۈلگەن). ۋىن جىننىڭ ئېيتىشىچە مەج-
لىس ئېچىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن شىڭ شىسەي ۋىن-
جىنغا: «ھازىر ئالتايدا شېرىپخان، بايدا ئاخۇنلار قوزغى-
لاڭ كۆتۈرۈپ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت قىلدى. بۇنى
باستۇرۇش ئۈچۈن سىزنى خەلق ئالدىدا جازالىغان بولۇپ
بوشىتىمىز ۋە قولغا ئېلىنىسىز. ئەمما بۇ سىزنىڭ خىزمەت
كۆرسەتكەنلىكىڭىز بولىدۇ»، دەپ تېلېگرام بەرگەن. شۇنىڭ
بىلەن ۋىن جىن گۇڭئەنجۈيدە ئالاھىدە كۈتۈلگەن. ۋىن-
جىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن گۇڭئەنجۈينىڭ جاڭ × ×
ئىسىملىك كاتىپى مۇۋەققەت ھاكىم بولدى. بۇ ۋەقە تۈ-
پەيلىدىن مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ يامان تەشۋىقى بىلەن
مەدەنىي - مائارىپ، خەلق ئاقارتىش خىزمەتلىرىگە ئېغىر
تەسىر يەتتى. ئۇيۇشما كىرىمىنى (ئۆشرە، ۋەخپەلەرنى)
يىغىشتا قىيىنچىلىق يۈز بەردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەك-
تەپكە كېلىش نىسبىتى ئازايدى. كونا دىنىي مەكتەپلەر



قايتا بىخ ئۇرۇشقا باشلىدى. خۇراپاتلىق ئەۋج ئالدى.
بۇ تەتۈر قۇيۇن يېزىلارغىچە كېڭەيدى. مۇشۇ جەرياندا
مەرىپەتپەرۋەر ئاخۇنۇملار، مائارىپ ساھەسىدىكى زىيالىيلار،
يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان قادىر ئەلەم ئاخۇنۇم،
ئۆمەر ئېلى داموللام، ئارتۇق ھاجى داموللام، ياقۇپ
مۇفتى ئاخۇنۇم، ئابدۇلخان خوجام، موساقازى ئاخۇنۇم،
تۇردى بېك ھاجىم، مائارىپچىلاردىن مۇھەممەت پاتى
زىيائىدىن، ئابدۇراخمان سابىت، مىرئادىلجان، مامۇت
نۇر، پازىلجان رەھىم، مەھەممەت ئوبۇلقاسىم، سادىر توخ-
سۇن، مەھەممەت نىياز ئىمىن، ئەبەيدۇللا رېھىم، مەھەم-
مەد ئىمىن توختىنىياز، ئابدۇسېلىم، ئابدۇقادىر مويىدىن
قاتارلىقلار كەڭ تەشۋىقات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ ئام-
مىغا تەشۋىق قىلىش، ئەمەلىي پاكىت، دىنىي دەلىللەر ئار-
قىلىق داۋلى سۆزلەش، ئاممىۋى سورۇن، جامە - مەسچىت-
لەردە، بازار كوچىلىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ تەشۋىقات
ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئەھۋال پەسىيىشكە
باشلىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دىنىي ساھەدىكى ئىلغار
ئاخۇنلاردىن تاللاپ شەھەر ۋە يېزا مەكتەپلىرىگە ھەپتىدە
بىر سائەتتىن دىنىي دەرس بېرىشكە بەلگىلىدى. ئۇيۇشما
بىناسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان مۇناسىۋىتى
بىلەن كەڭ دائىرىدە مەۋلۇد ئۆتكۈزدى. ئابدۇقادىر دامول-
لامنىڭ «ئەقايىدزۆرۆرىيە» دېگەن دىنىي ئەسىرىنى ئۇيۇشما
مىللىي مەتبەئەسىدە نەچچە مىڭ نۇسخا باستۇرۇپ تارقاتتى.
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىجرائىيە، تەپتىش، مالىيە ھەيئەت-
لىرىگە ئىلغار ئاخۇنلاردىن ئەزالىققا بەلگىلەپ
قاتناشتۇردى. بۇرۇن چېقىلىپ كەتكەن تېرەباغ

مەدرىسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇددەرىسلەر قولغا ئاپشۇرۇلدى. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ تەسىرى پەسەيتىلىپ، بۇرۇنقى ھالەت ئەسلىگە كەلدى. مۇشۇ ۋاقىتتا كامىزا مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇكېرىم نىياز ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە بەلگىلەندى.

مۇشۇ يىلى ۋىن جىن قولغا ئېلىنىپ ئىككى ئايدىن كېيىن، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا ياڭ چىڭيۈەن، مۇئاۋىن ھاكىملىققا روزى ئەھمەد، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا چى × ×، مۇئاۋىن ھاكىملىققا ۋاڭ × دېگەنلەر بەلگىلىنىپ كەلدى (مۇئاۋىن ھاكىم بەلگىلەش مۇشۇنىڭ بىلەن باشلاندى). كونىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە لاڭ دۇگىرى (خەنزۇ، قەشقەر يېڭىشەھەرلىك، ئۇيغۇرچە خەت، سۆزنى بىلىدۇ)، كېچاڭ، تەرجىمان بولۇپ بەلگىلەندى.

## ئىككى ناھىيىنىڭ يېڭى ھاكىملىرى ئورۇنلاشقاندىن كېيىنكى ئىشلار (1941 - يىل)

1. مۇشۇ يىل 3 - ئايلاردا ھەر ئىككى ناھىيىدە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما (فەندىخۈي) نىڭ شۆبىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قۇرۇلدى. ئورنى ھەر ئىككى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بولۇپ، ھاكىملار باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى (مەن كونىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تەشكىل بولغان شۆبە ئۇيۇشمىغا قاتناشتىم). شۇ ۋاقىتتا 10 نەچچە ئەزا ئىدى، ئارتۇقچە پائالىيىتى يوق. پەقەتلا ھەپتىدە بىر كەچقۇرۇن ئۆگىنىش قىلاتتى. ئۆگىنىش ماتېرىيالى پەلسەپە ئىدى.



2. مۇشۇ يىل ئەتراپلىرىدا ئىككى ناھىيىنى بىرلىك قىلغان ھالدا، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە «سىياسىي ھەيئەت» (جېڭجى ۋېيىيۈەنخۈي) تەشكىل قىلىندى. باشلىقى يېڭىشەھەر ھاكىمى ياڭ چىڭيۈەن بولدى. مۇئاۋىنلىققا كونىشەھەر ھاكىمى چى × ×، ھەيئەت ئەزالىقىغا باج ئىدارە باشلىقى زولەنچىڭ، ساقچى باشلىقى × ×، غوپۇر خۇيجاڭ، ئىدرىس بەگ ھاجى، ياقۇپ قازى، ئېلى خېتىپ، ئاشىق بەگ، ئەھمەد جان (يەكەن نەمۇنە شىركەت بوغالتىرى) قاتارلىق ئون نەچچە كىشى بەلگىلەندى. ھەپتىدە بىر مەجلىس ئېچىلاتتى. ھەر بىر ھەيئەتكە ئالاھىدە توختاملىق مائاش بېرىلەتتى (ھاكىم دەرىجىدە مائاش بېرىلىدىغانلىقىنى ئىشىتكەن).

3. يېڭىشەھەردە ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىللەندى. بۇنىڭ رەئىسلىكىگە يېڭىشەھەر تەۋەلىكىدىكى تىجارەتچى توختى ھاجى سايلاندى. ئورنى خەنزۇ ئۇيۇشما بىناسىدا ئىدى.

## تۇراپ بەگ (خاگجىئو) بىلەن داۋۇت ھاجى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقە

داۋۇت ھاجى قەشقەردىن، 20 ياش، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ 1938 - يىلى يەكەن ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەن. 1939 - يىللىرى × × × ئوقۇتقۇچى × × × بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، بۇلار ئىناق ئۆتۈشۈۋاتقان پەيتتە، تۇراپ بەگ × × × ئىككىنچى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا

ئۇرۇنۇپ، ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بۇلارنى ئاجرىشىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قىز تەرەپنى مەجبۇرى ماقۇلغا كەلتۈرىدۇ. داۋۇت ھاجى ئاجراشماسلىقتا چىڭ تۇرغاندىن كېيىن ساقچىغا ئاپىرىپ قىستايدۇ. ھەتتا بىرنەچچە كۈن قامايدۇ. مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرېھىم ساۋۇتنىمۇ داۋۇت ھاجىنى كۆندۈرۈشكە قىستايدۇ. نەتىجە چىقمايدۇ. ئاخىرى «ئىنگلىز ئىشپىيونى» دېگەن نام بىلەن داۋۇت ھاجىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىدە قاتتىق قىيناپ، تۇراپ بەگ ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان جىنايەتكە ئىقرار قىلدۇرۇپ، تۈرمە ئىچىدىلا × × × نى ئاجراشتۇرۇپ بىرەر ئاي ئۆتمەيلا ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ. داۋۇت ھاجى قەشقەر ساقچىغا ئەۋەتىلىدۇ. داۋۇت ھاجى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالنى پاش قىلىپ، ئۆرۈمچى باش ساقچىغا ئەرز قىلىدۇ. بۇ يەردىن كىشى كېلىپ ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، تۇراپ بەگنى قولغا ئېلىپ داۋۇت ھاجىنى قويۇپ بېرىدۇ. داۋۇت ھاجى ئىككىنچى قېتىم يەكەنگە كەلمىدى. تۇراپ بەگ ۋۇجۇڭشىن ئۆلكە رەئىسى بولغانغا قەدەر ئۆرۈمچى تۈرمىسىدە ياتتى.

## ئىككى بۇيرۇق

1941 - يىلى 2 - ئايلاردا كونىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا تۆۋەندىكى ئىككى بۇيرۇق چۈشتى. 1 - بۇيرۇقتىكى ناھىيىلىك ساقچىنىڭ ئالاقىسىدا: «دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە (بۇ گۇڭئەن گۈۋەنلىچۇدىن كەلگەن) شەنلى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مەھەممەد ھەسەننىڭ ئاتا - بوۋىسى ئافغانلىق ئەجنەبى



بولۇپ، تارىخى پاك ئەمەس. مۇنداق ئادەم ھۆكۈمەت شىتاتىدا خىزمەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئىشتىن بوشىتىلسۇن دېيىلگەن. مۇشۇ ئالاقە بىلەن مەكتەپتىن بوشىتىپ ئۇيۇشمىغا ئەۋەتتۇق. ئۇيۇشمىدىن خىزمەت بەرسەڭلەر بولىدۇ» دېيىلگەن. 2 - بۇيرۇقتا: «ئۇيۇشما باش كاتىپى مىرئادىلجان قەشقەردىكى ئۆزبېك ئابدۇسالام بىلەن بىرلىشىپ ئۆزبېك ئۇيۇشمىسى قۇرىمىز، دېگەن پەردە ئاستىدا ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىللەنگەن. تېزدىن بوشىتىپ نازارەت قىلىنسۇن. ئۇيۇشما بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ تېز ئۇچۇر بېرىلسۇن»، دېيىلگەن. مۇشۇ بۇيرۇق ئاساسىدا ئامالسىزلىقتىن مىرئادىلجان خىزمىتىن توختىتىلدى. مەھەممەد ھەسەن ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپكە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## تەكسى ھەيئىتى (پىڭجياۋېيۈەنخۈي)

مۇشۇ يىل ئەتراپلىرىدا ئىككى ناھىينى ئاساس قىلىپ، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مال باھاسىنى توختىتىش تەكسى ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئىككى ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى، ھەيئەت باشلىقلىرى، ساقچى ئىدارە، مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۇيغۇر، خەنزۇ ئۇيۇشمىسى، سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە خەلق ۋەكىللىرى بولۇپ 60 تىن ئارتۇق كىشى ھەيئەت ئەزالىقىغا بەلگىلەندى. يىغىندىن يېپىغىچە پۈتۈن ماللارغا باھا قويۇش قاتتىق ئېلىپ بېرىلدى. قويۇلغان باھانىڭ ناھايىتى تۆۋەن بولۇشى، دۇكانلارنىڭ قوغدىلىشى ۋە تاقىلىشى، يېزىلاردىن

شەھەرگە نەرسە كىرمەسلىكى خەلق ئۈچۈن زور ئاپەتلەرنى كەلتۈردى. خەلق تۇرمۇشى قىيىنلاشتى. شۇنداق چوڭ شەھەردە ئوچۇق ھالدا بىرەر نان سېتىۋېلىش، تۇخۇم چاغلىق نەرسە تېپىش مۇمكىن بولمىدى. ئۆي ئاختۇرۇش، تارتىۋېلىش، مەيداننىڭ ئۈستىدىلا تەكسى بويىچە ساتتۇرۇشنى قوللىنىپ، ئالغۇچى ئالالمىغان، ساتقۇچى ساتالمىغان ھالەت شەكىللەندى. مۇشۇ مەزگىلدە ھوشۇر ھېكىمبەگ، ئايالى دانا خېنىم قازا تېپىپ يەرلىكتە قويۇشقا كېپەنلىك سېتىۋالالماي ئىككى كۈن دەپنە قىلالمىدى. ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىدە ئېغىرلاشتى.

## قۇرۇلۇش زايومى

مۇشۇ يىل 5 - ئايلاردا شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 1، 3، 5 كويلۇق زايوم تارقاتتى. زايوم تارقىتىش ناھايىتى جىددى ئېلىپ بېرىلدى. ئىككى ناھىيىنىڭ زايوم سېتىۋېلىش ئىشىنى دولقۇنغا كۆتۈرۈش ئۈچۈن قەشقەر ۋالىيسى چىڭ فاڭبەي كەلدى. قەشقەر ئۇيۇشما سەنئەتچىلىرى كېلىپ شەھەر مەركىزىدە ئويۇن قويدى. ئىككى ناھىيە بەسلىشىش ئارقىلىق نەق مەيداندا زايوم سېتىش باشلاندى. ئالدىن تىزىملاش، ئۆزىگە ئېيتقۇزۇش، مەجبۇرلاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، شۇ بىر كۈنلۈك زايوم سېتىشتا بىرنەچچە يۈز مىڭ دوللارلىق زايوم سېتىلدى. ناھىيە باشلىقلىرى ھەر بىر بەگلىكلەرگە چىقىپ رايون بويىچە زايوم سېتىشنى دولقۇنغا كۆتەردى. بۇنىڭغا ئۇيغۇر ئۇيۇشما سەنئەتچىلىرىمۇ قاتنى-



شىپ ئويۇن قويۇش، تەشۋىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ھەر ناھىيىدە 10 كۈندىن 15 كۈنگىچە ۋاقىت يېزىلاردا زايوم سېتىش بىلەن ئۆتتى. كونا شەھەر ناھىيىسى زايوم سېتىۋېلىشتا ئۈستۈن سانىنى ئىگىلىدى.

## زايوم سېتىشنىڭ كاچۇڭدىكى جەريانى، چاۋار قازىمىنىڭ قولغا ئېلىنىشى

يېڭى شەھەر ھاكىمى ياڭ چىڭيۈەن، مۇئاۋىن ھاكىم روزى ئەھەت باشچىلىقىدىكى زايوم سېتىش گۇرۇپپىسى (ئۇيغۇر ئۇيۇشما، گۇڭشاڭجۈي باشلىقلىرى، ئەرتىسلەر بولۇپ 30 دەك كىشى) يېڭى شەھەرنىڭ ھەربىر بەگلىك رايونلىرىغا چىقىپ زايوم سېتىشنى باشلىدى. قوشراپ كاچۇڭ خەلقلىرىنى توپلاپ كاچۇڭ بازاردا 4000 چە كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن زور كۆلەملىك يىغىن ئېچىلدى. يىغىن باشلىنىش ئالدىدا زايومنى تەشۋىق قىلىدىغان كونسېرتلار قويۇلدى. زايوم ھەققىدە گوسۇن ئىمىن بەگنىڭ تەرجىمانى لىيىقىدا، ھاكىم (ياڭ چۈنيۈەن) ئۇزۇن دوكلات قىلدى. ئاخىرىدا ھاكىم تۆۋەندىكى ئىككى شوئار بىلەن سۆزنى ئاياقلاشتۇردى.

جەنشي شىن شىنجاڭ (يېڭى شىنجاڭ قۇرايلى)، پەندۈيرىبىن دىگوجۇيى (ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرايلى)، تەرجىمان بىرىنچى شوئارنى ئەيتىدۇ «شىيەنجاڭ ھەممىڭلار دەڭلا! سۈپۈرۈپ پاكىزە قىلايلى. يىقىلغان جايلارنى ياسايلى. نېمىنى يول - كۆۋرۈكلەرنى»؛

ئىككىنچى شوئارى: «توسۇۋالايلى، كىرگۈزمەيلى،

يول بەرمەيلى، نېمىگە؟ ياپون جاھانگىرلىكىگە» دەپ تەرجىمە قىلدى (مۇنۇ ئىككى شوئار تەرجىمىسىدىن ھاكىمنىڭ ئۆزارغان سۆزىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ).

## چاۋار قازىمنىڭ قولغا ئېلىنىشى

بۇ 70 گە كىرگەن كىشى بولۇپ، قوشراپ كىچۈكىنىڭ قازىسى موللا ئادەم ئىدى. يۇقىرىقى تەرجىمان تەرجىمە قىلىشتا زايوم دېگەن سۆزنى بىنەت (بېلەت) دەپ تەرجىمە قىلغان ئىدى. ھاكىمنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن قازى ئاخۇنۇم سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. قازى ئاخۇنۇم: «ھەي جامائەت بۇ بىنەتنى ئالساق بىزگە پايدىسى بار. بىزنىڭ يۇرتىمىزنى ئىنگلىز پۇقرالىرى (پاكىستانلىق) نىڭ قوللىرىدا پۇقرالىق بىنىتى دەپ ئېيتىمىز، بۇ بىنەت شۇنىڭغا ئوخشاش بىنەت دەپ سۆز باشلىغان ئىدى. مۇشۇ سۆزنى مۇتەلجان خەنزۇچىغا ئۆرۈپ تۇراتتى. ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ بېلىتىگە ئوخشاش دېدى، دېگەن سۆز بىلەن نەق مەيداندا قولغا ئالىنانلىقىنى ئېلان قىلدى. قازى ئاخۇنۇمنى ئادەم قوشۇپ ساقچىغا كىرگۈزۈپ بەردى. «چالا فەنىي ئادەم ئۆلتۈرەر» دېگەن تۇراقلىق ئىبارىنىڭ ئەمەلىيىتى بۇ يەردە ئېنىق كۆرۈلدى (چاۋار قازىم ئۈچ يىلدىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلدى).

1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر تەرجىمانلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ئوقۇغان خوجا ئەبەيدۇللا يېڭىشەھەرگە تەرجىمان بولۇپ كېلىپ تاكى ئازادلىققا قەدەر مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانىدى.



## ئىككى ھاكىم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت

يۇقىرىدىكى زايوم سېتىش ھەرىكىتىدە يەنە بىر زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كونىشەھەرنىڭ دائىرىسى كەڭ، نوپۇسى كۆپ بولغاچقا تىجارەتچىلەر، ئىختىساسلىق كىشىلەر كۆپ بولۇپ، بۇ ئەۋزەللىك شارائىت زايوم سېتىشتا ناھايىتى ئۈستۈن تۇردى. كونا شەھەر ھاكىمى تەقدىرلەندى. سېتىلغان زايوم يېڭى شەھەرنىڭكىدىن بەش ھەسسە ئارتۇق بولدى. بالدۇر ئۇ ناھىيىنىڭ دەرىجىسى بويىچە ئۆزىنى ئۈستۈن، دەپ ھېسابلايدىغان ياڭ شيەنجاڭ، بىرىۋللا تۆۋەنلەشتى، تەنقىدگە يولۇقتى. بۇ سەۋەپ زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈردى. يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە چىققانلاردىن كونىشەھەر ھاكىمى گۇمانلىنىدىغان، تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ئۇلارنى تەھدىت ئاستىغا ئالىدىغان، يېڭى شەھەر ھاكىمىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پوزىتسىيىدە بولىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. يېڭى شەھەرنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى روزى ئەھەت ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەپتىش ھەيئىتىنىڭ جۇرنى بولۇپ بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن زىددىيەت يەنىمۇ كۈچەيدى.

## يەكەندە دوختۇرخانىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشى

ئۇيغۇر ئۇيۇشما ھەزرىتى پىردىكى دارىلئېتام مەكتىپى ئىچىگە بىر نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىپ، ئىسلاھ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەر - ئايال ئىككى نەپەر رۇس دوختۇرى كېلىپ ئورۇنلىشىش بىلەن 40 - يىلىنىڭ بېشىدا تۇنجى دوختۇرخانا تەسىس قىلىنىپ، رۇسچە تەرجىمانلىققا

يەكەندە بار ئۆزبېكلەردىن ئىسمائىلجان بەلگىلەندى. كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن بۇ دوختۇرخانىنىڭ يېنىغا يانداپ دارىلئېيتام مەكتىپى سېلىندى.

## يەكەندە كىنونىڭ رەسمىي قويۇلۇشى

1940 - يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 4000 سەر يىپەككە قەشقەر سوۋېت كونسۇلخانىسى ئارقىلىق بىر دانە كىنو ئاپاراتى سېتىۋالدى. كىنو قويىدىغان مېخانىكنىڭ ۋە كۇلۇب قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، 1941 - يىلىنىڭ بېشىدا رەسمىي كىنو قويۇلۇشقا باشلىدى. يەكەندە تۇنجى قېتىم مېخانىك بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئابدۇسلىم ماموت، ئىپتىدائى مەكتەپتە ئوقۇپلا ئەلا نەتىجە بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇستا رەسسام بولۇپ، شەنلى مەكتەپتە رەسىم ئوقۇتقۇچىسى، ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈمىدە قوشۇمچە رەسساملىق خىزمىتىنى قىلاتتى. ئۈچ ئايچە ئۆگىنىپ رەسمىي مېخانىك بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن يەكەندە كىنو قويۇلىدىغان بولدى.

## 1942 - يىلدىكى ئىشلار

1. مۇشۇ يىل ئەتىياز پەسلىدە گۇڭئەن گۇەنلىجۇنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سو × × يەكەنگە كېلىپ، ئىككى ئاي تۇرۇش بىلەن ساقچىنى ۋىلايەتلىك ساقچى قىلىپ تەشكىللەپ قايتتى. ئاردىن بىر ئاي ئۆتۈپ، مىڭ دۇگشاڭ



ۋىلايەتلىك ساقچىغا باشلىق بولۇپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. مۇشۇ ۋاقىتتا يېڭى شەھەر ناھىيىلىك ساقچى قىسقارتىلدى، ئابدۇلتىپ قايتتى. مىڭ دۇگشاڭ كېلىپلا ساقچى دائىرىسىدىكى سەنئەتتىن خەۋەردار كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سەنئەت ئۆمىكى قۇردى. تۇراپ بەگ، سەئىدۇللا، ئابلىز (سوجاڭ) قاتارلىقلارمۇ ئارتىس بولۇپ رولغا چىقتى. ھەپتىدە بىر قېتىم ساقچى ئىچىدە ئويۇن قويۇشنى رەسمىيلەشتۈردى. بۇنىڭغا خەلقلەرمۇ قاتناشتى.

2. ھىندىستانلىق (پاكىستان، ئافغان) پۇقرالارغا دۈشمەن دەپ قارىتىلغان ئوق ئۇچى، بىر يولىلا ئۆزگىرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلدى. بولۇپمۇ يەكەن دوختۇرخانىسى نازارەت ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. دوختۇرخانىغا چىققۇچىلار كۆزىتىلىدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستلارغا قارشى بېسىلغان كىتاب تەشۋىق ۋاراقلىرى يوشۇرۇن ھالدا تارقىتىلىشقا باشلىدى.

3. كونا شەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە تەرجىمان لاڭ دوگرى (خەنزۇ) يەكەندىن ھوشۇر ھېكىمبەگنىڭ نەۋرىسى زۆھرە ئىسكەندەر (يەكەن بويىچە گۈزەل ساھىپجاماللاردىن ئىدى. دادىسى 1937 - يىل شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلگەن) بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ ھاكىم × × × × شىيەنجاڭغا ئېيتىدۇ. ھاكىم بۇنىڭغا ئىگە بولۇپ، مەجبۇرى ھالدا ئائىلىسىنى ماقۇلغا كەلتۈرىدۇ. ئەل ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا بولۇپ، يامان تەسىر قوزغايدۇ. ھاكىم ساقچى ئارقىلىق سىياسىي بېسىم ئىشلىتىپ، ئۆزى تۆپىدە تۇرۇپ توينى قىلىدۇ. نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەردىن بەشكەنت

ئىبراھىم بەگنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بىر نەچچە كۈن ئۆت-
كەندە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئۇيۇشمىنىڭ ھەيئەتلىرى يى-
غىلسۇن، دېگەن بۇيرۇق كەلدى. ئەتىسى ئۇيۇشمىنىڭ ئوت-
تۇزدىن ئارتۇق ھەيئەتلىرى، بۆلۈم باشلىقلىرى بولۇپ
ئەللىكتەك كىشى يىغىلدى. ھاكىم ۋە ساقچى باشلىقلىرىمۇ
قاتناشتى. مەجلىستە ھاكىم سۆزلەپ، ئۇيۇشما رەئىسى ئاب-
دۇرشىت ئىنغۇا تاراتتى، بۇگۈن ئورنىغا باشقا كىشى سايـ-
لايمىز، دەپ ئېلان قىلدى. ساقچى باشلىقى مۇشۇ مەز-
مۇندا قوشۇمچە سۆزلىدى. ھاكىمنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن
قەشقەر مائارىپىدىن مەكتەپ تەكشۈرۈشكە كەلگەن روزى
ھاجى رەئىسلىككە سايلاندى. ساقچى ئىدارە تەرجىمانى
چاڭ بىڭسىڭ (خەنزۇ) يەكەن شەھەر قىزلار مەكتەپ
ئىلمىي مۇدىرى خەيرىنسا مۇھەممەت رېھىم (مۇھەممەت
رېھىم ئاخۇنۇم چارسوكول مەدرىسىنىڭ ئاخۇنى) بىلەن
تۇرمۇش قۇرماقچى بولىدۇ. ساقچى 2 - بۆلۈمنىڭ مۇ-
ئاۋىن باشلىقى سەئىدۇللا ئارقىلىق سىياسىي بېسىم ئىش-
لىتىپ، مەجبۇرى ھالدا توي قىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەب بىلەن
يەكەن مۇفتىسى ئابلاخان ھاجىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

## يەكەننىڭ ۋىلايەت بولۇشى

1. يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا بەلگىلەنگەن كاڭ مىڭ-
يۈەن، ئۆزى بىلەن خەن ×، خاڭ ×، دەي ياچىڭ قاتارلىق
بەش كىشىنى بىرگە ئېلىپ كېلىپ 1943 - يىل 1 - ئاينىڭ
1 - كۈنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىل-
دى. شۇ كۈنى بەش يۈزدىن ئارتۇق كىشىنىڭ قاتنىشىشى
بىلەن يېڭى شەھەر ھاكىم ئىدارىسىنىڭ ئىچكى سەھنىسىدە



مەجلىس ئېچىلدى، ۋالىي تونۇشتۇرۇلدى. ۋالىي مەھكىمىنىڭ
ئورنى يېڭىشەھەر ھاكىم ئىدارىسى بولۇپ، تەرتىپ بويىچە
ئونىنچى ۋىلايەت دەپ بېكىتىلدى (مۇشۇ ۋاقىتلاردا ۋالىي
شىڭ جىڭجاڭ دەپ ئاتىلاتتى. گومىنداڭ دەۋرىدە جەن-
ۇبىي شىنجاڭغا ئۆزگەرتىلگەن). مۇشۇ يىلى 2 - ئايلاردا گۇڭ دېگەن
(قەشقەر ۋالىيسىنىڭ ئوغلى) يەكەن ۋىلايەتلىك مائارىپ
ئىدارىسىغا باشلىق بولۇپ كېلىپ، خەنزۇ ئۇيۇشما بىناسىدا
رەسمىي مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى.

كونىشەھەر رەستىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ كونا بى-
ناسىدا ۋىلايەتلىك سوت (فايۈەن) قۇرۇلدى. تۇنجى بول-
غان سوت باشلىقى جاڭ فامىلىك كىشى ئىدى.

2. مۇشۇ يىل 4 - ئايلاردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەر-
كىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى لياڭ خەنساۋ يەكەنگە
كەلدى. ھەربىي ۋە خەلقلەردىن بىر نەچچە مىڭ كىشى
مىشار بويىدىكى چاچاڭغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئىككىنچى
كۈنى يەكەندىكى 36 - تۈەن كۇلۇبىدا لياڭ خەنساۋ دوك-
لات مەجلىسى ئاچتى. ھەر بىر ئىدارە جەمئىيەت ۋە خەلق
ۋەكىللىرى بولۇپ ئالتە يۈزدەك ئادەم قاتناشتى. لياڭ
خەنساۋ سەنمىنجۇيىنى شەرھىلەپ سۆزلىدى. يەكەن خەلقى
نامىدا ۋالىي مەھكىمىسىدىن تەييارلىنىپ قىزىل تاۋار-
دىن ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا «مەر-
كىزىي ئىجرائىيە ھەيئەتكە، ھەربىي كومىتېتقا، گومىنداڭ
ئىجرائىيە ھەيئىتىگە تەقدىم»، دەپ خەت يېزىلغان ئۈچ
دانە لەۋھە تەقدىم قىلىندى. مۇشۇ يىل 8 - ئايلاردا گومىن-
داڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقەسىدىن يەكەنگە ئەۋەتىل-
گەن ناھىيىلىك پىرقە باشلىقى ياڭ ۋېيەن، تەشكىلات تەش

ۋەقىيات خىزمەتچىلىرى ساۋىر قاسىم، ھەسەن نەسىردىنـ
لەرنى ئېلىپ كېلىپ يەكەن مائارىپ ئىدارىسىنى قىلـ
غان خەنزۇ ئۇيۇشمىسى بىناسىدا ناھىيىلىك
بۆلۈمنى رەسمىي قۇردى (مائارىپ ئىدارىسى يېڭى
شەھەردىكى ناھىيىلىك ساقچى ئورنىغا يۆتكەلدى). ۋالىي كاڭ مىـ
يۈەن پىرقە كومىسسارى بولدى. شۇكۈندىن باشلاپ يەكەندىكى
پۈتۈن ئىدارە جەمئىيەت باشلىقلىرى، كادىر خىزمەتچىلەر گو-
مىنداڭ پىرقىسىگە قوبۇل قىلىنىشقا باشلىدى. ھەربىر ئىدارە
جەمئىيەتلەردە، رايونلۇق ۋە شۆبە رايونلۇق بۆلۈمچىلەر
قۇرۇلدى. ياڭ ۋېييەن يەكەندە ھەربىيلەردىن باشقا پۈتۈن
ئىدارە جەمئىيەتلەرنى ئۆز قولىغا كىرگۈزدى. ۋىلايەتنىڭ ۋالىيـ
سىدىن تارتىپ ھەممىنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندۇر-
غان، ھەممە شۇنىڭ مەسلىھەت پىكرى بىلەن ئىش قىلى-
دىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ ئىچكىرىدىن يېڭىلا چىققان
بولۇپ ئاچچىقى يامان، قوپال، قىزىققان، ئاز ئىش ئۈچۈن ئۇ-
رۇشقا قول يۈگۈرتىدىغان ئورۇق، 40 ياش چامىسىدىكى ئادەم
ئىدى. ھەرھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ھەپتىلىك خاتىرە يىغى-
نى، ھەر ئايدا بىر قېتىم دۆلەت خەلقى ئايلىق خاتىرىلەش
يىغىنى ئېچىشنى، ھەربىر ئىدارە، جەمئىيەت ئورۇنلار بىلەن
مەكتەپلەر بايراق چىقىرىش مۇمىنى بېكىتىپ، ھەركۈنى
ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن توپلىشىپ سەنمىنجۇيى شېئىرى-
نى ئوقۇش بىلەن بايراق چىقىرىشنى رەسمىيلەشتۈردى.
ھەپتىدە بىر قېتىم، ھەر بىر رايون ۋە شۆبە رايون پىر-
قەلەر ئۆز ئورۇنلىرىدا سەنمىنجۇيىنى مۇزاكىرە قىلىش
ئۇيۇشتۇرۇلدى. شەنداڭبۇ پىرقە بۆلۈمىگە كېرەكلىك نەر-
سىلەرنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يۇرت بەگلىرىگە بۇيرۇق چۈ-



شۈرۈپ ئورۇنداپ بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، ياڭ ۋېييەن ئۆز ئال-
دىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ياكى چاقىرتىپ ئورۇندايدىغان، يەر-
لىكتە ھەممە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغان بولدى.

## سەنمىنجۇيى كالتىكى ۋە تۈرمۈش ھەرىكىتى

ناھىيىلىك پىرقىلەر بۆلۈمى ئىشخانىسىدا ئۇزۇنلۇقى بىر
يېرىم مېتىر كېلىدىغان ئاق، قىزىل، يېشىل بويالغان بىر نەچ-
چە ئون كالتەك يۆلەپ قويۇلدى. بىرەر چوڭ يىغىن ئې-
چىلغاندا، تەرتىپ ساقلىغۇچىلار بۇ كالتەكنى تۇتۇپ تەرتىپ
ساقلىدى. بەزىلەر ياڭ ۋېييەن تەرىپىدىن بۇ كالتەك بىلەن
ئۇرۇلدى. ياڭ ۋېييەن بىرەر كىشىگە ئاچچىقلانسا ياكى ئۇ-
نىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرمەكچى بولسا كالتەكنى قولىدا تۇتۇپ
ھەيۋە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كالتەك سەنمىنجۇيى
كالتىكى دەپ ئاتالدى.

## يېڭى تۈرمۈش ھەرىكىتى

مۇشۇ يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك پىرقە باشلىقى ياڭ ۋېييەن،
يېڭى تۈرمۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرىمىز، دېگەن نام بىلەن
پىرقە بۆلۈم كادىرلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى باشلىقلىرى، ئۇيۇش-
ما ئەرتىسلىرىدىن ئىبارەت 35 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەش-
ۋىق قىلىش ھەيئىتى تەشكىللەپ، يەكەننىڭ 16 رايون (بەگلىك)كە
چىقىپ تەشۋىق ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئومۇمىي مەسئۇلى ياڭ
ۋېييەن، قاماق باشقۇرۇشقا سودا - سانائەتچىلەر رەئىسى
سەمەت قارى، ئويۇن قويۇشقا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن

مەن مەسئول بولدۇم. ھەر بىر رايونغا بارىدىغان ھار-
ۋىنى شۇ رايون باشلىقى تەييارلاپ بېرىدۇ. ھەر رايوننىڭ
ئوتتۇرىسىنى مەركەز قىلىپ سەھنە ياسىلىدۇ. رايون باشلى-
قى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئادەم كېچىسى ئۇخلىماي ئوت
قالاپ چىقىدۇ. ھەر رايوندا بىر كۈن مەجلىس ئېچىلىدۇ.
ئويۇن قويۇلىدۇ. ياش ۋىيىەن يېڭى تۇرمۇش ھەرىكىتىدىن
سۆزلەيدۇ. سۆز تۈگىگەندىن كېيىن كىگىز ئويگە چاپلانغان
رەسىم كۆرگەزمىسى كۆرسىتىلىدۇ. پىرقە بۆلۈم تەشۋىقات،
تەشكىلات باشلىقى ساۋىر قاسىم، ھەسەن نەسىردىنلەر
كۆرگەزمىدىكى رەسىملەرنى خەلققە چۈشەندۈرىدۇ. رەسىملەر
پەقەتلا ئامېرىكىنى تونۇشتۇرىدىغان ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى
سايلىمىلىرى، سانائەت، شەھەر قۇرۇلۇشلىرى، زاۋۇتلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان بىر نەچچە يۈز پارچە رەسىمدىن ئىبارەت. تەشۋىقا
چىقىقانلار كوللېكتىپ تاماق يەيدۇ. تاماق يەيدىغانلار 35 كىشى،
ئەتىگەنلىكى بىر چوڭ چىنىدىن سۈت، تۆت تۇخۇم، چۈشتە
ھەر بىر ئادەمگە پۈتۈن پىشۇرۇلغان بىردىن توخۇ، قوي
گۆشى بېسىلغان پولو، ئاخشىمى ئەتكەن چاي بىلەن نان.
بۇلار تەشۋىقات ھەيئىتى كېلىشتىن بۇرۇن تەييارلىنىدۇ.
ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەييارلىقىنى كۆزىتىدىغان ئا-
دەملىرى بولغانىنىڭ سىرتىدا شۇ رايوننىڭ باشلىقى، يۈز-
بېشىلىرى بىلەن چىقانلار يۆتكەلگەنگە قەدەر كەتمەي تۇرىدۇ.
ناھىيىنىڭ ھاكىمى، جۈيجاڭلىرى ئىككى كۈندە بىر نەقمەي-
دانغا بېرىپ ئىشنىڭ قانداق بېجىرىلىۋاتقانلىقىنى كۆز-
دىن كەچۈرۈپ قايتىدۇ. بۇنداق بولغانلىقىدىن بەگلەر ئۆز
تەييارلىقىنى ئارتتۇرۇپ ئورۇندايدۇ. مۇشۇ جەرياندا سەنىمىن-
جۈيى كالتىكىنىڭ رولى تازا ئىشقا سېلىنىدۇ. مەجلىسكە ئا-



دەم توپلاش، يىغىن ئورنىدا تەرتىپنى ساقلاش ئىشلىرىدا
كالتەك مىلتىق ئورنىدا ئىشقا سېلىنىدى. «مەجلىسكە ئا-
دەم يىغىلمىدى»، «ۋاقتىدا كەلمىدى» دېگەن بانايى - سەۋەب-
لەر بىلەن بىر نەچچە بەگ ۋە يۈز بېشىلار ياش ۋىيىەن
تەرىپىدىن كالتەك بىلەن جازالاندى. بىر كۈنى تاماق ۋاق-
تىغا ئۈلگۈرمىدى، دەپ سەمەت قارىمۇ كالتەك جازاسىغا
ئۇچرىدى. بىر قېتىم ئويۇن ۋاقتىدا باشلانمىدى، دېگەن
سەۋەب بىلەن مەنمۇ كالتەكتە ئۇرۇلۇشتىن قۇرۇق قالمىدىم. مۇ-
شۇ بىر ئايلىق ۋاقىت ئىچىدىكى توخۇ، تۇخۇم، قوي قاتار-
لىق نەرسىلەر خەلققە چېچىش يولى بىلەن ھەل قىلىنات-
تى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئۈستىگە يەنىمۇ نۇرغۇن قىيىن-
چىلىقلار يۈكلەندى، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. يەنە ۋىلايەت
بويىچە باۋ، جا سىستېمىسىنى يولغا قويۇش ھەرىكىتى يۈرگۈ-
زۈلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نوپۇسنى ئاساس
قىلىپ يېزىلاردا باۋجاڭ، جاجاڭلار بەلگىلىنىپ، رەسمىي سى-
تېمىلاشتۇرۇلدى. بۇرۇنقى بەگلىكنى «يېزا» (شاڭ) قىلىپ
يېزا باشلىقى، شەھەردىكىلەرنى «گەي» قىلىپ گەيجاڭ دەپ
ئاتايدىغان بولدى. كونىشەھەردە گەيجاڭ بەنسىچۇ قۇرۇلۇپ
ھىدايەتخان مۇدىر، ھەبىبۇللا بەگ مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ تەيىن-
لەندى. بۇلارنىڭ مائاش راسخوتلىرىنى گوڭئەنجۈي تە-
مىنلىدى. ئورنى تۆمۈر كۆل ئۇدۇلىدىكى قاسىم شاڭ-
زۇڭ سارىيى قىلىندى، شەھەر بويىچە بەلگىلەپ چىققان
گەيجاڭلار، گەيجاڭ بەنسىچۇ قارمىقىدا مەركەزلەشتۈرۈلدى.
باۋ، جا سىستېمىسىنى يولغا قويۇش بىلەن يەكەننىڭ نوپۇسى
تەكشۈرۈلۈپ، نوپۇس ئېنىقلاپ چىقىلدى. مۇشۇ ۋاقىتتا
ئېلان قىلىنغان ستاتىستىكىدا يەكەننىڭ ئومۇمىي نو-
پۇسى 317.000 (ئۈچيۈز ئون يەتتە مىڭ) دەپ ئېلان قىلىندى.

## يەكەن دەريا كۆۋرۈكىنىڭ ياسىلىشى

يەكەنگە قاراشلىق تۆت ناھىيە (يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت) خەلقلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، يەكەن دەرياسىنىڭ چوڭ كۆۋرۈكىنى ياساش مۇشۇ يىل بېشىدىلا باشلاندى. ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن بىر نەچچە تېخنىكتىن باشقا كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي مەسئۇللۇقىغا ئارال بېگى تالىپ سوپۇرگە بەلگىلەندى. كۆۋرۈكنى ھەر ناھىيىگە تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھەر ناھىيىدىكى بەگلەر ئۆز دائىرىسىگە مەسئول قىلىندى. ھەر بىر يېزا (بەگ) ئۆز ئىشخانىسىنى دەريا ئىچىگە قۇردى. دەريا ئىچىگە ياسالغان كەپە ئۆيلەر، كەمىلەر، تاماقخانا — ياتاقخانىلارنىڭ تولىلىقى بىلەن دەريا ئىچى بىر شەھەر تۈسىگە كىرگەندى. ئون مىڭ ھاشا كۈچى بۇيەرگە جەم بولدى. بىرنەچچە مىڭ ئات، كالا، ھارۋىلىرىدا توشۇلۇۋاتقان ياغاچ — شوخبۇلار دۆۋە-دۆۋىلەنگەن، يېزىلاردا ئادەم قالمىغاندەك دەريا بويىغا ھەيدەلگەندى. ھەرناھىيە ھاكىملىرىمۇ ئىش ئۈستىدە تۇرۇشتى. مۇشۇ يىل 4 - ئايدا خوتەن، قەشقەر، يەكەن بۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋالىيلىرىنى شىڭ شىسەي ئۆز ۋەكىلى قىلىپ كۆۋرۈكتە ئىشلىگۈچىلەردىن ھال سوراشقا بەلگىلىگىنى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋالىيلىرى ۋە ئىدارە، جەمئىيەت باشلىقلىرى يەكەنگە توپلىنىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئىش مەيدانىغا چىقىپ ھال سورىدى. كۆۋرۈككە قوزۇق ئۇرغۇزۇش جەريانىدا توخماق چۈشۈپ كېتىپ سەككىز ھاشارچى ئۆلدى.

## كاڭ مىنيۇەن ۋە ئۇنىڭ يۆتكىلىشى

يەكەن ۋىلايىتىگە تۇنجى ۋالىي بولغان كاڭ مىنيۇەن، دوڭبېيلىق، ئېگىز بويى، يوغان كۆز، گەۋدىلىك، 50 ياش چامىسى-



دىكى ئادەم ئىدى. ئۇ، يەكەن ۋىلايەت بولۇپ، بىر يىللا ۋالىيلىق قىلدى. ئۇنى شىڭ شىسەي تۈرمىدىن چىقىرىپلا ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ناھايىتى قورقۇنچاق، ۋالىيلىق سالاپىتىمۇ يوق بولۇپ، پەقەت ساقچى ۋە پىرقە باشلىقلىرىغا يۆلىنىپلا ئىش بېجىردى. يەكەن ۋىلايەت بولسىمۇ ۋىلايەتنىڭ ئاپپارات ۋە ۋالىينىڭ ھوقۇقى تولۇق يۈرگۈزۈلمىدى. ھەتتا ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئادەم ئۇرۇش، ئۆز ئالدىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈش، ھاكىملىقنى ئىشقا سېلىشتەك يولسىزلىقلىرىنىمۇ توسيالمىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ۋالىينىڭ رولى بولمىدى. مۇشۇ يىلنىڭ 10 - ئايلىرىدا خەنزۇ ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىدا ئىدارە، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، شەھەر خەلقى بولۇپ، ئۈچ مىڭدەك كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ناھىيىلىك گومىنداڭ پىرقە باشلىقى ياڭ ۋېيىۋەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە كاڭ مىنيۇەننى ئۇزىتىش دېگەن نامدا مەجلىس ئېچىلىپ، كاڭ شىن جىنجاڭ ئالتاي ۋالىيلىقىغا بەلگىلەندى، بۈگۈن ئۇزىتىمىز، ۋىلايەتلىك ساقچى باشلىقى جاڭ دەنكۈي مۇۋەققەت ۋالىيلىقنى قوشۇمچە ئىشلەيدۇ، دەپ ئېلان قىلىندى. شۇ چاغدا بىلىنىشىچە، ناھىيىلىك پىرقە باشلىقى ياڭ ۋېيىۋەن ئۆزى ۋالىي بولۇش غەرىزىدە كاڭ مىنيۇەن ئۈستىدە شىڭ شىسەيگە مەلۇمات بەرگەن. شىڭ شىسەي بۇنىڭ مەلۇماتى بويىچە كاڭ مىنيۇەننى بوشىتىپ، جاڭ دەنكۈينى مۇۋەققەت ۋالىيلىققا بەلگىلەپ تېلېگىرامما بەرگەن. كېيىن ئۇقۇلغان خەۋەردە كاڭ مىنيۇەن ئۈرۈمچىگە بېرىشىغىلا قاماپ قويغان.

يەنە مۇشۇ يىلنىڭ 2 - ئېيىدا مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ

ۋىلايەتلىك سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. تۆت ناھىيە خەلق ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلۇپ چەك تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا، 31 ھەيئەت سايلىنىپ ئىجرائىيە ھەيئەت تەسىس قىلىندى. ھەيئەتلەر ئىچىدىن يوشۇرۇن ئاۋاز بىلەن رەئىسلىككە ئابدۇرېشىت يۈسۈپ، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئابدۇسەمەت مەخسۇم سايلاندى.

## جۇ فاڭگاڭ يەكەندە

جۇ فاڭگاڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن 1943-يىلى شىنجاڭدا باۋ جا سىستېمىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، «جۇسەنيى» نامى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا كەلگەن. شۇ يىل ئاخىرلىرىدا يەكەنگە كېلىپ ۋالىي مەھكىمىسىگە چۈشكەن. خىزمەتكە قاتنىشىپ ئىچكى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغان. شۇ يىل 2-ئايدا ئوقۇغۇچىسى دەي جىچېڭنى ئېلىپ، يەكەنگە رەسمىي ۋالىي بولۇپ كەلدى. بۇ يەكەننىڭ 2-قېتىملىق ۋالىيسى ئىدى. ئۇ يەكەنگە كېلىش بىلەن ئاچقان چوڭ يىغىندا: «مەن ئىچكىرىدىن شىنجاڭدا باۋ جا سىستېمىسىنى يولغا قويۇشتا رەھبەرلىك قىلىشقا چىققانىدىم. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرنى تۈگىتىپ قايتقىنىمدا، شېڭ دۇبەننىڭ «سىز يەكەنگە ۋالىي بولۇپ ماڭا ياردەملەشسىڭىز»، دېگەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئىلاجىسىز بۇ يەرگە كەلدىم. ئەمما مېنىڭ دەرىجەم ۋالىيلىقتىن ئۈستۈن ئىدى. شېڭ دۇبەننىڭ سۆزىنى رەت قىلالمىدىم. مەن سەنمىنجۇيى ئاساسىدا خەلققە رەھبەرلىك قىلىمەن. مەن پەقەتلا دۆلەت ئاتىمىز سۇنجوڭشەننىڭ



بىۋاسىتىلا تەربىيىسىنى ئالغان ۋە ئىنقىلاب قىلغانلىقىم ئۈچۈن بۈگۈندىن باشلاپ مۇشۇ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي خىزمەتلىرىدە كىمدە - كىم بولمىسۇن مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بويسۇنۇشى ئاساسىي شەرت. ھەربىيلەرمۇ ئەسلا بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس»، دەپ باشتىلا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى. ئىشقا چۈشۈپلا ۋالىي مەھكىمىدە قۇرۇلۇش باشلاپ، مەھكىمىنى قايتىدىن ئىسلاھ قىلدى. 200 كىشى سىغارلىق كۇلۇب سالدۇردى. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئىدارە ۋە ئۇنىڭ باشلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىچكى جەھەتتىن ھەممىنى بىلىۋېلىپ، بىرىنچى قەدەمدە تۆت ناھىيىنىڭ ھاكىملىرىنى قايتىدىن بەلگىلەپ چىقتى (يەكەن ناھىيىسىگە دەي جىچېڭنى، پوسكامغا ۋالىي مەھكىمىدە مۇدىر كاتىپ بولغان لىۇ × ×نى، مەكىتكە دەي چىڭنى، قاغىلىققا ۋىلايەتلىك ساقچىنىڭ مۇدىر كاتىپى لىيۇ يىشىڭنى ھاكىملىققا بەلگىلەپ ئورۇنلاشتۇردى). ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ۋىن پۇلىننى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەندە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي، ۋىلايەتنى ئوڭچە ئىگىلىۋالدى. ناھىيىلىك پىرقە باشلىقى ياڭ ۋېيىۋەننىمۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق تىللاپ: «ئادەم ئۇرغان، ھەممە ئىشنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان» دەپ قاتتىق ئەيىبلەپ، تېلېگرام ئارقىلىق شېڭ شىسەيگە مەلۇم قىلىش بىلەن خىزمىتىدىن قالدۇرغانلىقىنى، ئۈچ كۈن ئىچىدە يەكەندىن كېتىشنى بۇيرۇق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى قاتتىق چۆچىدى. ھەممە بىردەك جۇ فاڭگاڭغا بويسۇندى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتتىكى ھەر بىر ئىدارىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىپ ئۆزىنى تونۇتتى. ساق-

چى باشلىقلىرىمۇ جۇ فاڭگاڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. بىر مەجلىستە ساقچى باشلىقى جاڭ جۇفاڭنى يەنە ئۈچ يىل يەكەندە ئىشلەشكە بېكىتتىم، دەپ ئېلان قىلدى.

## خەلققە ئۆزىنى تونۇتۇش ۋە ئۆزىگە جەلپ قىلىش

1. خەنزۇ ئۇيۇشما كۇلۇبىدا «دۆلەت خەلقىنىڭ ئايلىق خاتىرىلەش يىغىنى» ئېچىلىشىرىدۇ. ئىسلام دىنىدىكىلەر خۇدادىن ئۆزگىگە چوقۇنمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق يىغىندا دۆلەت ئاتىسىز رەسىمىگە تازىم قىلىش توغرا كەلگەندە ئىسلام دىنىدىكىلەر تازىم قىلماي تۇرۇۋەرسىمۇ بولىدۇ. باش-قىلار رەسمىيەت بويىچە تازىم قىلىدۇ، دەپ جاكالىدى.

2. 1939 - يىللىرىدىكى يەكەن قازىخانا (مەھكىمە شەرئىيە) دىن بىرنەچچە ئەلەم، مۇپتىلار شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىشى بىلەن تارقاپ كېتىپ، ئوخشاش دەرىجىلىك بىر قانچە قازى ئۆز ئۆيلىرىدە قازىلىق قىلى-شاتتى. جۇفاڭگاڭ كېلىپلا خەلق ئىچىدىكى خەلق ئىشەنچ قىلىدىغان ئاخۇنلارنى بەلگىلەپ، قازىخانىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. قادىرخان خوجامنى ئەلەم، ياقۇپ قازىنى مۇپتى، مۇسا قازىنى رەئىس، قىلىپ بەلگىلەپ، بۇ قازىلارنى تولۇقلاپ قازىخانا (مەھكىمە شەر ئىيىنى) تۇرغۇزدى.

3. قايسى ۋاقىتتا توپلانغىنى ئېنىق ئەمەس، كونا شەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئۆيىدە نەچچە يۈز پارچە دىنىي كىتابلار يىغىلىپ پېچەتلەنگەنىكەن، جۇ فاڭگاڭ دەي جىچىڭ ئارقىلىق بۇ كىتابلارنى ھەر قايسى مەد-



رىس ئاخۇنلىرىنىڭ ئۆز قولىغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ دىنىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى خەلققە كۆرسەتتى.

4. شۇ يىلىنىڭ 3 -، 4 - ئايلىرىدىكى ئايلىق يىغىنىدا: «ھازىر يەكەندە خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان گۆرۈكەشلەر خەلقنىڭ نۇرغۇن پۇللۇق نەرسىلىرىنى ئازغىنە پۇل بېرىپ ئېلىۋېلىپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتسە بالىسى، ئۆسۈمى مۇنچە بولدى، دەپ ھەتتا بەرگەن مېلىمۇ چىقىش-ماي خەلق نۇرغۇن زىيان تارتقان. بۇ گۆرۈكەشلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ، بۈگۈن 15 كۈنلۈك سۈرۈك، مۇشۇ 15 كۈن ئىچىدە گۆرۈگە ئالغان ماللىرىنى ئىگىسىگە ئەينەن قايتۇرىدۇ. ئارقىدىن گۆرۈكەشلىك دۇكاننى تاقايدۇ. خىلاپ-لىق قىلغۇچىغا جازا بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا ساقچى ئورۇنلىرى مەسئۇل بولىدۇ». دەپ ئېلان قىلدى ۋە قاتتىق تۇتتى. يىرىم ئاي ئۆتمەيلا يەكەندە گۆرۈكەشلىك ئۇزۇل - كېسىل تۈگىتىلدى.

5. شۇ ۋاقىتتا يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن نوپۇزلۇق ۋە ئىقتىدارلىق بىرنەچچە كىشىنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى-نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ ئۆستۈردى (قاغىلىقتا قۇتبىدىن ھامىتنى، مەكىتتە ماموت قارىنى، پوسكامدا ئابدۇراخمان قاسىمنى بەلگىلىدى).

6. ھەر ئايدا بىر قېتىم ئىدارە، جەمئىيەت باشلىقلىرى، بەگ، ئاخۇنلار (يۇرت بەگلىرى) قاتناشقان مەمۇرىي يىغىن ئېچىپ، يىغىندا «ھەر بىر باشلىق بولغانلار سوۋغا ئالما-لىق، پارىخورلۇق قىلماسلىق كېرەك. كىمدە - كىم بولسۇن بۇنداق ئىش سادىر قىلىدىكەن، باۋئەن سىلىڭلىق ئورنۇم-دا تۇرۇپ ھەربىي سوت قائىدىسى بويىچە قاتتىق چارە

كۆرمەن»، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىزنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلدى. ھەتتا «ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا ئانىسىنىڭ ئۆلگەن خەۋىرى كېلىپ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە، ئالدى بىلەن كۆيدۈرىدىغان قەغەز چاغلىق نەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ»، دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى. كەلگۈچىلەر شۇ بويىچە قۇرۇق كەلدى. دېمەك مۇشۇ يوللار بىلەن باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش ۋە جەلپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىرلىق، ھىيلە - مىكىرلىرىنى چاندۇرماسلىق تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئەسلىدە جۇفاڭگاڭ ناھايىتى قۇۋ - ھىيلىگەر، رەھىمسىز، ئاچكۆز، پوچى ئادەم ئىدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىملىق چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا: «جۇ فاڭگاڭ» دېگەن ئىسىم يېزىلغان ئۈچ خەت دەرۋازا ئالدىغا ئېسىپ قويۇلسا، دۈشمەن كىرەلمەي چېكىنىپ كېتىدۇ» دەپ پو ئاتقان. يەنە خەلققە كۆيۈنگەن بولۇپ، «ھازىر ھەربىي تەمىنات كۆپىيىپ كەتتى، خەلققە كۆپ ئۇۋاللىق بولۇۋاتىدۇ» دەپ يىغلاپ كېتەتتى. تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ، كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئاستىرتتىن بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ سېپىل سوقۇش، يول ياساش، قۇتقۇزۇش قاتارلىق مەخسۇس پۇللىرىدىن ۋە يەرلىك مەھسۇلات شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتتىكى ماللىرىدىن بۆلۈپ نۇرغۇن - نۇرغۇن مىقداردا پۇل - مالنى ئۆز چۆنتىكىگە سالاتتى.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى پاك ھېسابلىغان جۇ فاڭگاڭ تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن بايلىق توپلىدى.

1) يەكەندىكى ئېھتىيات ئامبىرىنىڭ زاپاس ئاشلىقلىرى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي ھاكىم دەي جىچىڭ ئارقىلىق تامام يىغىشتۇرۇلدى.



2) يەكەن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقى كېلىش بىلەن، ئالدىن ئۇنىڭ باشلىقىنى كەتكۈزۈۋەتتى. ۋالىي مەھكىمىسى ئۆز تەرىپىدىن ئەڭ تۆۋەن باھادا ئون مىڭ دوللار باھالاپ، كۇرسى چۈشكەن بۇ پۇلنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ پۈتۈن ئىقتىسادقا ئۆزى ئىگە بولدى. بۇنى ھېچ كىشىگە سەزدۈرمىدى.

3) يېڭىشەھەرگە نەمۇنە مەكتەپ سالىمىز، دەپ تەستىق سېلىپ، خەرىتىلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللاپ ئون مىڭ يۈەن پۇل ئېلىپ مەكتەپنى بولسا يۇرتتا ئالۋاڭ سېلىپ سالدۇردى. بۇ پۇل شۇنداقلا جۇ فاڭگاڭنىڭ قولىدا قالدى. مۇشۇ ۋاقىتتا بىر سەر ئالتۇن، 65 سەر كۈمۈش ئىدى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىر يولىلا 150 سەردىن ئارتۇق ئالتۇنغا ئىگە بولدى.

4) قاغىلىقنىڭ زۇڭبىڭى ھېيت بەگ ئارقىلىق بىرنەچچە يۈز تۆگىدە ھىندىستانغا مال يۆتكەپ تىجارەت قىلدى. خەلقنىڭ كۆرۈشىدە تىجارەت ھېيت بەگنىڭ بولۇپ، ئەمەلىيەتتە جۇ فاڭگاڭنىڭ ئىدى. ھېيت بەگ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بايلىقلىرىنى ئېلىپ، 1948 - يىلىلا چەتكە چىقىپ كەتتى.

5) جۇ فاڭگاڭ ئۆزى بىرگە ئېلىپ كېلىپ يەكەن ناھىيىسىگە ھاكىم قىلغان دەي جىچىڭ 32 ياش، قاتاڭغۇر، ئالدى چىشىنى ئالتۇندىن قاپلىغان، دائىم يېڭى يوق پەلتۇ كىيىۋالىدىغان ياسانچۇق، سۆلەتۋاز ئادەم ئىدى. ئۇنى كىشىلەر جۇفاڭگاڭنىڭ «شۇۋېيسى» دەپ كىنايە قىلىشاتتى. ئۇ گەرچە ھاكىم بولسىمۇ، ناھىيىدىكى ئىشلار بىلەن ئانچە كارىمۇ يوق. تولا ئىشلارنى بۆلۈم باشلىقى ۋە كاتىپلىرىغا ئىتتىرىپ قويۇپ يۈرەتتى. قانداق سەۋەب-

لەردىندۇر، ئۇ شۇ يىلى ناھىيە ئىسمىنى سۇچە (ئەسلىدە شاچې ئىدى)، ھەربىر يېزىلارنىڭ ئىسمىنىمۇ خەنزۇچە لىشىپجاڭ، شۇۋىنشاڭ، جىنجەشاڭ، خوفىنجىڭ ....... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتاشنى يولغا قويدى. بۇ ئىسمە-لار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قاتارلىق ئىدارىلەردە بىرمەزگىل قوللىنىلغان بولسىمۇ، تاشقى تەرەپتە تولۇق ئۆزلەشمىدى. خەلق يەنىلا بۇرۇنقى ئۇيغۇرچە ئىسمىنى قوللىنىۋەردى.

6) جۇ فاڭگاڭنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ھەر بىر بەگلىك-لەرگە شۇ بەگلىك تەۋەسىدىكى مەكتەپ مۇدىرى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قىلىپ بەلگىلەندى. شۇنداق قىلىپ بىر يېزىدا ئىككى مۇئاۋىن بىلەن يېزا باشلىقى ئۈچ كىشى بولدى. مەكتەپ مۇدىرىدىن بەلگىلەنگەن يېزا باشلىقى تەۋەسىد-دىكى مەكتەپلەرنى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە زىپىسىنى ئۆتىدى. بۇلارغا مۇدىرلىق مائاشىنى ئۇيۇشمى-دىن ئاۋۋالقىدەكلا بېرىپ تۇردى.

7) دەي جىنچىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىپلا تۇرمۇش قۇ-رۇش كويىدا بولدۇ. بىر كۈنى ۋالىي مەھكىمىسىدىن جۇفاڭ-گاڭ مېنى باش كاتىپ مەمەت ئىمىنگە چاقىرتىپ، «دەي جىنچىڭ ۋالىي مەكتەپىنى پۈتتۈرگەن، بىلىمى ئۇستۇن، × × بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا كېلىشىپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكىسى-نىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئۈچۈن چاقىرتقانىدىم» دېدى. بۇ چاغدا مەمەت ئىمىن: «بولىدۇ، مېنىڭ جىق گېپىم يوق، پەقەتلا بۇ مىلالىي، دىنىي مۇناسىۋەتكە بېرىپ تاقىلىدۇ، ھەرھالدا بۇنداق بولمىغىنى ياخشى» دېدى. بۇ يەردە جۇفاڭگاڭ شۇنداق غەزەپكە كەلدىكى، ئاچچىقىدا جوزا ئۇستىدىكى ئىستاكانلارنىمۇ سۇندۇرۇۋەتتى. بىزگە



ئېتىلدى. ئىككىمىز ئۇدۇل تاشقىرىغا قاراپ قاچتۇق. يە-كەنگە كېلىپ بۇ ئىشتىن بىلەنلا سۆزىنى ئۆتكۈزۈپ كەل-گەن جۇفاڭگاڭنىڭ ھەيۋىسى مۇشۇ بىر قېتىمدىلا سۇغا چىلاشتى. بۇ ئىشمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى.

## ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنى يۆتكەش

دەي جىنچىڭ ھاكىم بولۇش بىلەن ھېچ نەرسىگە قارى-ماي، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان ئەسلى چوڭ دەرۋازىسىنى جەنۇبقا ئېلىپ قايتىدىن ياسات-تۇردى. يېڭى ئېلىنغان دەرۋازا تار كوچىغا توغرا كېلەتتى. ھارۋا قاتنىشى ناھايىتى ئەپسىز ئىدى. دەرۋازىنى يۆت-كەشنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ دەي جىنچىڭ شۇنداق دېگەن: «بىز خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا، يامۇلنىڭ دەر-ۋازىسى جەنۇبتا بولۇش كېرەك. غەربتە بولسا، باشلىققا دەخلى يېتىدۇ. بۇ سۆز بىزنىڭ كونا كىتابلىرىمىزدا بار. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئېنىقلاپ تەكشۈرسەم، مەن بىلەن 31 ھاكىم ئۆتۈپتۇ. بۇلاردىن تۆتى ئېلىشىپ، ساراڭ بولۇپ ئۆلۈپتۇ، بىرنى ماموت سىجاڭ قاچقاندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قالغانلىرى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلۈپتۇ، شۇڭا بۇ دەرۋازىنى يۆتكىمەي بولمايدۇ». بۇ سۆزنى ھەربىر يېزا باشلىقلىرى قاتناشقان يىغىندا ئېيتقان.

## 1945 - يىلدىكى يەكەن

ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئىنقىلابى كېڭىيىپ تاشقورغانغا

قەدەر كەلگەن خەۋەر ئاڭلانغاندىن كېيىن، يەكەن ۋەزىيىتى جىددىي تۈسكە كىرىپ، يەكەن ئاسمىنىنى قارا تۇتەك قاپلىدى. خەلق بېشىغا تۆپىلەپ بالايىئاپەت يېغىشقا باشلىدى. گومىنداڭنىڭ ئاساسىي كۈچى ھېسابلانغان 36 - تۈەنىڭ قورچاق باۋئەن سىلىڭى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئورۇنلىرى ئەڭ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، مۇداپىئە كۆرۈش، ئىستىھكام قۇرۇش ۋە خەلقنى بېسىشقا ئاتلاندى.

يەكەن قورۇق كۆلدىكى ئىشان ئابلا دامولامنى مۇرىتى مەھەممەت ئېلى ئەتراپىغا ئادەم توپلايدۇ، دەپ ۋەھىمە قىلىپ قولغا ئالىدۇ. بۇلارنى تۈرمىدە ئىككى ئاي قىيناپ مەھەممەت ئېلى قىيناشتا ئۆلىدۇ (ئۆلىكىنى ئائىلىسىگە بەرگەن). ئابلا دامولام سالامەت چىقىدۇ.

شۇنىڭدەك يەكەندىكى ئىشان ئايۇپ قارىنىڭ ئۆيىگە ئاقسۇ، قەشقەردىن 10 نەچچە كىشى زىيارەتكە كېلىدۇ. كەلگەنلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ كىشىنى قولغا ئالىدۇ. سوراق قىلىپ نەتىجە چىقىرالماي، ئىككى ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ، قەشقەر تەرەپلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر ۋە ياكى باشقا ئىدارە ئىشلىرى بىلەن كەلگەن قانداقلا كىشىلەر بولمىسۇن، تەكشۈرۈش، سوراق قىلىش، توختىتىپ قويۇشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، خەلقنى ئەڭ قاتتىق بېسىم ئاستىغا ئالدى. مەسىلەن: قەشقەرلىق مەھەممەت سوغۇقنى گۇمانلىق دەپ ماللىرىنى ئارتىۋېلىپ قايتۇرۇۋەتكەن. قەشقەر سەمەندىن مەھەممەت ياسىن، مۆمىنلەر يەكەنگە تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن، بۇلارنىمۇ گۇمانلىق دەپ قاماپ ئۈچ ئاي ئازابلاپ، نەتىجە چىقىرالماي تۈرمىدىن چىقىرىپلا قايتۇرۇۋەتكەن. ھەتتا يەكەندىن ئاشكارا قەشقەر تەرەپلەرگە بېرىپ - كېلىشنى قاتتىق چەكلىگەن.



## سېپىل ياساش دولقۇنى

گومىنداڭنىڭ يەكەندىكى 36 - ئاتلىق تۈەنى، باۋئەن سىلىڭ قوشۇمچە ۋالىي جۇ فاڭگاڭلار يەكەن يېڭىشەھەرنى ئىستىھكام قىلىشنى پىلانلاپ، يېڭىشەھەر سېپىلىنى قايتا ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، زۇۋېيتۈەن (قوغدىنىش پولكى) تەشكىل قىلغان. بۇنىڭ باشلىقلىقىغا ھاكىم دەي جىچىڭ، مۇئاۋىنلىقىغا تۆت بەگ بەلگىلەنگەن، بۇلار ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەر بويىچە خەلقنى سېپىل ياساشقا قاتناشتۇردى. نەچچە مىڭ خەلق سېپىلغا خىش، توپا توشۇش، جا باغلاش بىلەن كېچە - كۈندۈز ئىشلىدى. شەھەر ۋە يېزىلاردا ئادەم قالمىغاندەك سېپىل ئەتراپىغا توپلاندى. پۈتۈن بوجاڭ، جاجاڭ، گەيجاڭلار ئىش ئۈستىدە ئاغلاقچىلىق (ھەيدەكچىلىك) قىلدى. مۇئاۋىن بەگلەر ئۆز يېزىلىرىدا تۇرۇپ، ئادەم ھەيدەش بىلەن بولدى. ئومۇمەن ئۈچ ئاي داۋام قىلغان بۇ سېپىل ياساشتا خەلق ئېيتقۇسىز ئازاب - ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈردى. سېپىل ياساش تاماملانغاندىن كېيىن خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە نەتىجىسى يۇقىرى بولغان يېزا باشلىقلىرىغا مۇكاپات پۇل، نەرسە - كېرەكلەر بېرىلدى ۋە چوڭ يىغىن ئېچىپ ئېلان قىلىندى.

## ھەربىي تەمىنات ئىدارىسى

مۇشۇ يىلىنىڭ 2 - ئايلىرىدا چىڭ ×× فامىلىلىك كىشىنىڭ زەنجاڭلىقىدا يەكەندە يەكەن - خوتەن ھەربىي تەمىنات ئىدارىسى يېڭىشەھەردىكى بۇرۇنقى خەزىنە باشلانغۇچ

مەكتەپ ئورنىدا قۇرۇلدى. بۇنىڭ تەشكىلىي دائىرىسى كەڭ بولۇپ، بىر نەچچە ئون قوراللىق ئەسكەر، بىر نەچچە بۆلۈم، 20 دىن ئارتۇق كادىر ۋە خىزمەتچىلەردىن تەركىب تاپقان. زەنجاڭ تاشقىرىغا چىقىشقا توغرا كەلسە ئىككى قوراللىق مۇھاپىزەتچى بىلەن چىقىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ھەر-بىر يىلەر ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ھەربىي تەمىنات سان بويىچە بېكىتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسىگە سۇنۇلىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسى ھەر ناھىيىگە تەقسىم قىلىدۇ. ناھىيە يەرمو سانىغا قاراپ يېزا (بەگلىك) غا چۈشۈرىدۇ. يېزىلار بۇجاڭلار ئارقىلىق خەلقلەرگە چاچىدۇ. ھەربىي تەمىنات ھەر يۇرت يېزا باشلىقلىرى ھەيدەپ ئەكىرگەن نەرسىلەرنى كۆز چىنىدە جىڭ ھېسابى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. كېچىككەنلەرنى بىۋاسىتە ئەسكەر چىقىرىپ ھەيدەش، يېزا باشلىقلىرىنى قاماپ قويۇش قاتارلىق ھوقۇقلار بولىدۇ. ھەتتا ھاكىملارنىمۇ ئالدىرىتىدۇ. موشۇ يىلدا يەكەنىڭلا ئېيىغا ھەربىيگە تاپشۇرىدىغان نەرسىلەر سانى جەدۋەلىدە 4.000.000 جىڭ بىدە-سامان، 400 قوي دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەكەن ھەر ئايدا تاشقۇرغانغا لەڭ ئاشلىق توشۇشتا بېرىدىغان ئېشەك 180 (بىر ئېشەك ئۈچۈن 30 سەر كۈمۈش تاپشۇرۇلۇشى شەرت)، بۇنىڭدىن باشقا 36 تۆگە ھەر بىر يېزىدىن (بەگلىكتىن) 20 دىن ئات، جەمئىي 16 يېزىدىن 320 ئات. مۇشۇ ئاتنى ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈشتە، بىر نەچچە مىڭ ئات ئەكىرىپ شۇنىڭدىن يارايدىغىنى ناھايىتى ئاز.

## ترانسپورت ئەترىتى

بۇ ھەربىي تەمىنات قارمىقىدىكى قاتناش قوراللىرى



(ھارۋا، ئېشەك قاتارلىقلار) ئىدى. بۇلار يېزا باشلىقلىرى ئارقىلىق يۇرت خەلقلىرىدىن تەييارلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، يېزا باشلىقلىرى بىلەن توختام قىلىش، بۇلار ئارقىلىق يۆتكەش-توشۇش ئىشلىرىنى ئورۇنداشقا ترانسپورت ئەترىتى تەشكىللىدى. بۇنىڭغا ئابدۇۋاھىت بەگنى ئەترەت باشلىقىغا بەلگىلىدى. بۇ، ھەربىي تەمىناتنىڭ پايدىنى قاتلام ئېلىشىنىڭ بىر تەدبىرى ئىدى.

## يەكەندە ياسالغان توپ

جۇ فاڭگاڭنىڭ پىلانلىشى بويىچە يەكەندىكى قازانچى (قۇيمىچى)، تۆمۈرچى ۋە مىسكەرلەردىن 100 دىن ئارتۇق ئۇستىنى يېڭىشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىگە توپلاپ، يېتەرلىك چۆيۈن، تۆمۈر، مىس قاتارلىق ماتېرىياللارنى يۇرتقا ئالۋاڭ قىلىپ يىغدۇرۇپ توپ ياساشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە 12 دانە زەمبىرەك توپ ياساپ پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋالىي مەھكىمىدە توپقا نام قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ يىجاڭجۈن، ئەر جاڭجۈن دېگەن نام بېرىلدى. بۇ ياسالغان توپ پەقەتلا ھەيۋەتلىك ئاۋاز چىقىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، يېڭىشەھەر سېپىل ئۈستىگە ئورنىتىلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا يەكەننى قورشىغان مىللىي قىسىملار، پارتىزانلار قىلغان ئۇرۇشتا بۇ ياسالغان توپلارنى ئىشقا سالدى. بۇ توپنىڭ ھەربىرىگە تۆت تاغاردىن پاختىنى مىلتىق دورىسى بىلەن چىڭداپ، پىلتىسىگە ئوت يېقىش بىلەن بۇ چىڭدال

غان پاختا قىزىل چوغ بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ ئۆيدەك ئوت ھاسىل قىلىش بىلەن 40 — 50 مېتىر يەرگە چۈشكەن. 12 توپنى بىرلا ئاتقاچقا بۇنىڭ ئاۋازى بىلەن چاچىرىغان ئوتى پۈتۈن شەھەرنى قاپلاپ، كىشىلەردە يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان قورال بولۇشى كېرەك، دېگەن ئوينى پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنكى ئۇرۇشتا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن.

## ئەسكەر يۆتكەپ تۇرغۇزۇش

قوشراپنىڭ چاپسال دېگەن يېرىدە بىر لىيەن، كاچۇڭنىڭ ياقىرىق دېگەن جايىغا بىر پەي ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ پۈتۈن تەمىناتلىرى شۇ يۇرت خەلقلىرى ئۈستىگە يۈكلەندى. بۇلارغا ئۆزى خالىغان يۇرتتىن ئېلىش ھوقۇقى بېرىلگەنلىكتىن، شۇ يۇرتتىكى خەلقلەر قەۋەتلەپ ئېغىرچىلىقلار ئاستىدا قالدى.

## يېڭىشەھەرگە كۆچۈش ۋە شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ تاقىلىشى

شۇ يىلى 10 - ئايدا كونىشەھەردىكى ئىدارىلەر يېڭى شەھەرگە كۆچۈشتى. ئۇيۇشمىنىڭ شەھەر ئامبىرىدىكى بىر بۆلۈم ئاشلىقلىرىمۇ يېڭىشەھەردىكى مەكتەپكە يۆتكەپ چىقىلدى (ئاشلىقلارنى يۆتكەپ كەتمىسە، مىللىي ئارمىيەلەر ئوت قويىدۇ، دېگەن ئۇقتۇرۇش قىلىنغانىدى). يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەر دەرۋازىلىرى تاقالدى. شەھەر ۋە يېزا ئوتتۇ-



رىسىدا قاتناش توختىتىلدى. شەھەر خەلقى يېمەك - ئىچمەك ھەتتا سۇدىنمۇ قىسىلدى. شەھەر خەلقى ئەتراپتىكى يېزىلارغا قېچىشقا باشلىدى. 12 - ئايدا تاشقۇرغاندىن چۈشكەن مىللىي ئارمىيە پارتىزانلىرى يەكەن خانىقا دەرۋازاۋەيەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئەتراپلىرىنى قورشاۋ قىلىپ، شەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. يېڭىشەھەر تەرەپتىن مۇداپىئەدە تۇرغان گومىنداڭ ھەربىيلىرى، ساقچى ۋە باۋئەن سىلىڭبۇ ئەسكىرىي قىسىملىرى سېپىل ئۈستى ۋە دەرۋازىدىن چىقىپ مىللىي قىسىم پارتىزانلىرى بىلەن ئېلىشتى، ئۇرۇش بىر كېچە داۋام قىلدى. كېچىچە ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن خەلقلەر قاتتىق ساراسىم - قورقۇنچ ئىچىدە قالغانىدى. شۇ كۈنكى ئۇرۇشتا پارتىزانلار ئوفىتسېرى بايەككە ئۆز ئادىمى خال مەممەت خائىنلىق قىلىپ، بايەكنىڭ كاللىسىنى كېسىپ گومىنداڭ ھەربىيلىرى تەرەپكە ئۆتىدۇ. گومىنداڭ ھەربىيلىرى بايەكنىڭ كاللىسىنى ئاۋۋال يېڭىشەھەر چوڭ يول بويىدىكى تېرەككە، كېيىن كونىشەھەردىكى گەرلىككە ئاسىدۇ. ئېلان قىلىشتا (بايەك پولك باشلىقى) خال مەممەت بايەكنىڭ كانۋىيى بولۇپ، ئارقىدىن ئېتىپ بايەكنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكەن، دەپ ئېلان قىلدى. يەنە شۇ ۋاقىتتا ياقىرىق باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىمى ياقۇپ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ رازۋېتكىلىرى تۇتىۋېلىپ، گەيشاڭغا ئەپچىقىپ خەلق ئالدىدا يورەك ۋە ئالەتلىرىنى كېسىپ تاشلىغان. ئۇرۇش تۈگىگەنىنىڭ 2 - كۈنى (ئەتىسى) مىللىي پارتىزانلاردىن ئەسىرگە چۈشكەن 11 كىشىنى، 36 - تۇەن تۇەنجاڭى گۇەن زىيۇن يېڭىشەھەر تۇەنبۇ ئالدىدىكى

تېرەكلىك چوڭ سەھنىدە تېرەككە بىردىن باغلاپ، يۈرەك باغرىنى سۇغۇرۇپ، ئالەتلىرىنى كېسىپ ئۆلتۈرگەن. بۇنى گومىنداڭنىڭ پۈتۈن ئەسكەر، ساقچىلىرى ۋە خەلقتىن تەشكىللىگەن ئەسكەرلىرىگە كۆرگەزمە قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن 11 نەپەر كىشى ئىچىدە 12 ياشلىق بىر كىچىك بالىمۇ بار ئىدى. گومىنداڭ ھەربىيلىرى خال - مەمەتنى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ۋالىي مەھكىمىدە كاتىپ، گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ تەشۋىقات كادىرى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئىككى ئاي ئىچىدە دەرۋازىلار ئېچىلىپ، ھەرقايسى ئىدارە، جەمئىيەتلەر ئۆز ئورۇنلىرىغا كۆچۈشتى.

## 1946 - يىلى

مۇشۇ يىلى 2 - ئاي ئاخىرلىرى، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق لۈيجاڭى شياڭ چاۋجۇڭ لۈيبۇسىنى كۆچۈرۈپ يەكەندىكى 36 - تۈەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئارقىدىنلا ئاقسۇدىكى تۈەنجاڭ جاۋ خەنچى ئۆز پولكى بىلەن يەكەنگە كېلىپ بۇرۇنقى توسانگۇڭسى پولك شىتابى، گومىن بىڭتۈەن ئورنىنى ئەسكەر گازارمىسى قىلىپ ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى 36 - تۈەن يېڭى كەلگەن بىرلۈي ۋە بىر تۈەن قوشۇلۇپ ھەربىيلەر سانى ئۈچ ھەسسە كۆپەيدى. خەلق تېخىمۇ ئېغىر چىلىققا دۇچ كەلدى. ئالۋاڭنىڭ تولىلىقى، ھەربىيلەرنىڭ كۈن ئارىلاپ شەھەر ئىچىنى قوراللىق ئايلىنىپ تەھدىت سېلىشى، تېررورلۇقى خەلقنى يەنىمۇ پاراكەندە قىلدى. شياڭ چاۋجۇڭ (لۈيجاڭ)



ۋالىي جۇ فاڭگاڭ بىلەن كېلىشەلمەي شۇ يىلى 3 - ئايلاردا لۈيبۇسىنى قاغىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. يەكەندە جاۋخەنچىنىڭ 7 - تۈەنىلا قالدى. 36 - تۈەننىڭ تۈەنجاڭى گەن زىيۇن قەشقەرگە فۇلۈيجاڭ بولۇپ قايتتى. شۇ يىلى 5 - ئايلاردا جاۋشىڭگاڭ (گومىنداڭ ئۈرۈمچى زۇڭ سىلىڭبۇسىنىڭ سەنمۇجاڭى، كېيىن قەشقەردە تۇرۇشلۇق 42 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى — جۇنجاڭى بولغان) باشچىلىقىدىكى ئۆمەر داموللام، ئىبراھىم تۇردىلار مۇئاۋىنلىقىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن «جەنۇبىي شىنجاڭ تەپتىش ئۆمىكى» يەكەنگە كەلدى. يەكەندىكى تۈەنبۇنىڭ چوڭ سەھنىسىدە بەش مىڭدەك كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن چوڭ يىغىن ئېچىلدى. ئۆمەك باشلىقى مەجلىسكە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئەركىن پىكىر بىرىشتە قورقماسلىقنى ئوچۇق جاكالىغانلىقتىن، يىغىنغا قاتناشقانلار ئالۋاڭنىڭ تولىلىقى، ئەمەلدارلارنىڭ قىلىۋاتقان ناھەقچىلىقلىرى، ھەربىيلەرنىڭ بۇلاش - تالاش، قاماشلىرىنى پاش قىلغان نۇرغۇن پىكىرلەرنى ئېغىز ۋە يازما ئارقىلىق سۇندى. يىغىن يىپىلغاندىن كېيىن 1 - 2 كۈنگىچە ئەرز - داتلار قوبۇل قىلىندى. ئۆمەك قايتقاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر - بىرلەپ ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىشتى. مۇشۇ يىلى 3 - ئايلاردا ئۈرۈمچىدىن ئابدۇسەمى يەكەننىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى تەپتىش ئۆمىكى كەلگەندە، جۇ فاڭگاڭ ۋە ھاكىم دەي جىچىڭنىڭ ئۇستىلىرىدە بېرىلگەن پىكىرلەردىن گۇمانلىنىپ، ئابدۇسەمىنىڭ يەكەنگە كېلىپلا توي قىلغاندا بەزى پەگلىكتىن ئارىيەت ئالغان نەرسىلەرنى (پۇل، ئاشلىق،

گىلەم قاتارلىقلارنى) پارا ئالدى، دېگەن باھانە بىلەن جۇ فاڭگاڭ فايۇەن ئارقىلىق قامىدى. كېيىن بۇرھان ئەپەندى سايلامغا كەلگەندە ئەھۋالنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپ، ئابدۇسەمەتنى تۈرمىدىن چىقاردى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن مىللىي قىسىملار پوسكام – قاغىلىقلاردىن چېكىنىپ، كونا ئەمەلدار ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، جۇفاڭگاڭ ۋە ۋىلايەتلىك ساقچى باشلىقى جاڭ دەنگۈيلار ئۈچ ناھىيىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقتى. پوسكام ھاكىمى لۇڭ، مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇغوپۇر بەگلەر مىللىي قىسىملار پوسكامغا كەلگەندە ئورۇن بوشىتىپ بېرىپ قاچقانلىقى ئۈچۈن لۇڭ قامالدى. ئابدۇغوپۇر بەگ ئىشتىن بوشىتىلدى.

## قاتىللىق ھەرىكەتلەر

1. جۇ فاڭگاڭ ناھىيىلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ كىرگەندىن كېيىن، خەلق قاتناشقان ئوچۇق يىغىندا، «قاغىلىقتىكى راشىدىن مۇپتى ھاجى ئوغرىلارغا قوشۇلغان، كېيىن بۇ ئۆز – ئۆزىدىن قورقۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ دىنىي ئاخۇن، ھازىر ئۇرۇش توختىدى، ئۇنىڭغا ھېچگەپ يوق. بىز كېپىللىك قىلىمىز. كۆرگەنلەر ئېيتىپ قويۇڭلار» دېگەننى جاكالىدى. ئەھۋال ئەسلى مۇنداق ئىدى. مىللىي قىسىم پارتىزانلىرى قاغىلىقنى قولغا ئالغاندا، گومىنداڭنىڭ پۈتۈن ئەمەلدار، ئاخۇن، يۇرت بەگلىرى خوتەنگە قاچقان. ئەمما راشىدىن مۇپتى ھاجىم ئۆيىدىن مىدىرلىمىغان. قاغىلىق قولغا ئېلىنغاندا، يەنە خەلق بىلەن ئۆتتۇۋەرگەن. جۇ فاڭگاڭ ناھىيە ھاكىمى لى زىشىڭنىڭ قولى بىلەن بۇ كىشىنى مەخپىي ئۆلتۈرگەن (لى زىشىڭ ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلدى).



2. شۇ يىلى 7 –، 8 – ئايلاردا بىتىمدە تەشكىل بولغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ كادىرى ئەنۋەر يۈسۈپ ئۈرۈمچىدىن مارالبېشى ئارقىلىق كېلىپ، مەكىت چامغۇرلۇق مەكتەپكە چۈشىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى ئابلا مەمەت مەكىت ھاكىمى دەي ياچىڭغا خەۋەر قىلىدۇ. دەي ياچىڭ ئۆزى چىقىپ ئەنۋەر يۈسۈپنى ئېلىپ جۇ فاڭگاڭغا تاپشۇرىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسى ئىچىدە ساقچىنىڭ مو ئىسىملىك بىر كىشىسى ئارقىلىق ئۇنى قىيناش، ئازابلاش بىلەن ئۆلتۈرۈپ، جەسەتنى يىغىشتۇرۇۋەتكەن (بۇ ئەھۋالنى ئەھمەدجان قاسىمى، بۇرھان ئەپەندىلەر يەكەنگە كەلگەندە كۆپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئەمما دەي ياچىڭ، جۇ فاڭگاڭلارنىڭ قولى بىلەن بولغان بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش قىيىن بولدى). ئازادلىقتىن كېيىن دەي ياچىڭ باستۇرۇلدى. ئابلا مەمەت 20 يىللىق كېسىلدى.

3. قاغىلىقتىن مىللىي قىسىمغا قاتناشقان ھاشىم خۇيجاڭ، تۆردى قارىبەگلەر بىتىم بولغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتى قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. بۇلارنى ھەربىيلەر ئارقىلىق تۈرمىگە تاشلاپ، دوختۇرخانا يۈەنجاڭنىڭ قولى بىلەن ئوكۇل بېرىپ ئۆلتۈرگۈزدى.

4. شۇ يىلى يېڭىشەھەر دەرۋازىلىرى ئېچىلغان 2 – ئايدا، ۋىلايەتلىك ساقچى باشلىقى جاڭ دەنگۈي ساقچىنىڭ خەت توشۇغۇچىسى ھوشۇرنى ئوغرىلارغا قوشۇلماقچى بولغان، دېگەن سۆز بىلەن پۈتۈن ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ ئەمەلدار ساقچىلىرىنى يىغىپ، ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى.

# تىنچلىق بىتىم مەزگىلىدىكى يەكەن

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ بىتىم بويىچە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە مىللىي ئارمىيىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئەمما يەكەندىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرى ۋە ۋالىي جۇ فاڭگاڭلار يەنىلا بۇرۇنقى ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي ئەكسىچە تەشۋىق قىلىش، بېسىم - تەھدىت سېلىش بىلەن يەكەن ۋەزىيىتىنى جىددىيلەشتۈردى. ھەربىي سېلىقلار يەنىمۇ كۆپەيدى. باشقا ۋىلايەتلەردىن بولۇپمۇ ئۈرۈمچى، قەشقەردىن كەلگۈچىلەر گۇمانلىق ھېسابلىنىپ تەكشۈرۈپ، تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى.

مۇشۇ يىلى 8 - ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىس جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەھمەدجان قاسىمى قول قويغان يەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشۇمچە مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا بەلگىلەندۇق، دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ چاغدا دەي جىچىڭ ھاكىم ئىدى. ئەمما ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتى كۆپرەك مېنىڭدىن يوشۇرۇلغىنى ئۈچۈن كۆپرەك ئۇيۇشمىدىكى ئۆز خىزمىتىم بىلەن شۇغۇللاندىم.

1946 - يىلى 11 - ئايدا بىتىم بويىچە سايلانغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ناھىيىلەردە ھاكىملارنى سايلاش ئۈچۈن بۇرھان ئەپەندى باشچىلىقىدىكى سايلام ھەيئىتى يەكەنگە كەلدى، جۇ فاڭگاڭنىڭ سايلامغا سۇيىقەست قىلىشىدىن



ئېھتىيات قىلىپ سايلام ھەيئىتى ۋالىي مەھكىمىسىدە تەييارلانغان ئورۇنغا چۈشمەي، باغچا قېشىدىكى ئىسمايىل خەيبجاڭنىڭ جايىغا چۈشتى (يەنى بۇ جاينى بۇرھان ئەپەندىنىڭ پىكرى بويىچە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىن تەييارلىغان). ئەتىسى ئابلاجاندىن ئىبارەت يەتتە كىشىلىك ناھىيىلىك سايلام ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى. 3 - كۈنى گېيشەڭدىكى خەنزۇ ئۇيۇشما كۇلۇبىدا شەھەر - يېزىلاردىن بولۇپ، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن سايلام ئۆتكۈزۈش ھەققىدە كەڭ خەلق يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن بۇرھان ئەپەندى باشچىلىقىدىكى بۇ سايلام ھەيئىتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا خوتەن سايلىمىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى مەھەممەت ئىمىن ھەزرەتمۇ قاتناشتى. ۋالىي جۇفاڭگاڭ ۋە يەكەندىكى ساقچى ئىدارە باشلىقلىرىمۇ قاتناشتۇرۇلدى. سايلام ھەيئەت ئەزالىرىدىن مەھەممەت ئىمىن خەلپەت يىغىننى باشقۇردى. دەسلەپتە بۇرھان ئەپەندى تەكبىر بىلەن سۆز باشلىدى. ئارقىدىن مەھەممەت ئىمىن ھەزرەت تەكبىر بىلەن سۆز باشلاپ، ئۆزىنىڭ تارىخى ۋە خوتەن خەلق قوزغىلىڭى ھەققىدە سۆز قىلدى. بۇرھان ئەپەندى 11 ماددىلىق بىتىم ھەققىدە سۆزلەپ تاماملىغاندىن كېيىن، جۇفاڭگاڭ سۆزگە چىقتى. ئۇ ئاجايىپ شەكىلدە كىيىنگەن (خەنزۇلارنىڭ بۇرۇنقى مىللىي كىيىمى ئۇزۇن گادالىق چاپان ئۈستىگە يېشىل خاڭدەن تاۋاردىن تىكىلگەن كالتە ئىزەملىق چاپان، پۇتىغا قىلىن چەملىك قونچلىق خەي، بېشىغا قامىدىن ئىشلەنگەن سوغا تۇماق كىيگەن) ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن سۈن جۇڭشەن رەسىمىگە، بۇرھان ئەپەندىگە تازىم قىلىپ خەلققە قاراپ بىر كۈلۈپ كې-

تىپ، خۇددى سەھنىدىكى رول ئېلىۋاتقان ئارتىستەك سېھىرگەرلىك ئويۇنىنى باشلاپ، «بۈگۈن مەن سۆزلىمەكچى ئەمەسىدىم، ئەھۋال سۆزلەشكە مەجبۇر قىلدى. دۇنيادا بىرنەچچە تۈرلۈك دىنلار بار. مەن كاتولىك دىن ئېتىقادچىسى. مۇشۇ دىنلار ئىچىدە ھەممىدىن ئۇلۇغ بولغىنى ئىسلام دىنى. ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى قۇرئان. شۇڭا ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرى مەسچىت، مەدرىس بىنا قىلىدۇ. مەدرىستە دىنىي قائىدىلىرىنى، دىنىنىڭ قانۇنى بولغان قۇرئاننى ئۆگىنىدۇ. مەسچىتتە خاس بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدۇ، خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ. باشقا ئىشلارنى مەسچىتتە قىلىشقا بولمايدۇ. ھەتتاكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاياللارمۇ ناماز ئۆتىگەندە ئىشتىنىنى سېلىۋېتىدۇ. بۇ پاكلىق ئۈچۈن. مەن يەكەنگە ۋالىي بولۇپ كېلىپلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى مەجلىستە رەسىمگە تازىم قىلماي ھۆرمەت بىلدۈرۈڭلار! چۈنكى مۇسۇلمانلارغا خۇدادىن باشقىغا تازىم قىلىش گۇناھ بولىدۇ، دەپ ئېيتتىم ۋە ئىجرا قىلدىم (خەلققە قاراپ راستمۇ - يالغانمۇ؟ دېگەندە راست دېگەن چۇقان ئاڭلاندى). يەنە مەسچىتكە ئىبادەتكە كىرگەنلەر تاھارەت ئېلىپ كىرىدۇ. ناماز ۋە ئىبادەت قىلىدۇ. مەسچىتتە رەسىم بولمايدۇ ۋە مۇسۇلماندىن باشقا كىشىلەر مەسچىتكە كىرمەيدۇ. بۈگۈن مەجلىسكە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تاھارىتى يوق (؟)، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارمۇ بار. بۇ كۇلۇپ ئىبادەت قىلىدىغان جاي ئەمەس. شۇڭا بۇ يەردە قۇرئان ئوقۇش، نامازدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇشقا بولمايدۇ. ئەجەبا بۈگۈن ماۋۇ ئىككى كىشى رەسىمگە تازىم قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغان چاغدا ئوقۇيدىغان



ئايەت تەكبىرىنى ئېيتتى. بۇ سىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىنى بويىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش - ئاڭلىماسلىق ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارى. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى»، دەپ باشتىكىدەكلا رەسىم ۋە بۇرھان ئەپەندىگە تازىم قىلىپ ئولتۇردى. جۇڭگولۇقلارنىڭ قۇۋلۇق بىلەن قىلغان سۇيىقەستلىك سۆزى يىغىن كەيپىياتىنى بۇزدى. بۇ يەردە ئىككى گۇرۇھ شەكىللىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن سايلامدا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى. شۇنداقتىمۇ زىيالىيلار ۋە سايلامنى ھىمايە قىلغۇچى خەلقلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن سايلام ئېلىپ بېرىلدى. يەرلىكتە قۇرۇلغان يەتتە كىشىلىك سايلام ھەيئىتى ھەر بىر يېزىلارغا چىقىپ ناھىيىدىكى 317.000 نوپۇسنى ئاساس قىلغان ھالدا 350 ۋەكىل سايلاپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئويۇشما كۇلۇبىدا ئوچۇق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق 31 كىشىلىك ئەزاسى تۇرغۇزۇپ چىقىلدى. ئەتىسى ئۆلكىلىك سايلامغا نازارەت قىلىش ھەيئەت باشلىقى بۇرھان ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۇيغۇر ئويۇشما چايخانا زالىدا 31 كىشىلىك ئەزالىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يوشۇرۇن چەك بېرىش ئارقىلىق كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە قادىرخان غوجام، مۇئاۋىنلىقىغا ئابدۇراھمان مەخسۇم سايلاندى. ئارقىدىن يەنە يوشۇرۇن چەك بېرىش بىلەن ئابلاخان ھاكىملىققا، ئابدۇرېشىت يۈسۈپ مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى ۋە مامۇت نۇر باشلىق تۆت كىشى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. 1947 - يىلى يېڭى ھاكىم، كونا ھاكىم دەيجىچىڭدىن ئىش تاپشۇرۇپ ئالدى. ئەتىسى بۇرھان ئەپەندى رىياسەتچىلىكىدە ئۇيغۇر ئويۇشما سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئاب-

دۇرۇشت يۇسۇپ رەئىسلىك، ئابدۇكېرىم نىياز مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى سايلىمى ئوڭۇشلۇق تامام بولۇپ، سايلام ھەيئەتلىرى مەكىت، پوسكام، قاغىلىق سايلاملىرىغا نازارەت قىلىشقا يۈرۈپ كەتتى. تۆت ناھىيە سايلىمىنى تۈگىتىپ بىرىنچى ئاي ئوتتۇرىلىرىدا بۈرھان ئەپەندى خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى. مۇشۇ يىلى 2 - ئاي ئاخىرلىرىدا ساقچىنىڭ مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا ھەر بىر يېزا باشلىقلىرى (بەگلەر) نىڭ قاتنىشىشى بىلەن يېڭى سايلانغان ھاكىمغا قارشى زور كۆلەملىك نامايىش ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭغا پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلارمۇ قاتناشتى. نامايىشچىلار ئۇدۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە باستۇرۇپ كىردى. جۇفاڭگاڭ خۇددى بۇنى ئۇقمىغان كىشى بولۇپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كىردى. جۇ فاڭگاڭ نامايىشچىلارغا: «مەن بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلاي، ئۇچۇر كەلگىچە ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىنى مۇئاۋىن ۋالىي يەن جىيى ئىشلەپ تۇرىدۇ»، دەپ ئېلان قىلدى. نامايىشچىلار تارقاپ كەتتى. يەن جىيى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دەيلى ھاكىمى بولۇپ ئىشقا كىرىشتى. سايلام ھەيئىتى يەكەنگە كېلىشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن، 8 - ئايلاردا يەكەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارە باشلىقى جاڭ دەنكۇي 7 - تۇەننىڭ تۇەنجاڭى جاۋ خەنچىلار مەخپىي ھالدا يەكەندىن كېتىۋالدى. جاڭ دەنكۇينىڭ ئورنىغا جا ×× كەلدى. جاۋخەنچىنىڭ تۇەنجاڭلىقىنى تەن فۇسىيە خۇڭ يادۇڭ ئىشلەشكە باشلىدى. 1947 - يىلى 4 - ئايدا جاڭ جىجۇڭ، ئەھمەدجان قاسىمى، ۋاڭ زىڭشەن، مەسئۇد ئەپەندى، رەھىمجان، ئەيسا بەگ قاتارلىقلار يەكەنگە كەلدى. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ زالىدا خەلقلەر قاتناشقان چوڭ



يىغىن ئېچىلدى. جاڭ جىجۇڭ سۆزلىدى. يىغىندا گوسۇن ئىمىن بەگ «ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ تۈپەيلىدىن ئىننەمە ئەل ئۇسرى يۇسىرەن، فەئىننە مەئەل ئۇسرى يۇسىرون ئۆيدە بىر قازان قالمىدى. ھېلى سېپىل ياسايمىز دەپ ھەممە سېپىلغا ئىشلىگەن، ھېلى بېدە - سامان دەپ ھەيدىگەن، بەك قىينالدۇق...» دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇۋاتاتتى. ئەھمەدجان قاسىمى دەسلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاقساقال ئولتۇرۇڭ، بىلدۇق، ئىلى ئوغرىلىرى يا ئوغرى بولۇپ چىقىدۇ، يا توغرا بولۇپ چىقىدۇ، ئەتە بىلىمىز دەپلا سۆزىنى بۆلدى. ۋالىي مەھكىمىسى ئالدىدا زالغا كىرەلمەي بىرنەچچە مىڭ ئادەم توپلانغانىدى. ئەھمەدجان قاسىمى يالغۇزلا چىققىنىغا خەلق قىزغىن ئالقىشلاپ، ياشىسۇن دېگەن شوئار بىلەن تەنتەنە قىلدى. ئەھمەدجان قاسىمى توختىتىپ قويۇلغان بىر ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «قېرىنداشلار! قۇرئاندا «ئىننەمە ئەل ئۇسرى يۇسرە»، «فەئىننە مەئەل ئۇسرى يۇسرا» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەر بىر قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن بىر يورۇقلۇق بولىدۇ. ھەر بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىنلا ئاسانچىلىق بولىدۇ. زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىقتىن چوقۇم قۇتۇلىسىلەر»، دېگەن مەزمۇندا قىسقىغىنا سۆز قىلدى. جاڭ جىجۇڭلار قايتقاندىن كېيىن، شۇ يىلى 6 - ئايلاردا ھەربىيلەرنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن تۇراپ بەگ (خاڭ جىئو) يەكەنگە كېلىپ، كىچىك كۆلدىكى ئۆز ھويلىسىغا چۈشتى. ھەربىيلەرنىڭ باش ئورگانلىرىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن بولۇشى كېرەك، يەكەندىكى گومىنداڭ ھەربىي باشلىقلىرى، جۇفاڭگاڭلار كىرىپ كۆرۈشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ تۇراپ بەگنىڭ ئۆيى چوڭ بىر ئىدارە شەكلىگە ئايلاندى. ئىشىك ئالدىدا پوست تۇرىدىغان بولدى.

«خالق گوسەن» دېگەن نام ھەممىگە تارالدى. كۆرۈشكىلى بارغان ھەر بىر كىشىگە ۋە ھويلىسىغا توپلانغانلارغا: «مەن دوتەي، تۆەنجاڭلاردىنمۇ يۇقىرى ئەمەل بىلەن يامانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، يۇرتنى تىنجىتىش ئۈچۈن كەلدىم. مەن دوتەي ئەمەسمەن، دوتەيدىن كىچىك ئەمەسمەن، سىلىڭ ئەمەسمەن، سىلىڭدىن كىچىك ئەمەسمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. بۇ سۆز بىلەن شەھەر ۋە يېزىلاردىن كۈنلۈكى كۆرۈشكىلى كىرگەن ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىن كىچىك كۆلنىڭ كوچىلىرى، تۇراپ بەگ قورۇلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. بۇ تەسىرات ئۈچ ناھىيە (قاغىلىق، مەكىت، پوسكام) لەرگىمۇ تارىلىپ، ئۇ يەرلەردىنمۇ كۆپلەپ ئادەملەر كۆرۈشكىلى كىرگىلى تۇردى. كىرگەنلەر قورۇق كىرىشمىدى. ئارىدىن 5 ـ 6 كۈن ئۆتۈپ خەنزۇ ئۇيۇشمىسىدا 200 دەك ئىدارە، جەمئىيەت خىزمەتچىلىرى ۋە بەگلەر قاتناشتۇرۇلۇپ، «ئاساسىي قانۇننى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» دېگەننى قۇردى. باشلىقى تۇراپ بەگ، مۇئاۋىن باشلىقى ساقچى باشلىقى بولدى. يۇنۇس قۇربانىنى بەلگىلەپ، تەشۋىقات ماتېرىيالى ئورنىدا «نۇرلۇق يول» دېگەن شىپىگراپتا باسىدىغان گېزىتنى تەسىس قىلدى. بۇنىڭ چىقىملىرى خالق جىئو تەرىپىدىن بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن «تۈۋۋا قىلىش» ھەرىكىتىنى يولغا قويدى. تۇنجى قېتىم 500 كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئابدۇقادىر بەگ (توكۇر) غاپپارخان غوجا بېشىدا تۈۋا قىلىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، تۇراپ بەگكە تون كىيدۈرۈلدى. بۇنى كېڭىشىش ئۈچۈن بىر نەچچە كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ (پاسار بەگ، سەئىدوللا قاتارلىقلار) يەكەننىڭ پۈتۈن يېزىلىرىغا چىقىپ، يەتتىلەش ئىشىنى



ئېلىپ باردى. بارغان ئۆيلەر ھەر يۇرتتىكى ئاتاقلىق بەگ، بايلارنىڭ ئۆيلىرى بولۇپ، ھەر بىر يەتتىگە بارغان ئۆيدە چىققۇچىلارغا بىر كىيىملىكتىن تاۋار، ھارۋىكەش ۋە بىللە چىققۇچىلارغا بىر كىيىملىكتىن بەقەسەم قويۇپ، بىرنەچچە قوي سويۇپ ئۇزاتتى، يەكەن ناھىيىسىنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن قالغان ئۈچ ناھىيىگە چىقىپ، يەكەندىكى ئۇسۇل بويىچە يەتتىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. شۇ چاغدا ئېيتىلىشىچە بىر يەكەندىلا يەتتە قىلىنغان ئۆي 150 كە يەتكەن. مۇشۇ ھەرىكەت جەريانىدا بىر كۈندۈزىلا تالادا ئادەم ئۇرىدىغان كالتەكچىلەر گۇرۇھى تەشكىللىنىپ چىقتى. تۇنجى قېتىم باشلىنىشتا ئابلىھەمىتجاننى ئۆيىدىن چاقىرىپ چىقىپ، ھەزرىتى پىردىكى چاچاق دېگەن جايغا ئەكىلىپ، شۇ يەردىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئابلىھەمىتجان ئۇزۇن يىل تۇراپ بەگ بىلەن ساقچىدا بىللە ئىشلىگەن كاتىپ، دوستاچاق بولغان ئادەم ئىدى. ئەتىسى ئالمات بازاردا زاكىرجاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. پوسكامدا مائارىپ خادىمى مەھەممەدنىيازنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. بۇ گۇرۇھنىڭ يىغىلىش، يولىيورۇق ئېلىش ئورنى خالق جىئونىڭ ئۆيىدىلا بولغانىدى. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن گومىنداڭچىلار يەنە بىر قېتىم تېررورلۇق ھەرىكەت يۈرگۈزۈپ ھەربىي ئورۇنلىرىغا، مىللىي قىسىمغا قاتناشقان ۋە خەلقچىلىق سايلامدىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلارنى تۇتۇپ قامىدى. يەكەندە بۇ ھەرىكەتنى ئورۇنداشتا يەنىلا تۇراپ بەگ، سەئىدوللالار قول تىقىپ ئىشلەپ، يەكەندە بارلارنى يەكەندە، قەشقەرگە كەتكەنلەرنى ئۆزلىرى بېرىپ قەشقەردە تۇتۇپ يەكەن تۈرمىسىگە ئەكېلىپ قامىدى.

قەشقەردىن تۇتۇپ كەلگەنلەر ئابلاجان باشلىق ئون نەچچە كىشى ئىدى. قاغىلىق، مەكىت قاتارلىق جايلارغىمۇ كېڭەيگەن.

## تۇراپ بەگ بىلەن جۇفاڭگاڭنىڭ ۋالىيلىقنى تالىشىش كۈرىشى

بىتىم بۇزۇلۇپ، مەسئۇد ئەپەندى ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن، ۋالىي سايلاش ھەيئىتى لىۇ بىلەن ئىبراھىم مۇتىئىلار كەلدى. بۇلار كېلىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن تۇراپ بەگ، يەكەننىڭ كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھەر يۇرت بەگ، ئاخۇنلىرىنى ئۆيىگە توپلاپ ئۆزىنىڭ يەكەن ۋالىيسى بولۇشقا ئىچكى تەرەپتىن بېكىتىلگەنلىكىنى، سايلام ھەيئىتى كەلگەندە، تۇراپ بەگكىلا چەك يېزىشنى ئۇقتۇرۇپ بىر - بىرلەپ قەسەم ئالدى ۋە ئۈچ ناھىيىگە كېچىلەپ ئۆزى چىقىپ يەكەندىكىگە ئوخشاشلا ھەرىكەت يۈرگۈزدى. سايلام ھەيئىتى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن تۇراپ بەگنىڭ بۇ ھەرىكىتى قاغىلىق زۇڭ بېگى ھېيت بەگ تەرىپىدىن جۇفاڭگاڭغا ئاڭلىنىپ، جۇفاڭگاڭ خەنزۇ كۇلۇبتا يىغىن ئاچتى. تۇراپبەگنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى سۆزلەپ: «ئەگەر تۇراپ ۋالىي بولسا مەن تامغىنى بەرمەيمەن»، دەپ ئېلان قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، پاسار بەگ ۋالىي، يەرلىك خەنزۇلاردىن ياڭ مىشۇ مائاۋىن ۋالىي بولۇپ بەلگىلەندى (پاسار بەگ ۋالىي مەھكىمە ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ساقچىنىڭ مۇئاۋىنى ئىدى). مۇشۇ سايلام ھەيئىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ناھىيە



لىك ھۆكۈمەتنىڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھاكىملىققا ئابدۇرېشىت يۈسۈپ سايلاندى. تۇراپ بەگ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىگە قايتتى. مۇشۇ يىلى 8-، 9 - ئايلاردا شاڭ لۈيجاڭ (شياڭ چاۋجۇڭ) يۆتكىلىپ، ئورنىغا تاڭ جىگدەن لۈيجاڭ بولۇپ كەلدى. قاغىلىقتىكى لۈيبۇنى يەكەنگە كۆچۈرۈپ، تۋەننىڭ ئورنىنى لۈيبۇ قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

1948 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۆلكىلىك گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ باشلىقى چېڭ شىخاۋ بىلەن ئاقسۇ ۋالىيسى سىيىت ئەھمەت خوجىلار يەكەنگە كەلدى. خەنزۇ ئۇيۇشما زالىدا قارشى ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يەردە چېن شىخاۋ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئامېرىكىدا ئوقۇغانلىقى، ئۇرغۇن بىلىم ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى، ئۆلكە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا بىلىملىك ئادەم باشلىق بولسا خەلق ئوبدانچىلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇش تەلىپىنى ئىپادىلەپ ئۆتتى. سىيىت ئەھمەت خوجا قوشۇمچە قىلىپ يۇقىرىقى سۆزنى قۇۋۋەتلىدى. مەجلىس يېپىلغاندىن كېيىن ئۆزى تىزىملىۋالغان بويىچە يەكەن كېڭەش ئەزالىرى، ئاخۇنۇملار ۋە جەمئىيەت باشلىقلىرىنى جەۋنيۇەن گۇڭشۇدىكى ياتىقىغا چاقىرتىپ، ھەر بىر كىشىگە 2 بولاقتىن قەنت، بىر خىش چاي، چېن شىخاۋ دېگەن ئىسىم يېزىلغان پەنزىسىنى تەقدىم قىلدى ۋە ۋالىي مەھكىمىدىن يەكەن پۇقراسى دېگەن گۇۋاھنامە ئالدى.

1947 - يىلى 6 - ئايلاردا گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمال مەھكىمىسىدىن يەكەندىن مارالبېشىغا قاتنايدىغان تاشيولنى ياساشقا بۇيرۇق كەلگەن ۋە يەكەن ۋالىي مەھكىمىسىگە ئاتمىش مىليون پۇل ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن

بۇ پۇلدىن سەككىز مىليوننى مەكىتكە، قالغىنىنى يەكەنگە تەقسىم قىلىپ، ناھىيە بويىچە يوللارنى يەرموسانىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ، پۈتۈن خەلقنى قوزغاش بىلەن ياساش ئىشى باشلاندى. يۇقىرىدىقى پۇللار «پاجا» دەپ بەلگىلەر ئارقىلىق يول ياسىغۇچىلارغا تارقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بېرىلگەن پۇل ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بىرەر ۋاق يەيدىغان نېنىنىمۇ قامدىيالمايتتى. دېمەك يەكەن دەريا بويىدىن تاش ئارتىپ ماڭغان ئېشەك، ھارۋىلار 2 كۈن، بەلكى 3 كۈندە ئاران يول بويىغا يېتىپ كېلەلەيتتى. خەلق بەك ئازابلانغانىدى. ئاممىنىڭ نارازى بولۇپ بەرگەن پىكىرلىرى، ئۆتكۈزگەن نامايىشلىرى باستۇرۇلدى. خەلق ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىق نەچچە ھەسسە ئارتتۇرۇلدى. شۇ چاغدا، بىر چارەك تاش، بىر چارەك گۈرۈچ بىلەن تەڭلەشتى؛ دېگەن سۆز ئوتتۇرىغا چىققانىدى. بۇ يول ياساش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

جۇفاڭگاڭ سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ 10 كۈن ئىچىدە ئالدى بىلەن دەي جىچىڭنى ئىچكىرىگە ماڭدۇرۇۋەتتى. بىر ئايدىن كېيىن ئۆزى ماڭدى. جۇفاڭگاڭ 1944 - يىلىدىن 1947 - يىل ئاخىرىغىچە تۆت يىل يەكەندە ۋالىي بولۇپ تۇردى. ئۆزىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى باشقىلارغا سەزدۇرمەسلىكنى ئاساس قىلىپ خەلقنىمۇ ئىشەندۇردى. ئەمما ھېچ كىشىگە تۇيغۇزماي ئەڭ چوڭ بايلىقنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئاخىرىدا ئۆزى قۇرۇق قوللا چىقىپ كەتتى. جۇفاڭگاڭ 1948 - يىلى 3 - ئايلاردا ئەرتوغرۇل (قورچاق رەئىس مەسئۇد ئەپەندىنىڭ ئوغلى) باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ



تەپتىش ئۆمىكى يەكەنگە كەلدى. بۇ ئۆمەكنىڭ ئەزالىرى باي ئەزىزى، تۇراپ بەگ (خاڭجىئو) قاتارلىقلار ئىدى. تۇراپ بەگ ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە يەكەندە شەھەر، يېزىلاردىن بىر نەچچە مىڭ كىشىنى قاتناشتۇرۇپ ئۆزى باشلامچىلىق قىلىش بىلەن مەسئۇد ئەپەندىنىڭ رەئىسلىكىنى ھىمايە قىلىمىز، دەپ نامايىش ئۆتكۈزگەن. مۇشۇ ھەرىكىتى بىلەن مەسئۇد ئەپەندىنىڭ ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزغان. بۇ قېتىمقى ئۆمەككە ئەزا بولۇش سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. بۇ ئۆمەك يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما زالىدا ۋالىي مەھكىمىسى، لۈيجاڭ تاڭ جىڭدەن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالدى. بانكىنىڭ باشلىقى خەنزۇ، خىيانەت قىلىپتۇ، دەپ ۋالىي مەھكىمىسىدە بىر ئۆيگە قاماپ قويۇلدى، بۇلار خوتەنگە كەتكەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. بۇ ئۆمەكنىڭ يەكەندە قىلغىنى شۇ بولدى. بۇ ئۆمەك قايتىش ۋاقتىدا تۇراپ بەگ كېسەل بولۇۋېلىپ ئايرىلىپ قالدى. 1948 - يىلى لۈيجاڭ تاڭ جىڭدەن ۋالىي ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كاچۈڭنىڭ چاپسال دېگەن كەنتىدىن ئۆدۈل قوشراپقا ئۆتىدىغان دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ بىر ناھىيە ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر مەسىلە ئىدى. بۇنىڭغا كېتىدىغان نەرسىلەر (ياغاچ، ئەڭگەك كۆچى) خەلقتىنلا ئېلىنىشقا توغرا كېلەتتى. كۆۋرۈككە مۇئاۋىن ھاكىم يۇسۇپ بەگ مەسئۇل قىلىنىپ ئىش باشلاندى. تاڭ جىڭدەن قارمىقىدىكى ھەربىيلەردىن بىر لىيەن كىشى بۇ ئىشقا قوماندانلىق قىلدى. ئەسلىدە تاڭ جىڭدەن چېگرىغا كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش ئارقىلىق ئىچكى جەھەتتىن تەييارلىنىپ، ئاخىرقى ۋاقىتتا سىرتقا قېچىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. 1949 -

يىلى 3 ـ ئايلاردا خۇڭ يادۇڭ (يەتتىنچى تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى) تاڭ جىڭدەنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىقىنى يېدى، دېگەننى باھانا قىلىپ، تاڭ جىڭدەننى يېڭىشەھەرگە قامىۋالدى. ھەر ئىككى تەرەپ سوقۇشۇپ ئەھۋال ئېغىرلاشتى. جاۋشىڭگۇاڭ ماڭا: «سىز يەكەندە تۇرغان ھەم يەكەننىڭ ھاكىمى، يەكەندىكى جىدەلنى بېسىقتۇرۇشقا بارىمەن، مەن بىلەن بىرگە بېرىڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەنگە باردۇق. يېڭىشەھەر دەرۋازىلىرى تاقالغانىدى. شەھەر ئىچىدە تاڭ جىڭدەن، تاشقىرىدا خۇڭ يادۇڭ سوقۇشۇۋېتىپتۇ. جاۋ شىڭگۇاڭ بارغاندىن كېيىن ئۇرۇش توختىدى. مەن كونىشەھەرگە كىردىم. جاۋ شىڭگۇاڭ يېڭىشەھەرگە كىرىپ كەتتى. يەكەننىڭ ۋالىي باشلىق پۈتۈن ئىدارە باشلىقلىرى يېزىلارغا قېچىپ چىقىپ مۆكۈنگەن، شەھەر خەلقى ھەر تەرەپكە قاچقان، شەھەر كوچىلىرىدا بىرەر ئادەممۇ يوق قورقۇنچلۇق ھالەتتە ئىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن دەرۋازىلار ئېچىلىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يوشۇرۇنغان يەردىن كېلىشتى. مۇشۇ ئۆزئارا ئۇرۇشتا يەكەن كونىشەھەردە ھېيت قارى، ھەمراۋاي، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كېچاڭى شىڭ قاتارلىق بەش كىشى، يېڭىشەھەردە ئالتە كىشى بولۇپ، جەمئىي 11 كىشى ئۆلدى. كونىشەھەردە ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆيىگە ئەسكەرلەر كىرىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇلاش بىلەن قالماي ئېتىپ تاشلىغان. يەكەندە ئۈچ كۈن تۇردۇق. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئى-



گىلىرى ۋە شەھەر خەلقى جاۋشىڭگۇاڭغا ئەرز قىلىشىپ چىقتى. خەلققە ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ، تاڭ جىڭدەننى لۈيجاڭلىقتىن قالدۇرۇپ مافامىلىلىك كىشىنى لۈيجاڭ قىلىپ، تاڭ جىڭدەننى بىرگە ئېلىپ ھەممىمىز قەشقەرگە قايتىپ كەلدۇق (تاڭ جىڭدەن ئازادلىقتىن كېيىن ئاقسۇدا باستۇرۇلدى). 1949 ـ يىلى شىنجاڭ ئازاد بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يېتىپ كەلگەندىن كېيىنلا، يەكەن خەلقى بىر يوللا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتى. يەكەن زېمىنىدىن ئېغىر زۇلمەتلەر ئۈزۈل ـ كېسىل كەلمەسكە كەتتى.

# ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ 15 يىللىق تارىخىدىن ئەسلىمە

(1913 — 1927 - يىللار)

## چاۋار يۈسۈپ

ئاقسۇ ناھىيىسى مىنگونىڭ 2 - يىلى (مىلادى 1913 - يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تاكى 1927 - يىلىغىچە ھازىرقى ئاۋات ناھىيىسى بىلەن كەلپىن ناھىيىسىگە تەۋە جايلارنىڭ ھەممىسى ئاقسۇ ناھىيىسىگە قارايتتى، پۈتۈن ناھىيە ئالتە يۇرۇشلۇك مەمۇرىي رايونغا بۆلۈنۈپ باشقۇرۇلاتتى. 1927 - يىلى ئاۋات ناھىيىسى بىلەن كەلپىن ناھىيىسى ئاقسۇ ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز تەۋەلىكى بويىچە ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاقسۇ ناھىيىسى يۇرۇش دېگەن مەمۇرىي نامنى رايونغا ئۆزگەرتىپ باشقۇردى.

ئاقسۇ ناھىيىسىگە سېپىل سېلىنىپ شەھەر بولغاندىن كېيىن، شەھەر سېپىلىگە تۆت چوڭ دەرۋازا قويۇلدى. شەرقىي دەرۋازىغا كوچا دەرۋازىسى دەپ نام بېرىلدى، غەربىي دەرۋازىغا گۈلباغ دەرۋازىسى دەپ نام بېرىلدى، شىمالىي دەرۋازىغا بازار دەرۋازىسى دەپ نام بېرىلدى، جەنۇبىي دەرۋازىغا قەشقەر دەرۋازىسى دەپ نام بېرىلدى.



## يامۇل ۋە لەگزە

ئاقسۇ شەھىرىگە ئۈچ چوڭ يامۇل سېلىنغان بولۇپ، ئۇلار دوتەي يامۇلى، شىتەي يامۇلى، ئامبال يامۇلى دەپ ئاتىلاتتى. يامۇل بىلەن تەڭلا يەنە تۆت لەگزە سېلىنغان بولۇپ، ئۇلار مادۇي لەگزىسى، جوڭنىڭ لەگزىسى، زۇيىڭ لەگزىسى ۋە دۇڭ لەگزىدىن ئىبارەت ئىدى.

## ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە - مەكتەپلەر

ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە - مەكتەپلەردىن پوچتىخانا، باجخانا، تۈرمە، مولوق ئالىدىغان ساڭ، ساقچى ئەترىتى (جوزە دېيىلەتتى) قاتارلىقلار بار ئىدى. ئامبال يامۇلغا قارايتتى، شۇ ۋاقىتتا ناھىيىگە قاراشلىق ئىككى مەكتەپ بولۇپ، بىرىنىڭ دەرۋازىسى قارا سىر بىلەن سىرلانغاچقا، قارا شۆتاڭ دەپ ئاتايتتى، بۇ مەكتەپتە خەنزۇ بالىلار ئوقۇيتتى. يەنە بىر مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى سىرلانمىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يېزىدىن مەجبۇرى تۇتۇپ كېلىنگەن ئۇيغۇر بالىلار خەنزۇچە ئوقۇيتتى. شەھەر ئىچىدە يوقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە جايلاردا بۇتخانىلار بار ئىدى.

## ئامبال يامۇلىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى

ئامبال دېگەن سۆز ناھىيە باشلىقى دېگەن بولۇپ، ئامبالنى ئۆلكە باشلىقى (جاڭجۈڭ) ئۆزى بەلگىلەپ، ئۇ-

روھچىدىن بىۋاسىتە ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئامبال ناھىيىنىڭ
مەمۇرىي، سىياسىي - قانۇن، ئىقتىسادىي، مەدەنىي - مائارىپ
قاتارلىق بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئامبالنىڭ خىز-
مەت ئۆتەش مۇددىتى ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولۇپ،
ۋاقتى توشقان ھامان ئورنىغا باشقا ئامبال ئەۋەتىلەتتى.

ئامبالنىڭ قول ئاستىدا كاتىبات بۆلۈم، سىياسىي -
قانۇن بۆلۈم، مالىيە بۆلۈم، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، دايى-
يىلار بۆلۈمى، باج ئىشلار بۆلۈمى، خەزىنە بۆلۈمى، خۇي-
بەن بۆلۈمى قاتارلىق سەككىز بۆلۈم بولۇپ، بۆلۈم باش-
لىقىنى سىيى دەپ ئاتايتتى. خەزىنە باشلىقىنى خەنسىي
سىيى دەپ ئاتايتتى. بۇنىڭ قول ئاستىدا ئون نەپەر دور
غىسى بولۇپ، خەنزۇ پۇقرانىڭ ئەرز - دەۋا ئىشلىرىنى
سوراپ بىر تەرەپ قىلاتتى.

خۇيبەننىڭ باشلىقىنى خۇيبىيسى دەپ ئاتايتتى. بۇ-
نىڭ قول ئاستىدا ئون نەپەر دوغىسى بولۇپ، مۇسۇلمان-
لارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى سوراپ بىر تەرەپ قىلاتتى. كاتى-
بات بۆلۈمدە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى، ئۈچ نەپەر كاتىپ،
ئۈچ نەپەر تەرجىمان بار ئىدى. پۇقرادىن كەلگەن ئەرز
خەت ۋە باشقا ئالاقىلەرنى تەرجىمە قىلىپ، خەت كۆچۈ-
رۈش، ئالاقە يېزىش، تارقىتىش ۋە ئۇقتۇرۇش چىقىرىش
ئىشلىرىنى ئىشلەيتتى.

باج ئىشلار بۆلۈمدە ئىككى نەپەر بۆلۈم باشلىقى
بىلەن 30 نەپەر ئادەم ئىشلەيتتى. بۇلاردىن بىر نەپەر
بۆلۈم باشلىقى مولۇق باجلارنى يىغىپ ئېلىشقا مەسئۇل
ئىدى. ئون نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بىلەن ئون نەپەر خوچى
ساڭدا مولۇق ئالاتتى. يەنە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى ئون



نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بىلەن يېزا ئاساسىي قاتلام باج خا-
دىملىرىغا ماسلىشىپ، يەرلىك ئېلىم - سېتىم ۋە ھەر خىل
باج كىرىمىنى يىغىۋېلىپ مالىيە بۆلۈمىگە تاپشۇراتتى.

مالىيە بۆلۈمدە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى، بەش نە-
پەر بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ، ناھىيىنىڭ بارلىق باج كىرىم-
لىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق مائاشى-
نى بېرەتتى. ئېشىپ قالغان پۇلنى ئامبالنىڭ شەخسىي
خەزىنىسىنى باقىدىغان دايىيىنىڭ قولىغا تاپشۇراتتى.

دايىيلار بۆلۈمدە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى بىلەن
تۆت نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى-
نى دايىي دەپ ئاتايتتى. بىر نەپەر دايىي ئامبالنىڭ
خۇسۇسىي خەزىنە - مۈلۈكلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ باشقۇرات-
تى. بىر نەپەر دايىي بىرىنچى داتاڭغا مەسئۇل بولۇپ،
ئامبال سوراق قىلغىلى چىققاندا تامغا ساندۇقىنى قىزىل
شەلپەرگە ئوراپ كۆتۈرۈپ چىقاتتى. بىر نەپەر داھىي
ئىككىنچى داتاڭغا مەسئۇل بولۇپ، ئامبال بىلەن كۆرۈش-
كىلى كەلگەن ئادەمنى قوبۇل قىلىپ، ئامبال بىلەن كۆ-
رۈشتۈرەتتى. بىر نەپەر دايىي ئۈچىنچى داتاڭغا مەسئۇل
بولۇپ، يامۇلنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ، كەچتە
ئامبالغا دوكلات قىلىپ خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراتتى.

خەلق ئىشلار بۆلۈمدە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى
بىلەن ئۈچ نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بار ئىدى. پۇقرادىن
كەلگەن ئەرز ۋە دەۋا - دەستەكلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ،
ئۆلۈم ۋەقەسى بولسا ئامبالنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇراتتى.
جىنايى ئىشلارغا ئائىت بولسا سىياسىي - قانۇن بۆلۈمى-
گە يوللاپ بېرەتتى. ئەر - ئاياللىق نىكاھ مەسىلىسى ياكى

ـەمراس مەسىلىسى بولسا مەھكىمە شەرئىيىگە يوللاپ بېرەتـ
تى. باج توغرىلىق بولسا باج ئىشلار بۆلۈمىگە يوللاپ
بېرەتتى. ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى خەزىنە بولسا خەزىنىگە، مۇ-
سۇلمان بولسا خۇيىبەنگە يوللاپ بېرەتتى.
سىياسىي قانۇن بۆلۈمىدە ئىككى نەپەر بۆلۈم باشلىـ
قى بىلەن ئون نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بار ئىدى. بۇ بۆلۈم
تۈرمە بىلەن بىر ساقچى ئەترىتىنى باشقۇراتتى. ساقچى
ئەترىتىدە 50 نەپەر چېرىك بولۇپ، بىر نەپەر بۆلۈم باشـ
لىقى بىلەن 20 نەپەر چېرىك تۈرمىدە تۇرۇپ جىنايەتچىـ
لەرنى باقاتتى. 20 نەپەر چېرىك ئامبال يامۇلىنى مۇھاـ
پىزەت قىلاتتى. ئون نەپەر چېرىك ھەر بىر كوچا ـ مەھەلـ
لىدىكى پاششاپ ـ ئونبېشى بىلەن شەھەرنىڭ تۆت دەرـ
ۋازىسىنى باقاتتى.

## ۋالىدامچى ۋامباللار

مىنگونىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1913 ـ يىلى)
ئاقسۇ ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەسلەپ جورىگچۈەن
ئامبال بولۇپ، ئۈچ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ئۈچ يىل
جەريانىدا يەرلىك بەگ ـ ئەمەلدارلار، سودىگەر ـ بايۋەچـ
چىلەر ۋە يەر ئىگىلىرى بولۇپ جورىگچۈەننى ئىلگىرى ـ
كېيىن مېھمانغا چاقىرىپ، ئۆز لايىقىدا سوۋغا ـ سالام
تەقدىم قىلىشتى. ھە دېگەندىلا، ۋاي جوداردىن دەپ قىلـ
مىغانلىرى قالمىدى. بۇنىڭ بىلەن جوداردىن تېخىمۇ مەغـ
رورلىنىپ، ھېيلىگەرلىك بىلەن دېھقانلارنى ئالداپ: «مەن
كونا دېھقانچىلىق باج تۈزۈمىنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ، دېھـ



قانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىـ
لىمەن...» دەپ يەرنى ئومۇميۈزلۈك ئۆلچىگۈزۈپ، ئۈچ خىل
دەرىجىگە ئايرىدى. بىرىنچى دەرىجىلىك يەرگە 16 جىڭ
(ھارىرقى 24 جىڭغا تەڭ)، ئىككىنچى دەرىجىلىك يەرگە 12
جىڭ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك يەرگە 8 جىڭ مولۇق باج ئېـ
لىشقا توختاتتى. باجدىن تاشقىرى مازارنىڭ ۋەخپە
يېرى، مەسچىتنىڭ ۋەخپە يېرى ۋە دېھقانلارنىڭ يېڭىدىن
ئېچىپ تېرىغان بىنام يەرلىرىنىمۇ ئۆلچەپ مولۇق يەرگە قوـ
شۇپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە باج ھېسابلاپ ئالدى. شۇنداق
قىلىپ ئاخىرى ئاقسۇ خەلقىنى قاقشىتىپ، 1915 ـ يىلى
چۆنتىكى توشقاندا يۆتكىلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاچ ـ
يالىڭاچ قالغان دېھقانلار ئۇنىڭغا «ئالدامچى ئامبال»، دەپ
لەقەم قويۇشقانىدى.
1916 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شۇلويىڭ ئامبال بولۇپ كەلـ
دى. ئۇنىڭ بويى پاكار ھەم سېمىز بولۇپ، ئۆردەكتەك
ئىككى يېنىغا ئېغاڭلاپ ماڭاتتى. يامۇل سىرتىغا چىقماقچى
بولۇپ كاجوغا چىقىپ ئولتۇرسا ئۇنىڭ بويىنى چاشقانغا
ئوخشاپ قالاتتى، كاجونى تۆت دورغا كۆتۈرۈپ ماڭسا، يېـ
نىدا تۆت چېرىك مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭاتتى. چېرىكلەر
ئېھتىرام بىلدۈرمىگەنلەرنى كۆرۈپ قالسىلا ئۇراتتى، تىللايتـ
تى. بۇنى كۆرگەن شۇلويىڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ،
چېرىكلەرنى ماختاپ قوياتتى. خەلقلەر ئۇنىڭ دىقماق بويـ
نىغا قاراپ «لاۋشۇ داردىن» (چاشقان چوڭام) دەپ لەقەم
قويغانىدى.
شۇ دارىنىمۇ دەسلەپتە جورىگچۈەنگە ئوخشاشلا بايـ
ۋەچچى ـ بەگلەرنىڭ ئۆيىدە بىر قاتار مېھمان بولدى.

ئارقىدىن ھېيلىگەرلىك قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ باج -
سېلىقىنى يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنى ياخشىلايدىغان-
لىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ زىممىسىدىكى سېلىق-
نى يەڭگىللىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يەرلىك باجنى ئىسلاھ
قىلىپ قەدىمدىن ئادەت بولۇپ كەلگەن تىجارەت بېجى، ھۈ-
نەر - سانائەت بېجى، چارۋا ئېلىم - سېتىم بېجى قاتار-
لىق باجلاردىن باشقا، ئوتۇن - سامان، توخۇ، تۇخۇم
بېجى، ئىت، مۈشۈك، پىرە - مەشرەپ، پاختا - يىپ،
غاز - ئۆردەك بېجى قويۇپ ئالدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا
يېڭى سىياسەت چىقىرىپ، ھەتتا شەھەر - يېزىنى ئايرى-
ماستىن 50 ئائىلىگە بىردىن خاكىتو تەيىنلەپ، ھەر بىر
ئائىلىگە ھەر ئايدا 50 پۇڭدىن ئايلىق باج قويۇپ يىغى-
ۋالدى. ئۇ چاغدىكى 50 پۇڭ ھازىرقى بەش سومغا توغرا
كېلىدۇ. شۇ دارىننىڭ ئالدامچىلىقى جورىڭچۇەننىڭكىدىن
ئېشىپ چۈشكەچكە، ئۇ يۇقىرىقىدەك ۋاستىلەر بىلەن بىر يىل
ئىچىدىلا نۇرغۇنلىغان بايلىق توپلىۋالغانىدى.

## يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت

1916 - يىلى دېھقانلار كۈزلۈك زىرائەتلىرىنى يىغىش-
قا بىرلەشتۈرۈپ، ئاقتاما يەرلىرىگە كۈزگە بۇغداي تېرى-
غانىدى. كۈز ۋاقتى سۇ قىس بولۇپ قېلىپ، نامرات دېھ-
قانلارنىڭ بۇغدايلىرى قارا تۇپا بويىچە قالدى. دېھقانلاردا ئەتى-
يازلىقتا ئەگەر سۈيى بالدۇر كەلسە بۇغدايلىرىمىزغا قۇيار-
مىز، دېگەن ئۈمىد بار ئىدى. ئەمما ئۇ قىشلىقى قار ياغماي،
شۇدىرغانلىق قۇرۇق سوغۇق بولۇپ ئۆتتى. 1917 - يىلى



ھەتتا 5 - ئاي كىرگەندىمۇ سۇ كەلمىدى. 6 - ئايلاردا
ئارانلا ئازراق سۇ كەلدى. دېھقانلار يېرىم جان بولۇپ
قۇرۇپ قالغان بۇغدايلىرىغا نۆۋەت بىلەن سۇ قۇيسا، قو-
ناق تېرىلغۇسىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتەتتى. ئامالسىزلىقتىن
بۇغدايغىلا چالا - بۇلا سۇ قۇيالىدى. قوناق يەرلىرى ئاق-
تاما قېلىۋەردى. ئەمما، 7 - ئايدا يېڭى بۇغدايغا ئېرىشى-
دىغان بولدۇق، دەپ تۇرغان پەيتتە، ئاسماندىن قار تو-
زىغاندەك ئاق چېكەتكە (كەسكەك) دېگەن ھاشارات پەيدا
بولۇپ، سىرقىتال بولغان بۇغداي باشاقلىرىنى قىرقىپ
تاشلىغىلى تۇردى. چېكەتكە ئېتىزدىن - ئېتىزغا قاراپ
ئۇچسا ئۇدۇلدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. نەتىجى-
دە بۇ چېكەتكە ئاپىتى كۆپلىگەن ئېتىزلىقتىكى بۇغداينىڭ
بېشىنى قىرقىۋەتتى. چېكەتكىنى قورۇپ قۇتقۇزۇپ قالغان
بۇغدايدىن چىققان ئازغىنا ھوسۇل ئۇرۇقىمۇ توغرا كەل-
مەيتتى. يەردىن چىققان بۇغداينى ئۇرۇققا قويسا يەيدىغان-
غا قالمايتتى، شۇڭا دەردۇ - بالانىڭ ھەممىسى دېھقانغا
كېلىپ، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىغا ئىمكانىيىتى قال-
مىدى. نەچچىسى يۇرتىنى تاشلاپ، سەرسان - سەرگەردان
بولۇپ چىقىپ كەتتى.

## مولۇق باج سىياسىتى

1917 - يىلى دېھقانلار ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ
ۋەيران تارتقان بىر يىل بولدى. دېھقانلار بۇغدىيىمىز ئا-
پەتكە ئۇچرىدى، بالىلىرىمىز نېمە يەيدۇ؟ كەنجى تېرىغان
قوناقتىن ئۈمىد يوق، دەپ ئۇزۇق - تۈلۈك غېمىدا قال-

غانىدى، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك، دېگەندەك 8 - ئاينىڭ كىرىشى بىلەنلا، ھەرقايسى ئايماقنىڭ كۆكبېشلىرى مولۇق باج ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ چىقىپ دېھقانلارغا قارا - قويۇق تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشنى كۆرۈپ دېھقانلارنىڭ بېشى تېخىمۇ قاتتى. يەردىن چىققان بۇغدايىنى مولۇق باج تاپشۇرسا، ئۇرۇقلۇق بىلەن تەمىناتقا زادىلا ئاشمايتتى. شۇندا كۆكبېشىنىڭ پەيتۇللىرى ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، بۇغدىيى بارلارنى ھارۋىغا باستۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى، بۇغدىيى يوق نامرات دېھقانلارنىڭ چارۋا - ماللىرىنى ھەيدەپ ماڭدى. چارۋىسى يوقلارنىڭ كىگىز - پالاز، قازان - قومۇشلىرىنى سېتىشقا زورلىدى. شۇ چاغدا بىزنىڭ ئائىلىدىمۇ پۈتۈن دان يوق ئىدى. دادامنىڭ كېلەر يىلى قوشقا يارايدۇ، دەپ بېقىۋاتقان بىر جۈپ توپىقى بار ئىدى. شۇنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ، قارا سۇ بويىدىكى غىڭشىق توختاجىنىڭ ئالدىغا ئاپارغانىدى. «قوشقاچنى قار ياغقاندا تۇت» دېگەندەك، دادامنىڭ مولۇققا قىستالغىنىنى بىلگەن نائىنساپ ھاجىم ئىككى توپاققا ئارانلا 20 چارەك قوناق بېرىپ تۈگەتتى. دادام مولۇق بەدىلىگە بەش چارەك بۇغداي، 17 چارەك قوناق تاپشۇرۇپ ئاران تۈگىتىپ كەلدى. بىزدىن باشقا دېھقانلاردىن ئاچ - يالىڭاچ قېلىپ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بار ئىدى.

## مولۇق سېڭىدا كۆرگەنلىرىم

مولۇق — باج ئاشلىقىنى ساقلايدىغان ئىسكىلاتنى مولۇق سېڭى، دەپ ئاتايتتى. مولۇق سېڭى ئامبال يامۇلىنىڭ



باج ئىشلار بۆلۈمىگە قارايدىغان بولۇپ، بىر نەپەر ساڭ باشلىقى بىلەن يەنە بىر نەپەر مۇئاۋىن ساڭ باشلىقى بار ئىدى. ئۇنىدىن باشقا سەككىز نەپەر ۋېيىۋەن (ئىش بېجىرگۈچى) بىلەن سەككىز نەپەر خوچى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭنىڭ بەگلىرى ھېسابلىناتتى. ساڭ باشلىقىنى ساڭ بېگىم، ئىش بېجىرگۈچىنى سىيى، خوچىلارنى خوچى بېگىم، دەپ ئاتايتتى.

1918 - يىلى 8 - ئايدا، ئايماقنىڭ پەيتۇللىرى دېھقانلارنى مولۇق - باج تاپشۇرۇش ئۈچۈن قارا - قويۇق ھەيدەپ ماڭدى. داداممۇ تەييارلىغان قوناقنى ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقتى. مەنمۇ دادام بىلەن بىللە باردىم. دادام مېنى تاغار بېقىشقا قويۇپ، ئۆزى ئېشەك باغلىغىلى كەتتى. قارىسام ساڭنىڭ سەينىسىدا 100 پارچىدىن كۆپرەك كىگىز - پالاز سېلىنغان ئىكەن. ئۈچ نەپەر ساڭ بېگى چىقىپ تاغارنى تۆكۈشكە بۇيرۇدى. بىردەمدىلا بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ ۋە باشقا ئاشلىقلار تۆكۈلۈپ بولدى. ئەمدى تاسقاڭلار دېدى. غەلۋىر بىلەن تاسقاشقا چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن كېيىن سورۇڭلار، دەپ ئەمىر قىلدى. ھەممە ئادەم ئۆز ئاشلىقىنى سورۇپ بولۇپ، ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى ئاشلىق ئۈستىدە قويۇپ، ئاشلىق بىلەن باستۇرۇپ قويدى. ساڭ بېگى چىقىپ ھەر دۆۋە ئاشلىقنى كۆرۈپ، يارىدىغانلىرىغا قىزىل چەنزە قاداپ قويدى. ئارقىدىن ئۈچ نەپەر خوچى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ ئادەم دو، شىڭ، شازىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، شازىنى خوچى بېگىمگە ئىككى قوللاپ سۇندى. ئۇلار چارەككە ئاشلىقنى چىڭداپ ئۇسۇپ، ئۈستىگە قىرغا سالمايلا تاغارغا قاچىلاۋەردى. توشقان تا-

فارنى يۇدۇپ ساڭغا ماڭغاندا، ئېتەك ھەققى دەپ ئارقىدا ماراپ تۇرغان ئادەمنىڭ ھەممىسىگە بىر شازىدىن بۇغداي قۇيۇپ بەردى. ئېتەكچىلەر بۇغداينى ئېلىپلا كۆزدىن غايىپ بولۇشتى. مەن ھەيران بولۇپ كۆرگەن ئەھۋالىمنى دادامغا ئېيتسام، دادام جىم بول، بىزگىمۇ بار ھېلى كۆرسەن دەپ مېنى جىم قىلدى. قارىساق دېھقانلارنىڭ مولۇق بېجىدىن ئاشقان بۇغدايلىرىنى غەلۋىر ھەققى، شامالچى ھەققى، كىگىز - پالاز ھەققى، تاغارچى ھەققى دەپ بىرنەچچىگە بۆلۈپ، ئىگىسىگە ئازراقمۇ بۇغداي قايتۇرۇپ بەرمەستىن، ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى. يىراق - يېزىلاردىن يول ئازابى تارتىپ مولۇق باج تاپشۇرغىلى كەلگەن نامرات دېھقانلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ كېتىشتى. دادامنىڭمۇ بىر دو، سەككىز شىڭ (بەش چارەك) بۇغداي بەدىلىگە ئېلىپ كەلگەن 17 چارەك قونىقىدىن ئىككى چارەكتىن كۆپرەك ئاشقانىدى. باشقا دېھقانلارغا ئوخشاشلا بىزگىمۇ بىر جىڭ قوناق بەرمەي بولاپ كەتتى. بىز ئاتا - بالا ئىككىمىز ئاچ قوساق ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق...... .

## شىرقى يەپ قەھەتچىلىكنى يېڭىش

1917 - يىلى تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن بۇغداي مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئالغان مەھسۇلات مولۇق باج بىلەن ئاياغلىشىپ، ئۇرۇقلۇق بىلەن تەمىناتقا ئاشمىدى. كەنجى تېرىلغان قوناق باش چىقىرىپ، دان تۇتۇپ بولغىچە ئۈششۈك تېگىپ، يەر توڭلاپ قالدى. دېھقانلار جاپا تارتىپ بىر يىل ئەمگەك قىلغان بولسىمۇ، ئۆيىدە



يەيدىغانغا بەزى ئائىلىدە بىرەر چارەك تېرىق، بەزى ئائىلىدە بىرەر چارەكتىن سۆك بار ئىدى. ئۆيىدە يېگۈدەك بىر نەرسە قالمىغان نامرات دېھقانلار كۆكتات، كاۋا قايىنىتىپ يەپ، بىر ئاي جان باقتى. نائىلاج چاڭگالمۇ - چاڭگال ئىزدەپ يۈرۈپ قاغا جىگدىسى تېرىپ كېلىپ باللىرىنى گۈللىدى. جىگدە تېپىلماي ئازغان مۇنچىقى بىلەن جىغانىنىڭ ئۇرۇقىنىمۇ تېرىپ يېدى. ئاخىرى بۇنىمۇ تاپالمىغاندىن كېيىن، نامرات دېھقانلار ئاشلىقتىن ئۆلىدىغان ئوخشايمىز، دەپ يىغلاپ قاخشىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا دېھقان قوشاقچىلىرى تۆۋەندىكى غەزەلنى ئىجات قىلغانىدى:

ھۆسنى جامالى ھەپىرەڭ خېنىم،
ئاچلىقتىن بولدى زەپىرەڭ خېنىم.
بىر كۈن بولسىمۇ كۈن كۆرۈش ئۈچۈن،
بۇغداي بولمىدى، شىرقى يەڭ خېنىم.

..................................................

بۇ غەزەلنى ئاڭلىغان دېھقانلار سۈرۈشتە قىلىپ، شىرىقنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ خوش بولۇشۇپ كەتتى. غەزەل خەلق ئىجادىيىتى شەكلىدە ئاڭلانسىمۇ، ئەمما تەشۋىقى خۇش خەۋەر ئىدى. شۇڭا بۇ غەزەل چاقماق تېزلىكىدە تاراپ، ئاقسۇ، ۋىنسۇ تەۋەسىنىڭ ھەممە يېرىگە يېتىپ باردى. كۆپ ساندىكى دېھقانلار شىرىقى دىگەن گىيانىڭ قولىقىنى يەمدۇ ياكى پوستىنى يەمدۇ بىلمەيتتى. 80 - 90 ياشلىق دېھقانلاردىن سوراپ، شىرقى قۇملۇقتا ئۈنىدىغانلىقىنى، دان بولغان بولسا تۈگمەندە

تارتىپ يىگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ، ۋىنسۇ تەۋەسىدىكى ئاشلىقى يوق نامرات دېھقانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى ئەر - ئايال ئېشەك، تاغارلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، قوۋچى بۇزۇرگاھىدىن تارتىپ خادا ئېرىقلارنى بويلاپ تارىم ۋادىسىغا قاراپ ئاتلاندى. ھەر يەر، ھەر يەردىن شىرنىقى ئىزدەپ كەلگەن دېھقانلار قومۇلۇقتا چېچىپ يۈرۈپ، ھەممە ئادەم ئۆز ئالدىغا كۆپرەك شىرنىقى يىغىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. شۇ قاتاردا داداممۇ ئاشلىقى يوق كەمبەغەل دېھقانىڭ بىرسى بولۇپ، ئاكام بىلەن بىر ئاي قومۇلۇقتا يۈرۈپ، 35 چارەك شىرنىقى يىغىپ كەلدى. ئانام شىرنىقنى يەپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بىر چارەك شىرنىقنى تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن تارتىپ كەلدى. بىر قازان ئوماچ چېلىش ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ سائەت ئوت قالىغان بولسىمۇ، قازاننىڭ چۆرىسى قايناپ، ئوتتۇرىسى زادى قاينىمىدى. بىز ئۈچ بالا قازاننىڭ چۆرىسىگە چىقىپ ئوماچ ئۇسۇپ بېرىڭ، دەپ ئانامنى ئالدىراتتۇق. قارىساق قازاننىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىلىۋېلىپ قايناتمىغان نەرسە شىرنىقى يېغى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ شىرنىقنىڭ ئوماچىنى ئىچىپ، نېنىنى يېدۇق. تەمى قىرتاق ھەم سەل - پەل قاڭسىق تېتىسىمۇ، لېكىن باشنى قايدۇرۇپ، قوساقنى ئاغرىتىدىغان زىيانلىق ئەھۋال كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن 80% نامرات دېھقانلار شىرنىقى يەپ يىلغا ئۇلاشتۇق.

## قەپەسكە سولاپ ئۆلتۈرۈش

ئۆرۈشتىن قېچىپ كەلگەن سوۋېت پۇقرالىرى، 1917 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قويرۇقى ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇردى.



بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېھقان، چارۋىچى خەلقلەر بولسىمۇ، بىر قىسمى يەر ئىگىلىرى، يەنە بىر قىسمى قانۇنسىز سودىگەرلەر ۋە ئاشلىق بېسىمدارلىرى ئىدى. بۇلار ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، ۋىنسۇلۇق غوجەك بېدىك، ئابدۇلكېرىم مەخسۇم، مامۇت ھاجى، يۈسۈپ قوقان ۋە ئاقسۇلۇق سوپى ھاجى، مەتنۇر ھاجى، ئەنۋەر ئىشان دېگەنلەر بىلەن تېپىشتى. بۇلار دائىم قاراقولغا بېرىپ - كېلىپ تۇراتتى. سوۋېت تەرەپتىن كەلگەن بايۋەچچى سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن - كۆمۈش ۋە تىللالىرىنى، تەڭ شېرىك كېلىشىم بىلەن ئاشلىق، ئات - كالا ۋە قوتاز سېتىۋېلىشقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. يەرلىك سودىگەرلەر ئاقسۇ بىلەن ۋىنسۇ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈپ، قوللىرىدىكى ئالتۇن - كۆمۈشلەرگە نۇرغۇن ئاشلىق ۋە چارۋا - مال توپلىدى. 1919 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، سوۋېت پۇقرالىرى قايتىپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن غوجەك بېدىك، «ھازىر قارا قولغا سەپەر قىلىشنىڭ پۇرسىتى كەلدى.» دەپ، ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ يايلاقتا بېقىۋاتقان ئات - كالىلاردىن 30 - 40 تۇياق ئەكەلدۈرۈپ، ئۇن - گۇرۇچ ئارتىپ شىركەتلىرىنى مۇساپىرلارغا قوشۇپ قاراقولغا ماڭدۇرۇۋەردى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئاشلىق يۆتكىدى. 10 - قېتىمدا ئۇ شىركەتلىرىنى قايتۇرۇۋېتىپ ئۆزى قالدى ۋە يۈسۈپ قوقاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن قوقانغا بېرىپ بىر يىل تۇردى. ئۇلار بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىر كىم ئۇقمىدى، ئەمدى يۇرتقا بارساق سورۇشتە قىلمايدۇ، دېيىشىپ، 1919 - يىلى تاشقۇرغان بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەنىدى.

بۇ يىلى ئاقسۇ رايونىدا ئاشلىق باھاسى كۈنسايىن ئۆرلەپ، بازارغا ئاشلىق كىرمەس بولدى. پۇل كۆتۈرۈپ چىققان بىلەن بىرەر نان ياكى بىر جىڭ ئاش تېپىلمايتتى. نامرات دېھقانلار بىلەن شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ كۈنى تەس بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالغان 100 دىن كۆپ ئادەم توپلىشىپ ئامبال يامۇلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھۆكۈمەتتىن ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى شۇلۇيىك جودوتەينىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ. جو دوتەي ھەر بىر ئادەمگە تۆت جىڭدىن ئۇن سېتىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. دادام بىلەن ئانامۇ ھەر كۈنى كېلىپ سەككىز جىڭ ئۇن ئېلىپ چىققانتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىش ئۈچۈن جو دوتەي ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈرگەندە، ئاشلىق ۋەقەسى ئەڭ ئېغىر بولغان جاي ئاقسۇ بىلەن ۋېنسۇ ناھىيىسى بولۇپ، غوجەك بېدىك باشچىلىقىدىكى سودىگەرلەر ئات - كالا ۋە قوتازلارغا ئۇن - گۈرۈچ ئارتىپ قاراقولغا قاچقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. نەتىجىدە جو دوتەينىڭ پەرمانىغا ئاساسەن غوجەك بېدىكنى تۇتۇش ئۈچۈن، قوراللىق ئون ئادەمنى غۇلجا يولى مۇز داۋاننى توسۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئون ئادەمنى ئۇشتۇرپانغا ئەۋەتىدۇ. يەنە ئون ئادەمنى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. قەشقەرگە بارغانلار جودوتەينىڭ سالىمىنى ماتىتەيگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ماتىتەينىڭ چېرىكلىرى بىلەن قەشقەر كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەرلەردە بىر ئاي يۈرۈپ، ئاخىرى غوجەك بېدىك باشچىلىقىدىكى يەتتە نەپەر سودىگەرنى تۇتۇپ قولغا ئېلىپ. قولغا كويزا، پۇتىغا



ئىشكال سېلىپ ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىدۇ.

غوجەك بىدىكنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان تۆمۈر قەپەسكە سولاپ، ئىشكىلىرىنى مەھكەم ئېتىپ، بەش نەپەر قوراللىق چېرىكنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىدۇ. غوجەك بىدىكنى قەپەس بىلەن ۋېنسۇ ئامبال يامۇلىنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويۇپ، بىر يىل باقىدۇ. ئۇنىڭ كۈندىلىك تەمىناتى ئۈچۈن ئىككى سەر قوناق نېنى بىلەن بىر جام سوغاقسۇ بېرىدۇ. ئائىلىسىدىن ئاش - تاماق بېرىشكە رۇخسەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن غوجەك بىدىك قورسىقىنىڭ ئېچىشىغا چىدىماي ئۆز بەدىنىنىڭ ئاغزى يەتكەن جايىنى چىشلەپ يەپ، ئالتە ئايدىن كېيىن ماغدۇرسىزلىنىپ قەپەس ئىچىدە ئۆلىدۇ.

## خەلقپەرۋەر ئامبال

1919 - يىلى 1 - ئايدا، شۇلوينىڭ ئورنىغا يۈەن شوتوك ئامبال بولۇپ كەلدى. بۇ كىشىنىڭ بويى ئېگىز ھەم گەۋدىلىك بولۇپ، يول ماڭسا ھاسسا تايىنىپ ماڭاتتى. يېڭى ئامبال ئىش تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ھەركۈنى بازارغا چىقىپ كوچا ئايلىنىپ، پۇقرانىڭ تۇرمۇشىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئاقسۇ رايونىدا ئۇدا ئىككى يىل قەھەتچىلىك يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن قورساق ئاغرىقى كېسىلى كۆپ ئىدى. ئامبال ئالدىغا ئۇچرىغان كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بەزىلىرىگە ئۆزى دورا بېرەتتى، بەزىلىرىگە دورا قەغىزى يېزىپ بېرەتتى. كېسەلدىن پۇل تەلەپ قىلمايتتى.

ئامبالنىڭ تېۋىپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان يۇقىرىلار تۈركۈم -
تۈركۈملەپ كېلىپ، داۋالىنىدىغان بولدى.
مەسىلەن: ئىگەرچىنىڭ سايلەڭگەر كەنتىدىن ساۋۇت ئاخۇن قورساق ئاغرىقىغا دۇچار بولغىلى ئىككى يىل بولغان. بۇ كىشى يۇەن شوتاڭنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئىچىدە جاراھەت بار ئىكەن، دەپ تۇخۇم بىلەن شېكەرگە دورا ئارىلاشتۇرۇپ قايناتىپ بىر كورا ھالۋا قىلىپ بېرىدۇ. سادىق ئاخۇن بۇ ھالۋىنى يەپ ساقىيىپ كېتىدۇ.
يەنە مەسىلەن: ئاقسۇدىكى مەمەت ئاشپەزنىڭ ئۇچىقىغا ئوت قالايدىغان جۇمەك تازنىڭ بېشىدىن قان يىرىڭ ئېقىپ تۇراتتى. ئامبال جۇمەكنىڭ بېشىغا ئاپئاق سۇيۇق دورا سۈۋاپ، ھەر ئۈچ كۈندە بىر كېلىڭ دەيدۇ، ئۈچ كۈندە بىر دورا سۈۋاپ داكا بىلەن تېڭىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ 30 كۈندە ساقىيىپ بېشىغا چاچ چىقىدۇ. دېمەك يۇەن ئامبالنىڭ قولىدا داۋالىنىپ ساقايغان قورساق ئاغرىقى ۋە باشقا كېسەللەر ئاز ئەمەس ئىدى.
ئىككى يىللىق قەھەتچىلىكتە باققۇچىسى يوق قېرىلار، تۇل خوتۇن - يېتىم باللاردىن ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن تىلەمچى بولۇپ قالغانلار كۆپ ئىدى. يۇەن شوتاڭ ئالدىغا ئۇچرىغان تىلەمچىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋېلىپ، قولىغا خەت قىلىپ بېرىدۇ ھەم خەتنى كۆتۈرۈپ شەن يامۇلنىڭ خەلق ئىشلار بۆلۈمىگە بېرىڭ دەپ جېكىلەيدۇ. بۆلۈمگە بارغاندىن كېيىن، بۆلۈم باشلىقى ئامبالنىڭ ئىمزاسى چۈشكەن خەتنى كۆرۈپ، سېرىق سىر بىلەن خەت يېزىلغان بىر دانە قىزىل تاختا بېرىدۇ. ئۇنى كۆتۈرۈپ مولۇق ساڭغا بارسا



ھەر ئايدا ئۈچ چارەك بۇغداي بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ يۇەن شوتوڭ بىر يىلدا تىلەمچى قويماي ئۆز قولى بىلەن تىزىملاپ چىقىدۇ. تىلەمچىلەرنىڭ سانىغا قاراپ، ئاقسۇ قەلەندەرخانىسىنى ياساتتىدۇ. ھەر بىر تىلەمچىگە بىر ئېغىزلىقتىن ئۆي بېرىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مەن چوڭ بولۇپ بىر نەرسىنى بىلسەم، ئانامنىڭ دادىسى توختىياز سوپۇم دېگەن بوۋام قەلەندەرخانىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ھەر ئايدا قىزىل تاختىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ مولۇق سېڭدىن ئۈچ چارەك بۇغداي ئېلىپ چىقاتتى. مەن بۇغداينىڭ نەرقىنى سورىسام، بوۋام يۇەن شوتوڭ ئامبالنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئاقسۇ قەلەندەرخانىغا جەم بولغان تىلەمچىلەر 500 ئۆيلۈككە يەتكەن ئىكەن. بۇ دىۋانىخانىغا بارات ئىسىملىك بىر موپىسپىت ئادەمنى باشلىق قىلغان بولۇپ، تىلەمچىلەر ئۇ كىشىنى بارات بوۋام دەپ ھۆرمەت قىلىشىدىكەن. يۇەن شوتوڭ ئامبال ياساتقان قەلەندەرخانا دەۋرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بىر نەچچە ئامبال ۋە ھۆكۈمەتنى بېشىدىن كەچۈردى. شۇنداقلا بۇ جايدىكى تىلەمچىلەرمۇ ئېغىر خار - زارلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. ئاخىرى كۈتكەن ئازادلىققا ئېرىشىپ، ھازىر بەخت ساناتورىيىسىگە ئۆزگەردى.

# چىرىيە يېزىسى ۋەقەسى توغرىسىدا

ئىلمۇالدى هوشۇر

چىرىيە يېزىسى (هازىرقى چىرىيە ناهىيىسىنىڭ چىرىيە يېزىسى) كېرىيە ناهىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا 900 دىن كۆپ ئائىلە بار ئىدى. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۇ كېرىيە ناهىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاساسلىق بىر بازار بولۇپ، روسىيە سودىگەرلىرى سودا - سېتىق قىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرسى ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى روسىيە سودىگەرلىرى ئىككى مىڭ 493 ئائىلە بولۇپ ① ئۇلار كۆرۈنۈشتە سودا قىلىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر تەرەپتىن كونسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ۋەكالىتەن بېجىرىپ شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاخبارات توپلاپ جاسۇسلۇق هەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. سېيىت هاجى كۆرۈنۈشتە سودىگەر، ئەمەلىيەتتە چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ جاسۇسى ئىدى. ② ئۇ چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوكوفنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كېرىيە، چىرىيە قاتارلىق جايلاردا روسىيە گىراژدانلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ كىشىلەرنى روسىيە گىراژدانى بولۇشقا دەۋەت قىلىشتا، ئالدى بىلەن روسىيە گىراژدانى بولۇشنى خالايدىغانلار هەممە پاسپورت ئېلىپ



بولغانلارنىڭ ئالۋاڭ ياسىقىنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى، شۇ قاتاردا روسىيىنىڭ تۈرلۈك ئالاهىدە هوقۇقلىرىدىن بەهرىمەن قىلىدىغانلىقىنى جاكالايدۇ. ئۇ چىرىيە يېزىسىدا سۇ قىس شارائىتتىن پايدىلىنىپ، روسىيە گىراژدانى بولغانلارغا سۇنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە ئاشكارا هالدا ئېلان چىقىرىپ: «جۇڭگونىڭ هازىرقى هالى خاراپ، ئۇيغۇرلار روسىيە تەرەپكە ئۆتىدىغان بولسا پايدا كۆپ»، دەپ جاكالايدۇ. سېيىت هاجى روسىيە گىراژدانى بولۇشنى رەت قىلغانلارنى هەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن قورقىتىدۇ، باغلايدۇ، هەتتا ئۇرىدۇ. مەهەممەت توختى قاتارلىق ئۈچ كىشى روسىيە گىراژدانى بولۇشنى رەت قىلغانلىقتىن قاتتىق ئۇرۇلۇپ، 15 كۈن قاماقتا ياتىدۇ، بۇ خىل ئەهۋال ئاستىدا چىرىيىنىڭ تۆۋەن ئۆستەڭدىن سۇ ئىچىدىغان 130 دېهقان مەجبۇرى هالدا روسىيە گىراژدانى بولىدۇ. لېكىن چىرىيە يېزىسىدىكى خەلق ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەچكە، سېيىت هاجىنىڭ ئالدامچىلىقى ۋە تەهدىتىگە پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇلار يەرلىك ئەمەلدار سوپۇرگە ئاخۇننىڭ باشچىلىقىدا چىرىيە، توپا قاتارلىق جايلاردا سېيىت هاجىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى دەلمۇ - دەل كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، سېيىت هاجىنىڭ چىرىيە، توپا قاتارلىق جايلاردا روسىيە گىراژدانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يول قويمايدۇ.

1912 - يىلى 2 - ئايدا، سېيىت هاجىنىڭ چىرىيە ئۆستىڭىنىڭ سۈيىنى ئىگىلىۋالغانلىقى دېهقانلارنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغاپ، كېرىيە ئامبىلىغا سېيىت هاجى ئۈستىدىن ئەرز خەت سۇنىدۇ. لېكىن سېيىت هاجى جىنايىتىنى ئىقرار قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ،

يۈزدىن ئارتۇق «روسىيە گراژدانى»نى باشلاپ يامۇلغا
بېسىپ كىرىپ، ئامبالغا تەھدىت سالدى. لېكىن ئامبال
ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇپ، سېيىت ھاجىنى تۇتتى. بۇنىڭ
بىلەن چىرىيە يېزىسى خەلقى تۇنجى غەلىبىگە ئېرى-
شتى. سېيىت ھاجىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان سوكوف،
مۇئاۋىن كونسۇل بىرونوسنى كىرىيىگە ئەۋەتتى. بىرونوس
ئامبالغا بېسىم ئىشلىتىپ سېيىت ھاجىنى قەشقەر
كونسۇلخانىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇ-
رۇپ بېرىشكە قىستاپ، سېيىت ھاجىنى
قەشقەرگە قايتۇرۇپ كەتتى. 5 - ئايدا كونسۇلخانا «گۇ-
ۋاھ ئىسپات تولۇق ئەمەس» دېگەننى باھانە قىلىپ، سېيىت
ھاجىنى قويۇپ بەردى. دەل بۇ چاغدا قەشقەردىكى گېلاۋ-
خۇي ئىلىدىكى قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى بىلەن 5 - ئاينىڭ
7 - كۈنى قەشقەرگە دوتەي بولىدىغان يۈەن خوڭيۇنى
ئۆلتۈرۈپ، قەشقەرنى ئىگىلىدى. بۇنداق جىددىي ھالەتنى
كۆرگەن سېيىت ھاجى يەنە چىرىيە يېزىسىغا كەلدى. ئۇ
يېزا ئاغزىغا كەلگەندە، چاپارمەنلىرى سەپ بولۇپ قارشى
ئالدى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سېيىت ھاجى يەنە سۇنى
ئىگىلىۋېلىپ، ئاممىنى ئۇردى. بۇ چاغدا چارروسىيە قەشقەر-
دىكى كونسۇلخانىسىنى ۋە روسىيە سودىگەرلىرىنى قوغداش
باھانىسى بىلەن قەشقەرگە ئەسكەر كىرگۈزدى. سېيىت ھاجى
بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى. ئۇ قەشقەردىكى كون-
سۇلخانىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، روسىيە گراژدانىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلققە مەجبۇرى
ھالدا يۇقىرى باھادا پاسپورت سېتىپ بەردى. پاسپورت سېتىۋې-
لىشنى رەت قىلغانلارنى ئۇردى، قامىدى. نەتىجىدە سېيىت ھا-



جى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلە-
شىپ، خەلق يەرلىك ھۆكۈمەتكە سېيىت ھاجى ئۈستىدىن يە-
نە ئەرز قىلدى. بۇ چاغدا قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرغان
گېلاۋخۇيىنىڭ كاتتىبېشى بېيەن يوگفۇ، ۋېي دېشى قاتار-
لىقلار چىرىيە يېزىسى خەلقىنىڭ كۈرىشىگە ھېسداشلىق قى-
لىپ ۋە قوللاپ، يەكەندىكى سەنجاڭ، شىيۇڭ گاۋشىڭ
ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى جاۋداشاڭ قاتارلىقلارنى كىرىيىگە سې-
يىت ھاجى ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋە-
تتى. شىيۇڭ گاۋشىڭ بىر ۋەتەنپەرۋەر ھەربىي ئەمەلدار بو-
لۇپ، مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن ئىقتىدارلىق كىشى ئىدى.
ئۇنىڭ كىرىيىگە بېرىشى، يەرلىكتىكى خەلقنىڭ روسىيىگە قار-
شى كۈرىشىگە زور ئىلھام بولدى. لېكىن سېيىت ھاجى بىرو-
نوسنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن قول ئاستىدىكى 100دىن
ئارتۇق ئاتالمىش «روسىيە گراژدانى» نى
قوراللاندۇرۇپ، قېيىن ئاتىسى ئابلىز قارىنىڭ قورۇسىنى بازا
قىلىپ، روسىيە بايرىقىنى ئۆگزىسىگە چىقىرىپ، شىيۇڭ گاۋ-
شىڭ بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلاندى.

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىيۇڭ گاۋشىڭ ئەسكەرلىرى-
نى باشلاپ كېرىيىدىن چىرىيىگە كېلىپ، سېيىت ھاجىنى
سوراق قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. لېكىن سېيىت ھاجى
قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن غەزەبلەنگەن چىرىيە يېزى-
سى خەلقى، سوپۇرگە ئاخۇننىڭ باشچىلىقىدا سېيىت ھا-
جى ئىگىلەپ ياتقان قورۇنىڭ ئارقا تېمىغا يېغىلىپ،
قورۇنى قورشايدۇ. شىيۇڭ گاۋشىڭمۇ جۇشۇتاڭ قاتارلىق
بىرنەچچە ئەسكىرىنى ئەۋەتتى. سېيىت ھاجى ئاشكارا
قورال چىقىرىپ، جۇ شۇتاڭ بىلەن بىر ئەسكەرنى ۋە بىر

پۇقرانى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى، بىر كىشىنى يارىدار قىلدى. سېيىت ھاجىنىڭ بۇ خىل زوراۋانلىقىنى كۆرگەن ئامما غەزىپىنى باسالماي، 29 ئېغىزلىق چوڭ قورۇغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. سېيىت ھاجى ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئايالچە ياسىنىپ، يېرىم كېچىدە بىرنەچچە چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەرگە قېچىپ كېتىدۇ. قاچالمىغان چاپارمەنلەر ۋە مىللىي مۇناپىقلار ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەزەپلەنگەن ئامما يەنە روسىيىنىڭ چىرىيىدە قانۇنسىز قۇرغان «ئاقساقاللار جەمئىيىتى»نى پاچاقلاپ تاشلىدى ھەم روسسىيىنىڭ ئاتالمىش «روسىيە گىراژدانلىرى خانىقاسى» نى ئەمەلدىن قالدۇردى.

چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىدىن كېيىن روسىيە كونسۇللىرى ھەقىقىي پاكىتنى بۇرمىلاپ، چىرىيىلىكلەر سېيىت ھاجىنىڭ ئائىلىسى ۋە 100 دىن ئارتۇق ئادىمىمىزنى كۆيدۈرۈۋەتتى، دەپ يالغان سۆزلەيدۇ. ئارقىدىنلا «روسىيە گىراژدانلىرىنى قوغداش» نىقابى ئاستىدا قەشقەردىكى ئەسكەرنى كۆپەيتىپ 500 گە يەتكۈزۈپ، قەشقەر دوتەيىنىڭ چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى روسىيىلىكلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ھەل قىلىشى ھەققىدە تەھدىت سالدى. سوكوف يەنە 200 دىن ئارتۇق كازاك قوشۇنىنى قوراللاندۇرۇپ، چىرىيىگە بېرىپ ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى. سوكوف 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روسىيىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىسى ئارقىلىق يۈەن شىكەيدىن شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۆزرەخاھلىق ئېيتىشىنى بۇيرۇشىنى ھەمدە قاتىلنى تۇتۇپ، زىياننى تۆلىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.



ھەتتا ئۇ روسىيە تەرەپ چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، دەيدىغان بىمەنە تەلەپنىمۇ تەپ تارتماستىن ئوتتۇرىغا قويدى. يۈەن شىكەي ۋەكىللىكىدىكى شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ، «چېگرا رايونىدا چاتاق چىقماسلىقى كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم چاررۇسىيىنىڭ «ئەپۇ سوراش، قاتىلنى جازالاش، زىياننى تۆلەپ بېرىش» شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇپ، قەشقەرنىڭ دوتەيى ياڭ زىڭشىڭغا تېلېگرام بېرىپ، دەرھال تەكشۈرۈپ قاتىلنى تۇتۇپ قاتتىق جازالاشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇ يەنە شۇ يىلى 8 - ئايدا ياڭ زىڭشىڭغا، روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئەپۇ سوراشقا ھەمدە خوتەننىڭ دوتەيى تاڭ يىجۇڭ، كېرىيە ئامبىلى شىن يوڭچىڭنىڭ مەنسىپىنى ئېلىۋېتىشكە، شيۇڭ گاۋشىڭ، جاۋ داشىڭ قاتارلىقلارنى تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

چاررۇسىيە يۈەن شىكەينىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، بوزەك قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىنى داۋاملىق كۆپەيتتى. 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 800 دىن ئارتۇق روسىيە ئەسكىرى ئۈچ چوڭ زەمبىرەك ۋە باشقا قورال - ياراقلار بىلەن كېلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىنى ئاشكارا پارتلىتىپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. يەنە شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا چاررۇسىيە ئەسكىرىنى كۆپەيتىپ، قەشقەر رايونىغا تاجاۋۇز قىلدى. سوكوف بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا ماتېرىيال توپلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. 9 -

ئايدا چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى بىرونوس 25 نەپەر ئەسكىرىنى باشلاپ، خوتەن، چىرىيە، كېرىيە قاتارلىق جايلارغا ئىككى قېتىم بېرىپ «تەكشۈرۈش» ئېلىپ بېرىپ، يالغان ماتېرىيال تويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ئۆز ئالدىغا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان مەزگىللەردە، پۇقرالارنى خالىغانچە سوراق قىلىپ، سىيىت ھاجىنىڭ جىنايى ماتېرىياللىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ، ھەتتا تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن خالىغانچە ئادەم تۇتۇپ، جىنايى بەدنام چاپلايدۇ. ئىككى نەپەر ھەربىي ئەمەلدارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 36 نەپەر ئادەمنى جىنايەتچى قىلىپ، قەشقەرگە يالاپ ئېلىپ بارىدۇ. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بىرونوس تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كېرىيە ياMۇلىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا ئوت قويۇۋېتىدۇ.

يۇەن شىكەي ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارىتا تاقابىل تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى سولچى، تەسلىمچىلىك لۇشيەنىنى يۈرگۈزىدۇ. ياڭ زىڭشىنىڭ بۇ لۇشيەننى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، كېرىيە ئامبىلىغا بىرونوسنىڭ كېرىيىدە «تەكشۈرۈش» ئېلىپ بېرىشىغا ياردەملىشىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. يۇەن شىكەي ياڭزىڭشىنغا شيۇڭ گاۋشىڭنى تۇتۇپ تەكشۈرۈشنى ئېلان قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن مەزگىللەردە، گۇما، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر خەلق تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، شيۇڭ گاۋشىڭنى قارشى ئالىدۇ. لېكىن بىرونوس «تەكشۈرۈش» ئېلىپ بارغاندا، خەلق ئۇنىڭغا ئاشكارا قارشى چىقىدۇ. يەكەن ئامبىلى بىرونوسنىڭ قوپاللىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، كۈتۈۋالمايدىغانلىقىنى جاكا-



لايدۇ. قەشقەردىكى ۋەتەنپەرۋەر گېلاۋخۇي ئەزالىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر قەشقەردە نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈپ، چاررۇسىيە بىلەن ئاداققىچە ئېلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

ياڭ زىڭشىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى كۈرىشىنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە يۇەن شىكەينىڭ ئىرادىسى بويىچە چاررۇسىيە بىلەن ئاپىئاق - چاپىئاق بولىدۇ. ئۇ 10 - ئايدا چىرىيە ۋەقەسىدە خەلق تەرەپتە تۇرغان بىيەن يۈكدى، ۋېي دىشى قاتارلىق ھەربىي ئەمەلدارلارنى يەكەندىن قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىدۇ. يۇەن شىكەي، ياڭ زىڭشىنىڭ قاتارلىقلارنىڭ تەسلىمچىلىك بىلەن يول قويۇشى ئارقىسىدا سوكوۋ خىلمۇ - خىل بىمەنە شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ «روسىيە تەرەپ بۇ ۋەقەنى تەكشۈرگەن ئىكەن، روسىيە تەرەپ ئەلۋەتتە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك»، دەيدۇ. نەتىجىدە چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىغا تارتىلىپ كېتىدۇ. سوكوۋ يەنە چىرىيە يېزىسى ۋەقەسى ئۆزلىرىنىڭ شەرتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنمايدىكەن، زۆرۈر تېپىلغاندا ئەسكەر ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىنى جاكالايدۇ. يۇەن شىكەي ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ياڭ زىڭشىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ياڭ زەنشۇنى قەشقەرنىڭ دوتەيى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار ۋەكىلى قىلىپ چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.

1913 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ياڭ زەنشۇ ئىلىدىن قەشقەرگە كېلىپلا سوكوۋ بىلەن ئىككى نۆۋەت

سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. سۆھبەتتە ياڭ زەڭشىن تۆت تۈرلۈك پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ① دۆلەتكە زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش. ② چاررۇسىيە قەشقەردىكى قوشۇنىنى چېكىندۈرۈش، چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ۋە چاررۇسىيە سودىگەرلىرىنى جۇڭگو تەرەپ قوغداش. ③ چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنىڭ باش جىنايەتچىسى سىيىت ھاجى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ④ چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدا رۇسىيە گىراژدانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويماسلىق؛ ياڭ زەڭشىنىڭ بۇ تۆت پىرىنسىپى مەسىلىنىڭ ئەجەللىك يېرى بولۇپ، ئىككى تەرەپ سۆھبەت جەريانىدا كەسكىن بولغانلىقتىن، سۆھبەتتىن ھېچ نەتىجە چىقمايدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە ياڭ دوتەي ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كاتتىباشلىرى يىغىنىنى ئېچىپ، تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇ يەنە ئىلىدىن ئېلىپ كەلگەن 400 كىشىلىك قوشۇننى تايانچ قىلىغان ھالدا قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى نەچچە يۈز ئادەمنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ، قىسقا مۇددەت تەربىيىلەپ، قورال تارقىتىپ، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ. سوكوف قەشقەردە مەنچىڭ ئارمىيىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى كۆرۈپ، پوزىتسىيىدە بىر ئاز يۇمشايدۇ ـ يۇ، لېكىن نىيىتىدىن يانمايدۇ.

1913 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چىرىيەۋەقەسى توغرىسىدىكى سوت قەشقەردە ئېچىلىدۇ. سوت باشلانماي تۇرۇپ، سوكوف كونسۇل سالاھىيىتى بىلەن سوتتا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەپ، بۇ ۋەقەگە ئۆزى ھۆكۈم قىلى-



ماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا پەقەت ئەرز قىلغۇچى سۇپىتىدە سوتقا قاتنىشىدۇ. يەنە 26 نەپەر ئاتالمىش «رۇسىيە گىراژدانى» مۇ ئەرز قىلغۇچى سۇپىتىدە سوتقا قاتنىشىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر ھەربىي ئەمەلدار شيۈك گاۋشىڭ شۇنىڭدەك تاڭ يىجۇڭ ۋە چىرىيە يېزىسىدىكى 36 نەپەر ئادەم «جاۋابكار» ئورنىدا تۇرىدۇ. سوت رەسمىي باشلانغاندا «جاۋابكار»لار سانسىز پاكىتلار ئارقىلىق سىيىت ھاجىنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىدۇ. بۇ چاغدا سوكوف پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئولتۇرالمايدۇ. لېكىن دەسلەپتە خەلق تەرەپتە تۇرغان ياڭ زەڭشىن بىردىن ئۆزگىرىپ، يۈەن شىكەينىڭ يېڭى بۇيرۇقىغا ئاساسەن، چاررۇسىيىنىڭ قوراللىق تەھدىدى ئاستىدىكى يولسىز شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇپ، ماھىيەت خاراكتېرلىك يول قويىدۇ. نەتىجىدە چىرىيە يېزىسى ۋەقەسى خەلقىمىزنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

شۇ يىلى 7 ـ ئايدا سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى 2 ـ قېتىملىق ئىنقىلاب پارتلايدۇ. يۈەن شىكەي ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن، چاررۇسىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ، چاررۇسىيىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، ۋاڭ بىڭكۈننىڭ③ ۋەزىپىسىنى ئېلىۋېتىدۇ. 8 ـ ئايدا ياڭ زەڭشىن بىلەن سوكوف چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش كېلىشىمىنى تۈزىدۇ. كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تاڭ يىجۇڭ، شىن يۇڭچىڭنىڭ مەنسىپىنى ئېلىۋېتىدۇ. شيۈك گاۋشىڭغا 12 يىللىق قاماق جازاسى بېرىدۇ. جاۋداشىڭغا ئالتە يىللىق تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بېرىدۇ.چىرىيە يېزىسىدىكى 36 نەپەر ئادەمگە ئايرىم ـ

ئايرىم هالدا تۆت يىلدىن ئالتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىدۇ. يۇەن شىكەي ھۆكۈمىتى يەنە 69 مىڭ ياماق تۆلەم تۆلەيدۇ. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىككى تەرەپ كېلىشىمگە رەسمىي قول قويۇپ، ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. سوكوۋ ئەسلىدە سېيىت ھاجىغا جازا بېرىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سېيىت ھاجى قەشقەردە «قەھرىمان» سۈپىتىدە ئەركىن يۈرۈيدۇ.

ئىزاھات:

①«شىنجاڭ يەرلىك تەزكىرىسى» خەنزۇچە 58 - سانىدىن ئېلىندى.

② سېيىت ھاجى (مىللىتى ئۆزبېك) ئەسلى خوتەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئۇ 16 ياش ۋاقتىدا روسىيىگە بېرىپ ئوقۇغان ھەمدە روسىيە گىراژدانلىقىغا كىرگەن. كېيىن ئۇ روسىيىدىن تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇغان. روسىيىدىكى ۋاقتىدا جاسۇسلۇق ئورگانلىرىدا ئالاھىدە تەلىم ئالغان. 39 يېشىدا ئۇ (يەنى 1905 - يىلى) روسىيە تەرىپىدىن كېرىيىنىڭ چىرىيە يېزىسىغا روسىيە سودىگىرى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن. ئۇ چىرىيە يېزىسىدا بىر تەرەپتىن سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر تەرەپتىن ئاخبارات توپلىغان. ئۇ چىرىيە يېزىسىدىكى ۋاقتىدا يەرلىك چوڭ سودىگەر ئابلىز قارىنىڭ قىزى بۇۋى مەريەمنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، بىر مەزگىل ئۆي تۇتقان.

③ ۋاڭ يىڭكۇن، گېلاۋخۇينىڭ يەكەندىكى ھەربىي باشلىقى.



# ئاقسۇ كونىشەھەر مائارىپ تەزكىرىسى

(بېشى 20 - ساندا)

ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

## مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىزچىلار مارشى

1936 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە ئىشلەنچى، قالىق، چاچلىق، ئورىچى، چودار، ئاقبۇلاق، قىزىل بۇلاق قاتارلىق جايلاردا يەنە بىر قانچە مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. ئوقۇتقۇچىلارنى تولۇقلاشتا، ئويۇشما قارمىقىدىكى قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەنلەر ۋە ئۆلكىلىك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەنلەر ئاساس قىلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدىن ئەلاچىلار تاللىنىپ تولۇقلاندى.

مەسىلەن: 1935 - يىلى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تولۇقلاشتا نۇرنىسا قادىر، مەرەمنىسا خانروزى، ھېنىپەم ئابدۇللاقاتارلىقلار تاللىنىپ دەسلەپكى ئېھتىياج ھەل قىلىندى.

مەكتەپلەرنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىمۇ مەكتەپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەنگەنىدى. مەركىزىي مەكتەپلەردىن — مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر، تەرتىپ مۇدىرى، سىنىپ مەسئولى، دەرس ئوقۇتقۇچىسى، كۇرس ئوقۇتقۇچىسى، بوغالتىر، كاسسىر، لاۋازىمەتچى ۋە خىزمەتچىلەر بار

ئىدى. مۇدىرنىڭ مائاشى 1800 دوللار (ھازىرقى 180 يۈەنگە تەڭ)، ئىلمىي مۇدىرنىڭ 1500 دوللار، سىنىپ مەسئۇلىنىڭ 1300 دوللار، دەرس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ 1200 دوللار ئىدى. ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىغا دەرس ئۆتكەنلەرگە قوشۇمچە ھەق بېرىلەتتى.

1936 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىللەردە مائارىپ مەجبۇرى شەكىل ئالدى. ساۋاتلىق ئائىلىلەرنى تەقدىرلەپ، ساۋاتسىز ئائىلىلەرگە جەرىمانە قويۇلدى. نەتىجىدە، ئۆيىدىكى مەستۇرە ئاياللارمۇ كەچ كۇرسلارغا بېرىپ ئوقۇدى. چوڭ يىغىنلار ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىلىم - مەرىپەت تەشەببۇس قىلىندى. بۇنداق يىغىنلار «ئىزچى ئەترىتى» نىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈلدى.

«ئىزچى ئەترىتى» ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، خەنزۇچە «تۇڭ زىجۈن» دېيىلەتتى. بۇلار ئاساسەن تەرتىپ ساقلاشقا مەسئۇل بولاتتى. بۇلار يىغىن، بايراملارنىڭ تەرتىپىنى ۋە كوچىلارنىڭ تەرتىپ ئامانلىقىنى ساقلايتتى. ھۆكۈمەتتىن قارا كۆك تېرىكىدىن كىيسار، ھاۋارەڭ كۆينەك، ئالتە شوئار قادالغان قالپاق تارقىتىلاتتى. ۋەزىپە بەلگىسى كۆينەك يانچۇقىغا چۈشۈرۈلگەن ئىدى. قولىدا ئالا كالتەك بولاتتى. بۇ تەشكىلات 1935 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، باشلىقى نەزىم قاسىمى ئىدى.

«ئىزچى ئەترىتى» 1940 ـ يىللىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئاقسۇ كوناشەھەردىكى «ئىزچى ئەترىتى» خېلى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. ھۆكۈمەت ساقچىلىرىدىن تەپ تارتمىغان كىشىلەر «ئىزچى ئەترىتى» دىن ئەيمىنەتتى. ئەمەلدارلارمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ



ئوقۇيدىغان «ئىزچىلار مارشى» بار ئىدى. بۇ مارشىغا ئىلىم ـ پەننىڭ، مەرىپەتنىڭ روھىي سىڭدۈرۈلگەنىدى. مەسىلەن:

بىز ئىزچىلارمىز، پۈت ـ قوللارىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا،
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تورۇپ،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئېرپان نۇرىدا.

ئۆگەن، تىرىش، ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن ئىشقىدا قاينار ۋىجدانلار.

«ئىزچىلار مارشى» نىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى ۋە «ئىزچى ئەترىتى» نى تەشكىل قىلغۇچى — مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق ئەپەندى) ئىدى. تەۋپىق — ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئىخلاسكارى ۋە پىداكارى بولۇپ، ئۇ مەشھۇر پېداگوگ ۋە رىداكتىنىڭ شائىر ئىدى. ئۇ 1901 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ بويامەت كەنتىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ... موسكۋا شەرق ئۇنىۋېرستېتىنى، تۈركىيىنىڭ ئىستامبول پىداگوگ كۇرسى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان ۋە شۇ يەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1932 ـ يىلى ۋەتەنگە قايـ

تىپ، ئاتۇشتا ئىلىم ـ مەرىپەت دولقۇنىنى قوزغاپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگەن. ئۇ، 1933 ـ يىلى «بىز مۇئەللىم» ناملىق مەكتەپ شېئىرىنى يازغان. بۇ شېئىرنىڭ تېكىستى مۇنداق:

بىز مۇئەللىم ـ يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپ ـ يورۇق نۇرلار ساچىمىز.
تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم ـ ئېرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ئۇلى.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان مەمتىلى ئەپەندى، 1936 ـ يىلى قەشقەردە شېڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئوتقا تاشلاندى. ئۇنىڭ تۈرمىدە يازغان شېئىرلىرى بۇلاق ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا تونۇشتۇرۇلدى. تەۋپىقنىڭ مائارىپ تارىخىدىكى مۇقەددەس ئورنى ئابدۇللا تالىپنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىلدى.

1940 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، تەتىل مەزگىلىدە مۇدىرلار ۋىلايەتلىك ئويۇشمىغا يىغىلىپ لېكسىيە ئاڭلايتتى. كۆڭۈل ئېچىش قىلاتتى. دېكلاماتسىيە ئويۇشتۇرۇلاتتى.



بۇ پائالىيەتلەر «دەرنەك» دەپ ئاتىلاتتى. دەرسنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن تۇيۇقسىز ئىمتىھان ئېلىنىپ، خۇلاسە قىلىناتتى. چوڭراق مەكتەپلەردە موللام تەكلىپ قىلىنىپ، دىن دەرس ئوقۇتۇلاتتى.

1936 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مەكتەپ 17 گە، سىنىپ 50 كە، ئوقۇتقۇچىلار 88 گە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 3224 نەپەرگە يەتتى. (ئارخىپتىن ئېلىندى).

## مۇدەررىسلەر ئۇستازى ـ موللانىسىر داموللام

ئاقسۇ كونىشەھەرى XIX ئەسىردىن باشلاپ مەشھۇر ئۆلىما ۋە شائىر موللانىسىر داموللامنىڭ شۆھرىتى بىلەن «ئۆلىمالار يۇرتى» دەپ ئاتالدى. موللانىسىر داموللام 1850 ـ يىلى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قاشئېرىق يېزىسىدا قورايچى ھەم دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دادىسىدىن كىچىك قېلىپ، تۇل ئانىسى بېقىپ چوڭ قىلغان. بالىلىق دەۋرىدە قوراي سېتىپ غورىبەتچىلىكتە ھايات كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئوقۇش ئۈچۈن ئىشتىياق باغلىغانىدى. شۇڭا ئۇ، قوراي ساتقان پۇلىدىن يىغىپ ئوقۇش خىراجىتى قىلىپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تالىپلارغا ئايلاندى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى ئەلا باھادا تۈگەتكەن موللانىسىر، 16 يېشىدا بۇخارادىكى خەلقئارالىق مەدرىسكە

بېرىپ ئوقۇدى. ئۇ، ئوقۇش داۋامىدا ئەلشىر ناۋايىنىڭ «مەھبۇبىل قۇلۇپ» («كۆڭۈللەر سۆيگۈسى») نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن دانىشمەنلەرنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرىنى توپلاپ «جاۋاھىرۇل پەندى» ناملىق توپلامنى تۈزدى. «دالايى شىرىپ» ناملىق كىتاب يېزىپ ئوقۇشنى ئەڭ يۇقىرى باھادا تاماملاپ، شۇ مەدرىستە بەش يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، ئۆز ئىلمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئاقسۇنىڭ شۆھرىتىنى شەرق ئەللىرىگە تونۇتتى. ئۇ كەمتەرلىك بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. شۇڭا ناماڭگانلىك ئالىم مەھزۇپ دامولامدىن تەلىم ئېلىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ باردى. موللا ناسىر دامولام بۇخارادىن ئاقسۇغا قايتقاندا، بۇخارالىقلار: «بۇخارا ئاقسۇغا كۆچتى» دېگەنىكەن. موللا ناسىر دامولام ئاقسۇ كونىشەھەرگە قايتىپ، 1917 - يىلى هازىرقى سىياسىي كېڭەش ۋە دائىمىي كومىتېت ئورنىدىكى ھەيۋەتلىك كۆركەم خانىقانى ياساتقانىدى. خانىقانىڭ ياغاچلىرى ئاقسۇ قومباش ھەتتاكى قارىتال قاتارلىق جايلاردىنمۇ كەلتۈرۈلگەن. خانىقادىن ئاشقان پۇلغا مەككىدە ئۈچ قەۋەت، 32 ئېغىزلىق ساراي ياسىتىپ، ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ سېخىيلىقىنى يەنە بىر نامايان قىلدى.

ئاقسۇ كونىشەھەردىكى خانىقانىڭ ھۇجرىلىرى ئاۋات، كەلپىن، ئۇچتۇرپان، باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن تالىپلار بىلەن تولغانىدى. بۇ تالىپلارغا شۇ زاماننىڭ ئالىي دەرسلىكلىرى: «سەرپ» (ئوقۇش كىتابى، ئىملا قائىدىسى)، «نەھۋى» (ئەرەبچە گرامماتىكا)، «پارايىز» (ئىلمىي ھېساب، قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش،



بۆلۈش، تاناسىپ، كەسىر قاتارلىق ئالتە ئەمەلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شەرىئەتتە مىراسقا مەسئۇل قوززاتلارنىڭ دەستۇرى)، «موقتەسەرۋاقايە»، «شەرھى ۋاقايە»، «ھىدايە»... لەر بىر يۈرۈش دەرسلىك بولۇپ، ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى، يەنى — قانۇن، ئىنتىزام شەرھىيلەنگەن دەستۇرلاردۇر. «تەپسىرى قۇرئان» (تەپسىرلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتالمىسى بولۇپ، ئۇ — «تەپسىرى يوسەيىنى»، «تەپسىرى كەششاپ»، «تەپسىرى قازى بەيزاۋى»... قاتارلىق 60 خىل تەپسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان سۆزلىرىنىڭ تەپسىراتىدىن ئىبارەت)، «موشكات شىرىپ» (دىنىنىڭ چىرىقىدۇر)، «ھەدىس» دىنىنى تەشۋىق قىلىدۇ. يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرى بولۇپ، ساھابىلەرنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بىر يۈرۈش ئالىي ئوقۇشلۇق. «ھەدىس» بىر قانچە خىل بولۇپ، «سەھھولبۇخارى»، «ئەيىنى»، «قەستالانى»، «سىهاھى سىتتە» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «ئىشقىيات» (ئىشقى - مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، بۇ «ناۋايى»، «فوزولى»، «غوجا ھاپىز» «ھۆۋەيرا» قاتارلىق توپلاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا «بوستان، گۈلۈستان» «مەسنەۋى شېرىپ» قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئەخلاق، پەندۇنەسىھەتلەردىن تەركىب تاپقان نەزمە ۋە نەسرى يول بىلەن يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر)، «غىياسى لۇغەت» (ئەرەبچە، پارسچە، تۈركىي ئۈچ تىلدىن تەركىب تاپقان تەرجىمە لۇغەت توپلىمىدۇر) قاتارلىقلار بولغانىدى.

تالىپلاردىن يۇقىرىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەردىن ئىمتىھان

ئېلىنىپ، نەتىجىسىگە قاراپ، ئىلمىي ئۇنۋان بېرىلگەن ۋە ئۇنۋانىغا قاراپ ۋەزىپىگە قويۇلغانىدى.

موللا ناسىر داموللامنىڭ تالىپلىرىدىن مەشھۇر ئۆلىما، تەرجىمان، خەتتاتلار يېتىشىپ چىقتى، بۇلار ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى.

ئۆلىمالاردىن مەمەتنىيازخان مەخسۇم داموللام (1945-يىلى غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىغا قاتناشقان، 1946 - يىلى «11 بىتىم» دە غۇلجىدىن كېلىپ ئاقسۇ كوناشەھەرگە ھاكىم بولغانىدى. 1948 -يىلى ئەرەبىستانغا كۆچۈپ كەتتى)، ئاروپ ئەلەم ئاخۇنۇم، داۋۇت قوززات ئاخۇنۇم، ئىمىر ئەلەم ئاخۇنۇم، ئاۋۇت ئەلەم ھاجىم، قادىر قوززات ئاخۇنۇملارمۇ شەرىئەت، ئۇيۇشما ۋە مەدرىسلەردە ئىشلىدى. شايوپ قارى ھاجىم، مامۇت ئاخۇنجانۇپ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۇلارنىڭ ئۆھپىسى ئالاھىدە زور بولدى.

ئىسمايىل بەگ، ئىمىرخان داھى، بارات بەگ، ھاشىم بەگ، توختى بەگ، ئايوپ بەگ، ساۋۇت بەگ قاتارلىق تەرجىمانلار (خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىرى) يېتىشىپ چىقتى. بۇلار ئاۋۋال دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، كېيىن خەنزۇ مەكتەپ (شۆتاڭ) دا ئوقۇپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا، ئىشلىگەندە «بەگ» دەپ ئاتالغانىدى. بۇلار ئاساسەن ياڭجاڭجۇن (ياڭ زېڭشىن) دەۋرىدە ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ كەلگەنىدى. ئەرەب، پارس تىلى تەرجىمانلىرىدىن مۇھەممەتخان داموللام، مۇتىئىللا ئاخۇنۇم، ئاروپ قوززات ئاخۇنۇم، داۋۇت قوززات ئاخۇنۇم قاتارلىقلار بولۇپ، بولار بۇخارا، قەشقەر قاتارلىق



جايلاردا ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. موللا ناسىر داموللام مۇدەررىس، تەرجىمانلارنى يېتەكلەپلا قالماستىن، بىر قانچە ئۇستا خەتتاتلارنى يېتىشتۈردى. بۇ خەتتاتلاردىن: مۇسا مەزىن ئاخۇنۇم، مامۇت ئاخۇن خەلپەت، مەخسۇت ئىمام ئاخۇنۇم، ھېلىم مۇدەررىس ئاخۇنۇم، ھەمەرخان يېپەكچى، يۈسۈپ ئىمام ئاخۇنۇملار داڭلىق ئىدى.

موللا ناسىر داموللامنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئىلمىي كۈچلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئونلاپ مەدرىسلەر بارلىققا كەلگەنىدى.

موللا ناسىر داموللام ئۆمرىدە خېلى نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر ۋە دىداكتىك شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، ئەمما «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا بالىلىرىنىڭ ئۆيىدىن بۇلاپ كېتىلىپ يوقالغان. شاگىرتلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، موللا ناسىر داموللام تاماخور موللا، غەيۋەتخور، ھەسەتخورلارنى، بىكارچى، چېقىمچىلارنى يامان كۆرەتتى. كىشىلەرنى ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىشكە دالالەت قىلاتتى. ھالالدىن ئاش يەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاشنى تەكىتلەيتتى. داستىخان سۇپۇرگىسى، نەپسانىيەتچىلەرنى مەسخىرە قىلاتتى. داموللامنىڭ ئەنە شۇنداق تويمىغۇرلارنى ھەجۋى قىلغان شېئىرىدا، ئابدۇرېھىم خېتىپ ئىسىملىك كازىپقا قارىتىپ مۇنداق مىسرالارنى تىزغان:

ئاقسۇنىڭ بالاسى بولدى ئابدۇرېھىم خېتىپ،
ئىت كەبى نەپسى ئۈچۈن ئىماننى دۇنياغا سېتىپ.

.................................................

موللا ناسىر داموللام 1918 - يىلى ۋاپات بولدى. «ئالىـ

نىڭ ئۆلگىنى ئالەمنىڭ ئۆلگىنى» دېگەندەك، داموللام جان ئۈزگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ھەرقانداق كىشى ھازىدار بولدى. پۈتۈن شەھەر تەۋرەپ بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇشقا سەپەراس بولدى. جامائەت مەرھۇمنى پات-پات تاۋاپ قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن خانىقاغا يەرلىك كولاپ دەپنە قىلدى ۋە خاتىرە گۈمبىزى ياسىدى. 1966-يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئالدى بىلەن گۈمبەز چېقىلدى. ئاندىن گۈمبەز ئاستىدىكى داموللام يەر ئۈستىگە ئەڭ ئالدىدا تارقاقلاشتۇرۇلدى. لېكىن، بىرئۆمۈر ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان، مۇدەررىس يېتىشتۈرۈپ، مەدرىسلەر ئاچقان بۇ پىر ئۇستاز خەلق قەلبىدىن يۈتكەلمىدى. شۇڭا ھەر بىر ئىلىم سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ شۆھرەتلىك نامى ئىپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە....

كوناچاچ ئۆسكەن تېرە بولمىسا، يېڭى چاچمۇ بولمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش كونا ئاساس بولمىغان بولسا، ئەينى يىللاردىكى پەننى مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەننىي مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، مەدرىسلەرنىڭ رولىنى، مۇدەررىسلەرنىڭ تۆھپىلىرىنى، دەرسلىكلىرىنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان بولساق، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى مۇجمەللەشتۈرۈپ قويىمىز.



## شېرىپ ھوشۇرى

شېرىپ ھوشۇرىنىڭ مىللىتى تاتار بولۇپ، رۇسچە، خەنزۇچە تىلغا ئۇستا ئىدى. ئۇ 1934-يىلى ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىلىك يەرلىك مال شىركىتىگە بوغالتىر بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا، 1936-يىلى قولغا ئېلىندى. 1937-يىلى تۈرمىدىن چىقىپ، ئاقسۇ كوناشەھەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولغانىدى. شېرىپ ھوشۇرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ھەر خىل مەدەنىي-مەشغۇلات، تام گېزىتى چىقىرىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرغان ئىدى. شېرىپ ھوشۇرى قەتئىي ئىرادىلىك كىشى بولۇپ، خۇشامەتكويلۇقنى ياقتۇرمايتتى. 1939-يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئالاھىدە ھوقۇقلۇق رېۋىزىيە (مۇپەتتىش) ئۆمىكى كەلگەنىدى. باشقا ئىدارىلەردىكى بىر قىسىم باشلىقلار مۇپەتتىشلەر ئالدىدا ھودۇقۇپ، ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ خۇشامەتكويلۇق قىلىشقانىدى. لېكىن شېرىپ ھوشۇرى ھېچقانداق تەمتىرىمەستىن، ھودۇقماستىن ئۇلارنى ئادەتتىكىچىلا قارشى ئېلىپ، خىزمەتلەرنى ئۆز لايىقىدا دوكلات قىلىپ يولغا سالغانىدى.

شېرىپ ھوشۇرى ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارلىق بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قابىلىيىتىنى بايقاشنى بىلەتتى. ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇش بىلەن سۆيلەشنى چىڭ تۇتۇشنى بىلەتتى. ئۇ بىر قېتىم مەكتەپلەرگە تام گېزىتى

ئىشلەشنى تاپشۇردى. تام گېزىتنى ئىشلەش يېڭىچە ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ مەكتەپلەردە ئىشلىيەلمىدى. ئاقبۇلاق مەكتەپ مۇدىرى ئۆمەر ھەسەنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەپ چىقتى. شىرىپ ھوشۇرى بۇ تۈنجى تام گېزىتنى باشقا مەكتەپلەرگىچە كېڭەيتىپ، ئۆمەر ھەسەننى ئۇيۇشمىنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە يۆتكىگەندى.

شىرىپ ھوشۇرى 1937 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قازان بازىرىدىكى ئابدۇراخمان ھاجىمنىڭ مەدرىسى، ئابدۇقادىر چاۋارۇپنىڭ سارىيى، ئابدۇلھەمىت ھاجىمنىڭ سارىيى قاتارلىق بىر قىسىم ئورۇنلارنى سېتىۋېلىپ، خوجىلىق بۆلۈم، تەشۋىقات بۆلۈم، مەدەنىيەت بۆلۈم قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىشخانىلار ۋە تىياتىرخانا (كىنوخانا)، چايخانا، سەتراچخانا، مۇنچا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان پۇختا ۋە كۆركەم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى ياساتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى - ئوقۇتۇش بىلەن سانايىنەپىسە (ئەدەبىي - سەنئەت بۆلۈم)، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق بىرقانچە مۇھىم بۆلۈمچىلەرنى تەسىس قىلىپ، ئاقسۇ كونا شەھەر خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

شىرىپ ئەپەندى ئوقۇتۇشنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزى ئوقۇتۇشقا چۆكۈپ، مەكتەپلەرگە بېرىپ دەرس ئۆتكەندى. ئايالى سىنبانۇ خانىمۇ يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىدى. ئۇ قىزلار مەكتىپىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بىر ئۆلۈش ھەسسىسىنى قوشتى. شىرىپ ھوشۇرى ئۇيۇشما خىزمىتىدە بولغان يىللاردا ناھىيە ئىچىدە «مەكتىپى ئىسمائىلىيە غازى ئاتا»، «مەكتىپى شەپقەت»، «تۇران سادىقىيە»، «ۋەتەن



يونۇسىيە»، «مەكتىپى نىيازىيە» (قىزلار مەكتىپى) قاتارلىق مەكتەپلەر؛ يېزىلاردا بولسا، ئاجىرىقتىكى «مەكتىپى ئوغۇزخان»، «جام تۇرمۇش مەكتىپى» قاتارلىق مەكتەپلەر ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرقانچە خەلق مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ، مېھنەتكەشلەرنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن بىلىم سەھنىسى ھازىرلاندى.

شىرىپ ھوشۇرى 1939 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. 1942 - يىلى مامۇتخان شاكىزوك، مۇھەممەت خوجىچاكلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەتتى. ئۈرۈمچىدە 1947 - يىلغىچە مالىيە نازارىتىدە ئىشلەپ، شۇ يىلى كۇچاغا كېلىپ باجخانىغا جۇيجاڭ بولدى. 1949 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك باجخانىغا جۇيجاڭ بولدى. شۇ يىل ئىچىدە ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) پىلان كومىتېتىدا ئىشلىگەندى. 1962 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ، 1980 - يىلى چىرچىقتا ۋاپات بولدى.

## قىرغىز زىيالىيسى — مۇسىرالى موللام

قىرغىز زىيالىيسى مۇسىرالى موللام — سوۋېت قىرغىزىستانى يەتتە ئۆگۈز ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1905 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ 1937 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ قاراباغ تاغلىق رايونى، مۇزات دەرياسى بويىدا چېدىر تىكىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. بۇ چېدىر ئۆيلەرگە «باھار مەكتىپى» دەپ ئىسىم قويغانىدى. مۇسىرالى موللامنىڭ ئۇسەنبەك قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلىرى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىسى

56 نەپەر بولۇپ، بىر قىسمى بوزدۆڭدىن بېرىپ يېتىپ
ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن: بۆرجىكى سامتىر، مامۇر سەيى-
دىۋاققاس، نۇر دۆلەت، توختىبېك، موسەك سابىربېك،
ئۆمۈر، ئۇسەنقارى، ئىبراي قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدىكى
ئۆلكىلىك مەكتەپلەرگە 1 - تۈركۈمدە بارغان قىرغىز ئو-
قۇغۇچىلاردۇر.

موسىرالى مۇللام 1940 - يىلى قاراباغدىن بوز-
دۆڭگە كەلدى. ئۇ 1943 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا
ئابدۇش قاسىم قاتارلىق ياشلارنى يېتىشتۈرۈش بىلەن
بىللە، قىزى ئايگۈلچە ۋە ئايتىكە، ئايشە قاتارلىق مۇ-
ئەللىمەلەرنى يېتىشتۈردى. بۇلار ئاقسۇ كوناشەھەر تا-
رىخىدىكى 1 - تۈركۈم يېتىشىپ چىققان مۇئەللىمەلەردۇر.
ئازادلىققىچە بولغان مەزگىلدە، ئالى ئابدۇللا (1977 - يىلى
ۋاپات بولدى)، دۈيشەن ئالداش، ئالى ھەسەن قاتارلىق
بىرقانچە پېشقەدەملەرنى يېتىشتۈردى. بۇلارغا يەنە
ئۇيغۇرلاردىن ئۆمەر توختى (ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دا-
رىلمۇئەللىمىندە خوجىلىق مۇدىرى)، تۇنىياز ھاشىم (ھازىر
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)، ئىبراھىم
ئىمىن ...... قاتالىقلار قوشۇلۇپ، قىرغىزلار مائارىپىنى
ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ باردى. 1944 - يىلى قىرغىز-
لارنىڭ دەرسلىكلىرى ئۆلكىلىك مەركىزى قازاق، قىرغىز
ئويۇشمىسىدىن كەلتۈرۈلگەنىدى. 1943 - يىلى، بوزدۆڭدە
ئوقۇغۇچىلار سانى كۆپىيىپ 200 گە يەتكەنىدى. ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ كىچىكى سەككىز ياشتا، چوڭلىرى 20 ياشلاردا
بار ئىدى. بوزدۆڭ قىرغىزلار مەكتىپىدە ئوقۇغۇچىلار سانى
ھەر يىلى ئېشىپ بېرىش بىلەن، ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ



كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئېشىپ باردى. ھازىرقى كۈنلەردە
بوزدۆڭ قىرغىزلار مەكتىپىنىڭ سابىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن
ئەنۋەر بايتۇر — جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى-
نىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا مۇئاۋىن تەتقىقاتچى.
نىياز قارى شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى قىرغىزچە
ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى. توختاش ماكتىباي ئاقسۇ
ۋىلايەتلىك تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئەمگەك بۆلۈمىدە مەسئۇللۇق
خىزمەتنى ئىشلەيدۇ. ئەنۋەر بايتۇر، نىيازقارى ۋە توخ-
تاش ماكتىبايلار خەنزۇ تىلىغا ماھىر تەرجىمانلاردۇر.

## تەرەققىيپەرۋەر — ئېلى ھاكىم ۋە ئابلاھاكىم

ئېلى ئەپەندى (تاتار)، ئابلا يۈسۈپ 1937 - يىلى-
دىن 1942 - يىلىغىچە (ئېلى ھاكىم 1937 - يىلىدىن 1939 -
يىلىغىچە، ئابلا ھاكىم 1939 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە)
ئاقسۇ كوناشەھەرگە ھاكىم بولدى. ئېلى ئەپەندى،
سوۋېتلىك، ئابلا يۈسۈپ ئەسلى ئاتۇشلۇق بولۇپ، قارا
شەھەردە چوڭ بولغان. بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا
ئاسىيا مىللەتلەر دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن يۇقىرى مەلۇمات-
لىق زىيالىيلاردىن بولۇپ، ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى كۈچ-
لۈك ئىدى. شۇڭا كوچىلار بىرقەدەر كېڭەيتىلىپ، ئورمان
سېلىپ كۆكەرتىش چىڭ تۇتۇلغانىدى. بازارنىڭ ئىچىدىكى
ۋە ئېقىن بويىدىكى ئاجايىپ يوغان تېرەكلەر شۇ دەۋر-
نىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، بۇ تېرەكلەر ئاساسەن. 1981 -
يىلى ئاقسۇ كوناشەھەر بازىرىدا قەد كۆتۈرگەن قىشلىق

كىنوخانىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىندى. «قان يولى» دەپ ئاتالدىغان چوڭ يول بويلىرىدىكى تېرەكلەرمۇ شۇ دەۋردە سېلىنغان.

ئېلى ئەپەندى، ئابلا يۈسۈپ هاكىم بولغان مەزگىللەردە، ناهىيىنىڭ تاغ، يېزىلىرىدىكى هەممە مەهەللە، ئايماقلارنى ئايلىنىپ، ئىسمى مۇۋاپىق بولمىغان ئورۇنلارنىڭ ئىسمىنى (نامىنى) ئۆزگەرتكەنىدى. مەسىلەن، بوزدۆڭدىكى «بايلىقئاتا»نىڭ ئەسلى نامى «پېقىرلىق ئاتا» ئىدى. «ئىكەنقورۇق»نى «پاخلان قورۇق»قا ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، بۇ نام ئۆزلىشىپ بولالماي قالغانىدى. «قارا بۇلاق»نى «ئاقبۇلاق» دەپ ئۆزگەرتكەن. يار ئۈستى تەرەپتىكى «قارا توغراق»نى «ئاقتوغراق»، «گومبات» نى «گۈلئاۋات»، «غېرىپ تۇر»نى «ئەركىن تۇر» ... دېگەندەك ناملارغا ئۆزگەرتىپ، ئۆزلەشتۈرگەنىدى.

ئېلى هاكىم، ئابلا هاكىملار خەلقلەرنىڭ روهىنى پەن بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، مەنىۋى هاياتنى يۈكسەلدۈرۈشنى چىڭ تۇتقانىدى. ئېلى هاكىمنىڭ ئايالى پاتىمە خانىم بولسا موسا داموللامنىڭ ئىز باسارى بولۇپ، قىزلار مەكتىپى («مەكتەپى نىيازىيە») نىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندا پاتىمە خانىم ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە تازىلىققا كۆپ ئەهمىيەت بەرگەن هەم قىزلارغا دەرسخانا كىيىمى تىكتۈرۈپ تارقىتىلغانىدى. ئېلى هاكىمنىڭ ئائىلىسى مەدەنىي ئائىلە ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەسقەر ۋە قىزى لالە سەهنىگە چىقىپ:

مىنىڭ ئېتىم شىنجاڭ قىزى،
قولغا بايراق ئالغان قىزى.



ئون تۆت مىللەت بىرلىشىپ،
جاهانگىرگە قارشى بىز.

دېگەن دېكلاماتسىيىنى ئوقۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىلىرىغا ئايلانغانىدى. ئېلى هاكىم دەۋرىدە مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، مەكتەپلەر ئارا مەكتەپلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇشنى تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلغانىدى. ساۋات چىقىرىش ناهىيە بازىرىدا ئاممىۋى هەرىكەتكە ئايلىنىپ، كۈندە تۆت سائەت ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. داغدۇغىلىق ساۋات چىقىرىش دولقۇنىدا مەستۇرە ئاياللارمۇ چۈمبەلدىن چىقىپ، سىنىپقا كىرگەنىدى. ساۋاتلىق بولغانلارغا دىپلوم تارقىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 2000 نەپەرگە يەتكەن. شۇ يىللاردا ئەدەبىي - سەنئەت، شېئىر ئوقۇش، تەنتەربىيە، نۇتۇق سۆزلەش، تام گېزىتى چىقىرىش قاتارلىق هەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەر ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنىدى.

1940 - يىللىرى ئاقسۇ كوناشەهەردە هوشۇر دوختۇر، ئاقسۇ يېڭىشەهەردىكى مىرغىياس دوختۇرلارنىڭ مەسئۇللۇقىدا دوختۇرخانا قۇرۇلدى. ئاقسۇ كونا شەهەردە هوشۇر دوختۇرغا يېقىن ياردەمچى يۈسۈپجان قاتارلىق بىرقانچە تەجرىبىلىك دوختۇرلار بار ئىدى. ئېلى هاكىم، ئابلا هاكىملار ئوقۇغۇچىلارنى هەقسىز داۋالاشنى يولغا قويغان.

ئېلى هاكىم قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوستى ئابلا يۈسۈپ ئېلى هاكىمنىڭ ئىشلىرىنى ئىز-

چىل داۋام قىلدۇرۇپ ماڭدى. ئابلا يۇسۇپ دەۋرىدە ئايال ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى زورايدى. ئابلا ھاكىمنىڭ ئايالى نۇرنىسا خان باۋۇدۇنمۇ ئوقۇتقۇچى ئىدى.

مەرھۇم ئابلىمىت ھاجىم، سادىق ئاخۇنۇم[1] (سادىرىن) ۋە سەلەي ھاجىم، تۇردى ئاخۇن خەلپەت قاتارلىق سىپا ۋە ئۆلىمالارنىڭ قىز بالىلىرىنى پەننىي مەكتەپكە بېرىشى — مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قىز بالىلىرىنى ئوچاق بېشىنىڭ بەندىسى قىلىپ، ئۆيدىن چىقارمايدىغان مۇتەئەسسىپ، فېئوداللىق ئىدىيىسىگە بېرىلگەن ئەمەلىي پەشۋا بولدى.

يۇقىرىقىدەك سىپا ۋە ئۆلىمالارنىڭ قىزلىرىدىن يېتىشىپ چىققان ئايشە خانىم، سىنبانو خانىم، تۇرانەم سەلەي، سەيدى خانىم، نۇرنىسا قادىر، بەختەم ھېكىمۇپ، خەلچەم تۇردى، سائادەت ئەخمەت، مەرەمنىسا خانىم، چىنتەش خانىم، ئىززەت ئالماس... لار 30 - يىللاردا يېتىشىپ چىققان قابىلىيەتلىك مۇئەللىمەلەر ئىدى.

ئېلى ھاكىم ۋە ئابلا ھاكىم دەۋرىدە يەرلىك بەگ، شاڭيۇ، ..... لارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ۋە ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش ۋەكىللىرى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارغا يېقىندىن مالىشىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇغۇچى چاقىرىش، مۇلۇك تولۇقلاش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرەتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ يەرلىك بەگ، شاڭيۇ ئەمەلدارلارنىڭ خەت - چەكلىرىنى يېزىپ بېرىشكە ياردەملىشەتتى. شۇڭا ئۇلار[2] يۇرت ئىچىدە «ئەپەندىم» دەپ چىرايلىق ئاتىلاتتى.

يېزىلاردا ئېچىلغان مەكتەپ ۋەكىللىرى ئىچىدە



جامەدىن ھادىل شاڭيۇ، سالى ھاجىم، تاغلاق (تاغ بولاق) تىن مۇسابەگ، چوداردىن قاسىم ھاجىم، ئەلاھاجىم، ئىمىن بەگ؛ ئىشلەنچىدىن داۋۇت مۇتەۋەللە ئاخۇنۇم؛ قويچىدىن توختىياز بەگ، قىزىلدىن ئىمەر شاڭيۇ، ئاجىرىقتىن ئابدۇراخمان ھاجىم، بوزدۆڭدىن تويۇق ئىمام، بوربودۇي ئېيسا مىراپلار ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك شەخسىيلەر ئىدى. 1941 - يىلىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بوغالتىرى مەخمۇد مولليوپ ئاكىسىنىڭ ئېيتىشىچە، چودارىدىكى ئەلا ھاجىم (ئەلابەگ) ئۇيۇشمىغا زاكات بېرىشتە ئەڭ ئاكتىپ ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن 20 دىن 30 غىچە قوينى تاللاپ، زاكاتقا بېرىپ، ئاندىن باشقىلارنى زاكات بېرىشكە دەۋەت قىلاتتى.

ئېلى ھاكىم، ئابلا ھاكىم دەۋرلىرىدە يۇقىرىدىن مەكتەپ خىراجىتى بېرىلگەنىدى. مەسىلەن: 1937 - يىلى ئۆلكىلىك مەركىزىي ئۇيۇشمىدىن 14 مىليون دوللار بۆلۈپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ پۇل بىلەن جام ۋە دۆڭ مەھەللە مەكتەپلىرى رېمونت قىلىنغانىدى. شەھەردىكى مەكتەپلەرنىڭ سانى كۆپىيىش بىلەن سىنىپ سانى 19 غا، ئوقۇغۇچىسى 760 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچىسى — 30 غا كۆپەيگەنىدى.

## ئابدۇخالىق دامولام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم باغۋەن لوتپىيە ئىسھاقوۋا 10 بالىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يارامىلىق ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىكى تۆھپىسى بىلەن تونۇلغان شەرەپلىك ئانا.

ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىلشات مالىك «مەملىكەتلىك ئالا-چىپار سىيرلارنىڭ نەسلىنى يېتىشتۈرۈش ئىلغار خىزمەتچىسى» بولۇپ باھالىنىپ، ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى. بۇ — ئۆز ئائىلىسى جۈملىدىن پۈتۈن مىللىتىمىز ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن يەنە بىر شەرەپ.

تەجرىبىلىك، ئىخلاسكار باغۋەن ئۆز بېغىدىن يېڭى بىر مېۋە سورتىنى يېتىشتۈرۈپ، كىشىلەرنى ھوزۇرلاندۇرۇشنى ئۆزى ئۈچۈن بەخت ھېس قىلغىنىدەك، ئاتا-ئانىلارمۇ بالىلىرىدىن ئەل كۆڭلىدىكى بىرەر ياخشى پەرزەنت چىقسا، كۆڭلى سۆيۈنۈپ پەرزەنتىنى قاتارغا قوشۇش جەريانىدىكى قۇرىغان كۈچ-قۇۋۋەتلىرى شۇ ھامان تولۇقلىنىپ، ئۆزىگە يېڭىدىن بىر كۈچ قوشۇلغاندەك ھېس قىلىدۇ. «بالا چوڭ قىلىپ، ھاردۇغۇم چىقتى» دېگەن ئەنە شۇ.

ياراملىق ئەۋلاد قالدۇرۇپ ھۆرمەت سورۇنلىرىدا قەدىرلىنىۋاتقان لۇتپىيە ئىسھاقوۋانىڭ مائارىپ ئۈچۈن سىڭدۈرگەن قىممەتلىك مېھنەت ئەجرىنى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرلىرى يېڭى يېزىقچە، كونا يېزىقچە گېزىتلىرىنىڭ بەتلىرىدە سۈرىتى بىلەن ئېلان قىلدى.

ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ مائارىپ تەزكىرىسىنى يېزىشقا قول سېلىپ 1940-يىللارغا كەلگىنىمدە، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خۇددى 11-ئايدىكى ئۈششۈك ھەرىلەرگە ئايلىنىپ، جان تالىشىۋاتقان دەۋرگە توغرا كەلدىم. ئەنە شۇ زۇلمەت ئىلكىدىكى ئاقسۇ كونىشەھەر مۇھىتىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا بىر ئۈمىدۋار چىراغ يېنىپ تۇردى. بۇ چىراغنى ياندۇرغۇچىلار لۇتپىيە ئىسھاقوۋا ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئىلھامجان ئەيسايۇپ، ئانىسى تۇرسۇنخان ئابدۇخالىقوۋا



ئىدى. لۇتپىيەنىڭ ياشلىق دەۋرلىرى، دادىسى ۋە ئانىسىنىڭ قىرانلىق دەۋرىدىكى ئەقىل-قۇۋۋىتى ئىلىم-مەرىپەت چىرىغىغا ماي بولۇپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ئىلھامجان، تۇرسۇنخانلار مائارىپ قوشۇنىغا 1933-يىلى كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار 1943-يىلى ئاقسۇ كوناشەھەرگە كەلگەنگە قەدەر تۇرپان، ئۈرۈمچى، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئىشلەپ نۇرغۇنلىغان ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرگەنىدى.

لۇتپىيە ئىسھاقوۋا 1942-يىلى ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ، ساۋاقداشلىرى مورشىدە ۋەلىيېۋا، ئايشە ساپىيېۋا ۋە شەمشىقەمەر قاتارلىق ئۆزبېك، تاتار قىزلىرى بىلەن جەنۇبقا تەقسىم قىلىنغان. مانا بۇلار جەنۇبقا تەقسىم قىلىنغان تۇنجى قېتىملىق قىزلار ئىدى. لۇتپىيە بولسا پېشقەدەم پېداگوك ۋە ئەدىب ئابدۇللا تالىپنىڭ «قايىنام ئۆركىشى» ناملىق بىئوگرافىك رومانىنىڭ 7-بابىدىكى «قوشئاۋاتتا قوش پەرى» نىڭ، يەنى —

(«قوش ئاۋاتتا قوش پەرى،
قىلىشمايدۇ ھېچبىرى.
ئىككىلىسى گۈزەل ئاي،
ئايدىن گۈزەل تەسۋىرى»! نىڭ بىرسىنىڭ
بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

لوتپىيە ئىسھاقوۋا ئاقسۇ كونىشەھەرگە كەلگەندە دادىسى «توران سادىقىيە» دە ئوقۇتقۇچى، ئانىسى تۇرسۇنخان قىزلار مەكتىپى «نىيازىيە» دە مۇدىر ئىدى. تۇرسۇنخان «مەكتىپى نىيازىيە» نىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى

قاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مەدەنىي ھايات يەنىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. ئوقۇغۇچىلار پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق دورا شىركىتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم سائادەت سۇلتانوۋا مۇنداق ئەسلەيدۇ: «ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ فورمىسى بويىچە ئاق كوپتا، قارا يوپكا كىيەتتۇق. كەمبەغەل قىزلارغا مەكتەپتىن تىككۈزۈپ بېرەتتى. كوچىلارغىمۇ مەكتەپ فورمىسىدىكى كىيىم بىلەن چىقاتتۇق، يۈرۈش تۇرۇشىمىز ناھايىتى رەتلىك ئىدى. ئوقۇتۇش سۈپىتى چىڭ تۇتۇلاتتى. ئىمتىھان نەتىجىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئالدىدا ئېلان قىلىناتتى. ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارغا بىر كىيىملىك رەخت، بېرىم توپ قېرىنداش، بېرىم توپ دەپتەر مۇكاپات بېرىلەتتى. مەنىمۇ شۇنداق مۇكاپاتلاردىن بەھرىمەن بولغان. بۇ ئىقتىسادىي ياردەم ئىقتىسادلىق كىشىلەرنىڭ ئاياللىرى ئىئانە قىلىش ئارقىلىق يىغىلاتتى. دەرستىن كېيىن تەنتەربىيە، سەنئەت، شېئىر ئوقۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق مەدەنىي تۇرمۇش ناھايىتى جانلانغانىدى».

تۇرسۇنخان ئابدۇخالىقوۋا باشلانغۇچ مەكتەپتىن سائادەت سۇلتانوۋا، ئېلىخان توختى، ھاۋا ھاشىم، پاتەم ئەكرەمى قاتارلىق ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا تولۇقلاپ بەردى. بۇ قىزلار مىتوت، كەسىپ جەھەتلەردىن ھېچقانداق تەمىرەپ قالماي ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىققانىدى.

بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى ئوقۇتۇشقا سەرپ قىلغان تۇرسۇنخان ۋە ئىلھامجانلار مەدەنىي ئۆلىمالار ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. تۇرسۇنخان ئاپپاينىڭ دادىسى ئابدۇ-



خالىق داموللا بۇخارا مەدرىسى ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئەرەبچە، پارسچە تىل، ئىسلام تارىخى ۋە تىببىي ئىلىم ئۆگىنىپ، 1901 - يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۇ، ئۈرۈمچىدە تۇرغۇنلىغان ياشلارغا، تىبابەتچىلىك ۋە پەننىي، دىنىي جەھەتلەردىن دەرس ئۆتكەن. شۇ قاتاردا ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرى: نۇرۇدۇن، شەمسىدىن، بەدرىدىن، تۇرسۇنخانلارغا دەرس ئۆتكەن. بۇ پەرزەنتلەر شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى زىيالىيلىرىدىن ئىدى. چوڭ ئوغلى نۇرۇدۇن ئابدۇخالىقى ئۈرۈمچى، ئالتاي مائارىپىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان بىرىدىنبىر شەخسىيدۇر. شەمسىدىن يەرلىك مال شىركىتىدە بېرىم ئەسىردىن كۆپرەك پىرىيومچىلىق كەسپىنى ئىشلىگەن. بەدرىدىن ئۈرۈمچى، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچى، گېزىتخانىدا تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. ئىلھامجاننىڭ دادىسى ئىسھاقجان ھاجى 1905 - يىلى تاشكەنتتىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مەدەنىي ئۆلىما بولۇپ، ئۇ ئوغلى ئىلھامجاننى شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق زىيالىيسى ئەيسا زەيتۇللادا ئوقۇتقان. ئىلھامجان رۇسچە، تاتارچە تىللارنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن...

تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ مائارىپىدا ئەنە شۇنداق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئىلىم - پەننى مىراس قالدۇرىدىغان پاساھەت ئىگىلىرى خىزمەت قىلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى لۇتپىيە ئىسھاقوۋا — چوڭ بوۋىسى ئابدۇخالىق داموللامنىڭ ئىلىم - پەننى مىراس قالدۇرۇش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلىم - پەن پەرۋانىلىرىنى نەچچە ھەسسىلەپ ئۇلغايتىپ باردى.

شايۇپ قارى ھاجىم 1890 - يىلى ئاقسۇ كوناشەھەر ئەشمە بۇلاق بېشىدا تۇغۇلغان. دادىسى ئابدۇساتتار ھاجىم ئەنجانلىق ئۆزبېك ئىدى. ئۇ چوڭ ئۆلىما، دىنىي زات بولۇپلا قالماي، موسكۋا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغان تەرەققىيپەرۋەر، مەدەنىي سودىگەر ئىدى. ئابدۇساتتار ھاجىم ئاقسۇ كوناشەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، بوز دۆڭلۈك چارۋىدار كېرەم ھاجىمنىڭ قىزى ئاتىكىخانغا ئۆيلەنگەن. دېمەك شايۇپ قارى ھاجىمنىڭ ئانىسى ئۇيغۇر ئىدى. ئابدۇساتتار ھاجىم سودىگەرچىلىكتە تېز بېيىغاندىن كېيىن ھازىرقى ئاقبۇلاق چارۋىچىلىق فېرمىسىغا قاراشلىق بولغان نۇرغۇن كۆزلەك ۋە يايلاقلارنى سېتىۋالدى. بالىلىرىنى ھەج تاۋاپ قىلدۇرۇپ شەرقتىكى چوڭ شەھەرلەرنى زىيارەت قىلدۇردى. ئۇ سودىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن رۇسلار بىلەن بىرلىشىپ ئاقسۇ كوناشەھەر بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى جۇجاڭ دېگەن يەردە كەڭرى باغ، ئامبار، ياتاق - ئىشخانىلاردىن تەركىب تاپقان بىر شىركەت قۇردى. بۇ شىركەتنىڭ ئورنىدا ھازىر ئاقسۇ دۆلەت مۇداپىئە پولكىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ئورۇنلاشقان. شۇنداق بولسىمۇ بۇ جاينى نۇرغۇن كىشىلەر ئابدۇساتتار ھاجىمنىڭ ئوغلى شايۇپ قارى ھاجىمنىڭ نامى بىلەن «شايۇپ قارى ھاجىمنىڭ بېغى» دەپ ئاتايدۇ.

شايۇپ قارى ھاجىم ئاقسۇ كونىشەھەردە موللا ناسىر داموللامدا ئوقۇپ تەلىم ئالغانىدى. ئۇ، 1930 - يىللاردىكى خوجىنياز ھاجىم باشچىلىق قىلغان دېھقانلار ئىنقىلا-



بىنىڭ ئاكتىپ ھىمايىچىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ خوجىنياز ھاجىم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن قولغا ئېلىندى. ئاكىسى ئابلىمىت ھاجىم زىنداندا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ئاقسۇ كونىشەھەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇنجى رەئىسى ئىدى.

شايۇپ قارى ھاجىم 1941 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشتى ۋە ئىنقىلاب ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پۇل، چارۋىلارنى تەقدىم قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ ھەقىقىي قوللىغۇچىسى بولغانىدى. 1945 - يىلى ئاقسۇغا كېلىپ مۇئاۋىن ۋالىي بولغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن تاغلاق (تاغ بۇلاق) چارۋىچىلىق فېرمىسىغا مۇئاۋىن چاڭجاڭ، ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەزا قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

شايۇپ قارى ھاجىم پارتىيىگە سادىق بولۇپ، سوتسىيالىزمنى ئاكتىپ ھىمايە قىلغانىدى. ئەپسۇسكى 1966 - يىلى قوزغالغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر»، «ئەكسىلئىنقىلابچى»... دېگەندەك قالپاقلار ئاستىدا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن دەھشەتلىك ئازابلارنى بېشىدىن كەچۈردى. 1975 - يىلى كۆيۈپ كېتىپ، ساقىيالماي كۇچاغا بېرىپ، ئوغلى ئابدۇساتتار قارىنىڭ يېنىدا ۋاپات بولدى.

شايۇپ قارى ھاجىم رەھىمدىل، دىيانەتلىك، كەڭ قورساق زات ئىدى. ئۇ، «مەكتىپى شەپقەت» ناملىق دارىلتامنى قۇرۇشقا شارائىت ياراتقان ۋە مەبلەغ سالغان. كىشىلەر بۇ زاتنى بىردەك شەپقەتلىك، رەھىمدىل ئاتىلار قاتارىدا ھېسابلايدۇ ھەم ئىنقىلابىي تەشكىلاتچى، خەلق

ئىنقىلابىنىڭ مەدەتكارى ۋە باشلامچىلىرى قاتارىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

## «تۇران سادىقىيە»

ناھىيە بازىرى ئىچى مىسكەر بازىرىدىكى مەكتەپ (ھازىرقى سانائەت - قاتناش ئىدارىسى ئورنىدا) «تۇران سادىقىيە» دەپ ئاتىلاتتى. «تۇران» دېگەن ئاتالغۇ - قەدىمكى زامان تۈركلىرىنىڭ ئومۇمىي ماكانىنىڭ ئاتالمىسىدۇر.

«تۇران سادىقىيە» نى تەمىر قىلغۇچى سادىق ئاخۇنۇم 1896 - يىلى قەشقەر شەھىرى قازانچى ياربېشى مەھەللىسىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دادىسى ھېكىم ھاجىم سەمەرقەنتلىك ئۆزبېك بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى. سادىق ئاخۇنۇم كىچىك ۋاقتىدا قەشقەر خانلىق مەدرىسى «ساچىيە» دە ئوبۇلقاسىم قازى ئاخۇنۇمدىن تەلىم ئېلىپ، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇچتۇرپانغا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىگۋارچىلىق قىلىپ، ئالمۇئاتا، فرونزى، پۆشكەك (پرژېۋالىسكى) ۋە سەمەرقەند ئەتراپىدا سودىگەرچىلىك قىلغان. كېيىن قەشقەردىكى ئاخۇنبايوپ (خەلقئارالىق سودىگەر) نىڭ تەكلىپى بىلەن ئاقسۇدا تىجارەت ئورنى قۇرۇپ، 1930 - يىللىرى ئاقسۇ كوناشەھەردە يۇڭ، تېرە پرىيوم قىلىش زاۋۇتى قۇرغان. سوۋېتكە خام مال چىقىرىپ، سانائەت ماللىرىنى كىرگۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى



قامدىغانىدى. چەتنىڭ ئىلغار ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن سادىق ئاخۇنۇم، 1935 - يىلى ئاقسۇغا ھاكىم بولغان. كىشىلەر بولسا «سادارىن» دەپ ئاتايتتى. سادىق ئاخۇنۇم ھاكىم بولغاندىن كېيىن، ئاقسۇدا ئىككى سىنىپلىق «مەكتەپى سادىقىيە» نى (ھازىرقى خۇيزۇلار مەسچىتى ئورنىدا) ۋە ئاقسۇ كوناشەھەردە ئاستى - ئۈستى تاختايلىق بەش سىنىپلىق «تۇران سادىقىيە» نى تەمىر قىلغان. بۇ مەكتەپلەرنىڭ بارلىق قۇرۇلۇش راسخوتى ۋە بارلىق ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ چىقىمىنى سادىق ئاخۇنۇم ئۆزى قىلغان، ھازىرقى پۇل ھېسابىدا 100 مىڭ سومغا توغرا كېلەتتى.

خەلق مائارىپى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان سادىق ئاخۇنۇم، 1940 - يىلى ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلە قىلىندى.

سادىق ئاخۇنۇم شۇ دەۋرلەردە باللىرىدىن:

نەمتۇللا ھېكىموف، ئوبۇلقاسىم ھېكىموف، ئابلېكىم ھېكىموف، بەختىخان ھېكىموف قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايانچىلىرىغا ئايلاندۇرغانىدى. بۇلار ھازىرغىچە جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى، مائارىپنىڭ گۈللىنىشىدە ئەقىل - پاراسەتلىرىنى تولۇق سەرپ قىلىپ كەلدى.

«تۇران سادىقىيە» نىڭ دەسلەپكى مۇدىرى — قەشقەرلىك ئىمىن قارى ئەخمىدى (1937 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى)، ئوقۇتقۇچىلىرى — سادىق ئانۇنۇمنىڭ ئوغلى ئوبۇلقاسىم ھېكىموف (ھازىر ئاقسۇ ۋىلا-

يەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكوم مەكتىپىدە)، ئوبۇلقاسىم ئابدىقوپۇر مۇبارەكشا (ئولىياروپ)، قاسىم كېرىمى ئىدى.

## نىياز دوتەي ۋە «مەكتەپى نىيازىيە»

1935 - يىلى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئەشمىبۇلاق يېنىدىكى ھازىرقى مائارىپ ئىدارىسى ئورنىدا قىزلار مەكتىپى («مەكتەپى نىيازىيە») تەمىر قىلىندى. قىزلار مەكتىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى — خوتۇن - قىزلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئەركىنلىكىگە ۋە جەمئىيەتكە يۈزلىنىشىگە ئىمكانىيەت ياراتتى. مەكتەپنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا رول ئوينىغۇچىلار: ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق نىياز دوتەي (يەنى ۋالىي)، سوپى زادە (مەمتىمىن قارى ھاجىم)، موسا داموللام قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. مەكتەپكە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى نىياز ھېيزۇللا شېرىپنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن «مەكتەپى نىيازىيە» دەپ نام بېرىلدى.

نىياز دوتەي ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، 1894 - يىلى تۇرپانغا قاراشلىق ئاستانە يېزىسىدا تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىما ئائىلىدە تۇغۇلغان. كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە پەننىي بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى شېرىپ ئۆز زامانىسىدا قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەر ھاكىمى زوردۇن ھېكىمبەگ (زوردۇن ھېكىمبەگ تۇرپانلىق بولۇپ، 1830 - يىللىرى قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئىدى) كۆيئوغۇل قىلىۋالغان، نىياز شېرىپنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا ۋە نەۋ-



رىسى ھېيزۇللا قاتارلىقلارمۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ، جامائەت ئىچىدە تونۇلغان. نىياز ھېيزۇللا (شېرىپى) بوۋىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، مەرىپەت ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكتە تۇرپاندا ئالاھىدە ئابروي ۋە نوپۇزغا ئىگە بولدى. ئۇ ئاستانىدا يېڭى پوسۇندىكى ياۋروپاچە ئۆي - ئىمارەتلىرىنى سالدۇرۇپ، كىشىلەرنى مەدەنىي ھاياتقا يۈزلەندۈرگەنىدى.

نىياز شېرىپى 1930 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى بولۇپ، تۇەنجاڭلىققا كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇ جەريانىدا ئۇ مىللەتنىڭ روناق تېپىشىدا ئىلىم - پەننىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز بالىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ ۋە قېيىن ئىنىسى ئابلىز شېرىپلەرنى ئۆز تەشەببۇسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىش بىلەن يەنە ئاستانىلىق ياشلاردىن ئەيسانىياز، ئىسمايىل ھېيزۇللايوپ، ئابدۇقادىر ھەسەن، ئابلىمىت مەخسۇتوپ، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللا، ئابلا ھوشۇرۇپ، ئابدۇۋايىت ۋاجىدى، ھەسەن كېرىم قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ياشلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ «ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى» دا ئوقۇشىنى قوللاپ، قىزغىنلىق كۆرسەتكەن. چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ تاشكەندە ئوقۇۋاتقاندا ۋاپات بولغان. قېيىن ئىنىسى ئابلىز شېرىپى ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىغا باشلىق بولۇپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ۋاپات بولغان، شۇ دەۋردە بىر قانچىلىغان ھەر مىللەت ياشلىرىنى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇشقا تەشەببۇسچىلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ بىرى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان ئەيسا يوسۇپ بولۇپ، ئۇ ئاقسۇ مائارىپى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان.

شېڭ دوبەن ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭدا، بىرلا ئاستانە يېزىسىدىن 30 دىن ئارتۇق ياشلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىشى، شۇ دەۋردىلا ئەمەس، ھازىرقى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئالاھىدە ئىشتۇر.

نىياز شىرىپى ئاقسۇدا دوتەي بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە كۈندۈزى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن بولغان بولسا، كېچىسى تاڭ ئاتقىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن ھەر خىل گېزىت، ژۇرناللارنى... ئوقۇپ ئىچكى ئەھۋال ۋە ئېقىم مەسىلىلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان. ئۇ باللىرىنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشىنى خەۋپ دەپ بىلگەچكە، ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ باللىرىنى دوتەي يامۇل ئىچىدە سىنىپ ئېچىپ ئوقۇتقان. بۇ باشلانغۇچ سىنىپ، 1934 - يىلى قۇرۇلغان تۇنجى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئاساسى ئىدى. شۇ يىللىرى ئاقسۇ ۋىلايەت دائىرىسىدە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىشىنى نىياز دوتەيدەك بىر كۈچلۈك يۆلەنچۈكنىڭ بولغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

نىياز دوتەي 1934 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە ئاقسۇدا تۇرغان مەزگىللەردە، ئاتاقلىق مەرىپەتچى شائىر ناتىق سوپى زادە (مەتمەمىن قارى ھاجىم) نى تەكلىپ



قىلىپ، ئاقسۇ كونىشەھەردىكى قىزلار مەكتىپى قاتارلىق بىرقانچە مەكتەپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە مەدەت بەردى ۋە شۇ يىللاردا ئاقسۇدا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان بىر خەنزۇ بالىنى بېقىۋېلىپ، ئۆز باللىرى قاتارىدا ئوقۇتتى. بۇ بالىغا «ئابلاجان» دەپ ئىسىم قويدى. ئابلاجان ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىدە ئىشلەيدۇ. ئابلاجان تا ھازىرغىچە نىياز دوتەينىڭ باللىرى بىلەن ئۆزئارا بىر تۇغقانلاردەك مۇئامىلە قىلىشىپ تۇرۇشىدۇ.

1937 - يىلى شېڭ دوبەن ئۇقتۇرۇش قىلىپ، نىياز دوتەينى تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇللۇققا بەلگىلىدى. نىياز دوتەي ئاقسۇدىكى ۋەزىپىسىنى سالى دوتەيگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تاشكەنتكە باردى. ئۇ باللىرىنى تاشكەنتتە رۇسچە ئوقۇتتى. شېڭ دوبەننىڭ نىقاب ئاستىدىكى ساختا قىياپىتى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، نىياز دوتەينى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، چۆچەك چېگرىسىدىن ئۆتكەندە قولغا ئالدى. باللىرى بولسا، دادىسىنىڭ قىسمەتلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى.... باللىرى «خائىن» نىڭ باللىرى دېيىلىپ (خۇددى «ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ۋە رەھبەرلەرنىڭ باللىرى «جىن - شەيتان» لارنىڭ باللىرى دەپ چەتكە قېقىلغاندەك) چەتكە قېقىلىپ، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. نىياز دوتەي، خوجىنىياز ھاجىم، ماخمۇت مۇھىتى (سىجاڭ)... لار بىلەن بىر ئېقىمدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شېڭ دوبەن خوجىنىياز ھاجىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، نىياز دوتەينىڭ ئەۋلادلىرى ۋە مەرىپەتپەرۋەر قېرىنداشلىرى، بۇرادەرلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تۇر-

پاندىكى تۇغقانلىرى ۋە پىكىرداشلىرىدىن: ئەخمەت شىرىپى، ئابلىز شىرىپى، ئىمىن تاجى، ئابدۇراخمان ئەپەندى قاتارلىقلارنى تۇرمىگە ئېلىپ قىيناپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئۆيلىرى ۋە يېڭىدىن سالدۇرغان مەكتەپلىرى ئىنقىلابچىلارنى، مەرىپەتپەرۋەرلەرنى جازالايدىغان گۈندىخانا ۋە جازا مەيدانىغا ئايلاندۇرۇلدى.

شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنلا نىياز دوتەينىڭ ھايات قالغان باللىرى، قېرىنداش، پىكىرداشلىرى مەرھۇمنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلدى.

نىياز دوتەينىڭ چوڭچەك چېگرىسىدا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قانداق قىسمەتلەرگە يولۇققانلىقى توغرىسىدا، مەرھۇمنىڭ ئوغلى ئابدۇرشىت شىرىپى 1958 - يىلى ئۈرۈمچى غەربىي تاغدا ئەسەدۇللا ھەبزى (ئەسەدۇللا ھەبزى ئۆزبېك، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ، 1962 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن) بىلەن تۆمۈر رۇدىسىنى كولاۋېتىپ قىلىشقان سۆھبەتلىرىدە تۆۋەندىكى مەلۇماتقا ئىگە بولدى. بۇ سۆھبەتنىڭ جەريانىغا قاراپ باقايلى.

— ئابدۇرشىت، سەن قەيەرلىك؟

— تۇرپان ئاستانىدىن.

— كىمنىڭ ئوغلى؟

— نىياز ئاخۇننىڭ.

— داداڭ بۇرۇن خىزمەت قىلغانمۇ؟

— ھەئە، بۇرۇن ئاقسۇغا دوتەي بولغان. تاشكەنتتە كونسۇلمۇ بولغان. نېمانچە سورايسىز؟



— سېنى داداڭغا ئوخشىتىپ سوراپ كۆردۈم.

— ئەسەدۇللا ئاكا، سىز دادامنى تونۇمسىز؟!

— ھەئە، داداڭ بىلەن بىر كامېردا ياتقانىدىم. ئىككىمىزدىن باشقا يەنە بىر خەنزۇ، بىر شىۋە بار ئىدى. داداڭ ئۈچ قېتىم ئېغىر سوراقتىن كېيىن سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، سىيەلمەي ئاۋارىچىلىق تارتتى. ئېغىر قىيىن - قىستاقلار ئەنە شۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان بولسا كېرەك. كېيىن باشقا كامېرغا يۆتكىۋەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي داداڭنىڭ ئەدىيال، يوتقان، كۆرپىلىرىنىڭ تالادا يېيىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۈق. ئورۇن - كېچەكلەرنىڭ تالاغا يېيىلىپ قېلىشى مەھبۇسنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى...

نىياز دوتەينىڭ ئۆلۈمى ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك بولدى. دادىسىنىڭ چوڭچەكتىن كەتكەندىن كېيىنكى تەقدىرىنى 21 يىلدىن كېيىن بىلىشكە ئۈلگۈرگەن ئابدۇرشىت نىيازى، (شىرىپى) ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىدە ئىشلەيدۇ.

نىياز شىرىپى نامى بىلەن ئاتالغان ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپى بارلىققا كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆزبېك ئۆلىماسى ۋە خەتتات مۇساداموللام ئۈستىگە ئالدى. شۇ دەۋرلەردە، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلاردىن ئايشە خانىم، نۇرنىسا قادىر، خەلچەم ئاقمۇللا، ئايىمنىسا ئابلىمىت ھاجىم، نۇرانەم سەلەي، بەختىخان سادىق، چىنتەشخان قادىر ھاجىم، خەيرىنىسا مەمتاجىم، سائادەت سۇلتانىۋا، خەلچەم ئەمەت، پاتەم ئەكرەم، ھېنىپەم ئابدۇللا، ئېلىخان توختى... قاتارلىقلار ئوقۇپ يېتىلىپ، ئاقسۇ كونـ

ھەشەردە مۇئەللىمەلەر قوشۇنى ئۇلغىيىپ باردى. كېيىن تەجرىبىلىك ۋە ئىقتىدارلىق تورسۇنخان (ئۆزبېك) ئاپپايلار داموللامىنىڭ مېھنىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مەرھۇمنىڭ (نىياز دوتەيىنىڭ) روھىنى شادلاندۇردى.

## مەرىپەتپەرۋەر — ماكىتباي

ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەڭرىتاغ ئېتىكىدە ياشىغۇچى قىرغىزلار ئۆشرە، زاكاتنى ئۈچتۇرپان قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇراتتى. نەتىجىدە، قىرغىز مەكتىپى قۇرۇلماي قالغانىدى. مەكتەپ بولمىغاچقا بىر بۆلۈك قىرغىزلار بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن مۇزات دەرياسىدىن ئۆتۈپ، باي ناھىيىسىنىڭ مۇزات دەرياسى بويىدىكى قاراباغ تاغلىق كەنتىدىكى قىرغىز مەكتىپى بار جايغا كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا ماكىتباي كېيىنكى بىر ئەۋلاد قىرغىزلارنىڭ پەنگە بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەكتەپ قۇرۇشقا جۈرئەت قىلدى.

ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقىنى ھەل قىلىش يولىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ماكىتباي، 1890 - يىلى سوۋېت قىرغىزىستانىنىڭ كۆل دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1918 - يىلى تاغلاق (تاغبۇلاق) قا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. ماكىتباي ساۋاتسىز بولسىمۇ، مەرىپەت ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدىغان سەزگۈر ئادەم ئىدى. ئۇ 1934 - يىلى تاغلاق (تاغبۇلاق) تا مەرىپەتنى سۆيگۈچى، ئىلىم - پەننى قەدىرلىگۈچى قىرغىزلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەكتەپ



سېلىشقا تەييارلىق قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن تۆمۈرچوقىغا باغرىدىكى بوزدۆڭدىن ساۋاپچىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنى تىزىملاپ چىقتى، ماكىتباي مىللەتلەرنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئىلىم - پەنگە تايىنىشنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مائارىپقا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى. مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزى ئالدى بىلەن 30 قوي ۋە بىر بۆلۈك پۇل چىقىرىپ، كىشىلەرنى ئىئانە توپلاشقا تەشەببۇس قىلدى. نەتىجىدە ماكىتباينىڭ باشلامچىلىقى، خەلقنىڭ قىزغىنلىقى ئۆز ئارا ماسلىشىپ، 1936 - يىلى تاغلاق (تاغ بۇلاق) تا ئاستى - ئۈستى تاختايلىق، تۆت سىنىپلىق زامانىۋى تۇنجى ياتاقلىق قىرغىزلار مەكتىپىنى پۈتتۈردى. شۇ يىلى 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئوقۇتقۇچىلىققا ئاخچىدىن مۆمىن ئەپەندى، ئابدۇسالام قاتارلىق قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلدى. تاتار زىيالىيسى شاۋلىمۇ شۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغانىدى. ئالىي ھەسەن، نىياز قارى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى قىرغىزچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى) ...... قاتارلىقلار ياتاقلىق مەكتەپنىڭ تۇنجى ئوقۇغۇچىسى ئىدى.

ماكىتباي ئۈچتۇرپان قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇلغان ئۆشرە، زاكاتلارنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، تۇرمۇش ۋە ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇپ، تۇنجى ئەۋلاد قىرغىز زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈردى.

ئاھالىلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ياتاقلىق مەكتەپنىڭ زۆرۈرلۈكى-

نى بىز ئەمدى ھېس قىلىۋاتقان بولساق، ماكتىباي بۇ ئۈنۈملۈك چارىنى بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردى.

ماكتىباي 1939 ـ يىلى بوزدۆڭگە شاڭيۇ بولۇپ بارغاندىن كېيىن، بوزدۆڭدىمۇ مەكتەپ قۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ باللار ۋە ياشلارغا ئوقۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى. ماكتىباي باشچىلىقىدا تەمىر قىلىنغان تاغلاق (تاغبۇلاق) ياتاقلىق مەكتىپى، بوزدۆڭ ياتاقلىق مەكتىپى قىرغىزلار مائارىپىنىڭ مۇقەددەس بۆشۈكى بولدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ 50 يىلدىن بۇيان يېتىشتۈرگەن زىيالىيلىرى پايتەختىمىز بېيجىڭدىن، تاكى ئاساسىي قاتلاملارغىچە يىلتىز تارتىپ، بارغانسېرى ئۈزۈلمەس ئېقىمغا ئايلانماقتا.



# لوپ ناھىيىسى مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

(لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى)

لوپ خوتەن رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ناھىيە بولۇپ، ئەسلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بىر رايونى ئىدى. 1903 ـ يىلى ئايرىم ناھىيە بولۇپ ئايرىلغان. لوپ غەرب تەرەپتە خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسىنىڭ بوزاق، لاسكۇي يېزىلىرى؛ جەنۇب تەرەپتە خوتەن ناھىيىسىنىڭ بويا، چىرا ناھىيىسىنىڭ ھاشا تاغلىرى بىلەن؛ شەرقتە چىرا ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا تەكلىماكان قۇملۇقلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

لوپنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تېرىلغۇ يېرى 428 مىڭ 700 مو. ھازىر ئىككى بازار 9 يېزا بولۇپ، 170 مىڭ نوپۇسى بار يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى.

بىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. ئەھۋالنى بىلىدىغان پېشقەدەم مائارىپچىلار ۋە ھەر ساھەدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇق. ھەر

خىل تىپتىكى سوۋېت يېغىنلىرىنى ئاچتۇق. تېپىلغان ماتېرىياللار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردۇق. ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەككە-يېگانە بولماستىن، بەلكى پۈتۈن خوتەن رايونىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شۇڭا بۇ خىل باغلىنىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ناھىيىمىزدە مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ تارىخىي ئەھۋالىنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويىمىز.

20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە بۇ بىر كەڭ زېمىندا كىچىك تىپتىكى زامانىۋى سانائەت كارخانىلىرى يوق بولمايلا قالماستىن، بەلكى بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەردىن باشقا يېڭى تىپتىكى بىرەر پەننىي مەكتەپمۇ يوق ئىدى.

1908 - يىلى چىرىك مەنچىڭ خاندانلىقى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن يېڭىپ بولمايدىغان ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولغاچقا، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ، يېڭى سىياسەت يولغا قويۇشقا ئەسلىدىكى ئىمتىھان تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ھەرخىل تىپتىكى پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، سودا ۋە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بىراق بۇ بىرمەزگىل خەلقنى ئالدايدىغان قۇرۇق گەپ بولۇپ، بۇ ئەينى زاماندا



خەلققە نىسبەتەن بىر خىل يېڭىلىق بولۇپ يىراق چېگرادىكى شىنجاڭ رايونىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىمىغان. شۇڭا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى 1908 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دوتۇڭنى مائارىپ تەپتىش ئەلچىسى سۈپىتىدە شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن. شۇيىلدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە تارىختا تۇنجى قېتىم ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك ئۆلگە كۆرسىتىش باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇش باشلىغان. بۇ مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئەسلى پەننىي مەكتەپ كۆرمىگەن، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ خەت ساۋادى چىققان. بىراق پەن - مەدەنىيەتتىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، بۇ مەكتەپتە 3 - 4 يىل ئوقۇش ئارقىلىق پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، شىنجاڭ رايونىدا مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا دەسلەپكى قەدەمدە مەلۇم ئىجابى رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە ئۈرۈمچىگە يېقىن ناھىيىلەردە، كېيىن پەيدىنپەي چەت ياقا ناھىيىلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن يېڭى تىپتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ ئايرىلغاندىن كېيىن، مەيلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى، مەيلى كېيىنكى شىمالىي مىلىتارىستلار ھاكىمىيىتى دەۋرلىرىدە بولمىسۇن شىنجاڭدا يېڭى تىپتىكى پەننىي مەكتەپلەر بولمىغاچقا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ھاكىمىيەت ئورگانلى-

رىغا ئىچكىرىدىن ئەمەلدار ۋە خىزمەتچى خادىملارنى ئە-
ۋەتىپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ مەزگىللەردە مەركىزىي
ھۆكۈمەتمۇ ھەر خىل ئىچكى - تاشقى كۆچلەرنىڭ بېسىمى
بىلەن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ-
نىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن، قاتناش قولايسىز بولغاچقا ئەۋەت-
مەكچى بولغان ئەمەلدارلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىمۇ تەس
ئىدى. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭغا چىققان ئەمەلدارلارنىڭ
ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋاق-
تىدا شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي باش ۋالىيسى بولغان
لەنكۈي، يۈەن داخۇا، ياڭ زېڭشىڭلارنىڭ قايسى بىرى
بولمىسۇن شىنجاڭدا مائارىپنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ
ئاڭ - سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز
دەپ قارىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكىرىدىن كەلگەن ئەمەلدارلار
قانچە كۆپەيسە، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورۇنلىرىنى دا-
ۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىمكان
قەدەر شىنجاڭدا مەكتەپ قۇرۇپ ئۆزلىرىگە سادىق، ئىشەنچ-
لىك كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەندە ئۆزلىرىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى
ئويلاپ، بۇ خىل يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇش قا-
رارىغا كەلگەن. لېكىن ھېيلىگەر ياڭ زېڭشىك ۋە كېيىنكى
جىڭشۇرېنلار بۇ خىلدىكى مەكتەپلەرنى مەلۇم دائىرىدە
چەكلەپ، ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان خادىملارنى تەر-
بىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، كەڭ دائىرىدە
راۋاجلاندۇرۇشقا يول قويماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتقان.
لېكىن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مائارىپنى يولغا قويۇپ، پەن-
مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا تەشنا بولۇپ



كەلگەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەكتەپ قۇ-
رۇش جىددىي ئارزۇسىنى توسۇپ قالالمىدى. ئۈرۈمچىدە
تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان يېڭى تىپتىكى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ
تەسىرى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيدى. جۈملىدىن ئۈرۈمچىگە
ئەڭ يىراق بولغان لوپمۇ بۇنىڭدىن خالى بولالمىدى.
مىنگونىڭ 4 - يىلى (يەنى مىلادىنىڭ 1915 - يىلى)
ناھىيىمىز لوپتا تارىختا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر بالىلىرى
خەنزۇچە تىل - يېزىقتا ئوقۇيدىغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشى-
دىكى بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ، بىر سىنىپقا 30 نەپەر
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، ئوقۇتقۇچىلىقتا ئۆلكىلىك دا-
رىلمۇئەللىمىندىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن جىڭ فا-
مىلىلىك كىشى تەيىنلەنگەن. قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار-
نى ناھىيە بازىرى ياكى بىرەر يېزىدىن قوبۇل قىلىش ئىم-
كانىيىتى بولماي، 30 ئوقۇغۇچىنى ھەرقايسى رايونلارغا ۋەزى-
پە قىلىپ چۈشۈرۈپ بەرگەن رايونلار كەمبەغەللەرنىڭ بالىلى-
رىنى پۇلغا سېتىپ ئېلىپ پۇلىنى ئاممىدىن يىغىپ بەر-
گەن. شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىر بالىنىڭ
يىللىق ھەققى 12 سەر كۈمۈش پۇلغا توختىتىلغان. ئو-
قۇش ۋاقتى تۆت يىل بولۇپ ھەر بالا ئۈچۈن 48 سەر
كۈمۈشنى ئاممىغا سېلىق سېلىپ يىغىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئا-
تا - ئانىلىرىغا بەرگەن. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلگەندىن
كېيىن تاماقنى ھۆكۈمەتتىن يېگەن. يىلىغا ئىككى قۇر كى-
يىم، قىشلىق ئوتۇن - كۆمۈر ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن. ئو-
قۇتقۇچىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىگە ھۆكۈمەتتىن 30
سەر كۈمۈش پۇل چىقىم قىلىنغان. مەكتەپ ئورنى دەسلەپتە
كونا ماي ئىسكىلاتىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ھازىرقى ماشىنىچى

كارخانىسىنىڭ ئورنىغا مەكتەپ سېلىپ يۆتكەپ كېلىنگەن.
مەكتەپتە ھەربىر ئوقۇغۇچىغا بىردىن پارتا - ئورۇندۇق، بىر
سىنىپقا بىردىن دوسكا تەييارلانغان. مەكتەپنىڭ بارلىق
چىقىمىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئايمۇ ئاي چىقىم قىلىپ
بەرگەن. دەرسلىك ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ دەرسلىك
كىتابلىرىنى كەلتۈرۈپ ئىشلەتكەن. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر
ئىپتىدائىي سىنىپلاردا خەنزۇچە تىل يېزىق، ھېساب، تەن
تەربىيە، دىنىي دەرس؛ رۇشدىي سىنىپلاردا دۆلەت تىلى،
ھېساب، كۇڭزى - مېڭزى تەلىماتلىرى، تەنتەربىيە،
شېئىر، رەسىم، دىنىي دەرس قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن.

ئۆلكىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاساسەن ناھىيىنىڭ ئامباللى-
رى مەكتەپنىڭ مۇپەتتىشلىك خىزمەتلىرىنى قوشۇمچە ئۆتى-
گەن. مەكتەپتە رەھبەرلىك گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ
مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرىنى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى بۇ
گۇرۇپپىغا قاتناشتۇرغان. بۇ گۇرۇپپا پەن - مائارىپ ھەق-
قىدە ئامىمىغا تەشۋىقات قىلىش، ئامىمىغا بالىلىرىنى مەك-
تەپكە بېرىپ ئوقۇتۇش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش، ھەم
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرى-
شىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. بىرىن-
چى تۈركۈمدە قوبۇل قىلىنغان ئوتتۇز ئوقۇغۇچى ئىلگىرى
پەننىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئەمما تۆت يىللىق
ئوقۇش جەريانىدا كۆپ سانلىقى خەنزۇچە سۆزلىشەلەيدى-
غان، خەنزۇچە كىتاب، خەت - ئالاقىلەرنى ئوقۇيالايدىغان
بولغان. 1918 - يىلى ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن،
ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ۋىلايەتتىكى خەنزۇچە مەكتەپكە بې-
رىپ ئىككى يىل داۋاملىق ئوقۇغان. قالغانلىرى ناھىيىدى-



كى ئورگانلارغا سىناق تەرىقىسىدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تەر-
جىمانلىق، يازغۇچىلىق قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

2 - قارار مىنگونىڭ 8 - يىلى (يەنى مىلادى
1919 - يىلى) باشلىنىپ، مىنگونىڭ 11 - يىلى (يەنى
1922 - يىلى) ئاخىرلاشقان. بۇ قاراردا لوپ خەنزۇ مەك-
تەپكە ئوتتۇز نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا يورۇڭقاشتا يەنە بىر مەكتەپ قۇرۇپ ئۇنىڭغا 30
نەپەر، تەۋەككۇلدە بىر مەكتەپ قۇرۇپ ئۇنىڭغا
20 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ
كېلىش مەنبەئەسى، مەكتەپلەرنىڭ خىراجەتلىرى بىرىنچى قا-
راردىكىگە ئوخشاش. ئۈچىنچى، تۆتىنچى قاراردا لوپ خەن-
زۇ مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا رايونلاردىن بىۋا-
سىتە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنماي، يورۇڭقاش، تەۋەككۇل
مەكتەپلىرىدىكى 50 بالىدىن 30 نى تاللاپ قوبۇل
قىلىنغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن
يىلىغا 12 سەردىن كۈمۈش پۇلنى خەلقتىن يىغىپ ئېلىپ ئا-
تا- ئانىلارغا بەرگەن. ئوقۇغۇچىلار ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن
ئوقۇغان. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قارارغا قوبۇل قىلىنغان ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ ئاساسى بىر قەدەر ياخشى بولغاچقا، لوپ
خەنزۇ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى يەنىمۇ ئۆسكەن.

يورۇڭقاشتا قۇرۇلغان خەنزۇچە مەكتەپكە دەسلەپتە
ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ كەلگەن مىياۋ
فامىلىلىك كىشى ئوقۇتقۇچى بولغان. كېيىن لوپ خەنزۇچە
مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇتقۇچى جىڭنى ۋىلايەتلىك خەنزۇ
مەكتەپكە يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن، مىياۋ لاۋشىنى لوپ
خەنزۇ مەكتەپكە يۆتكەپ كېلىپ، لوپ خەنزۇ مەكتىپىنى

بىرىنچى قاراردا پۈتتۈرگەن رەجەپ بەگنى يۇرۇڭقاش
خەنزۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتكەن. كېيىن رەجەپ
بەگ قايتىپ كېلىپ تۆمۈر بەگ، تۆمۈر بەگ قايتىپ كەل-
گەندە يەنە رەجەپ بەگ بارغان. رەجەپ بەگنى يۆتكەپ
كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا روزى بەگ بېرىپ بۇ
مەكتەپ ئەمەلدىن قالغانغا قەدەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

تەۋەككۇلدىكى خەنزۇچە مەكتەپ 1922 - يىلى كۈزدە
قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغا لوپ خەنزۇ مەكتەپتىن بىرىنچى
قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن مەتنىياز بەگ، قۇربان بەگ،
داۋۇت بەگلەر بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرسى بېرىپ مەك-
تەپ ئەمەلدىن قالغىچە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ھەر
قاراردىكى ئوقۇغۇچى سانى ئوخشاش بولغاچقا، ھەر مەك-
تەپتە بىر خەنزۇچە ئوقۇتقۇچى، بىردىن دەرس ئوقۇتقۇ-
چىسى بولۇپ ئىككى كىشى ئىشلىگەن. دىنىي دەرس كۈنى-
گە بىر سائەتتىن، خەنزۇچە دەرس تۆت - بەش سائەت
ئۆتۈلگەن.

ئىككىنچى قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ بىر قىسمى ۋىلايەتتىكى خەنزۇچە مەكتەپكە
ئوقۇشقا تاللاپ ئەۋەتىلگەن. قالغانلىرى ناھىيىدىكى ئو-
رۇنلارغا تەقسىم قىلىنىپ تەرجىمانلىق، يازغۇچىلىق خىز-
مەتلىرىنى ئىشلىگەن. نەتىجىسى تۆۋەن بولغان ئايرىم
ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىگە قايتىپ كەتكەن.

3 - قارار مىنگونىڭ 12 - يىلى (يەنى مىلادى
1923 - يىلى) باشلىنىپ، مىنگونىڭ 15 - يىلى (يەنى مى-
لادى 1926 - يىلى) ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئۈچىنچى قاراردا
لوپ خەنزۇ مەكتەپلەردىكى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار يۆتكىلىپ



كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى
پۈتتۈرۈپ كەلگەن ۋاڭ ۋىنپىڭ لوپ خەنزۇ مەكتەپكە ئو-
قۇتقۇچى بولغان. ئۇ يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، جاڭ
جىڭكەيلەر داۋاملىق ئوقۇتقۇچى بولغان.

يۇقىرىدىكى مەكتەپ تۈزۈمى، ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك،
ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىر تەرەپ قىلىش
ئەھۋالى يۇقىرىقى قارارغا ئوخشاش، بەزى ئوقۇغۇچىلار
رايونلارنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىلىرىگىمۇ قويۇلغان. بۇ قا-
راردا لوپ خەنزۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار
يۇرۇڭقاش تەۋەككۇل خەنزۇ مەكتەپلەردە تۆت يىل ئوقۇ-
غان ھەم ئاساسى ياخشى بولغاچقا، لوپ خەنزۇ مەكتەپ
(شۆ تاڭ) نىڭ ئوقۇش سۈپىتى ياخشى بولغان.

4 - قارار مىنگونىڭ 15 - يىلى (يەنى مىلادى 1927 -
يىلى) باشلىنىپ، مىنگونىڭ 20 - يىلى (يەنى مىلادى 1931 -
يىلى) ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا تارقاپ كەتكەن.
بۇ قاراردا لوپ خەنزۇچە مەكتەپكە يۇرۇڭقاش، تەۋەككۇل
خەنزۇ مەكتەپتىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن
30 نەپەرنى تاللاپ قوبۇل قىلغان. ئوخشاشلا يۇرۇڭقاش
مەكتەپنىڭ 3 - قارارغا 30 نەپەر، تەۋەككۇل خەنزۇچە
مەكتەپكە 20 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. بۇ قارار-
دىكى مەكتەپ ئەھۋالى باشتىكى قارارلارغا ئوخشاش بو-
لۇپ، ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ-
نىڭ بىرى يۇقىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە
ئىلگىرىدىكى قارارلاردىكىگە ئوخشاش ھەر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن
يىلدا 12 سەر كۈمۈش پۇل يىغىپ بەرمەستىن، ئاشلىقنى
ئۆلچەم قىلىپ ھەر بىر بالىنىڭ يىللىقى ئۈچۈن ئاتا -

ئانىسىغا 60 چارەكتىن 80 چارەككىچە قوناق يىغىپ بەرگەن. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇغان. يەنە بىرى يۇقىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا، قاراقاشتىكى مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن لوپتىكى ئىمام ئاسىمنىڭ شەيخى مەتسىدىق ھاجى بىرلىشىپ، مىللىي ئېزىلىشكە قارشى قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ، خوتەن رايونىدا ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇپ ھوقۇق ئىگىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن خوتەن رايونى، جۈملىدىن لوپمۇ يەنە بىر نۆۋەت قالايمىقانلاشقان. شۇ سەۋەبتىن لوپتا 16 يىلدەك داۋام قىلغان ئۈچ ئورۇندىكى خەنزۇچە مەكتەپلەر، خىتايلارنىڭ مەكتىپى دەپ ئەيىبلىنىپ تاقىۋېتىلگەن. بۇ بىر قالايمىقانچىلىقتا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارمۇ تاراپ كەتكەن. مەمتىمىن ھەزرەت خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان 18 ئاي ئىچىدە، خوتەننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى يەنىمۇ ئېغىرلاشقان . 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ما خوسەن قوشۇنلىرى خوتەن ئىسلام ھاكىمىيىتىنى باستۇرۇپ، خوتەننىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تاراپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلاردىن ياخشىراق ئوقۇغان بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ناھىيىدىكى ئورگانلارغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. قالغانلىرى ئائىلىسىدە قېپقالغان. لوپ تارىخىدا تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن بۇ مەكتەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىنى قوبۇل قىلىپ خەنزۇچە تىل - يېزىقتا ئوقۇتۇلغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر ياشلىرىغا يېڭىچە ئىلىم -



پەننى سىڭدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى لوپ ناھىيىسىدىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا بىر تۈركۈم يەرلىك مىللىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ھەم يەرلىك ئاممىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىش، دەرد ئەھۋالىنى ئۇقتۇرۇش، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگەن. 16 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بۇ مەكتەپلەرگە ئۈچ، تۆت قاراردا 300 ئەتراپىدا ياش - ئۆسمۈرلەرنى قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ناھىيىدىكى ئورگانلاردا خىزمەت قىلغان. ئۇلار كېيىنكى مەزگىللەردە مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەلۇم رول ئوينىغان. ئۇلاردىن بىر قىسمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە داۋاملىق خىزمەت ئىشلىگەن. يەنە بىر قىسمى خىزمەت داۋامىدا ياشىنىپ قېلىش ۋە كېسەللىك سەۋەبلىرى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇلاردىن بەش نەپەر كىشى يېقىنغىچە ئىشلەپ ياشىنىپ قالغانلىقتىن دەم ئېلىشقا چىقتى. ھازىر ئۇلار كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم، خۇشال ھالدا ئۆتكۈزمەكتە. لوپتا بارلىققا كەلگەن يۇقىرىقى مەكتەپلەر خوتەن رايونىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى تۈپەيلىدىن تاقالغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن بىر يېرىم يىل ئىچىدە بولسۇن ياكى ماخوسەن ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن تۆت يىل ئىچىدە بولسۇن خوتەن رايونىدا ئەمدىلا بىخ ئۇرۇپ چىقىپ راۋاجلىنىشقا باشلىغان يېڭى تىپتىكى پەننىي مەكتەپلەر تاقىلىپ قېلىپ، ئىلىم -

پەن ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىر مەھەل سۇسلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىلىم - پەنگە تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

20 - ئەسىرنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىغىچە، شىنجاڭ رايونى شېڭ شىسەي، جىن شۇرېن، ما جۇڭيىڭ قاتارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن بىرلىككە كېلەلمەي بۆلۈنۈش ھالىتىدە بولدى، ھەر مىللەت خەلقى ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشقا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، كەڭ دائىرىدىن قارىغاندا سىياسىي ۋەزىيەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىۋاتاتتى. خەلقئارادا لېنىن رەھبەرلىك قىلغان روسسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئاللىقاچان غەلىبە قىلىپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىكى خەلق ھاكىمىيىتى ئورنىتىلدى ھەم ئىچكى - تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى تازىلاپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى بەرپا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى باشلاپ، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەنىدى. جۇڭگودا پارتىيىمىز دۇنياغا مەشھۇر 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ، خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. بۇ زور سىياسىي ۋەقەلەر شىنجاڭ رايونىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى، 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى قاتارلىق تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا چىقتى. بۇنىڭ



غا ماسلىشىپ بىر خىل يېڭىلىق پىكىر ئېقىمى — زور كۆلەمدىكى مەدەنىيەت ئىلىم - پەنگە ئىنتىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مۇشۇنداق خەلققە پايدىلىق ۋەزىيەتتە پارتىيىمىز قىيىنچىلىقلارغا قارىماي بىر قىسىم كوممۇنىزمچىلارنى شىنجاڭغا چىقىپ خىزمەت ئىشلەشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يەنئەندىن تىڭ دەيىەن، چېن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، شىن يەنبىڭ قاتارلىق پارتىيىمىزنىڭ تايانچ كادىرلىرى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كەلدى. بۇ پېشقەدەم كوممۇنىستلار شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئېچىلمىغان زېمىنغا ئىنقىلابنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. ئۇلارنىڭ تۈرتكىسى شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ھەم تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپى بويىچە ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيىدىغان، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن يېڭىلىق تەرەپدارلىرى شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن ئادالەتسىزلىك، نادانلىق، خۇراپاتلىقلارغا ئوت ئېچىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش يولىدىكى توسالغۇلارنى يۆسۈپ تاشلاپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى يول ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەننىڭ ئويغىنىش ۋە گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى. شىنجاڭنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى تۇنجى قېتىم قۇرۇلدى. ئىلگىرى قۇرۇلغان ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلەر يەنىمۇ جانلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا بىرمۇنچە كۇرسلار ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىپ، ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل تىپتىكى كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش يولىغا

قويۇلدى. مۇشۇ مەزگىلدە خوتەن رايونى گەرچە ئۈرۈمچى-
دىن 2000 كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراق ھەم ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە قاتناش شارائىتى ئىنتايىن قولايسىز بولسىمۇ، 1935-
يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر ياشلار
ئۇلاق بىلەن، 2 - 3 ئاي جاپالىق يول يۈرۈپ، ئۈرۈمچى-
دە ئېچىلغان ئالىي بىلىم يۇرتى ۋە قىسقا مۇددەتلىك
كۇرسلارغا بېرىپ ئوقۇشقا قاتناشتى. بۇ يىللاردا شىن-
جاڭنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا بىر
قىسىم پېشقەدەم كوممۇنىستلار خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ھەم
بەزى ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن. ئۇ-
نىڭغا ئۇلاپلا بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ مەدەنىيەت - ما-
ئارىپ ھەتتا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا بىر قىسىم كوممۇ-
نىستلار ئورۇنلىشىپ مۇپەتتىشلىك، ھاكىملىق، ۋالىيلىق
ھوقۇقلىرىنى ئىگىلىگەن. ئۇلار ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە
توسالغۇلارنى يېڭىپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە، ئىقتىساد، مەدە-
نىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.
1920 - يىلى ئىچكى - تاشقى بېسىم ئاستىدا شىنجاڭدا
تۇنجى قېتىم مائارىپ نازارىتى قۇرۇلۇپ، ياڭ زېڭشىن،
لىيو ۋېنلوڭنى نازىرلىققا تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئەس-
لىدە خەلقنىڭ ئويغىنىشى، پەن - مەدەنىيەت ئىگىلىشىنى
خالىمايدىغان مۇتەئەسسىپلەردىن بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن
مائارىپ ئىشلىرىغا زادى كۆڭۈل بۆلمىگەن. لىيو ۋېنلوڭ
نامدا نازىر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سودىگەرچىلىك بىلەن
شۇغۇللىنىپ، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغان.
شۇڭا مائارىپ نازارىتىنىڭ رولى بولمىغان. ئەمما پارتى-
يىمىز شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پېشقەدەم كوممۇنىستلاردىن



لىن جىلۇ، شىن يەنبىڭ (ماۋدۇن)، جاڭجۇڭشى قاتارلىق
يولداشلار بۇ جەھەتتە قىيىنچىلىققا قارىماي جاپاغا چىداپ
ئىشلەپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرگەن ھەمدە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە زور بىر
تۈركۈم خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەندىن باشقا، بىر
تۈركۈم ياشلارنى ئارقا - ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا
ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن
بىر تۈركۈم تايانچلارنى يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭ مائارىپ
ئىشلىرىنىڭ كېيىنكى زور تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى
ئاساس سالغان.

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقى ئارىسىدا خۇراپاتلىق، نادانلىققا قارشى تۇ-
رۇپ، يېڭىلىققا، پەن - مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىشتەك ئام-
مىۋى ھەرىكەت شەكىللەنگەن بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ مالىيە
ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنى
راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك خىراجەت ئاجرىتالمايت-
تى. شۇڭا مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى مالىيە كۈچى قاتتىق
چەكلەپ قويغاندىن باشقا، ئۆلكىنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرى
ئاممىنىڭ ئېھتىياجىدىن بەكمۇ يىراق ئىدى. لېكىن بۇ
چوڭ توسالغۇ ۋەتەنپەرۋەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلگى-
رىلەش يولىنى توسۇپ قالالمىدى. شىنجاڭدا خىزمەت ئىش-
لەۋاتقان پېشقەدەم كوممۇنىستلار ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا رەھ-
بەرلىك قىلىپ چارە تاپتى. 1934 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆز-
گىرىشىدىن كېيىنلا تەييارلىقى بولغان ھالدا ئۈرۈمچىدە
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھال-
دا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، جۇملىدىن شىنجاڭدا

ئاساسىي مىللەت بولغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى رەسمىي قۇرۇلدى. ئارقىدىن مۇددەت، تۇركۈملەرگە بۆلۈپ ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ناھىيىمىز لوپتىمۇ 1937 - يىلى كۈزدە ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلدى. دەسلەپتە ئورۇن بولمىسىمۇ، ناھىيە بازىرىدىكى قاسىم كاۋىنىڭ سارىيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئالدىن ئىش باشلىدى. كېيىن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ، مەخسۇس ئىشخانا - بىنالارنى سېلىپ كۆچۈپ كېلىپ، تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى تولۇقلاپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ بىر مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلققە، بولۇپمۇ دېھقانلارغا تايىنىپ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خەلقنى نادانلىق جاھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش؛ ئىلىم - پەن بىلەن خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىش ئىشلىرىغا جىددىي كىرىشتى. نادانلىق، جاھالەتنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ۋە ئېغىر زۇلمەتلىك كۈنلەرنى باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن ھەر مىللەت خەلقىدە ئىلىم - پەنگە بولغان ئىنتىلىش ھەۋىسى تېزلا قوزغالدى. ئۆزلىرىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىي تەشكىلاتى بولغان ئۇيۇشمىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، قاينام - تاشقىنلىق بولغان مائارىپ، مەدەنىيەت دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە شەھەر ۋە يېزىلاردا يېڭى تىپتىكى پەننىي مەكتەپلەر قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇرۇندىن بار بولغان بازار - يېزا



كەنتلەردىكى دىنىي مەكتەپلەرنى ئۇيۇشما ئۆتكۈزۈۋېلىپ، پەننىي مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئەۋەتىپ پەننىي دەرسنى ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇپ، پەيدىنپەي پەننىي مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك ئۇيۇشما ناھىيىنىڭ بىردىنبىر مەدەنىي مائارىپ رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ شەكىللەندى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ راسخوت مەنبەسى بولسا، جەمئىيەتتە ئۆتمۈشتىن تارتىپ خەلققە پايدىسىز ئىشلارغا ئورۇنسىز سەرپ بولۇپ كېتىدىغان ياكى بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كېتىدىغان ئۆشرە - زاكات، مەسچىت، مازارلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنىڭ ئىجارىسى، قۇربانلىق ماللارنىڭ تېرە - ئۆچەيلىرى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشما ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بۇلار جەمئىيەتتىكى بىر خىل يوشۇرۇن مەبلەغ بولۇپ، بۇلارنى ئۇيۇشما بىر تۇتاش يىغىۋېلىپ كىرىم قىلدى. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، لوپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۆز ئىلكىگە ئالغان ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىجارىسىدىن يىلىغا 10.000 تۇياق قوي (ئاشلىق ۋە باشقا چارۋىلارنىمۇ قويغا سۇندۇرۇپ ئالغان)، قۇربانلىق ماللارنىڭ تېرە - ئۆچەيلىرىدىن 20.000 دانە كىرىم قىلغان (بىر چارەك لوپتا ئۆز ۋاقتىدا 16 جىڭ ئىدى). بۇ ھەرگىزمۇ ئاز كىرىم ئەمەس ئىدى.

1936 - يىلى، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىن باشقا جايلارنى ئىگىلەپ بولغان ھەم خوتەن ۋىلايىتىنى بېسىپ ياتقان ما خۇسەننىڭ ھاكىمىيىتىمۇ تازا تەۋرىنىپ قالغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ بىر يىلدا

لوپنىڭ ھاكىمى ئابلاجان قارى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بى-
لەن 1932 - يىلدىكى قوزغىلاڭ تۈپەيلىدىن يېپىلىپ قال-
غان خەنزۇچە مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، 5 - قارارغا
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا تۆت
رايونغا 60 بالا ۋەزىپە قىلىپ ئەكەلدۈرۈپ، 1936 - يىلى
10 - ئايدا رەسمىي دەرس باشلىغان. ئىلگىرى لوپ خەن-
زۇ مەكتىپىنىڭ 2 - 3، - قارارىنى پۈتتۈرگەن ئابلا بەگ،
ئىلى بەگلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىگەن. رايونلار مەك-
تەپكە تۇتۇلغان ھەر بىر بالا ئۈچۈن يىلىغا 80 چارەكتىن
قوناق بەلگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا دېھ-
قانلاردىن يىغىپ بەرگەن. ياتاق، تاماق مەكتەپتىن بېرى-
لىپ، يوتقان - كۆرپىنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزى ئېلىپ كەلگەن.
ئوقۇش ماتېرىياللىرى مەكتەپتىن بېرىلگەن. 1937 - يىلى
يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن ناھىيىدىكى تۆت رايوندىن يەنە
60 بالا ئېلىپ، ئوقۇغۇچىنى 120 گە يەتكۈزگەن.
بۇ مەزگىلدە ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈت-
تۈرگەنلەردىن ئابدىقادىر ئەپەندى، نىياز ئەپەندىلەر لوپ-
قا تەقسىم قىلىنىپ كەلگەچكە، لوپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما لوپ
ناھىيە بازىرى ھەم بازار ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن 100
ئەتراپىدا بالا يىغىپ، ئۇيۇشما قارمىقىدا بىر باشلانغۇچ
مەكتەپ قۇرۇپ، يۇقىرىقى ئىككى ئەپەندىنى ئوقۇتقۇچىلىققا
تەيىنلىگەن. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىلە-
رى يېتىم - يېسىرلار بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق،
تاماق، ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما خىراجىتى
بىلەن ھەل قىلىنغان. مەكتەپ ئورنى ھازىرقى يېمەك -
ئىچمەك شىركىتىنىڭ گۆش دۇكىنى ئورنىدا ئىدى. ئۇلار



دەرس باشلاپ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، شىڭ
شىسەينىڭ ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى خوتەننى بومباردىمان قىلىپ،
لوپنىڭ ناھىيە بازىرى ۋە بازار ئەتراپىغا بىرقانچە
بومبا تاشلانغان. بۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى 11 - ئاي ئەت-
راپىدا ما خۇسەن قوشۇنلىرى خوتەننى جۈملىدىن لوپنى
تاشلاپ چەرچەن تەرەپكە قاراپ قاچقان. لوپ خەنزۇچە
مەكتەپنىڭ رايونلاردىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلىرىمۇ
تاراپ كەتكەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشما شەھەر ئەتراپىدىن يىغىپ
تەشكىللىگەن ئۇيغۇر تىل يېزىقىدا ئوقۇيدىغان بالىلار،
ئوقۇشنى ئاساسەن داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. 1937 - يىلى 11 -
ئايدىن كېيىن شىڭ شىسەي خوتەن ۋىلايىتىنى ئىگىلەپ،
پۈتۈن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. 1937 - يىلى 12 -
ئايلاردا لوپ خەنزۇچە مەكتەپتىن تاراپ كەتكەن 120 ئو-
قۇغۇچى ئاساسەن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئوقۇشنى يەنە ئەس-
لىگە كەلتۈرگەن.

1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا لوپ ناھىيە بويىچە ئىككى
مەكتەپ بولۇپ بىرى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن خەنزۇ-
چە تىل يېزىقتا ئوقۇيدىغان مەكتەپ، يەنە بىرى ئۇيغۇر
ئۇيۇشما خىراجىتى بىلەن ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا ئوقۇي-
دىغان مەكتەپ ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 240 ئەت-
راپىدا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە دەرسكە داۋاملىق قاتنىشىدىغان
ئوقۇغۇچى 200 ئەتراپىدا بولغان. بۇنىڭدىن خەنزۇچە
تىل يېزىقتا ئوقۇيدىغان 120 ئوقۇغۇچى 1939 - يىللىرى
ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئورنىغا قايتىدىن ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىنمىغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئاساسىي
قىسمى ناھىيىدىكى ئورگانلارغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان.

1938 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدىن كېلىپ لوپقا ھاكىم بولغان مەمتىلى بەگ بىر قەدەر مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، مائارىپ خىزمىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنىدى. ئۇ — ئۆزى بىۋاسىتە بازار ئىچىدىكى چوكان - خېنىم مازىرىدا تەشكىللەنگەن مەتسەيدى ئاخۇنۇمنىڭ دىنىي مەكتىپىگە بېرىپ، مەتسەيدى ئاخۇنۇمنى دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، پەننىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ئوخشاش تەمىناتقا ئىگە قىلغان. ئەسلى مەكتەپتە قىز ئوقۇغۇچى بولمىغان. مەتسەيدى ئاخۇنۇمنىڭ تالىپلىرى ئىچىدىكى قىز ئوقۇغۇچىلارمۇ بېرىپ قوشۇلغاچقا، مەكتەپتە قىز ئوقۇغۇچىلارمۇ پەيدا بولغان. ئارقىدىنلا ھاكىملارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاممىغا خىزمەت ئىشلىشى ئارقىلىق، ئوقۇغۇچى سانى پەيدىنپەي كۆپەيگەن. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئوقۇغۇچىلارنى تەتىلگە قويۇپ بەرگەندە، مەھەللىسىدىكى ئوقۇمايدىغان بالىلارنى بىرگە ئالغاچ كېلىشنى داۋاملىق تاپشۇرغان. قايسى ئوقۇغۇچى بىرەر بالا ئالغاچ كەلسە، شۇ ئوقۇغۇچىنى دەپتەر، قەلەم بىلەن مۇكاپاتلاپ ئىلھام بەرگەن. بۇ ئۇسۇلمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. مۇشۇ مەزگىلدە ئەسلىدىكى ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم بالىلار مەكتەپتە يېتىپ، تاماقنى مەكتەپتە يەپ ئوقۇغان. كېيىن قوشۇلغان بالىلار كەچتە قايتىپ، ئەتىگەندە كېلىپ تاماقنى ئۆيىدىن يەپ ئوقۇغان. ئوقۇغۇچىلارغا كۈندە بىر سائەتتىن دىنىي دەرس قوشۇپ ئوقۇتقان. پەننىي مەكتەپ يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە، بەزى كىشىلەر ھازىر ھۆكۈمەت دىنىي مەكتەپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىكەن، بۇندىن كېيىن ئوقۇغان بالىلار «ئىمانسىز بولىدىغان بولدى» دېگەندەك ئىغۋالارنى تارقاتقان. نەتىجىدە بەزى كىشىلەر بالىلىرىنى مەكتەپتىن قاچۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن. بۇنىڭغا قارىتا لوپنىڭ ھاكىمى مەمتىلى بەگ، لوپ بازىرىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن دىنىي بىلىمنى بىر قەدەر ياخشىراق ئوقۇغانلىرىنى تاللاپ چوڭ يىغىندا ئايەت - سۈرىلەرنى ئوقۇغىلى، مەكتەپنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغىلى قويغان. شۇڭا باشقا رايونلاردىمۇ بۇ خىل يىغىنلارنى ئېچىپ، ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىغۋالارغا رەددىيە بېرىپ، ئىلىم - پەننىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ، ئاممىنىڭ مەكتەپلەرگە قارىتا خاتا تونۇشلىرىنى تۈزەتكەن ۋە قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپلەرنى تۇراقلاشتۇرغان. 1938 - يىلى 9 - ئايلاردا، خوتەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى ئابدىغوپۇر ئەپەندى لوپقا چىقىپ مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپتە ئەسلى بار 120 ئوقۇغۇچىنى قالدۇرۇپ، بۇ مەكتەپنى «دارىلئىتام» مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. بۇ مەكتەپكە كېيىن قوشۇلغان ۋە ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ، تاماقنى ئۆز ئۆيىدە يەپ ئوقۇيدىغان بالىلارنى ئايرىپ، يېڭىدىن بىر مەكتەپ قۇرۇپ ئۇنىڭغا لوپ شەنلى مەكتەپ دەپ نام بەرگەن. نەتىجىدە لوپ بازار ئىچىدىكى مەكتەپ ئۈچكە، ئوقۇغۇچىسى 300 ئەتراپىغا يەتكەن.

دارىلئېيتام مەكتىپى 1948 - يىلى 9 - ئايدا سانائەت مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئوقۇغۇچىلىرى قەغەز قۇيۇش، يىپ ئېگىرىش، خام تۇقۇش، موزدوزچىلىق كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قىسىم خىراجىتىنى ئۆزى ھەل قىلىش

نى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ئىش تازا راۋاج تاپالماي شۇ يىلى ئاخىرىدا ئىقتىدارى بارلارنى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە، بىر قىسمىنى خوتەن سىغەنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرىپ مەكتەپنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

لوپ شەنلى مەكتەپتە 100 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئىككى پەننى دەرس بېرىدىغان، بىر دىنىي دەرس بېرىدىغان جەمئىي ئۈچ ئوقۇتقۇچى بولۇپ، كۈنىگە بەش سائەت پەننىي دەرس، بىر سائەت دىنىي دەرس ئۆتۈلگەن. پەننىي دەرسلەر ئانا تىلى، ھېساب، تەبىئەت، تەنتەربىيە، شېئىر قاتارلىق بەش پەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

لوپ ناھىيە بازىرىدا ئۆز تىلى يېزىقىدا ئوقۇيدىغان شەنلى مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپنىڭ ھەر قايسى رايون - يېزىلارغا بولغان تەسىرى كۈچەيگەن. ئاممىنىڭ بۇ خىلدىكى مەكتەپلەرنى كېڭەيتىش تەلىپى ئاشقان. شۇڭا 1939 - يىلى يازدىن باشلاپ راخمانپور، يۇرۇڭقاش، چاھارباغ، سانپۇلا، دول، ھاڭگىلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئالتە مەكتەپ قۇرۇلۇپ، مەكتەپ سانى سەككىزگە، ئوقۇغۇچىسى 500 گە يەتكەن. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەكتەپلەرنىڭ كەينى - كەينىلەپ قۇرۇلۇشى، ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياجنى ئاشۇرۇپ، ئېغىر ھالدا ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك زىددىيىتىنى تۇغدۇرغان. ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلگەنلەر ئادەتتە ناھىيىلەرگە يېتىشمەيتتى. خوتەن تولۇقسىز سىغەن 1938 - يىلى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 6 - ئايدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لوپتىن قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچى بەش نەپەر بولغاچقا ئېھتىياجنى ھەرگىز قاندۇرالمىغان. شۇڭا بىر ئاز ساۋادى بولۇپ، ئادەتتە ئوقۇتۇشنىڭ



ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىكى ئادەم بولسا ئۇلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرغان. بىراق بۇنداق كىشىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئىدى. شۇڭا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، بىر تەرەپتىن خوتەن دارىلمۇئەللىمىن قارمىقىدا 2، 3 ئايلىق قىسقا كۇرسلارنى ئېچىپ، ساۋادى بار ياشلارنى تەربىيىلەپ يېڭىدىن قۇرۇلغان مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن دارىلمۇئەللىمىننىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتكەن، 1 - 3 - قارارىدا لوپتىن 4، 5 تىن بالا قوبۇل قىلغان بولسا، 1941 - يىلى 6 - ئايدىكى 4 - قارارىغا لوپتىن 32 بالا قوبۇل قىلغان.

1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چوڭراق يېزىلاردا بىردىن مەكتەپ قۇرۇلۇپ، مەكتەپ سانى 21 گە، ئوقۇغۇچىسى 2000 گە يەتكەن. لېكىن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى بىلەن يەنىلا ماسلىشىپ كېتەلمىگەن. مەكتەپلەردە 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، لېكىن ئارانلا بىر يەن ئوقۇتقۇچىسى بىردىن دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، پەننىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يۈكى ھەقىقەتەن ئېغىر بولغان.

قۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان لوپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىر تەرەپتىن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەكتەپلەر ئۈچۈن قۇرۇلۇش سېلىش ئىشىنى چىڭ تۇتتى.

مەكتەپلەر دەسلەپتە قۇرۇلغاندا ئەسلىدىكى دىنىي مەكتەپ مەدرىسلەردىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان.

ئارقىدىنلا مەكتەپ سالىدىغان ئورۇن سېتىۋېلىپ ياكى جامائەت ئىگىلىكىدىكى ۋەخپە يەرلەرنى ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ كۈچى بىلەن مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپلەرگە كۆچۈرگەندى.

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ناھىيە بويىچە مەكتەپ 39 غا، سىنىپى 72 گە، پەننىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى 67 گە، دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى 44 كە، مەكتەپلەرنىڭ باشقا خادىملىرى 10 غا يېتىپ، ناھىيىنىڭ ئاساسلىق يېزىلىرىدا بىردىن مەكتەپ بارلىققا كەلگەن. مەكتەپلەرنى سېلىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، پارتا - ئورۇندۇق، دوسكا قاتارلىق ئاساسلىق ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى بىرگە سەپلەنگەن. لېكىن ئوقۇتقۇچى كەم بولۇپ، بەزى سىنىپلاردا 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بىللە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى.

مەكتەپلەرنى سېلىشتا خەلقنىڭ كۈچىگە تايانغان، سېتىپ ئېلىنغان يەر ئورنىنىڭ پۇلىنىمۇ ئاممىغا چېچىپ يىغىۋالغان. ياغاچلارنىڭ بەزىلىرىنى ۋەخپە يەرلەردىكى ياغاچلاردىن كېسىپ ئىشلەتكەن. بەزىلىرىنى يېزىلارغا سېلىق سېلىپ ئالغان. خەلقنىڭ مەكتەپ سېلىش قىزغىنلىقى كۈچلۈك بولۇپ، پۇلى بارلار پۇل، ماتېرىيالى بارلار ماتېرىيال، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ ئىشلەپ پۈتتۈرگەن.

يېزىلاردا سېلىنغان مەكتەپلەر كۆركەم بولۇپ، ئۆيلىرى ئېگىز ھەم گەنجى ئاھاك بىلەن ئاقارتىلغان. بەزى مەكتەپلەرنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەينەك سالدۇرۇلغان، ئەتراپلىرىغا تام سېلىپ دەرۋازا ئورنىتىپ، ئالدى تەرەپكە رېشاتكىلار ئورنىتىلغان. سىر ۋە ھەر خىل رەڭلەردە



بويالغان. مەكتەپ ئىچىدە رەتلىك ئېرىقلار ئېلىنىپ، ئورمان بىنا قىلىنغان. ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى جەلپ قىلغان. بۇ مەكتەپلەردە كۈندۈزى بالىلار ئوقۇسا، كەچتە چوڭلار (ئەر - ئايال) يىغىلىپ ساۋات چىقارغان. ئوقۇغۇچىلار ھېيت - بايرام كۈنلىرى شېئىر ئوقۇش ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغاندا، خېلى يىراق جايلاردىن ئاتا - ئانىلار ۋە دېھقانلار كېلىپ، زوق بىلەن كۆرگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇسابىقە مەيدانلىرى كەڭ ئاممىۋى سورۇنغا ئايلانغان. ساۋات چىقىرىش سىنىپىدا ئوقۇغان چوڭلارمۇ شېئىر، تەنتەربىيە مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. رايونلار بويىچە چوڭلارنىڭ شېئىر، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىمۇ ئۇيۇشتۇرۇلغان. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا بازارلىرىدا مەدەنىيەت، مائارىپ ئاممىۋى دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىگە ئايدا 20، 30 چارەكتىن بۇغداي، قوناق بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، ئامما ئارىسىدىكى ئابرويىمۇ يۇقىرى ئىدى. مەكتەپلەردىكى دىنىي دەرس بېرىدىغان ئاخۇنۇملارغىمۇ ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش ئىش ھەققى بېرىلگەن.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما مەكتەپلەر مائارىپى ۋە چوڭلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىش مائارىپىنى ياخشى تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيۇشما قارمىقىدا سەنئەت (سانايىنەپىسە) ئۆمىكى قۇرۇپ، يېڭى ناخشا، ئۇسسۇل، كومېدىيە ۋە درامىلارنى تەييارلاپ، بازار، يېزىلاردا ئويۇن قويۇپ كەڭ ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرغان. جەمئىيەتتىكى تىپىك بولغان ياخشى ئىش، نادانلىق، خۇراپاتلىققا دائىر ناچار ئىشلارنى ناخشا - كومېدىيە ئارقىلىق ئاممىغا كۆرسىتىش

بىلەن ئىجابىي ۋە سەلبىي تەربىيە بېرىپ ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. مەكتەپلەرمۇ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، يېزىلاردا ئويۇن كۆرسىتىپ ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

دەرسلىك ئۈچۈن تاشكەنتتە بېسىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرسلىكلەرنى زاكاس قىلىپ كەلتۈرۈپ ئىشلەتكەن.

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 40 - يىللارنىڭ باشلىرى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا لوپنىڭ يېزا بازارلىرىدا ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىي - مائارىپ دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن، مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئازايتقان. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش چەكلەنگەن. تەن جازاسى بەرگەن ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازا تەنقىد بېكىتىلىپ، قاتتىق ئىجرا قىلىنغان. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى يولغا قويۇلۇپ، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى خېلىلا جانلاندۇرۇلغان.

30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 40 - يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە مەدەنىي - مائارىپ دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان شېڭ شىسەينىڭ ئىلغار دەرىپەتچى كىشى بولغانلىقىدىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەلكى بۇ خىل گۈللىنىش بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ



سىياسىي جەھەتتىكى كۈچلۈك تەسىرى ۋە ماددىي جەھەتتىكى ياردىمىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەڭ مۇھىمى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچى ۋە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە جاپاغا چىداپ خىزمەت ئىشلەۋاتقان پېشقەدەم جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدىن بولدى. 1941 - يىلى سوۋېت، گېرمان ئۇرۇشى ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا يېتىپ، لېنىنگراد خەۋپ ئىچىدە قالغان، موسكۋا جىددىي ۋەزىيەتتە تۇرغان مۇرەككەپ خەلقئارا شارائىتتا، ئىككى يۈزلىمىچى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋە كومپارتىيىدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، جياڭ جيېشى بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە باغلىدى. 1942 - يىلى كىرىش بىلەن لياۋ خەنساڭ، جۇ شاۋلياڭ قاتارلىق گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۈرۈمچىگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىشتى. شۇ يىلى كۈز پەسلىدە جاڭ جيېشىغا ۋەكالىتەن خوتۇنى سوڭ مېيلىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، باندىت شېڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭنىڭ رەسمىي ئالاقىلىشىشى ئاشكارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلاندى، شېڭ شىسەي يولغا قويۇپ ئىجرا قىلىپ كەلگەن ئالتە سىياسەتنىڭ ئورنىنى سەنمىنجۇيى ئىگىلىدى، باندىت شېڭ شىسەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈشى ئۈچۈن، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان پېشقەدەم كادىرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمىلەرگە قامىدى. ۋەھشىلەرچە قىرغىن قىلدى. 1943 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلۇپ، شېڭ

شىسەي 100 دىن ئارتۇق شېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە قەسەم بېرىپ گومىنداڭغا ئەزا بولۇپ كىردى. ئارقىدىنلا شىڭ شىسەي چوڭچىڭغا بېرىپ گومىنداڭنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان كادىرلىرىدىن باشقا، يەنە يۈز مىڭلىغان تەرەققىيپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى ھەم ئۇلار تۈركۈملەپ مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى سۇلغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى ۋە كۈنسايىن تۆۋەنلىدى. لېكىن قۇرۇلۇپ بولغان مەدەنىيەت ئورگانلىرى، سەنئەت ئۆمەكلىرى، مەكتەپلەر تاقىۋېتىلمىدى. بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

باندىت شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىش ئالدىدا پارتىيىمىزنىڭ نۇرغۇن كادىرلىرىنى ۋە ئۇلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى كەڭ كۆلەمدە تازىلاپ، قامىغان ۋە مەخپىي ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، دەسلەپكى قەدەمدە سىياسىي جەھەتتە كۆزى ئېچىلغان، نادانلىق، خۇراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ پەن – مەدەنىيەتكە ئىنتىلىۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى تازىلىيالمىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قاماپ ئۆلتۈرۈپ بولالمىدى. بۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەتتە يىل جەريانىدا، گەرچە ئۇلار شىنجاڭدا مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن – مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى خالىمىسىمۇ، مەملىكەت



ئىچى ۋە سىرتىدىكى بېسىم ئاستىدا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئاز خىراجەت سەرپ قىلىپ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى. شۇڭا يەتتە يىل ئىچىدە مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرى سان جەھەتتىن بىر ئاز ئۆستى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، مەدەنىيەت – سەنئەت ئاپپاراتلىرى، مەكتەپلەرنىڭ پۈتكۈل خىراجىتى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى بىلەنلا تەمىنلەنگەنىدى. 1947 – يىلى مىنجاۋگۇەن (خەلق ئاقارتىش يۇرتى) قۇرۇلۇپ، بۇنىڭ راسخوتىنى دۆلەت تەمىنلىگەندىن باشقا، 1944 – يىلىدىن باشلاپ بىر قىسىم مەكتەپلەرنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى دۆلەت تەرىپىدىن چىقىم قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يۈكى قارىماققا بىر ئاز يېنىكلىتىلدى.

1944 – يىلى كۈزدە، لوپ بازار ئىچىدىكى ئالتە سىنىپلىق ئوغۇللار مەكتىپى بىلەن تۆت سىنىپلىق قىزلار مەكتىپىنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ ئالغان. 1945 – يىلى يازدا چاھارباغنىڭ بامىيە مەكتىپىنىڭ بىر سىنىپىنى ئۇيۇشمىغا قالدۇرۇپ، ئىككى سىنىپىنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ ئالغان.

1946 – يىلى ئەتىيازدا يورۇڭقاش بازار مەكتىپىنىڭ ئىككى سىنىپىنى، چاھارباغنىڭ ئۈچ سىنىپىنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ ئالغان.

1947 – يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە، ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ ھاڭگى، سانىپولا مەكتەپلىرىنى ئۈچ دىن سىنىپى بىلەن ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ ئالغان.

1948 - يىلى كۈزدە يولچى كۆل مەكتەپىنى 3 سىنىپى بىلەن ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ ئالغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ بىرنەچچە يىلدا، خوتەن تولۇقسىز سىفەن بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ بەرگەچكە ئوقۇتقۇچىلار سانى كۆپەيگەن. مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرىمۇ يىللىقلار بويىچە ئايرىلىپ، بىر قەدەر رەتكە سېلىنغان.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بارغاندا، ناھىيە بويىچە مەكتەپ سانى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا يەتتە، ئۆيۈشما قارمىقىدا 38، جەمئىي 45 كە يېتىپ، 1942 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 13% ئاشقان. سىنىپ سانى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا 26، ئۆيۈشما باشقۇرۇشىدا 113. جەمئىي 139 غا يېتىپ 93% ئاشقان. ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر 226 گە يېتىپ، 68% ئاشقان. ئوقۇغۇچىلار 6223 كە يېتىپ، 58% ئاشقان (بىر مەكتەپ ئىچىدە بەزى سىنىپلار ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا، بەزى سىنىپلار ئۆيۈشما باشقۇرۇشىدا ئارىلاش بولغاچقا، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلار سانىنى ئايرىغىلى بولمىدى). گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىرنەچچە يىل ئىچىدە مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىدە ۋە مەكتەپلەر تەرەققىياتىدا مەلۇم يۈكسىلىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلى، ئالتاي، چۆچەكتىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان يەتتە ۋىلايەتتە بۇ يۈكسىلىش سان جەھەتتىكىلا يۈكسىلىش بولۇپ مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى، ئوقۇتۇش سۈپىتى، مەكتەپلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى قاتارلىقلاردا مەلۇم جەھەتلەردىن تۆۋەنلەپ كەتكەن. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئاسا-



سى سەۋەبلەر مەۋجۇت.

1. مائارىپنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرى جۇملىدىن ئۆيۈشمىنىڭ ئورگانلىرى ئاجىزلاشقان. ئىلگىرى ئۈرۈمچى دارىلفۇنۇن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنلەردە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۇيغۇر ئۆيۈشمىنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن بىر قىسىم زىيالىي كادىرلار خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلغان. ئۇلاردىن بەزىلىرى خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغان، بەزىلىرى تۈرمىلەرگە سولانغان. ئۇيغۇر ئۆيۈشمىلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ دىنىي ئاخۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. بۇ مۇتەئەسسىپ دىنىي ئاخۇنلار نام، مەنپەئەتكە بېرىلىپ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن. ئۆيۈشمىلاردا يەنە بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار بولسىمۇ، ئۇلار تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماي، مۇتەئەسسىپ باشلىقلارنىڭ رايىغا بېقىپ خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان.

1945 - يىلى لوپ ئۇيغۇر ئۆيۈشمىسىغا مۇدىر بولغان نەجمىدىن بەگ ئاشكارا ھالدا، ئوقۇغۇچىلارنى موللىلار (مەكتەپلەردىكى دىنىي دەرس بېرىدىغانلارنى دېمەكچى) ئوقۇتسۇن، ئەپەندىلەر قەرتلىرىنى ئويناۋەرسۇن، ئۇلار مېنى مۇدىر دەپلا بەرسە ئۇلارغا بېرىشكە تېگىشلىك ئىش ھەققىنى توختاتماي بېرىۋېرىمەن، دېگەن. دېمەك، ئۆيۈشما باشلىقىنىڭ ئوقۇتۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئاشۇنداق بولسا، ئاتالمىش ئەپەندىلەر ئوقۇتۇشنى موللىلارغا تاشلاپ قويۇپ ئوينايدۇ، ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

2. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ بىرنەچچە يىلدا بازار تۇراقلىق بولماي، مال باھاسى ئايمۇ ئاي

ئۆرلىگەن، پۇلنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن. ھۆكۈمەت
باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى يىللىق چۈشۈرۈلمەي
ئۈرۈمچىدىن ئايمۇ ئاي ئەۋەتىلگەچكە، بەزىدە 2 ـ 3 ئاي
پۇل كەلمەي ئوقۇتقۇچىلار ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا ئالال-
مىغان. پۇل كەلگەندە تارقىتىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، باھا
ئۆسۈپ كەتكەچكە ئۇ پۇلغا تۈزۈك بىر نەرسە كەلمىگەن.
ھەتتا بەزى ئايلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئايلىق ئىش
ھەققىگە ئىككى چارەك ئاشلىقمۇ كەلمىگەن. تۇرمۇشتا قىيىنچى-
لىق تارتىپ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن رايى يانغان. ئۇ-
يۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش
ھەققىگە ئەسلىدە ئاشلىق بەرگەن بولسىمۇ، كېيىن پۇل
ئۆلچەم قىلىپ ئاشلىقنى سېتىپ پۇل بېرىپ، ئارىلىقتا مۇ-
تەئەسسىپ باشلىقلار كۆپلەپ پايدا ئالغان. بېرىلگەن پۇل-
نىڭ بىر قىسمىغا يەنە دۆلەت باھاسىدا ئاشلىق سېتىپ
بەرگەن بولسىمۇ، سانى بەك ئاز بولغان. ئوقۇتقۇچىلارنى
ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا قىسقان. لېكىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشى-
دىكى مەكتەپلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى
مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ۋاقتىدا بېرىلگەن.
ئەمما ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەن، تۇرمۇشى
ناچار بولغاچقا ئۆز كەسپىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەن-
لەپ، خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى ئاجىزلاشقان. بۇنىڭ بىلەن
مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

3. شېڭ شىسەي رەھبەرلىك قىلغان 11 يىلدا مەك-
تەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
كەلتۈرۈلگەن. دەپتەر، قەلەممۇ كۆپلەپ سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىن كەلتۈرۈلگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەتتە



يىلدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن دەرسلىكلەرنى ئو-
قۇتۇش چەكلەنگەن. سودا مۇناسىۋەت توختىغاچقا، دەپتەر-
قەلەملەرمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان. خەنزۇ مەكتەپلەر ئۈچۈن ئىچ-
كى ئۆلكىلەردىن دەرسلىك كىتاب كەلتۈرۈلگەن، بىراق،
ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك كىتاب
مەنبەيى بولمىغان. دەپتەر ـ قەلەم سېتىپ ئېلىشمۇ ئوقۇ-
غۇچىلار ئۈچۈن زور قىيىن مەسىلە بولۇپ قالغان. ۋىلايەت-
لىك مائارىپ ئىدارىسى مىللىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرى-
نى تۈزۈپ شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتقان بولسىمۇ، بىر
تەرەپتىن سانى ئاز، يەنە بىر تەرەپتىن بېسىش سۈپىتى
ناچار بولغاچقا خەتلىرىنى ئوقۇغىلى بولمىغان. تەبىئىي
پەنلەر ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر
تىلىدىكى دەرسلىكلەردىن پايدىلىنىپ ئۆتۈشكە رۇخسەت
قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ كىتابلارنى ئىشلەتكەن ۋاقتى ئۇ-
زۇن بولۇپ يىرتىلىپ كەتكەن، بېشى بولسا ئايىغى بولمى-
غان. ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ماسلاشمىغان. دېمەك مەكتەپ
بولغان بىلەن ئوقۇتىدىغان دەرسلىك كىتاب بولمىسا
ئوقۇتۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

4. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا پۈتۈن
شىنجاڭغا ئوخشاشلا ناھىيىمىز لوپنىڭمۇ يېزا ئىگىلىك،
قول ـ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يۈكسەلمىدى، بەلكى ئار-
قىغا چېكىندى. ئالۋاڭ ـ سېلىق كۆپەيدى، خەلق تۇرمۇشى
ناچارلاشتى. خەلقنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك-
لىرى كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا، خەلقنىڭ ئوي پىكرى
جان ساقلاشقا مەركەزلىشىپ، پەرزەنتلىرى ئوقۇشقا قىزىق-
مايدىغان ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوقۇتقۇچىلار ئەتى-

گەن - كەچتە ئائىلىمىز - ئائىلە بىرىپ بالا يىغىنىمۇ مەكتەپكە كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار كېلىشكە تېگىشلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىنىمۇ يەتمىگەن. بەزى سىنىپلارغا 4، 5 بالا كەلگەن. ئوقۇغۇچىلار تۇراقسىز بولغاچقا ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ ناچارلاشقان. بەزى باللار ئىككى - ئۈچ يىل ئوقۇسىمۇ خەت ساۋادى چىقمىغاچقا، ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارنى مەكتەپكە بارغىلى قويمىغان. مەكتەپلەرنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىمۇ چۈشۈپ كەتكەن. مەدەنىيەت، سەنئەت تەشكىلاتلىرىمۇ پالەچ، يېرىم پالەچ هالەتكە چۈشۈپ قالغان، ئىلگىرىكىدەك پائالىيەت ئېلىپ بارمىغان. 40 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدىكىدەك قاينام - تاشقىنلىق مەدەنىيەت، مائارىپ پائالىيەتلىرى ئەمدىلىكتە كۆزگە چېلىقمايدىغان بولۇپ كەتكەن.

ئەسلىدە شىڭ شىسەينىڭ پاشىستلىق هۆكۈمرانلىقىدىن بىزار بولغان شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى، شىڭ شىسەي هاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن گومىنداڭ شىڭ شىسەيدىن ياخشىراقتۇر، ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ قالار، دەپ ئۈمىدىنى گومىنداڭغا باغلىغان بولسىمۇ، هەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ بىر ياخشى ئارزۇسى قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت بولدى. شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە گومىنداڭ هاكىمىيىتىدىن بىزار بولدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى پارتىيىمىز رەهبەرلىك قىلىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا باغلىدى.

توپلاپ يېزىپ چىققۇچى — تۇردى رىشىت.

قايتا كۆچۈرۈپ ئاساسقا ئالغۇچى — مەتنۇرى ئابلا.



# غۇلجا خەيرىيە مەكتىپى توغرىسىدا ئەسلىمە

مۇهەممەد قۇربان ئەزىز يارى

ئىلى ۋىلايىتى رايونىمىز شىنجاڭدا كونا مائارىپ ئىشلىرى خېلى بۇرۇنلا باشلانغان ۋىلايەتلەرنىڭ بىرسى.

1905 - يىلى روسىيە فېۋرال ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1917 - يىلى روسىيىدە ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى كۆتۈرۈلگەندىن تارتىپ تاكى 1930 - يىلىغىچە هەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر، قازاق، رۇس، تاتار، ئۆزبېك، قىرغىز، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن بولۇپ زور بىر تۈركۈم خەلق ۋە زىيالىيلار ئىلى رايونىغا كېلىپ ماكانلىشىپ، غۇلجا شەهرىدە ئىلى ئۇيغۇر مەكتىپى، تاتار مەكتىبى، ئۆزبېك مەكتىپى، رۇس مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، پەننىي ئاساس، دىنىي قوشۇمچە قىلىنغان ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇلار ئىلى رايونىدا يېڭىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇشنىڭ ئۇلىنى تىكلەشتە ئاساسىي كۈچ بولۇپ رول ئوينىغانىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزگىللەرنىڭ هەممىسىدە ئىلى رايونىدا گەرچە مائارىپ قەدەم باسقۇچلاپ كېڭىيىپ، بىرمۇنچىلىغان مەكتەپلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، پۇللى بايلارنىڭ باللىرى مەكتەپلەردە ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولۇپ، يوقسۇل - كەمبە-

غەللەرنىڭ باللىرى، يېتىم - يېسىرلار يەنىلا مەكتەپ سىرتىدا پاناسىز قېلىۋەردى.

1931 - يىلى قۇمۇل دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ شامەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى جىن شۇرېننىڭ قۇمۇلدىكى ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرگەن ئىنقىلاۋى ھەركىتى، چاقماق تېزلىكىدە رايونىمىز شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئاخىرى 1933 - يىلى شىنجاڭدا دۇستەبىت قارا ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جىن شۇرېن ئىستىبدات ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئىلغار ئىدى. شۇڭا ئۇ، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ قوللاپ، يار يۆلەكتە بولۇشىغا مۇيەسسەر بولالىغانىدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، شىنجاڭدا، جۈملىدىن ئىلى رايونىدا پەننى مائارىپ تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان مەزگىل بولدى. سەۋەبى بىر تەرەپتىن جۇڭگو كومپارتىيىسى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتكەنلىكىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدىن بولغانىدى. شۇڭلاشقا بۇ دەۋر خەلقى ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار زاتلارنىڭ ياخشى نىيەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا شارائىت يارىتىپ بەردى.

تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار زات مەتيۈسۈپ ھاجى غۇلجا شەھرىدىكى يېتىم - يېسىرلارغا خەيرخاھلىق قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىدىن باشلىنىپ دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان پەننى مائارىپتىن بەھرىمەن قىلىپ ئوقۇتۇشنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەجمىدىن ئەزىز بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق



تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن مەھەممەت ھەسەن خەلپىتىم، تۇردى ئاخۇن (فاشاڭ)، ئابلا ماخمۇدى، سايىم ئاخۇن (ئالدىقورغان) قاتارلىق كىشىلەرنى يېنىغا تارتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم قىلغانىدىن تاشقىرى غۇلجىدىكى بىر قىسىم بايلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كۆپلەپ ياردەم توپلايدۇ. شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، يېتىم باللار ئۈچۈن بىر مەكتەپ قۇرۇشنى، مەكتەپنىڭ نامىنى «خەيرىيە مەكتىپى» (خەيرى ساخاۋەت قىلىش مەكتىپى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاشنى قارار قىلىدۇ. بۇ قارارىنى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتقا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىپ ئەنگە ئالدۇرغاندىن كېيىن، مەكتەپ مۇدىرى ۋە مۇئەللىملەرنى بەلگىلەپ، 1934 - يىلى 10 - ئايدا ئۈچ سىنىپلىق غۇلجا خەيرىيە مەكتىپىنى رەسمىي قۇرىدۇ. مەكتەپ ئورنى نۇراخۇن ئاقساقال مەسچىتى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئېغىزلىق ئۆيى ۋاقىتلىق ئارىيەتكە ئېلىنىپ، سىنىپ ئورنىدا پايدىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ غۇلجا تارىخىدا تۇنجى قېتىم كەمبەغەل، يوقسۇللارنىڭ باللىرى ۋە ئاتا - ئانىسىز يېتىم - يېسىرلاردىن 100 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارنى ئەھۋالىغا ئاساسەن سىنىپلارغا ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇشنى باشلايدۇ. مەنمۇ شۇ چاغدا بىرىنچى سىنىپقا ئايرىلىپ، ئوقۇشۇمنى داۋام قىلدۇرغانىدىم.

مەكتەپ دەسلەپكى ئوقۇش يىلىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەقەت دەپتەر - قەلەم، ئوقۇش كىتابلىرىنىلا تەمىن ئەتتى. ئىككىنچى ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ، كىيىم - كېچەك باش - ئاياغقىچە بىر قۇر مەكتەپنىڭ فورما كىيىمى بېرىلىپ تۇردى. يېتىم باللارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئۇلار-

نىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەلۇم تۇرمۇش خىراجىتىنى بېرىپ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئوقۇيدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چۈنكى مەكتەپنىڭ مۇقىم ئورنى بولمىغاچقا ياتاق، ئاشخانا قاتارلىق لاۋازىمەت ئورنى يوق ئىدى.

مەكتەپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا ياردەملىشىپ مەكتەپنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن، مەكتەپ يېنىدا بىر مۆتىۋەللى ھەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا مەتيۈسۈپ ھاجى، مۇدىر نەجمىدىن ئەزىزى، مەھەممەت ھەسەن خەلپىتىم، تۇردى ئاخۇن، ئايخان ئانا، سايىم ئاخۇن، ئابلا مەخمۇدى، قاسىم ئاخۇن (جويجاڭ) لار ھەيئەت بولۇپ بەلگىلەندى.

مەكتەپنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىغا كەلسەك مۇدىر زۆھرەخانىم، ئوقۇتقۇچىلاردىن دەسلەپكى ئوقۇش يىلىدا رەمزىيە، فائىقە، مەھەممەت ئەپەندى، ئاپپان ئەلى ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ تەربىيىلەش نىشانى ئاتا - ئانىسىز يېتىم بالىلارنى ئاساس قىلىپ، كەمبەغەل، يوقسۇللارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپ قوينىغا ئېلىپ، تەربىيىلەش ئىدى. شۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدىكى يېتىم بالىلار ۋە كەمبەغەل، يوقسۇللارنىڭ پەرزەنتلىرى مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ خېلى نىسبىتىنى ئىگىلەيتتى. ئەمما مەكتەپ ئىشىكىنى بىردىنلا پارلىق يېتىم - يېسىرلار ۋە كەمبەغەل يوقسۇللارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئېچىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا مۇشۇنداق ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مەكتەپ مۆتىۋەللى ھەيئىتى، مەكتەپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە 1935 — 1936 - يىلىدىكى مەكتەپ كۆلىمىنى قانچىلىك



كېڭەيتىش مۇمكىنچىلىكىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. نەتىجىدە 1935 - يىلىدا يەنە ئىككى سىنىپ (60 نەپەر بالا) قوشۇپ مەكتەپنى بەش سىنىپقا كېڭەيتىشنى قارار قىلىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا مەكتەپ ئورنى مەسىلىسى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ كۆرۈلىدۇ. مۇھاكىمە داۋامىدا بۇ بىر زىددىيەتنى مەكتەپ مۆتىۋەللى ھەيئەت ئەزاسى، مەرىپەتپەرۋەر ئايخان ئانا ئۆزىنىڭ 10 ئېغىزلىق ئۆيى بار باغ قورۇسىنى مەكتەپكە ھەدىيە قىلىشتەك مەرتلىكى بىلەن ھەل قىلىدۇ. 1935 — 1936 - يىلى ئوقۇش يىلىدا خەيرىيە مەكتىپى بەش سىنىپلىق مەكتەپ بولۇپ كېڭىيىپ، بويىنى كېيىنكىتىكى نۇراخۇن ئاقساقال مەسچىتىدىن قازانچى مەھەللىسىدىكى ئايخان ئانا مەكتەپكە ھەدىيە قىلغان قورۇغا كۆچۈپ كېلىدۇ. بەش ئېغىز ئۆينى سىنىپ، ئىككى ئېغىز ئۆينى مۇئەللىملەر ئىشخانىسى، قالغان ئۆيلەرنى ئىسكىلات قىلىپ ئورۇنلىشىدۇ. بۇ ئوقۇش يىلىدا قوشۇلغان مۇئەللىملەر فەرىخە تىلەقبايېۋا، ئەزىزە، مايمۇنە، يۈسۈپجان، ئۆمەرجان، ئالىمجان ئەپەندىلەردىن ئىبارەت بولدى. خەيرىيە مەكتىپى ھەر ئوقۇش يىلىدا بىردىن، ئىككىدىن سىنىپ قوشۇلۇپ، 1937 — 1938 - ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە كېڭىيىپ سەككىز سىنىپلىق، 250 ئوقۇغۇچىسى بار بىر چوڭ مەكتەپ بولۇپ يېتىشتى. خىراجەت دائىرىسىمۇ كېڭەيدى. 250 نەپەر ئوقۇغۇچىنى دەپتەر، قېرىنداش، سىياھ، قەلەم، كىتاب قاتارلىق ئوقۇش ماتېرىياللىرى ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەش، يېتىم بالىلارغا مەلۇم مىقداردا تۇرمۇش خىراجىتى بېرىش زۆرۈر ئىدى. بۇ چاغدا مەكتەپنىڭ خىراجەت مەبلەغ مەسىلىسى ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ قال-

دى. مەكتەپ مۇتىۋەللى ھەيئەت مۇدىرى مەتيۇسۇپ ھاجىنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن بايلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، خەيرىيە مەكتىپى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ئۇسۇلى بىلەن مەكتەپنىڭ خىراجەت مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلىدۇ. بايلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتە نەجمىدىن ئەزىزى يازغان «كىمنىڭ ئىشى تەس» (بىر ئائىلىدە ئەرنىڭ ئىشى تەسمۇ ياكى ئايالنىڭ ئىشى تەسمۇ) تېمىلىق پىيەسەسنى 10 نومۇر كونسېرت بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە تەييارلىتىپ، تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبىدا مەجلىس ھەم ئەدەبىيات كېچىلىكى ئۆتكۈزىدۇ. مۇئاۋىن ۋالىي تۇردى ئاخۇنباي باشلىق 2000 نەپەر بايغا پەخرى بېلەت ئەۋەتىپ (كۇلۇبنىڭ قالغان ئورۇنلىرىغا بېلەت سېتىلدى)، ئەدەبىيات كېچىلىكى قاتناشچىلىرىغا پىيەسە ئوينىش، كونسېرت كۆرسىتىشتەك جانلىق تەشۋىقات ئارقىلىق خەيرىيە مەكتىپىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، مەكتەپ خىراجىتى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۇردى ئاخۇنباي يالغۇزلا يېتىم بالىلار مەكتىپىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن بىركىپ (16 توپ) دىگنال تېرىكە، بىركىپ كۆك بۆز، ۋاسكىتبول، ۋالىبول، فۇدبول، ھەر تۈرلۈك يېنىك ئاتلېتىكا ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق بىرقانچە يۈرۈش تەنتەربىيە سايمان ۋە ئەسۋاب ئۈسكۈنىلىرىنى ياردەم قىلىدۇ. ئايخان ئانا 250 ئوقۇغۇچىغا بايراملىق كىيىم (ئۇ چاغدا ھەربىر مەكتەپ ئۆز فورمىسىدا بايراملىق كىيىم كىيەتتى) تەييارلاپ بېرىشنى زىممىسىگە ئالىدۇ. ئاندىن بايلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بەس - بەستە ياردەم ئاتاپ، كۆپلىگەن ھەرخىل



گىزلىمە رەخت، نۇرغۇنلىغان پۇل - پىچەك ئىئانە توپلىنىپ، مەكتەپنىڭ خىراجەت جەھەتتىكى كونكرېتنى قىيىنچىلىق مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ. 12 - ئاپرېل بايرام كۈنلىرىنىڭ بىرىدە (ئۇ چاغدا 1933 - يىلى 12 - ئاپرېلنى شىنجاڭدا جىن شۇرېننىڭ ئىستىبدات قارا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شېڭ شىسەي يېڭى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان كۈن دەپ، ھەر يىلى شۇ كۈننى بايرام قىلاتتى) مەكتەپ تەرىپىدىن لاتارى يىغىنى ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن ھەرخىل كەشتە، لۆڭگە، داستىخان، لەۋھە قاتارلىق قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى لاتارى قىلىپ سېتىش ئارقىلىقمۇ ئاز بولمىغان پۇل كىرىم قىلىنىپ، مەكتەپنىڭ كەلگۈسى ئېھتىياجىغا لازىملىق مەلۇم مەبلەغ جۇغلاندى. ئەدەبىيات كېچىلىكىدە ئوقۇغۇچىلار ئوينىغان پىيەسە، كونسېرتلار خەلقنى (تاماشىبىنلارنى) ناھايىتى تەسىرلەندۈرگەن. شۇ كونسېرت نومۇرلىرىدىن بىرى ئاكا - سىڭىل بىرلىكتە ئورۇنلىغان «يېتىملار زارى» (تېكىستىنى نەجمىدىن ئەزىزى يازغان) نالىلىق ناخشا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى تېكىستى مۇنداق ئىدى:

ئاتا يوق، ئانا يوق، يېتىم بىز غېرىپ،
يۈرەرمىز پەرىشان كۈندە تەلمۈرۈپ.
يېيەرگە، كىيەرگە يوق ئاچو - يالاڭ،
ئۆتەرمىز جاپادا ئۆلۈپ - تىرىلىپ.

ئوقۇر، ئوينىشار، باي ئوغۇل - قىزلىرى،
كىيىملەر پۈتۈن، قىپ - قىزىل يۈزلىرى،
لېكىن بىز يېتىملەر ساماندەك سارغىيىپ،
يۈرەتتۇق ئاچ، زىرىن ھەم نادان قېلىپ.

بويۇنلار قىسىلغان، كۆكسۈللەر زەرداپ،
ئۆتمۈشتە ئارزۇلار قىلىنغان دەپسەندە،
ئوقۇشقا ئىشتىياق بولسىمۇ بىزدە،
يول قويماس يوقسۇللۇق توسالغۇ بولۇپ.

ئون ئىككىنچى ئاپرېل بىزگە يول ئاچتى،
ھۆررىيەت، مەرىپەت جانلاندى بۇ چاغ.
يېتىملار ئارزۇسى ئېشىپ ئەمەلگە،
جاھالەت يوقالدى گۆرىگە كىرىپ.

مەكتىپى خەيرىيە قۇرۇلۇپ شۇئان،
مەرىپەت نۇرىنى چاچتى بىزلەرگە.
مېھرىبان ئاتىلار چىقتى مەيدانغا،
بىز ئۈچۈن ئىشلەشكە كۆكرىكىنى كېرىپ.

خەيرىيەت مەكتىپى غۇلجا شەھىرىدىكى يېتىم - يېسىرلارنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۆز قوينىغا ئالغاچقا، مەكتەپ كۆلىمى كېڭىيىپ، 1937 — 1938 - ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە ئايخان ئانا مەكتەپكە ھەدىيە قىلغان قورۇغا سىغىشماي، مەكتەپ ئورنى مەسىلىسى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ كۆرۈلىدۇ. بۇ كونكرېتنى ئەھۋالنى مەكتەپ مۆتىۋەللى ھەيئىتى غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەسلىدە سۆسەر ھاجىدىن مۇسادىرە قىلىپ ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئالغان كۆلىمى چوڭ، ئۆيلىرى كۆپ، ئىچكىرى - تاشقىرى كەڭ قورۇنى خەيرىيە مەكتىپىگە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەيرى-



يە مەكتىپى 1937 — 1938 - ئوقۇش يىلىدا قازانچى مەھەللىسىدىكى ئايخان ئانا قورۇسىدىن كۆلچۆلۈكتىكى سۆسەر ھاجى قورۇسىغا كۆچۈپ بارىدۇ. بۇ ئوقۇش يىلىدا قوشۇلغان ئوقۇتقۇچىلار مۇتەللىپ قاسىم، زۇنۇن قادىر، نەسرىدىن ئەپەندى، مەجىت ئابدۇللا قاتارلىقلار ئىدى. ئايخان ئانا مەكتەپكە ھەدىيە قىلغان قورۇسى يەنىلا قازانچى مەھەللىسىنىڭ خەلق ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر كىچىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. خەيرىيە مەكتىپى ئۆزىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان تارىخى جەريانىدا تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن مەتيۈسۈپ ھاجى، نەجمىدىن ئەزىزى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ غەمخورلۇقى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن تەلىم بېرىشى نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان يېتىم - يېسىرلارنى، كەمبەغەل، يوقسۇللارنىڭ پەرزەنتلىرىنى باشلانغۇچ بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە ئىلى گىمنازىيە مەكتىپى، سىفەن مەكتىپى، ئۆلكىلىك گىمنازىيە مەكتىپى، سىفەن مەكتىپى ۋە تېخنىكوم قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىغا بىر تۈركۈم ياراملىق شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. غۇلجا خەيرىيە مەكتىپىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كىرىپ مەخسۇس پەنلەر بويىچە ئوقۇپ ئالىم، پېداگوگ، نەشرىياتچى، سەنئەتچى، شائىر، يازغۇچىلار بولۇپ يېتىشكەنلەر كۆپ. مەسىلەن: گېئولوگىيە پەنلىرى مۇتەخەسسىسى ياسىنجان ئىمىن، پېشقەدەم نەشرىياتچى تۇرسۇن قاھار، پېشقەدەم مائارىپچى ئوسمان ئابدىرىشىت ئابىت، شائىر ھەم يازغۇچى خېلىل ھەمرا، ئىبراھىم قۇربان، خەلق سەنئىتى ساھەسىدە ئۇزۇن يىل

جاپالىق ئەگەك سىڭدۈرگەن ئارتىستكا ئامىنە قادىر، ئۇسسۇلچى رۇقىيە، ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئىنقىلابى جېڭىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابى قۇربان توختاسىنلار شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر.

مەتيۇسۇپ ھاجى، نەجمىددىن ئەزىزى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ئۆز ئۆمرىدە بىرقانچە يىل ئىلى رايونىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ساھەسىدە جاپالىق ئىشلەپ، ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقانىدى. ئەمما شىڭ شىسەي ماھىيەتتە بىر مىلىتارىست ئەكسىيەتچى بولغىنى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىن چىققان ئىلغار زاتلار ئۇنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ ئىدى. شۇڭا ئۇ، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار زاتلارنى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ خەۋپى، دەپ قارىدى. شۇ قاتاردا ئۇلارنى جۈملىدىن مەتيۇسۇپ ھاجى، نەجمىددىن ئەزىزى، ئايخان ئانىلارنىمۇ تۈرمىگە تاشلاپ، مەتيۇسۇپ ھاجى، نەجمىددىن ئەزىزىلەر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئايخان ئانا ئىككى يىل تۈرمە ئازابىدا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، تۈرمىدىن چىقىپ كېيىن ۋاپات بولدى. غۇلجا خەلقى بۇلارنىڭ ۋاقىتسىز غازاڭ بولغىنىغا ئېچىنىدۇ. ئۇلار ھامان خەلق قەلبىدە ھايات.



# ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىرچىلىقى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئېلى ئەزىز

1911 - يىلى پارتلىغان سۇڭ جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى، مەملىكەت خەلقىنىڭ دەس تۇرۇپ ئىنقىلاب قىلىشىغا تۈرتكە بولدى ھەمدە بۇ ئىنقىلاب نەتىجىسىدە جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق پادىشاھلىق فېئودال تۈزۈمىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. روسىيىدە ئېلىپ بېرىلغان لېنىن باشچىلىقىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى مەملىكىتىمىزگە (شىنجاڭغىمۇ) زور تەسىر كۆرسەتتى. سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، سوۋېتتە يولغا قويۇلغان «ماركسىزم، لېنىنىزم» لىق يېڭى زامان ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ جەڭگىۋار ئاۋازى قۇلىقىمىز تۈۋىدە جاراڭلاپ، ئۇزاق يىل زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا قالغان مەھكۇم خەلقنى ئويغاتتى.

1912 - يىلى قۇمۇل خەلقى تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدا زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ياڭ زېڭشىنىڭ تەختىنى تىترەتتى.

1919 - يىلدىكى 4 - ماي ھەرىكىتى، 450 مىليون

خەلقىنىڭ (شۇ يىللاردا جۇڭگودا 450 مىليون خەلق بار ئىدى) نىجاتلىق يولىغا مېڭىش سىگنالىنى چالدى. 1921ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلدى. 1930 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى ـــ باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن 1933 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» دا شىنجاڭدا يېڭى ھاكىمىيەت ئورنىتىلىپ، مانجۇ خانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى چىرىپ كەتكەن تەختى بىتچىت بولدى. لېكىن شېڭ شىسەي تەختكە چىقىۋېلىپ، ئۆزىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە دوبەن، ليۇۋېنلوڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىمنى مۇئاۋىن رەئىس دەپ ئېلان قىلدى (بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىم قەشقەردە ئىدى).

شېڭ شىسەي، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى بىلەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن قول ئۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئاۋۋال «8 ماددىلىق خىتابنامە» نى، كېيىن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» (يەنى 1. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش. 2. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن بولۇش، 3. خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، 4. تىنچلىق، 5. شىنجاڭنى تەمىر قىلىش. 6. مىللىي باراۋەرلىك) نى ئېلان قىلدى. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشما» (پەندىخوي) قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يەنە شۇ يىل (1934 ـ يىل) 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما» قۇرۇلۇش بىلەن بىللە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىمۇ قۇرۇلدى. 1934 ـ



يىلى 2 ـ ئايلاردا تۇرپانلىق شوپۇر مۆمىن ئەپەندى باشچىلىقىدا ـــ ئۈرۈمچىدە ئون نەچچە كىشىلىك تىياتىر تەشكىل قىلىندى. ئارتىستلىرى ئابدىگۈل، رەھىم نىيازقارى، رايىدىن قارى، ئابدىپەتتار ئەپەندى، چوڭ ئاخۇن، ئابدۇۋايىت سوناي، ئابدىكېرىم رازى، نۇراخانىم (مۆمىن ئەپەندىنىڭ ئايالى) قاتارلىقلار بولدى. بۇلار مۆمىن ئەپەندى يېزىپ چىققان خەلق چۆچىكى «بوز يىگىت» دراممىسىنى ۋە بىرنەچچە نومۇر كونسېرت (ناخشا ـ ئۇسسۇل) لارنى تەييارلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سەنشىخاڭزا كوچىسىدىكى ۋاڭ جاڭگۇيدىنىڭ سارىيىدا تۇنجى قېتىم يېڭى زامان تىياتىرىنى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، بۇلار ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن كۈندۈزدە كوچا تىياتىرى قويدى. كەچتە يەنە «بوز يىگىت» دراممىسىنى ئوينىدى. بۇلارنىڭ ئىش ئورنى مۆمىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە بولدى. سەھنە سايمانلىرى، كىيىمكېچەكلەرنى كىشىلەردىن ئارىيەت ئالدى. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچى شەھىرىدە چاقچاقچىلىقخانىدىن باشقا مىللىي تىياتىر ئويۇنلىرى، كىنو ۋە كىنوخانىمۇ يوق ئىدى. خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغانلار چاقچاقچىلىقخانىلارغا بېرىپ ئويۇن كۆرەتتى. خەلق ئىچىدە ئاددىي سېرىكچىلەر، موللاقچىلار، مايمۇن ئويۇنى قىلغۇچىلار، مەدداھلار، كىتابخانلىق قىلىدىغانلار ۋە داستانچىلار تۈرلۈك سورۇنلاردا ماھارەت كۆرسىتىپ ھايات كەچۈرەتتى. بۇ ئويۇنلارنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىرقانچە جايدا قىمارخانا، ئەپيۇن، نەشە چېكىدىغان سورۇنلار ۋە مابەنزىخانا (نومۇسىنى سېتىش ئورۇنلىرى) بولۇپ، خەلق ئىجتىمائىي ئەخـ

لاقنى پەزىلەتتىن مەھرۇم ئىدى.

بۇ يېڭى تىياتىر ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن، ئۇرۇمچى شەھەر خەلقى ئىچىدە تېزلا ئابروي قازاندى. شۇ يىلى كۈزدە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بۇ سەنئەت كۇرژۇكىنى «ئۆلكىلىك سانايىنەپىسە» دەپ ئۆز تەركىبىگە ئالدى. قوشۇن كۆپەيدى، ناخشا - ئۇسسۇل، خور، لەپەر، چوڭ - كىچىك دراما ئەسەرلىرى تەييارلىنىپ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

1934 - يىل ئىچىدە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىن باشقا بارلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ھەر قايسى مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، ئۇنىڭ قارمىقىدا سانايىنەپىسە ئۆمەكلىرى، گۇرۇپپىلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇيۇشمىلار قارمىقىدا يېڭى زامانىۋى پەننىي دەرس ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلدى. بۇ مەكتەپلەردىكى سەنئەت كۇرژەكلىرى يەرلىك مەھەللىۋى سەنئەت پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى.

1934 - يىلى كۈز ئايلىرىدا، ئۆلكىلىك سانايىنەپىسە، بورا بىلەن ياپقان كولۇبتا پەردە ئۈستىگە تارتىلغان لوزۇنكىغا لېنىننىڭ «تىياتىر خەلق تۇرمۇش ئەينىكى» دېگەن چوڭ خەتلىك شوئار يېزىلغان پەردە ئېچىلىپ، «بوز يىگىت» دراممىسى بىلەن بىرنەچچە كونسېرت نومۇرلىرى ئوينالدى. ئويۇنغا ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجىمۇ كەلگەن ئىدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا خوجىنىياز ھاجىم ئارتىسلارنى قوبۇل قىلىپ: «سىلەرنىڭ ئويۇنلىرىڭلار ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇ «بوز يىگىت» دېگەن چۆچەكنى مەن قۇمۇل تاغلىرىدا پادىچىلاردىن ئاڭ-



لىغان ئىدىم. بۈگۈن بۇ ئويۇنلار ھەممىمىزگە ياقتى... سىلەرنىڭ نېمە قىيىنچىلىقلىرىڭلار بار؟» دېگەن. ئارتىسلاردىن چوڭ ئاخۇن ۋە ئابدىكېرىم رازى: «ھاجى ئاكا، بىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇپ كەلسەك دېگەن ئارزۇيىمىز بار ئىدى، بىراق بىز ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدۇق...» دېگەندە، ھاجىم: «بۈگۈن ئوينىغان ئويۇنلارنىڭ ئۆزى ئىمتىھان دېگەن شۇ»، دەپ ئىمتىھانسىز سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئوقۇشنى تەستىقلىغان. بۇلار 1936 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك «پەندىخۇي» (جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما) دا كوممۇنىستلار بىلەن دېموكراتىك ئىلغارلار ئىشلەيتتى. مەسلەن، ۋاڭ باۋچۈەن، خۇاڭ مىڭخۇ... قاتارلىقلار ئاقارتىش ئىشلىرى، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئالتە سىياسەتنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن تەشۋىقى - تەربىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. بولۇپمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا يېڭى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ماركسىزم، لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى تارقىتىشتا تەشۋىقى تەلىم تەربىيە ئىشلىرىنى جانلاندۇرغان. كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن ماۋ زېمىن، چېن تىيەنچيۇ، لىن جىلو، ماۋدۇن (شىڭ يەنبىڭ)، جاۋدەن ... قاتارلىقلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. ئۇلار ئۆلكىنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي - مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇنىڭدەك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭدىن سوۋېتكە چىقىپ ئوقۇپ بىلىم ئالغانلار شىنجاڭغا قايتىپ

كەلدى. مەسىلەن: سەنئەتكارلاردىن قاسىمجان قەمبىرى، ئابدىخالىق ئۇيغۇر، تەۋپىق (مەمتىلى ئەپەندى)، توختى ھاجى، قەمبەرخانىم، ھەمراخانىم، ئابدۇللا ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى، سەمەت ئابدۇللا، تالىپ ئاخۇن، ماھىر دىكراتور ۋە رەسسام نامانخان ئۇستام، ئوغلى مەمتىمىن... قاتارلىقلار سوۋېت سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ يېڭىچە ئۇسلۇبلىرىنى قوبۇل قىلىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنى يېڭى مەزمۇندا بېيىتتى. نۇرغۇن يەرلىك سەنئەتچىلەرنى يېتىشتۈردى. ھەم شىنجاڭدىن سوۋېتكە ئوقۇشقا ئىۋەتىلگەنلەرمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيەلىرىدە مەسئۇل خىزمەتلەردە بولسىمۇ، ئۆزلىرى تۇرغان جايلاردىكى سانائىنەپىسەلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە تەشكىللىدى. ئوزلىرى رول ئېلىپ ئۇلگە كۆرسەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى سوۋېتتىن ئالغاچ كەلگەن «باي بىلەن مالاي»، «ئارشىنمال-ئالان»، «غېرىپ-سەنەم» دراممىسى ۋە «پەرھات-شىرىن»... قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

1936 ـ يىلى ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە چۆچەكتىن ھېمىت ھېكىم (ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس ۋە سەنئەت ئۆمىكىگە مۇدىر بولغان) بىلەن ئايىلى پەرىدە خانىم (دراما ئارتىسى)، ئىلىدىن قاسىمجان قەمبىرى، رازىيە خانىم، ئابدۇۋەلى جاروللايوپ، سەيدۇللام، تۇرپاندىن سىراجىدىن زەپەر، قەشقەردىن سەمەت ئابدۇللا، ئابدۇرېھىم چاڭچى ... قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىندى. ئويۇن مەزمۇنى: ۋەتەنپەرۋەرلىك، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، خەلقنى



خۇراپاتلىق ـ نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقى، ئىلىم ـ بىلىمگە دالالەت قىلىش، خوتۇن ـ قىزلار ئازادلىقى ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. يەنە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپكە ئۇيۇشۇش، ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان ئارمىيە، خەلقلەرگە ياردەم توپلاش خىزمەتلىرىدىمۇ مەركەزلەشتۈرۈلدى.

1938 ـ يىلى ئۇرۇمچىدىكى نەنمىڭ مەدەنىيەت كۇلۇبى پۈتتى. كۇلۇبنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمى (قۇرۇلۇش چىقىمى) ئويۇن كىرىمى، لاتارى ئويۇنلىرىدىن كىرگەن كىرىم ۋە ئايلارنىڭ ياردىمى بىلەن بولدى. بۇنى شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيۇشما رەئىسى ۋە سانائىنەپىسە مۇدىرى ھېمىت ھېكىمى ئۆزى لايىھىلىگەن ھەم ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ چاغدا ئويۇن نومۇرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى، مەزمۇنى، تۇرمۇش چىنلىقى، مىللىي ئۇسلۇبى، كىيىم، گىرىم، دىكراتسىيە سايمانلىرى، سۇدت (نۇر) ۋە ئارتىسلارنىڭ ماھارىتى جەھەتتە بىر قەدەر تولۇقلاندى (ئۇنىڭ ئالدىدا، سەھنە كىيىملىرى ۋە سەھنە سايمانلىرىنى كىشىلەردىن ئارىيەت ئېلىپ، ئويۇن بېلىتى بېرىپ رازى قىلاتتۇق). كېيىن ئۆمەكنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرى كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلاپ، سەنئەت ئەدەبىياتى يازىدىغانلار بارلىققا كەلدى. ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە باشقا يىرىك ئەسەرلەرنى ئويناش بىلەن تاماشىچىلارنىڭ زوقمەنلىكى جەلپ قىلىندى.

بۇ ۋاقىتتىكى سەھنە ئەسىرى يازغانلار ۋە ئوينالغان سەھنە ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) ھېمىت ھېكىم يازغان «ئەخمەت سەرراپ»، «سۆلەت»، «شەرمەندىلەر»، «جەلگور» (يانچۇقچى)، «پىرخون»، «ئانارخان» درامىلىرى.

(2) خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «18 – سېنتەبىر ۋەقەسى» (تىراگېدىيە). (3) ماۋدۇن (شىڭ يەنبىڭ) يازغان «كۈرەش» دىرامىسى. (4) نۇر بوساقوپ يازغان «بىرى سەن – بىرى مەن» دىراممىسى. (5) «يالغان تېۋىپ». (6) شېكىسپىر ئەسەرلىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن «سوپى تاغا» كومېدىيىسى. (7) زىيا سەمەت ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «غېرىپ سەنەم» دىرامىسى. (8) ئابدۇشۈكۈر يالقۇن يازغان «شاڭخەي كېچىسى». (9) ل. مۇتەللىپ يازغان: «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «چۆمەن بىلەن پالۋان»، «چىڭ مۇدەن»، «تاھىر ۋە زوھرا» ئوپېراسى. (10) زۇنۇن قادىرى يازغان «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» دىرامىلىرى. (11) ئابلا روزى يازغان «ئۆگەي ئانا» دىرامىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغانىدى.

بۇ ئەسەرلەر ئۈرۈمچى سەھنىسىدىلا ئوينىلىپ قالماي، پۈتۈن شىنجاڭدا كەڭ تۈردە (يەرلىك سانايىنەپسەلەردىمۇ) ئوينالغان. ئۇ چاغدا ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئايدا دېگۈدەك بىردىن – ئىككىگىچە سەھنە ئەسىرىنى شاپىگىرافتا بېسىپ تارقىتىپ تۇراتتى.

ناخشا – ئۇسسۇللار (كونسېرتلار)دىن «ماي چېچەكلىرى»، «ئەرزىم – دادىم»، «ئاچىل»، «قۇتۇلدۇق»، «سېپىل ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «نوزۇگۇم ناخشىلىرى»، «ئاھ ئۇرارمەن»، «ئېچىلغان گۈل»، «ئالدىنقى سەپكە بارايلى»، «ياپون قانخور، قېرى تۈلكى»، «قوپ ئى ئاداش ئەتراپىڭغا باق»، «ئارزىگۈل»، «ئاسمىنىڭدا ئاي



بارمۇ»، «جۇڭگو – سوۋېت دوستلۇق ناخشىسى»... قاتارلىق ناخشىلار؛ لەپەرلەردىن: «ئىستىكىم ئوقۇش»، «ھەي نوروزۋاي»، «نادان ئاتا بىلەن قىز»، «داۋانچىڭدا بىر يارىم بار»، «شاخ – شاخ چىنا»، «ئايەجان» (ئۆزبېكچە)، «شىنجاڭدىكى يېڭى مەكتەپ» قاتارلىقلار؛ كوللېكتىپ ئۇسسۇللۇق ناخشىلاردىن «ئىلى سەنىمى»، «پەريادەي»، «سىم – سىم ئارىلاپ»، «دەككۈدۈك»، «ھەريان چۆمەنگۈل» قاتارلىقلار ئوينالغانىدى. ھەجۋى نومۇرلاردىن «مانىكاۋاي» (نەشىخورلارغا تەنقىد)، «ناچار ئىللەت بىزدە بار» (قىمارۋازلارغا تەنقىد)، «ھەي – ھەي بۆرى» (خۇراپاتلىققا تەنقىد) قاتارلىقلار ئوينالغان.

ئۇسسۇللاردىن: نىم پەدىگە ئۇسسۇل، مۇناجاتقا ئۇسسۇل، ئوشاق مەرغۇلىغا ئۇسسۇل، جەڭچى قىز ئۇسسۇلى، ناغرا ئۇسسۇلى، ناغرا بايات ئۇسسۇلى، كەشتىچى قىز ئۇسسۇلى، ئومۇم مۇزىكا، يالغۇز مۇزىكا، دېكلاماتسىيە، سېرك ۋە سېھىرگەرلىك ... قاتارلىق كونسېرت تۈرلىرى ئوينىلاتتى. بۇ ئويۇنلار شۇ چاغدىكى تاماشىچىلارنىڭ مەنىۋى – مەدەنىي ھاياتىدا زور يېڭىلىق بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇزۇن يىللىق فېئوداللىق تۈزۈم قاراڭغۇلۇقىدا نادانلىق، تەقدىرچىلىكنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا قەدىمدىن بار بولغان خەلق سەنئىتى ئۇنتۇلۇش، يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ھەتتا يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى خەلق سەنئەتچىلىرىگە نىسبەتەن ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلمايتتى. بۇ يېڭى ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئەدەبىيات – سەنئەتچى خادىملارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە خەلق سەنئىتىمۇ ماركسىزملىق ئىدىيە تەسىرى ئاستىدا

يېڭىچە بەدىئىي ئۇسلۇب، سىياسىي تۈزۈمى يېڭى بولغان مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ھال ئۈرۈمچى خەلقى ۋە بارلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئاجايىپ چوڭ پەخىرلىنەرلىك ئىش بولدى. 1939 - يىلى ماۋدۇن (شىڭ يەنبىڭ)، جاۋدەنلەرنىڭ باشچىلىقىدا، ئۆلكىلىك سانايىنەپىسەنىڭ ئارتىسلىرىدىن بىرنەچچە ياشلارنى ھەم ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ سەنئەتچىلىرىنى ئۆلكىگە يىغىپ، ئىككى يىللىق سەنئەت مائارىپى، يەنى «مەدەنىي كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى» ئېچىپ ئىپتىدائىي سەنئەت بىلىمىگە ئىگە قىلغان. ئوقۇلغان دەرسلەر رىژىسسورلۇق، ئارتىسلىق ئىلمى، سەھنە سەنئەت ئىلمى (نۇر، دېكوراتسىيە، گرىم، كىيىم، سەھنە سايمانلىرى، ئېلېكتر كۈچىدىن پايدىلىنىش) ۋە سەھنە ئەدەبىياتى ھەققىدە... قاتارلىق كەسپىي بىلىم دەرسلىكلىرىدىن سىرت، سىياسەت دەرسلىكى، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى، خەلقئارا ۋەزىيەت، پەلسەپە، دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزمىدىن دەسلەپكى ساۋات قاتارلىق دەرسلەرمۇ ئۆتۈلدى.

ماۋدۇن، جاۋدەنلەر تەرىپىدىن «كۆرەش» ھەم «يېڭى شىنجاڭ» ناملىق دراما يېزىلىپ، مەكتەپ پۈتتۈرۈش دوكلات ئويۇنى كۆرسىتىلدى. بۇ چاغدا، قەشقەردە سەمەت ئابدۇللا، يەكەندە تۇردى ئاخۇن ئاكام، كۇچادا ھاشىم ھاجى قاتارلىقلار مىللىي مۇزىكا ۋە دوخشۇي مۇزىكا كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ياش تەلەپكارلاردىن 200 گە يېقىن كىشى موزىكانت بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. غۇلجا ۋىلايىتىدە جامىكام، ھاسان تەمبۇر، روزى تەمبۇر، مەتنىيا ھىركام، زىكرى ئەلپاتتا قاتارلىقلار كۆپلىگەن مىللىي مۇزىكانتلار-



نى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا مۇزىكانتلار كۆپىيىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابىچەم بولۇپ، داتلىشىپ پەگادا قالغان مۇزىكا سايمانلىرى تۈرگە چىقتى. مەسىلەن: ساتار، چاڭ، قالون، دۇتار، تەمبۇر، راۋاپ، غىجەك، نەي، بالىمان، چورا، سۇناي، كاناي، سېپتور، ناغرا، داپ، ئەشتار، تاش، ساپايە، چاقچۇق، قوشۇق، تائادىئون، ئىسكىرىپكا، ماندالىن، ماندورا، گىتار... قاتارلىق سازلارنىڭ تەڭشىكى بىرلىككە كېلىپ، مىللىي مۇزىكا ئوركېستىرى مۇقام مۇزىكىلىرىنى ۋە باشقا مىللەت مۇزىكىلىرىنى (چەت ئەل مۇزىكىلىرىنىمۇ) ئۆز پۇراقلىرى بويىچە چېلىش ئىقتىدارىغا يەتتى، ھەتتا ئاھاڭنى نوتىسىز يادا چېلىپ، ناخشا ئېيتىدىغان ئالاھىدىلىكمۇ ئومۇملاشتى.

يۇقىرىدىكى ئۇستازلار تەربىيىلىگەن سەنئەتكارلار، 80 - يىللارنىڭ سەنئەت ئۇستازلىرىدىن بولۇپ قالدى. مەسىلەن: ھۆسەنجان جامى، قوربان ئىبراھىم، سىراجىدىن زەپەر، قەمبەرخانىم، مەھەممەتجان ئىسمايىل، ئابلىكىم ئابلايۇپ، غىياسىدىن بارات، سىدىق ھاشىم... قاتارلىقلار.

1940 - يىللارغا كەلگەندە، ئۆلكىلىك سانايىنەپىسە ئۆمىكىنىڭ قوشۇنى تولۇقلىنىپ، سان - سۈپەت جەھەتلەردە ئارتىستلارنىڭ ماھارىتىمۇ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ قالدى. ئۆلكىلىك ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى سانايى نەفىسە ئۆمەكلىرى 70 كە يېقىنلىشىپ، ئەزالىرى (كەسپىي ۋە كەسىپ سىرتىدا بولۇپ) 1500 ئەتراپىدىكى ئادەم سانىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە سەنئەت كۇرۇژوكى، ناخشا ئەترەتلىرى، ئىدارە - ئورگانلاردا ئىشچى -

خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت پائالىيەتلىرى بارلىققا كەلگەن. شۇ قاتاردا خەلق مەشرەپلىرىمۇ خېلى جانلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ يىللارغا كەلگەندە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 60 تىن كۆپرەك كۇلۇب، تىياتىرخانىلار بارلىققا كەلدى (ئاتۇش، چۆچەكتە 36 - يىل، غۇلجىدا 37 - يىل، ئۈرۈمچىدە 38 - يىلى، قەشقەر، خوتەندە 39 -، 40 - يىللىرى... كۇلۇپ سېلىندى). 40 - يىلى، ئۆلكىلىك سانايىنەپىسە چۆچەكتىن قەمبەرخانىم بىلەن سىڭلىسى گۈلبەھرەمنى، غۇلجىدىن قاسىمجان قەمبىرى، سەيدۇللام، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ، روزى تەمبۇر قاتارلىقلارنى، قەشقەردىن سەمەت ئابدۇللا... قاتارلىقلارنى ئۆمەككە تەكلىپ قىلدى. شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە سەنئەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ شۆيۈەن، ئوتتۇرا مەكتەپ، گېزىتخانا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىلىرى ل، مۇتەللىپ يازغان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ۋە «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» دراملىرىنى كۆرسەتكەن. ئۆلكىلىك مەدەنىي كادىرلار كۇرسى «كۈرەش» دېگەن درامىنى ۋە بىرقانچە كونسېرت كۆرسەتكەن. پەندىخۇي خور دۈيى ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئېيتقان. بۇنىڭدىن باشقا ئىدارە - جەمئىيەتلەر ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرمۇ قاتنىشىپ، ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى نامايەن قىلغان. بۇ پائالىيەت ئۆلكىمىزنىڭ سانايىنەپىسە (ئەدەبىيات - سەنئەت) ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇ مۇسابىقىدە ئۈرۈمچى جىڭجو، يۆجو، چىنچاڭ تىياتىرلىرى ۋە ھەرقايسى مىللەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ سانايىنەپىسە ئۆمەكلىرى



قاتناشقان. بۇ مۇسابىقە ئۈرۈمچى تاماشىچىلىرىدا زور تەسىرات قالدۇرغان ھەم سەنئەتچىلەرنىڭ تۇنجى بايرىمى بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ شىنجاڭ قىز - ئاياللىرىنىڭ بۇ سەھنە سەنئەت پائالىيىتى خوتۇن - قىزلار ھۆرىيىتى ئۈچۈن ئىشىك ئاچقانىدى. شۇ چاغقا كەلگىچە سەھنىلەردە ئايال كىشىنىڭ رولىنى ئەرلەر ئوينايتتى (بۇ سوۋېت تەرەپلەردىمۇ شۇنداق بولغانىدى).

30 - يىللاردىن كېيىن سەھنىدە ئوقۇلغان ناخشىلار

«ئاچىل»①

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ،
باشقا سانچىلاي دەيدۇ.
يارىمىنىڭ يۈرەك ئوتى،
تەنگە يامىشاي دەيدۇ.

يار دەردىدە خۇن بولدۇق،
تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق.

① ئاچىل ناملىق بۇ شېئىر ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بولۇپ، ئۇ 30 - يىلى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ھارپىسىدا خەلقنى ئويغىتىش، زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىش ئۈچۈن چاقىرىق قىلغان ناخشا. مۇزىكىسىنىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزى خەلق ئاھاڭلىرى ئاساسىدا يېڭىلىك مېلودىيە بىلەن ئىجات قىلغان. بۇ ناخشا شۇ ۋاقىتتا ناھايىتى تېز پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغانىدى. ھازىر بۇ ناخشا ئېيتىلغان ھامان، قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى يادىمىزغا كېلىدۇ.

قورقۇنچىغىدىن قاتتىق تاش،
بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق.

غەيرەت گۈلۈم ئېچىلغىن،
ھىممەت گۈلۈم ئېچىلغىن.
سېنىڭ ئۈچۈن جان پىدا،
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم. ئاچىل - گۈل ئاچىل!

«سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن؟»①

«سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن ئويلىساڭچۇ،
ئىززىتىڭ، ھۆرمىتىڭ كەم بولۇرمۇ؟
كۆكرىكىڭدىن يېنىپ تۇرمىسا ئوتلىرىڭ،
ئەللەرىڭ، يۇرتلىرىڭ نۇر بولۇرمۇ؟

سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن ئويلىساڭچۇ؟
ئىززىتىڭ، ھۆرمىتىڭ كەم بولۇرمۇ؟
تىغ ئېلىپ، ئاتلىنىپ جەڭ قىلمىساڭ،
يۇرتلىرىڭ خەلقلىرىڭ ھۆر بولۇرمۇ؟»

---

① ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ناخشىدا 31 - يىللاردا خوجىنىياز ھاجى باشلىغان قوزغىلاڭغا خەلقنىڭ قاتنىشىشىنى چاقىرىق قىلغان، بۇ ناخشا قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەڭ مارشى بولۇپ قالغانىدى. بۇ ناخشا پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان ھەم سەھنىلەردىمۇ ئوقۇلغان.



«ئەرزىم - دادىم» ①

بىزنى ئەزگەن زالىملار —
سەن يوقاتتىڭ ئىنقىلاب،
يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ —
پارچە - پارچە پارچىلاپ.

كۆپ زامانلار خار بولۇپ،
زارلاندى خەلقىم ئاھ ئۇرۇپ.
ئەمدى بىز ئالغا ماڭايلى،
ئورنىمىزدىن دەست تۇرۇپ.

نەقرات ئەرزىم - دادىم دوستلارغا
بارمۇ دەردمەنلەرنىڭ داۋاسى.

«دوستلۇق ناخشىسى »②

قولىمىزدا گاڭ قەلەم،
ئوينىشىمىز يېڭى سەنەم.

---

① ئىنقىلابىي سەنئەتكار قاسىمجان قەمبىرىنىڭ بۇ ناخشىسى، خەلق ئاھاڭىغا سېلىنىپ سەھنىلەردە ئۇزاق ۋاقىت ئوقۇلغان.

② بۇ ناخشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇقىمىز مەدھىيىلىنىدۇ. ناخشىنىڭ تېكىستى ئەينى زاماندىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى يېڭى دەۋرگە يول ئاچقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭى بىلەن مېلودىيىسى شوخ بولۇپ، سەھنىلەردە كۆپ ئوقۇلغان. ناخشىنىڭ تېكىستى ۋە مۇزىكىسىنىڭ ئاپتورى ئېنىق ئەمەس.

كەتتى بىزدىن قايغۇ - غەم،
دوستلار بۇ ھۆرلۈك زامان.

ئەتراپىمىز بوستانلىق،
سوۋېت بىلەن دوستانلىق.
ياشار مەڭگۈ ئىناقلىق،
دوستلار بۇ ھۆرلۈك زامان.

«ئارزىگۈل»①

ئېچىلغان گۈل جۈيخۇا گۈل،
ھەرگىز سولمايدۇ.
گۈلزارلىقتا قەست قىلغان
ھايات قالمايدۇ.
خۇشال بۇلبۇل سايرايدۇ،
چىمەن گۈلزاردا.

① سۆزى، مۇزىكىسىنى قاسىم مۇسايوپ ئىجاد قىلغان:
بۇ شېئىردا جۈيخۇا گۈلى سىمۋول قىلىنغان بولۇپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغانلىقى، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ناخشا ئاھاڭى يېقىملىق، خۇش خۇي.
شۇ چاغلاردا ئوينالغان سەھنە نومۇرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش، خەلقنى ئىلىم - مەرىپەتكە دالالەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.



ھەممەجاننىڭ كۆڭلى خۇش،
گۈللۈك باھاردا.
بۇ باھاردا ئۆسكەن بىز،
دائىم ئۆرلەيمىز.
دەككە بېرىپ دۈشمەنگە
بىرنى قويمايمىز.
..............................

«ئۆلۈم يا كۆرۈم»①

«ئۆلۈم يا كۆرۈم» دەپ مىليونلىغان ئەل،
قانلىق مەيدانغا چىقىشتى باغلاپ مەھكەم بەل.
بۇ يولدا ئاقتىمۇ قانلار بولۇپ سەل،
بۇ كۆرەش مەقسىتىمىزنى قىلغۇسىدۇر ھەل.
..........................

«ئالدىنقى سەپكە بارايلى»②
(خور)
«پۇل ۋە مىلتىق كۈچنى چىقىرىپ،
ئالدىنقى سەپكە بارايلى.

① بۇ ناخشا 1940 - يىلى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئاممىۋى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا لۇتپۇللا تەرىپىدىن يېزىلغان. مۇزىكانت مۇھەممەتجان ئىسمائىل نوتىغا سالغان. بۇ ناخشا شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ھەم مەكتەپلەردە ئوقۇلغان.
② بۇ ناخشىنىڭ ئاپتورى نامەلۇم، مۇزىكىسى خەلقنىڭ.

ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغان،
ياپونلارنى قوغلاپ چىقىرايلى!

بىرلىك بىلەن ئالغا ماڭدۇق،
ياپون فاشىستنى يوقىتىشقا.
قولدىن كەتكەن ئۆلكىلەرنى،
بىز قايتۇرۇپ ئېلىشقا.»

× × ×

«بىز يېڭىمىز»①

بىز يېڭىمىز ھەم يېڭىۋاتىمىز دۈشمەنلەرنى،
سۈلھى تەسلىمچىلەرنى يوق قىلغاچقا.
ھېچ قويمايمىز ۋەتىنىمىزدە جاھانگىرلارنى،
ۋەتەن ئازاد! تۈيغۇلار، بىزدە بولغاچقا.

ئۇزۇن يىلدىن جۇڭگو ئۈچۈن ھازىرلىغان،
ھەربىي قورال بار كۈچىنى ھازىرلىغان.
پۈتۈن جۇڭگو مەملىكەتنى باسماقچى بولغان،
ياپونلارنىڭ چىرىك پىكرىنى بۇزۇۋەتتۇق بىز.

پات ئۇرۇشۇپ، پات ھەل قىلىش پىلانىنى،
يۈز مىڭلىغان سامۇرايلار ئەسكەرلىرىنى،



ۋەھشى باندىت، زالىم قانخور ئوغرىلارنى،
قەھرىمانلىق ئۇرۇش بىلەن قايتۇردۇق بىز.

× × ×

«ئۇلۇغ ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغدايلى»②

«ياپون قانخور ئەڭ ئۇستا قېرى تۈلكى،
ھېيلىگەرلىك ـ ئالدامچىلىق ئۇنىڭ ھۈنىرى،
ھېيلىسىگە كۆنمىسە ـ ئالدانمىسا خەلق،
ئۆز تۈسىنى ئۆزگەرتىپ بولىدۇ بۆرى.
ياپونلارنى ئۈچ ئۆلكىدىن قوغلايلى!
ئۇلۇغ ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغدايلى!»

«ماي چېچەكلىرى»③

«ماي چېچەكلىرى قاپلىدى چۆلنى،
گۈل قىلدى قەھرىمانلار قەبرىنى.

① ، ② ناخشىلارنىڭ ئاپتورى نامەلۇم. مۇزىكىسى خەلقنىڭ.

③ بۇ، 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ شانلىق غەلىبىسىگە ئوقۇلغان مەدھىيە. بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى ۋە مۇزىكىسىنى پەن دېخۇي ناخشا گورۇپپىسى ئىجاد قىلغان. خىمىت ھېكىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ناخشا ئارقىلىق 4 ـ ماي ھەرىكىتى تەشۋىق قىلىنغان.

تۆكۈلگەن قانلار كەتمىدى زايا،
تۇغدى قەھرىمان نەۋرە - چەۋرىنى.

كاۋ پىلەك چارقىنى رۇسلىدى ئۇلار،
ئەپكەلدى بەختىنىڭ سۈلھى - سەھرىنى.
كۆرۈڭلا نەۋرىلەر، چەۋرىلەر بۈگۈن،
تىكلىدى بەختىنىڭ ئالتۇن قەسرىنى.»

«ئايرىلمىسۇن»①

كەلدى نەۋ باھار كۆكلەم،
نۇرغا چۆمدى بۇ ئۆلكەم.
ئەجەب ئوبدان زامان بولدى،
ياڭرايدۇ خۇشال كۈلكەم.

× × ×

گۈل ئېچىلسا باغلاردا
تىكەنلەر كۆرەلمەيدۇ.
دوستلۇق - ئىتتىپاقلىقنى
دۈشمەنلەر بۇزالمايدۇ.

نەقرات ھەشقى پېچەك باغدا رەيھان يا دوست
ئۆزگىلمەن شېخىدىن ئايرىلمىسۇن.

① تېكىستى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ، مۇزىكىسىنى سەمەت ئابدۇللا ئىجاد قىلغان. ناخشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەن بىرلىكى ۋە يېڭى دەۋر مەدھىيىلەنگەن.



«يېڭى شىنجاڭ قىزلىرى» ①
(لەپەر)

يېڭى شىنجاڭ قىزلىرى يەي،
مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ يەي.
بىلىم ئېلىپ مەكتەپتە، ئىستەر ھامانەي
يېڭى داستان توقۇيدۇ يەي.

× × ×

يېڭى شىنجاڭ قىزلىرى يەي،
ئوچۇق كېلەر يۈزلىرى يەي.
ئوقۇش ئۈچۈن تەلمۈرگەن، ئىستەر ھامانەي،
قارا بوتا كۆزلىرىيەي.

دەرۋەقە كونا زامان خۇراپاتچىلىقى خوتۇن - قىزلارنىڭ يېڭى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇشىغا يول قويۇلمىغانىدى.

ئۇسسۇللار (ئاياغ ئويۇن)

1) قەمبەرخانىم ئوينىغان ئۇسسۇللاردىن «ناغرا بايات»، «نىم پەدە»، «ناغرا ئۇسسۇلى» ۋە «جەك ئۇسۇلى» قاتارلىقلار لىرىكىلىق، شوخ كەيپىياتلىق ئۇسسۇللار بولۇپ، بۇنىڭدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپتە

① ئۇيغۇر قىزلىرىنى يېڭى مەكتەپ - مائارىپقا دەۋەت قىلغان، بۇ لەپەر، سانسىزلىغان خوتۇن - قىزلارنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆرەش قىلىۋاتقان جۇڭگو قىزىنىڭ بىرقانچە ياپون ئالۋاستىلىرىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

2) نۇرخانىمنىڭ كەشتىچىلىك ئۇسسۇلى (داپقا ئوينىلىدۇ) بىلەن پەرىدەخانىم (ھېيىت ھېكىمنىڭ ئايالى) نىڭ درامىلاردىن «ئارشىن‌مال ـ ئالان»دا ئاسىيە، «پەرھات‌شېرىن»دا شېرىن، «غېرىپ ـ سەنەم» دە سەنەم بولۇپ ئوينىغان ئۇسسۇللىرىمۇ كۆپلىگەن تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەندى.

شۇنىڭدەك ھەمراخانىم، گۈلبەھرەم (قەمبەرخانىمنىڭ سىڭلىسى)، رازىيە خانىم... قاتارلىقلار ئوينىغان «مۇشكۇلات»، «دىلخىراج»، «مۇناجەت»، «ئۇشاق مۇقام مەرغۇلى» قاتارلىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇللار بىلەن كوللېكتىپ ئانسامبىل («ئىلى سەنىمى»، «پەرىيادەي»، «شاخ ـ شاخ چىنا»، «بادام قاپاق»، «ئالتە كەپتە»، «داۋانچىڭدا بىر يارىم بار»، «نورۇزۋاي»، «ئالمىخان»)لار ھەم لەپەر، ئېيتىشىش (چاستۇچكا) لار تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

يۇقىرىدىكى كونسېرت (ناخشا ـ ئۇسسۇل) لار ئۆلكىنىڭ بارلىق سەنئەت مۇئەسسەسەلىرىگىچە تارالدى.

1940 ـ يىلى نويابىردا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت مۇسابىقىسىگە ئۇرۇمچىدىكى سىفەن، ئوتتۇرا مەكتەپ، ھەرقايسى كۇرسلار ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سەنئەت كۇرۇژوكلىرى (گۇرۇپپىلىرى) دىمۇ يېڭى سەنئەت نومۇرلىرى بىلەن قاتناشتى.



## «ئىستىگىم ئوقۇش»

## (كىچىك ئوپېرا)

(يىراقتا ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بىر قىز سەھنىگە چىقىدۇ).

قىز: ناخشا

كېتىپ بارىدۇ مەكتەپكە،
گۈلگە ئوخشاش ئوماق باللار.
ئىشەنمىسەڭلار قاراڭلار،
ئەنە قولىدا پوپكىلار.

سەھەر تۇرۇپ يۈز يۇيۇپ،
چاي ئىچىپ، قورساق تويغۇزۇپ.
چاچ، كۆڭلىكىنى لەپىلدىتىپ،
كېتىپ بارىدۇ مەكتەپكە.

(قىزنىڭ ئاتىسى كىرىدۇ. قىز ئاتىسىغا ئېيتىپ:)

قىز: ناخشا

جانىم ئاتا كۆردىڭىزمۇ مەكتەپ ئېچىلدى،
مەرىپەتنىڭ بوستانىغا نۇرلار چېچىلدى.
نېمە ئۈچۈن ئوقۇش ماڭا مەنئى قىلىندى؟
شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ كۆزۈم ياشقا تولدى.

ئاتا: (جاھىللىق بىلەن) ناخشا

بارما قىزىم مەكتەپلەرگە چوڭ بولۇپ قالدىڭ!
ئوقۇش ئوقۇپ شەرىئەتكە قازى بولامتىڭ؟
ئۆيدە ئولتۇر، تالا - تۈزگە چىقمىغىن ئەسلا!
قازان - قومۇچ ئىشلىرىنى ئۆگەن ئاناڭدىن.

(ئاتا: قىزىغا قىيداپ چىقىپ كېتىدۇ. بىر توپ قىزلار كىرىدۇ).

قىز: (مەيۈسلىنىپ) ناخشا

نادان ئاتامەي، مەكتەپكە بەرمەي،
قالدىم قارا يەي — قالدىم قارا يەي.
قىزلار: ئاھۇ كۆزلىرىڭ، ئاھ! شېرىن سۆزلىرىڭ...
قىز: ئىستە - ئىستە ئىستەك — ئىستىكىم ئوقۇش.

قىزلار: ھەريان چىمەن گۈل ياشناپ ئېچىلۇر،
قارىشىدا پارلاپ نۇرلار ساچىلۇر.
ئاھۇ كۆزلىرىڭ — شېرىن سۆزلىرىڭ،
قىز: ئىستە - ئىستە - ئىستەك، ئىستىكىم ئوقۇش.

قىزلار: (قىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ...)



ناخشا

مەكتەپ - مەكتەپ، مەكتەپ دوستلار،
چاقىرادۇر بىزلەرنى.
ئىلمۇ ئىرپان نۇرى بىلەن،
يورۇتايلى كۆزلەرنى.

ئوقۇپ - ئوقۇپ ئالغا بېسىپ،
ئوقۇپ - ئوقۇپ ئالغا بېسىپ
مەملىكەتنىڭ كەڭ قوينىدا
ئەركىن ئۈزۈپ! ... (تامام)

بۇ كىچىك ئوپېرا شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئوينىلىپ، قىزلار مەكتەپلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن يىراق يېزىلارغىچە تەسىر قوزغىغان. بۇ نومۇر ئوپېراچىلىقىمىزنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئاساسى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

1 - ناخشا «بۇ ئانا ماكان»

بۇ ئانا ماكان - كانى ئىرپان،
ئوقۇ، ئۆرلە، ئالغا يۈر.
مەرىپەت بىزگە بىرەر شەرەپ - شان،
ئوقۇ، ئۆرلە، ئالغا يۈر!

نەقرات: ئىلىم ئوقۇيمىز، شان ئالۇرمىز
ياشلىق ئوقۇش دەۋرىدۇر.

بىلىم بېغىدا گۈللەر ئاچىلۇر،
ھەر گۈل شېخىدا بۇلبۇل سايرىشۇر.
بىلىملىك ئەۋلاد شان - شەرەپ قۇچار،
ئوقۇ، ئۆرلە، ئالغا يۈر!

### نەقرات

ئىلىم، ھېكمەتتىن بولۇر ئىززىتىڭ،
ئەخلاق - پەزىلەت بولسۇن خىسلىتىڭ.
ساغلام بەدەندۇر ئۆمۈر زىننىتىڭ،
ئوقۇ، ئۆرلە، ئالغا يۈر!

بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى بىلەن ئاھاڭى مەتنىمىن قارى ھاجى (سوپىزادە) نىڭ ئىدى. 40 - يىللاردا دراماتورگ ئابدۇللا روزى تېكىستىنىڭ بەزى يەرلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. بۇ ناخشا ئۇزاققىچە سەھنە ۋە مەكتەپلەردە ئوقۇلغان، خەلق ئىچىگە تارقالغان.

### 2 - ناخشا «قوپ ئى ئاداش»

قوپ ئى ئاداش بىر ئەتراپىڭغا باق،
باق، نە كۆرەرسەن؟ ئويلانغىن ئۇزاق.
دەرسۇ - ئىبرەتلەر كېلۇر بۇ جاھاندىن،
ياۋروپالاردىن ئال ئەمدى ساۋاق.
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتىدۇر كۈچ.



ئۇلار ئىلمىي، ھېكمەت بىلەن يۈر، (يۈرەر)
سىنە① لىرىدە ھەممەت بىلەن يۈر.
يەردە ھاۋادا - سۇدا ئۈزە يۈرلەر،
جۈملە② جاھاننى يۇتماق ئىستە يۈر...

2 - ناخشىنىڭ تېكىستى بىلەن مۇزىكىسى ۋەتەنپەرۋەر شائىر ھەم يېڭى زامان مائارىپىغا ئاساس سالغۇچى مەمتىلى ئەپەندى تەۋپىقنىڭ ئىدى.

### 3 - ناخشا «تىلىكىم ئوقۇش»

مەن بىر بالىمەن، تىلىكىم ئوقۇش،
جان ئىلە تېنىم ئوقۇشقا قۇربان.
ئانا مەكتىۋىم دىلنى يورۇتۇر
ئوقۇپ ۋەتەندە قىلىمەن جەۋلان.

كېلىڭ دوستلار بىرلىشەيلى
پەن - ئىرپانغا ئېرىشەيلى.

مەن بىر بالىمەن، تىلىكىم ئوقۇش،
جان ئىلە تېنىم ئوقۇشقا قۇربان.
ئاتا - ئانىلار ئوقۇمىغاچقا،
قالدىلەر زارلاپ ئەۋلادلار ھامان ...

× × ×

① سىنە كۆكرەك — يۈرەكلىرىدە ھەممەتلىك بىلەن يورۇيدۇ.

② جۈملە جىمى جاھاننى پەن - ئىلىم ئارقىلىق يۇتماقچى.

## «ئوقۇغۇچىلار مارشى» (خور)

بىز ئوقۇغۇچى بىز، پۈت - قوللىرىمىز،
كۆز، دىماغىمىز ھەر يېرىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

نەقرات: يۈرۈك! ئوقۇيلى ياش ئوقۇغۇچىلار،
ۋەتەن، خەلق يولىدا قاينار ۋىجدانلار.

ئۇزۇن يىللار بىز زۇلمەت قوينىدا،
ئوقۇيالمىدۇق ۋەتەن يولىدا.
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەست تۇردۇق،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئىرپان يولىدا.

نەقرات

ئۆسكەن يېرىمىز قانلىق شېغىل تاش،
ئۇنى گۈللەشكە پىدادۇر بۇ باش.
ماڭغان يولىمىز نىجادلىق يولى،
قايتما بۇ يولدىن ئېزىز قېرىنداش.

## 4 - ناخشا «ئۆلكىمىز»

ئۆلكىمىز ئالتۇن ئۆلكە، ئالتۇن تاغۇ - تاشلىرى،
ئالتۇن رەڭدە چاقنايدۇ، بۇغداي - قوناق، ئاشلىرى.



ئۆلكىمىز ئالتۇن ئۆلكە، بىز پىداكار ياشلىرى،
قەدىرلەيمىز ئېرپاننى، بىز بىلىم يولداشلىرى.

بۇ ئۆلكىنىڭ پەرزەنتى، ھەربىرىدۇر ئارسلان،
جەڭگە تەييار ئەرك ئۈچۈن، بۇندا سانسىز قەھرىمان.
ئۆلكىمىز ئالتۇن ئۆلكە، بىز ئۇنىڭ قۇربانى بىز،
بەخشەندە بولدى ئاڭا، قەلبىمىز ۋىجدانىمىز.

## «ناچار ئىللەتلەرگە تەنقىد»
(ئېيتىشىش)

ئا: بەزىلەردە باردۇر ناچار ئەيىبلەر،
نەشە، ھاراق، ئەپيۇنكەشلىك كېيىپلەر.

ب: چېكىۋېلىپ نەشە، ئەپيۇن دېگەننى،
مەيدىسىنى زەيگە يېقىپ يېتىشلەر.

ئا: بەزىلەر بار قىمار ئويناپ، مۇشتلۇشۇر،
ئەل قاخشىتىپ، جەلگۈرلۈككە خۇشتاردۇر.

ب: ئويىنار يەنە قىمار، قەغەز دېگەننى،
ھايۋان يېمەس ئۇلار نان دەپ يېگەننى.

ئا - ب: توغرا مېڭىڭ، ئىبرەت ئېلىڭ بىزلەردىن،
ئەھلى ۋەتەن بىزار بولدى سىزلەردىن.

تەنقىد قىلدۇق، ئەخلاقسىز تۈزدىلەر،
تۈزەلمىسە سىزدىن ئۈمىد ئۈزدىلەر

يۇقىرىدىكى ناخشا، خور، ئېيتىشىشلارنىڭ تېكىستى ھەم مۇزىكىسىنى شائىر ۋە كومپوزىتور مەمتىلى ئەپەندىم (تەۋپىق توختاجى ئوغلى) ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ 33 ـ يىلىدىن 36 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا يازغان شېئىرلىرىدىن بىر قىسمى. مەرھۇمنىڭ ئىجادىي ناخشىلىرى 100 دىن ئاشىدۇ. ئۇ ناخشىلار مەكتەپلەردىن كەڭ جەمئىيەتكە تارقىلىپ، سەھنىلەردىمۇ كۆپ ئوقۇلغان. مەمتىلى ئەپەندى تەۋپىقنى 1937 ـ يىلى قەشقەردە شېڭ شىسەي ژاندارمىلىرى سۇيىقەست قىلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەر ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل (تىياتىر) چىلىق ئىشلىرى مەزمۇن، شەكىل، بەدىئىيلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئىلگىرىلىدى ھەم سەنئەت قوشۇنى ئۆلغايدى. بولۇپمۇ ماركسىزم، لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەپ، مەملىكىتىمىزنى سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىستىكى ياشلار قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدىكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ... قاتارلىقلارنى ئەسلەيمىز. شۇ چاغدىكى ياشلاردىن ھايات قالغانلىرى، ۋەتەن ئازادلىقىدىن كېيىن داۋاملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت (تىياتىرچىلىق) ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەت ـ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.



× × ×

1942 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى تىياتىر ئەھۋالى.

ئالدامچى شېڭ شىسەي خەلققە قارشى ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، خەلقتىن يۈز ئۆرىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى، كوممۇنىزمچىلارغا ئەگەشكەن ياشلارنى، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلارنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قامىدى، زىيانكەشلىك قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى قارا تۈتەك قاپلىدى، ئارتىس، ئارتىسكىلارمۇ قامالدى ۋە تەھقىپ ئاستىغا ئېلىندى. 37 ـ يىلدىن تاكى 42 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجىم، ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشما رەئىسلىرىدىن ئابدۇللا داموللام، خېمىت ھېكىم، ئابدۇللا داۋۇتوپ (بۇ كىشىنى ئاقسۇغا پالاپ، 45 ـ يىل ئاقسۇدا ل. مۇتەللىپلەر بىلەن بىرگە جادۇغا بېسىلدى)، ئۆلكىدە تۇنجى سانائىنەپىسە ئۆمىكىنى قۇرغۇچى مۆمىن ئەپەندى ... قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە قەتلە قىلدى. 42 ـ يىلغا كەلگەندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ قاتارلىقلارنى ۋەھشىلەرچە نابۇت قىلدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىندى. ئومۇمەن پەندىخۇيغا ئەزا بولغان ئوقۇغۇچىلار، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، ماركسىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان زىيالىيلار قارا تىزىملىككە ئېلىنىپ، نازارەت قىلىندى.

لېكىن شېڭ شىسەينىڭ غالجىرلىقى ـ تېررورلۇقى ھەددىدىن ئاشقانسېرى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا

قارشىلىقى تېخىمۇ ئۆرلەپ، تەرەپ - تەرەپتە شىڭ شىسەيگە قارشى دولقۇن كۆتۈرۈلدى. ۋەتەنپەرۋەر شائىر، دراماتورگ ل. مۇتەللىپ ۋاڭ ئوردىسىنى پاش قىلىدىغان «چىن مۇدەن»، «كۆرەش قىزى»، «تاھىر - زوھرا» دراممىلىرىنى يازدى. نىم شېھىد (ئارمىيە ئىلى سايرامى) «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شىرىن» دراممىلىرىنى يازدى. ئابدۇللا روزى «ئۆگەي - ئانا»، زۇنۇن قادىرى، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» دراممىلىرىنى؛ ئەھمەت زىيايى «رابىئە - سەئىدىن» دراممىسىنى يازدى. ئارقىدىن بىلال ئەزىزىنىڭ «يىللارغا سوئال» شېئىرى بىلەن تۇرغۇن ئالماسنىڭ «تەنلىرىم ياپراق» ناخشىلىرى يېزىلىپ، شۇ ئارقىلىق خەلقنى كۆرەشكە ئۈندەش پائالىيەتلىرى ئۇلغايدى. 1943 - يىلى گومىنداڭ شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسىنى قۇرۇپ، پەندىخۇيىنى تارقىتىپ، دېموكراتىيىنى تۇنجۇقتۇرۇپ، قايتا باشتىن ئەكسىيەتچىل زۇلۇمنى يۈرگۈزدى. زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق، 1944 - يىل 7 - نويابىر نىلقىدا گومىنداڭغا قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىپ، 1945 - يىل سېنتەبىرگىچە ئىلى، ئالتاي، چۆچەكنى گومىنداڭدىن ئازاد قىلدى. ئارقىدىنلا غۇلجىدا مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى قەشقەر، ئاقسۇ رايونلىرىنى (تاشقۇرغان، قاغىلىق، باي، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىرىنى) ئىشغال قىلىپ، ئۈرۈمچى بوسۇغىسى ماناس دەرياسىغا يېتىپ كەلگەن كۈنلەردە، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشقا ماقۇل بولۇپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. 1946 - يىل ماي ئېيىدا «11 ماددىلىق بىتىم» گە قول قويۇلۇپ، شىنجاڭدا بىرلەشمە



ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. رەئىسلىككە جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسلىككە بۇرھان شەھىدى، ئەخمەتجان قاسىملار، ئابدۇكېرىم ئابباسوف مۇئاۋىن باش كاتىپ بولۇپ، بىر نازارەت نازىرلىرى بېكىتىلدى. لېكىن 1947 - يىلى گومىنداڭ تەرەپ بىتىمنى بۇزغانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەنلەر بىلەن بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلار ھەم ئۆلكىلىك سانايىنەپىسەنىڭ بىر تۈركۈم ئارتىسلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە كېتىپ، مىللىي ئارمىيە ۋە خەلقتىن ھال سوراپ، ئويۇن قويۇش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

1947 - يىلى كۈز ئايلىرىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئەيسا بەگ، ھۆكۈمەت نامىدىن «سەنمىنجۇيىلىق ياشلار سەنئەت ئۆمىكى» نى (70 كىشىلىك) تەشكىل قىلدى. بۇ ئۆمەك ئىچكىرى ئۆلكىلەردە — يەنى نەنجىڭ، تەيۋەن قاتارلىق جايلاردا شىنجاڭ سەنئىتىنى كۆرسەتتى. ئاساسلىق ئوينىغان نومۇرلىرى، قەمبەرخانىمنىڭ ئۇسسۇللىرى، ئايىمنىساخانىمنىڭ مىزانگۈل، تاجىنىسانىڭ ئاپىرىن (تۈركچە ناخشا) ناخشىلىرى ۋە قۇربان ئىبراھىمنىڭ «تاشۋاي» مۇزىكىسى قاتارلىق ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىلار ئوينالدى. بۇ ئۆمەك تەيۋەندىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، 1948 - يىلى بۇ ئۆمەكنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى ئاساسىدا «گۈزەل شىنجاڭ» ناملىق كىنو فىلىمى ئىشلەنگەن. بۇ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ تۇنجى فىلىمغا ئېلىنىشى ئىدى.

1949 - يىلى 8 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سابىق ھۆكۈمەت نامىدىن ئەيسا بەگ باشچىلىقىدا 40 كىشىلىك سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، جىنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قال-

غان مابۇپاڭدىن ھال سوراپ ئويۇن قويۇش ئۈچۈن لەنجۇغا بارغان. لېكىن بۇ ئۆمەك لەنجۇدا ئويۇن قويالماي چاپسانلا شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. ئارتىسلارمۇ تارقاپ كېتىشكەن.

× × ×

1949 ـ يىلى 26 ـ سېنتەبىر شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك يېڭى ھۆكۈمەت مەدەنىيەت ـ مائارىپ ھەيئىتى يېڭى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى» قۇرۇلدى. ئۆمەك تەركىبىگە ئۈچ ۋىلايەت سەنئەت ئۆمىكىدىن، «سەنمىنجۇيى ياشلار سەنئەت ئۆمىكى» نىڭ تارقاپ كەتكەن ئارتىسلىرىدىن ۋە سابىق ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك قىرغىز ئۇيۇشما سانايىنەپىسەنىڭ ئارتىسلىرىدىن بولۇپ تەخمىنەن 120 نەپەر ئارتىس ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ ئۆمەك ئۈرۈمچى شەھەر خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇبارەك قەدىمىنى قارشى ئېلىپ، ئۇلانبايىغا بېرىپ داغدۇغىلىق ھالدا ئارمىيىنى كۈتۈۋالدى. ئازادلىققا تەشنا بولغان خەلق خۇشاللىق يېشىنى تۆكۈپ: «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!»، «ياشىسۇن ماۋجۇشى!»، «ياشىسۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى!...» دەپ يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، يۈزمىڭلىغان خەلق بىلەن ئارمىيە ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىرىپ كەلدى.

1950 ـ يىلى 3 ـ ئايلارغىچە ئۆمەكنىڭ بىر بۆلۈم



سەنئەتچىلىرى يېڭى نومۇرلار تەييارلاپ، غەربىي شىمال رايونىغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتىلدى. يەنە بىر بۆلۈك سەنئەتچىلەر تەييارلىق كۆرۈپ، 8 ـ ئايلاردا پايتەخت بېيجىڭدا بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى ھەم مەملىكىتىمىز ئازادلىقىنىڭ 2 ـ يىللىقىنى تەبرىكلەپ ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتىلدى.

1950 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، خەيرىنىتاك (زال) دا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىمىز ئويۇن قويدى. بۇ ئويۇننى ماۋجۇشى، ليۇشياۋچى، جۇ زۇڭلى، جۇدې ... قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت پېشىۋالىرى كۆرۈپ، خۇشاللاندى ۋە ئالقىشلىدى.

ماۋجۇشىمۇ ئويۇننى قىزىقىپ كۆردى ۋە بىر قانچە ئاتاقلىق شائىرلار بىلەن ئويۇن كۆرۈۋېتىپ، ئويۇنغا مەدھىيە شېئىرلىرىنى يازدى. ماۋزېدۇڭ جۇشى ھاياجانلانغانلىقىدىن «ليو يازى ئەپەندىگە نەزىرە» قىلىپ، «ۋەنشىشا» شەكلىدە مۇنداق يازدى:

«1950 ـ يىلى دۆلەت بايرىمى كۈنى ئويۇن كۆرۈپ ئولتۇرغان چاغدا ليۇ يازى ئەپەندى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا «ۋەنشىشا» شەكلىدە بىر شېئىر يازدى، مەنمۇ ئۇنىڭ قاپىيىسى ئىزىدىن بىر نەزىرە يازدىم.

«ئۆتتى تاڭ ۋەسلىنى كۆرمەي بۇ ئېلىم تۈن ئىلكىدە،
جىن ۋە شەيتانلار ئەسىرلەپ ئۆتتى ئىشرەت بەزمىدە.
باش قوشۇپ بەش يى* خەلق جەم بولمىغان بىر مەركىدە.

* بەش يى ــ بەشيۈز مىليون جۇڭگو خەلقى.

چاللىدى خوراز جاھاننى ئويغىتىپ، تاڭ يورىدى،
ياڭرىدى ھەر ياندا ساز، يۇپتىيەنمۇ* بار بۇ نەغمىدە،
كەلدى ئىلھام مىسلىسىز شائىرنى ئۈندەپ نەزمىگە.»

لىيۇ يازى ئەپەندىنىڭ يازغان شېئىرى مۇنداق ئىدى:

گۈل بولۇپ ياندى چىراغلار، تۈن بۈگۈن نۇر ئىلكىدە،
قان ـ قېرىنداشلار ئۇسسۇلغا چۈشتى خۇشال بەزمىدە،
ياڭرىدى پەرۋاز قىلىپ ھەم «ئايگۈلۈك»* توي مەركىدە.

كەلمىسە يولباشچى بولۇپ بىرى توپنىڭ ئالدىدا،
شۇنچە مىللەت گۈللىنەرمۇ باش قوشۇپ بىر نەغمىدە.
زەپ كۆڭۈللۈك ئۆتتى چوڭ توي، دىلنى ئۈندەپ نەزمىگە».

شۇ كۈنلەردە غەربىي جەنۇب مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكى، شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكى، يەنبيەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكى، ئىچكى موڭغۇل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلار ئويۇن قويغانىدى.

بۇ شېئىر بۈيۈك بىرلىكنىڭ نامايەندىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئىلھام ۋە مەدەت ئىدى.

ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىمىز يەنە بىر تۈركۈم سەنئەتچىلەرنى تەييارلىق قىلدۇرۇپ، باندىتلارنى تازىلاش، قايمۇقۇقانلارغا تەربىيە بېرىپ ھەققەتكە قايتۇرۇشتەك

* «ئايگۈلۈك» ــ قازاق ئارتىسكا نۇرغايشا ئويىنىغان «ئايگۈلۈك، ئاينىڭ يۈزى دۈگۈلۈك» دېگەن لەپەر كۆزدە تۇتۇلغان.

* يۇپتىيەن ــ كېرىيە، بۇ يەردە شىنجاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



شەرەپلىك ۋەزىپىگە ئەۋەتىلدى. بۇ ئۆمەك چىڭخەي، تىبەت رايونلىرىغا بېرىپ، ھال سوراپ ئويۇن قويۇش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ باردى. ھەتتا ئات ـ تۆگىلەرگە مىنىپ ھەر بىر ئائىلىلەرگىچە بېرىپ ھال سوراپ ئويۇن قويدى. ئۆمەك ئەزالىرى ئىچكىرىدە بېيجىڭ، چىڭخەي، شىئەن رايونلىرىدىن ۋەزىپىسىنى تاماملاپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماۋجۇشىنىڭ 1942 ـ يىلى 22 ـ مايدا يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىگە سۆزلىگەن «نۇتۇق»نى ئاساسىي دەرسلىك قىلىپ قىزغىن ئۆگەندى. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت لۇشيەنى ھەم مىللىي سىياسىتى ئۆگىنىلىپ، ئارتىسلارنىڭ سىياسىي، سىنىپىي ئېڭى، ماركسىزمچە دۇنيا قاراش نۇقتىئىنەزىرى ئايدىڭلاشتى. شۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە (ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، تۆرىچىلىككە قارشى تۇرۇش، 3 ۋە 5 كە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى) قاتنىشىپ، قايناق كۈرەش ئىچىدىن ئىجادىيەت مەنبەلىرىنى تېپىپ ئىجاد قىلدۇق. بىر تەرەپتىن ئىجاد قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئويۇن قويۇپ خەلققە تەشۋىق قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ سىنىپىي مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنىڭ چېگرىسىنى ئاجرىتىۋالدى. خەلق سەنئىتىدىن ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى ئۆستۈردى. 50 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەتچىلىرى (مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسى)، بۈيۈك ئازادلىقىمىزنى مۇبارەكلەپ ئۈرۈمچى، خوتەن، ئىلى، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگىچە ۋە بەزى ناھىيىلىرىمىزگىچە بېرىپ ئويۇن قويدى. بىز ئۇلار بىلەن سەنئەت ئىجادىيىتى، ماھارەت (تېخنىكىلىرى)

جەھەتلەردە پىكىر ئالماشتۇردى ۋە ئۆز ئارا ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىپ، مەلۇم تەسىراتلارغا ئىگە بولدى. شۇنداقلا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن شىنجاڭغا چىققان سەنئەت پېشىۋالىرىدىن ئۆگەندى ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى. 1952 - يىلى ماي ئېيىدا، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى سەنئەت مۇسابىقىسى قەشقەر رايونىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇسابىقىگە ئۆمىكىمىزدىن 30 غا يېقىن سەنئەتچىلەر رىياسەتچىلىك قىلىپ، خەلق سەنئەت بايلىقىنى قېزىش، ۋە سەنئەت ئۆمەكلەر (خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن ۋىلايەتلىرىنىڭ (ئۇ چاغدا يەكەن ۋىلايەت ئىدى) سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە قەشقەر، سوۋېت گراژدانلىرى سەنئەت ئۆمىكى، 2 - جۇن سەنئەت ئۆمىكى، 13 - دىۋىزىيە (مىللىي دىۋىزىيە) سەنئەت ئۆمىكى ھەم تۆت ۋىلايەت خەلق سەنئەت پېشىۋالىرى) دىن ئۆگىنىش بويىچە ناخشا - ئۇسسۇل، دراما نومۇرلىرى تېخىمۇ بېيىدى

1953 - يىلى مەملىكىتىمىزدىن چەتكە چىقىپ ئويۇن كۆرسىتىش ئۆمىكىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ سىراجىدىن زەپەر، ئايىمجان، ئابلىز يۇسۇپ ... قاتارلىق سەنئەتچىلىرىمىز ۋارشاۋا، رومىنىيە، موسكۋالارغا بېرىپ ئويۇن نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. شۇ يىلى شىنجاڭ خەلقى نامىدىن چاۋشيەن ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرى ۋە پىدائىي قوشۇنلاردىن ھال سوراپ ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇلار قاسىمجان قەمبىرى يېتەكچىلىكىدىكى ھۆسەنجان جامى، يولۋاسخان، پاشائىشان، سالامەت ئالىم، ھەمراخانىم، ئىمىن ئېزىز، كاۋۇلانباي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

1955 - يىلى (ئازادلىقىمىزنىڭ 6 - يىلى) ئۆكتەبىردە



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (مۇختارىيات) تويىغا زور تەييارلىقلار بىلەن قاتناشتى. ئاپتونومىيە تويىنى تەبرىكلەپ مەركىزىي مىللەتلەر سەنئەت ئۆمىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپوبلىكىلىرى مەدەنىيەت دېلېگاتسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ھىندىستان سەنئەتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلدى. ئۇلار بىلەن ئۆز ئارا ئۆگىنىش، دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق جەھەتلەردە ئۇلارغا زور تەسىرات قالدۇردى، ئۇلار: «ئازلا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىلىك تەرەققىي قىلىپسىلەر» دېيىشتى.

شۇ يىلى پايتەختىمىز بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن دراما كۆرىكىدە، زونۇن قادىرى يازغان «توي» ناملىق درامىنى ئويناپ كوللېكتىپ ھەم شەخسىي مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1956 - يىلى رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىمىز ئىككى ئۆمەك بولۇپ قۇرۇلدى. «رايونلۇق 1 - ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبلى» ۋە «رايونلۇق 2 - مۇزىكالىق دراما تىياتىرى» دېگەن ئىككى مىللىي ئۆمەك تەشكىل قىلىندى. بۇ چاغدا ئۈرۈمچى شەھەر نەمۇنە خەلق تىياتىرخانىسىمۇ پۈتكۈزۈلدى. مۇزىكالىق دراما تىياتىرى يېڭى كۈلۈبنا سەيپىدىن ئەزىزى يازغان «خېمىر تۇرۇچ سېلىش كېرەك» كومېدىيىسى بىلەن زىيا سەمەدى يازغان «غېرىپ - سەنەم» نى ئوينىدى. بۇ چاغدا ئۆمىكىمىزنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۆمىكىمىزگە ئۆلكىلىك پارتىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەردىن ھامۇت سابىت، توختى مولتاجى، سەيپۇل يۇسۇپ ... قاتارلىقلار ۋە شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن ئىبراھىمجان، ئىسكەندەر سەيپۇللا، مەريەم ناسىر، نۇرنىسا ئىسمائىل... قاتارلىقلار كەلگەنىدى.

1956 - يىلى ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى ئاساس

قىلىنىپ ئىلى، قەشقەر ۋىلايەت سەنئەت ئۆمەكلەردىن بىر-
نەچچە ئارتىسلار تەكلىپ قىلىندى ۋە ئۇلار مەدەنىيەت
ۋەكىللىرى ئۆمىكى قىلىپ تەشكىللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ ئالتە رېسپوبلىكىسىدىكى شەھەر ۋە كولخوزلاردا ئوتتۇز
نەچچە مەيدان ناخشا - ئۇسسۇل ئويۇنى قويۇپ، ئۇلارغا
ياخشى تەسىرات قالدۇردى. قويغان ئويۇنىمىز، 30 نەچچە
يىللىق سوتسىيالىزم تۇرمۇشىدىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسى
يۇقىرى تاماشىچىلىرىنىڭ ئالقىشى ۋە ياخشى باھاسىغا
ئېرىشىپ، ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى.

1958 - يىلى «ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل
ئانسامبۇلى» بىلەن «ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكالىق
دراما تىياتىرى» بىرلەشتۈرۈلۈپ، «ناخشا - ئۇسسۇل، دراما
تىياتىرى» بولۇپ تەشكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە
ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، يەنى «ئۇسسۇلچىلار ئەترىتى»، «مۇزىكانت-
لار ئەترىتى»، «دىرامىچىلار ئەترىتى»، «ئىجادىيەت گۇرۇپ-
پىسى»، مەمۇرىي ئىشخانا ۋە پارتىيە ياچېيكىسى قاتارلىق
ئاپپاراتلىرى مۇقىملاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئوڭچى ۋە
يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ئاممىۋى ھەرىكەتكە قاتنىشىپ
«ئىدىيىنى تازىلاش»، «يۈرەك تاپشۇرۇش» ھەرىكىتى
ئېلىپ باردى. 1959 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ دۆلەت
بايرىمىنىڭ 10 يىللىقى، ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
5 يىللىقى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. نەتىجىدە «پاختىچى-
لىق»، «قىزىلگۈل»، «ئۈزۈمچىلىك» ئۇسسۇللىرىنى ۋە «كۈن
ۋە تۈن» سىمپونىيىسى شۇنىڭدەك «راك مۇقامى ئانسامبۇلى»،
«ئەجەم مۇقام ناخشىسى»، «ئازاد زامان»، «ياشا پارتىيە»



قاتارلىق ناخشا - ئۇسسۇل، درامىلارنى ئوينىدۇق. كېيىن
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان
«كۈرەش يولى» (سەيپىدىن ئەزىز يازغان) ناملىق ئەسەر
سەھنىلەشتۈرۈلدى. ئاندىن كېيىن بۇرھان شەھىدىنىڭ «يال-
قۇن تاغ غەزىپى» نى ئوينىدۇق.

1958 - ۋە 1959 - يىللىرى «پولات تاۋلاش ھەرىكىتى»،
تۆمۈريول قۇرۇلۇشى، كۆمۈر كان قېزىش، ئۈرۈمچى ياش-
لار ئۆستەڭى قېزىش ۋە ھەر يىلى ئوما مەزگىلىدە دېھقان-
لارغا ياردەملىشىپ كوللېكتىپ ئوما ئوروش، يېزا ئىگىلى-
كىگە سوتسىيالىستىك تەربىيە بېرىش ئىشلىرىغا نۆۋەتلىشىپ
(ئالتە ئايدىن بىر يىلغا قەدەر دېھقانلار بىلەن 5 تە بىرگە
بولۇپ) ئىشلەش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە قاتناشتۇق. بۇ
بىز سەنئەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ
ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىپ تۇرمۇش ئۆگىنىش بىلەن دۇنيا
قاراش نۇقتىئىنەزىرىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا
ھەم ئىشچى - دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيە-
مىزنى تىكلەشكە پايدىلىق بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى -
دېھقان، زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتىشقا ئىدى-
يىدە زور زېمىن ھازىرلاندى.

1960 - يىلغا كەلگەندە، ناخشا - ئۇسسۇل، دراما تىيا-
تىرىمىزدىكى 300 دىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ 1050 نوپۇسى
بىرلەشتۈرۈلۈپ «كوممۇنا» قۇرۇپ، چوڭ قازان تامىقى
يولغا قويۇلدى. بۇ چاغدا يېزا ئىگىلىكى بىلەن شەھەر-
لەرمۇ كوممۇنلاشتۇرۇلغانىدى. شۇ يىل كۈزدە ئاپتونوم
رايونلۇق مۇزىكا تىياتىرى (خەنزۇ مۇزىكا تىياتىرى)
ناخشا - ئۇسسۇل دراما تىياترغا قوشۇلدى (60 كىشى).

بىز شۇنىڭدىن كېيىن، مۇزىكا چوڭ ئەترىتى بولۇپ قۇرۇلدۇق. 80 دىن ئارتۇق كىشىگە ئىگە مۇزىكا ئوركېستىرى كەسپىي تېخنىكا جەھەتتە يۈكسىلىشكە باشلىدى. يېڭى قوشۇلغانلار مۇزىكا ئالىي مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر بولۇپ، مىللىي مۇزىكانتلارغا دەرس ئۆتتى. ئادىدىي نوتا، دۇنياۋى نوتا ئاساسىمىز تىكلەندى. شۇ يىل يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۆمىكىمىزگە 60 تەك مىللىي ئۆسمۈرلەر قوبۇل قىلىنىپ، ئۇسسۇل سىنىپى ئاچى. بۇ ياشلار ئۈچ يىل تەربىيىلەنگەندىن كېيىن ئۆمەك ئۇسسۇلچىلار قوشۇنىنى تولۇقلىدى.

شۇ يىللاردىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىدا يېڭى نومۇر، سەھنە كىتابلىرى تەييارلاپ ئېيىغا 40 — 45 قېتىم ئويۇن قويۇپ، 40% ئۆز - ئۆزىمىزنى تەمىنلەش ئىقتىدارىغا يەتكۈزدى.

1963 — يىلى 1 — ئايدىن باشلاپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل، دراما تىياتىرى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا — ئۇسسۇل، دراما جۈيۈەنى» بولۇپ قۇرۇلدى. سەندۈكبەندىكى ئورنىمىزدىن دۆلەت كۈۋرۈكتىكى كونا سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كۆچتى. رايونلۇق خەنزۇ دراما تىياتىرىمۇ جۈيۈەنگە (ئاكادېمىك تىياتىرغا يېقىن) قوشۇلدى، تىياتىرنىڭ يۈەنجاڭى مەمەت تاتلىق، ماۋسەي، پارتكوم سېكرېتارى جو شۇجى بولدى. يۈەن تەركىبىدە ناخشا — ئۇسسۇل ئۆمىكى، خەنزۇ دراما ئۆمىكى، ئۇيغۇر دراما ئۆمىكى، مۇزىكا ئۆمىكى، بەدىئىي ئىجادىيەت ئىشخانىسى، مەمۇرىي ئىشخانا، كادىرلار بۆلۈمى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. ئىجا-



دىيەت كۈچەيتىلىپ، يېڭى نومۇرلار بارلىققا كەلدى. شۇ يىلى مايدا «لەيلىگۈل» ناملىق ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوپېراسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالدى. بۇ تۇنجى ئۇيغۇر ئۇسسۇل ئوپېراسى ئىدى. ئەسەرنى مەمەت تاتلىق، مەن (ئېلى ئېزىز)، ساۋچىنجېڭلار يازغان ۋە ھاجى راخمان، ساۋچىنجېڭلار رېژىسسورلۇق قىلغانىدى. 1964 ـ، 1965 — يىلى چوڭ تىپتىكى ناخشا — ئۇسسۇل ئاساس قىلىنغان «خەلق گۇڭشېسى ياخشى» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇلنى ئوينىدى. يەنە كوللېكتىپ ئىجاد قىلغان ۋە ساۋچىجېڭ، ھاجى راخمان قاتارلىقلار رېژىسسورلۇق قىلغان يىرىك ئەسەر 12 مۇقام مېلودىيە قىلىنىپ، شۆھرەت قازىنىلدى. 1965 — يىلى دۆلەت بايرىمى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 10 يىللىق تويىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا — ئۇسسۇل ئوينالدى. بۇ ئەسەرگە 500 كىشى قاتنىشىپ رول ئالدى. شۇ يىللاردا مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى شىنجاڭ ئۈچۈن بىر سىنىپ ئېچىپ، 30 غا يېقىن ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئالتە يىل ئوقۇتۇپ، شىنجاڭغا ئەۋەتكەنىدى. بۇ ياش كۈچلەر رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت راۋاجى ئۈچۈن زور كۈچ بولۇپ قېتىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىللىق ئەدەبىيات — سەنئەت ئىشىمىز، باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغانىدى.

# يەكەن سەنئىتى توغرىسىدا ئەسلىمە

مۇھەممەت فايىتە

يەكەن ئۆز زامانىسىدا 12 مۇقامنى رەتلەپ كۈيگە سالغان قەدىمى يۇرتنىڭ بىرى بولۇپ قالماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ پارلاق تۆھپىسىنى قوشقان جاينىڭ بىرىسىدۇر.

بۇنىڭ ئۈچۈن بىز يىراقنى قويۇپ يېقىننى ئەسلەپ ئۆتەيلى.

1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا ھېيلىگەرلىك بىلەن چىققاندىن كېيىن، بۇ كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈننى ئاتالمىش « ئاپرېل بايرىمى » قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلگەن ئەدەبىي ـ سەنئىتى بىر ئاز ئەسلىگە كېلىپ، ھەر قايسى جايلاردا جانلىنىشقا قاراپ ماڭدى. 1935 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەيتىشى باقىرجان بۇ بايرامنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يەكەنگە كېلىپ، خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۈچۈن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ ۋاقىتتىن ئىككى ئاي بۇرۇن يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانىدى. بۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى شەنلى (ھۆكۈمەت ھېسابىدىكى مەكتەپ) خۇيلى (ئۇيۇشما ھېسابىدىكى مەكتەپ) مەكتەپلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تۈرلۈك مەشغۇلات شەكىللىرى — گىمناستىكا، تەنھەرىكەت، مىللىي ئۇسسۇل، ناخشا... قاتارلىق ئويۇنلارنى تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇرغان، باقىرجان ئويۇنلارنى ئۆزى تەرتىپكە سېلىپ، «ئويۇن گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ تەشكىللىك باشقۇرغان. يەكەن سەنئىتى مانا شۇ چاغدا بىخ ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىغان.

بايرامدىن كېيىن كونا شەھەر «دەڭدار» دېگەن يەردە بىر قازىمنىڭ بېغىنى ئىجارىگە ئېلىپ چايخانا ئاچقان (ھازىرقى ياغاچ پونكىتىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ). بۇ چايخانىغا يەكەننىڭ مىللىي ئەلنەغمىچىلىرىنى يىغقان. باغدا يۈسۈپ غىجەك، تۇردى ئاخۇن، يۈسۈپ ئاخۇن ساتا، بارات ئاخۇن ۋە ئەيسىراخۇنلار داۋاملىق نەغمە قىلىپ تۇرغان. ياشلار ئۇسسۇلغا ئۇيۇشتۇرۇلغان، زاكىرجان مۆمىن تىنىماي ئۇسسۇل ئويناپ تۇرغان. خەلق ئۈزۈلمەي تاماشا كۆرۈپ تۇرغان، ئەزىمجان ھارماي كۈلكۈچىلىك قىلىپ تۇرغانىدى. ئاساسلىق نەغمىلىرى 12 مۇقام نەغمىلىرى ئىدى. بۇنىڭغا مەكتەپ بالىلىرىدىن قوبۇل قىلىنىپ رېپېتىس قىلىناتتى.

1936 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەھمۇت سىجاڭ (دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى) ئۈشتۇمتۇت ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ ئورنىغا توقسۇنلۇق ئابدۇنىياز سىجاڭ بولۇپ يەكەنگە كەلدى. بۇ، ئۆزى يالغۇز شېڭ شىسەيگە تاقابىل تۇرالماسلىقىنى بايقاپ، خوتەننى بېسىپ ياتقان ماخۇسەن (ماجۇڭيىڭنىڭ

قىسمى) بىلەن بىرلىشىپ قارشى تۇرماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەندىن خۇيزۇلار چۇۋۇلۇپ چىقتى، نەتىجىدە يەكەن خۇددى ئەسكەرلەر لاگېرىغا ئايلاندى. شۇ تۆپەيلى چايخانا تاقالدى. سەنئەت ئىشلىرىمۇ توختاپ ھەممە ياقنى بۇرۇقتۇملۇق ۋەزىيەت قاپلىدى.

شۇ يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسيانچىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئۇنىڭ ھىيلە - مىكىرلىك سىياسىتىنىڭ ياردىمى بىلەن چايخانىدا ئويۇنلار يەنە باشلىنىپ كەتتى. بۇ قېتىم غەدگەرلىك دېگەن يەردىكى ئابدۇراخمان غوجامنىڭ قورۇسىدا داۋام قىلدى. قەشقەردىن ھاجى مۇھەممەت ۋە ئىبراھىم ئاخۇن قاتارلىق مۇزىكانتلار كەلدى. ياز پەسلى كەلگەندە «قوشقار ئاتار» دېگەن يەردىكى مەكتەپ ئورنىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، رەسمىي سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى. زىيائىدىن قارىم (ھازىر مەككىدە)، ھاجى نۇرۇللا (ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا) مۇدىرلىق ۋە رېژىسسورلۇق قىلدى. زاكىرجان مۆمىن، يۇسۇپ زىيا، زاكىر يولداش، سوفىجان شەمسىدىن، جۇرۇۋاي، ئەنۋەر قاتارلىق ئۆزبېك ياشلىرى رول ئوينىدى (ئۇ ۋاقىتتا يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئويغىنىشى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئەنجانغا بېرىپ كەلگەن ئۆزبېك ياشلىرى رول ئوينىغان).

ئويغۇر ئويۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي بىلەن بۇ جايدا يازلىق ۋە قىشلىق سەھنىلەر ياسالدى. ئويۇنغا سىرتتىن بىرقانچە ھەۋەسكار مۇئەللىملەر قاتناشتى، تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن يەكەندە تۇنجى قېتىم «ئايخان» ۋە «سەلىمە» دېگەن دراما قويۇلدى. خەلق ناھايىتى قىزىقىپ كۆردى. بۇ چاغدا ھازىرقى-



دەك توك چىراغلار يوق ئىدى. گاز چىرىغى (چىدىڭ) يېقىلغان، ئاياللارنىڭ رولىغا ئەرلەر چىققان (ئۇ چاغدا ئاياللار تېخى ئۆيىدىن چىقمىغان، جەمئىيەتكە ئارىلاشمىغانىدى) ھەممە لايىق كىيىم ۋە گىرىملەرنى خەلقتىن ئۆتنە ئېلىپ ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا شارائىت جەھەتتىن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت ئىدى.

1938 - يىلى يازلىق تەتىلدىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ئەۋەتكەن ئابدۇقادىر سىدىق باشچىلىقىدا ئابدىرىشىت يۇسۇپ، ئىسىر ھۆسەيىن، مەھەممەت جالالىدىن، ئابدۇقادىر يۇسۇپ، مەھەممەت رېھىم قاتارلىق 60 تىن ئارتۇق مائارىپ ۋە سەنئەت خادىملىرى يەكەنگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن سەنئىتىنىڭ كەم - كۈس يەرلىرى تولۇقلىنىپ، تېخىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. جۈملىدىن يەكەن سەنئەت ئۆمىكى 3 - قېتىم يېڭىباشتىن قۇرۇلدى. مۇنتىزىم ۋە ھەۋەسكار ئارتىسلار قوبۇل قىلىندى. ئەدەبىي ئىجادىيەت بۆلۈمى قۇرۇلدى، سەھنە ئەسەرلىرى ۋە يېڭى كونسېرت نومۇرلىرى ئىجاد قىلىنىپ سەھنىلەشتۈرۈلدى. يازلىق سەھنە ۋە قىشلىق سەھنە ياسىلىپ ئۈستەل، شىرە، سەھنە سايمانلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلەر تەييار قىلىندى. 1944 - يىلغىچە ئالتە پارچە سەھنە كىتابى، 100 دىن ئارتۇق كونسېرت ۋە بىرقانچە ئېپىتىنىشىش، كومېدىيىلەر يېزىلىپ، كۆپ ساندىكىلىرى سەھنىلەشتۈرۈلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى، ناخشا قوشاقلىرى توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن سەنئىتى ئۇچقاندەك ئالغا بېسىپ شەھەردىن يېزىلارغا ۋە قوشنا ناھىيىلەرگىچە كېڭەيدى. سەنئەتچىلەرمۇ قوشنا ناھىيىلەرگە بېرىپ ئويۇن

كۆرسەتتى. بۇ ئويۇننىڭ نەمۇنىلىرى: «كۆرەش قىزى»، «قانلىق داغ»، «ئۆز مۇھىت»، «ئانارخان»، «زەينەپكە تۆھمەت»، «چىمەنگۈل»، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «تۆنۈگۈن بۈگۈن»، «يالغان تېۋىپ»، «پىرخون»، «غېرىپ - سەنەم»، «بىرواندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق درامىلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئاساسلىق روللاردا ۋە رېژىسسورلۇقتا ئابدۇقادىر يۈسۈپ (هازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە)، مۇھەممەت رېھىم غوپۇر (هازىر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت مەكتىپىدە)، مۇھەممەت فايىت (هازىر يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە)، توختى سوپى (1967 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەن)، ئابدۇقادىر مۇھەممەدىن (هازىر يەكەن ئاشلىق 4 - ماگىزىن ئائىلە قورۇسىدا)، رەھمەتۇللا ياقۇپ (هازىر يەكەن پاختا شىركىتىدە)، زاكىر يولداش، زاكىر مويىدىن، زىيائىدىن، ئوسمان هاشىم، ئابدۇسلىمجان، ئابلىز هايىت، ئاياللاردىن: خەيرىنىسا زۇنۇن، خەيرىنىسا تۆلەندى (هازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە)، زىننەت ئەمەت، خاتەم ئەمەت، خەلىچە ياقۇپ، نۇرنىسا تۇرغۇن، تۇنىسا قاسىم، سىيتنىسا ھەلىمىدىن، خاتەم تۇردى قاتارلىقلار. سازچىلاردىن تۇرسۇن تۇردى، ئىمىن هوشۇر، تۇرسۇن كەنجى، مىجىت بارات، ئابدۇكېرىم روزى، ئوسمان يۇنۇس قاتارلىق سەنئەتچىلەر شۇ مەزگىلدىكى سەنئەتكە قاتنىشىپ كۈچ چىقارغان كىشىلەردۇر.

1940 - يىلى يەكەن سەنئەت ئۆمىكى ئۈچ ئايلىق ساز كۇرسى ئېچىپ، ھەر مىللەت باللىرىدىن 20 نەپەر كۇرسانتقا ئىسكىرىپكا، گىتار، ماندالىن، چاڭ، نەي، دۇتار قاتارلىق سازلارنى ئۆگىتىپ، جايلارنىڭ سازچىلارغا بول-



غان ئېھتىياجىنى قاندۇرغان.

يەكەن سەنئىتى جەمئىيەتتىن ئۆگىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئالغا باسقان. مەسىلەن: 1942 - يىلى قەشقەردە ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزگەن سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، يۇقىرى نەتىجە قازانغان ۋە مۇكاپاتلانغان.

ئەڭ مۇھىمى يەكەن سەنئىتى ئېلىمىزنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا كۆزگە كۆرۈنگۈدەك تۆھپىلەرنى قوشتى. ئويۇن كۆرسىتىش ۋە ئاغزاكى تەشۋىق قىلىشتىن باشقا ئەمەلىي هالدا خەلقتىن نۇرغۇن ئىئانە ياردەملەرنى توپلىغان (مەن بۇ مەزگىلدە بىرنەچچە كۈن ئىئانە پۇلىنى ساقلىغانىدىم. پۇلنىڭ سانى هازىر ئېسىمدە يوق، ئەمما توت تاغار پۇل قاچىلىغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە).

يەكەن سەنئىتى كىنوچىلىقنىمۇ تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تۇتاش ئېلىپ بارغان. 1939 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قەشقەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا فىرمىسى بىلەن تېرە - ئۈچەيگە توختام تۈزۈپ كىنو ئاپپاراتى سېتىۋالغان. بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرشىمىن ئىسىملىك بىر مېخانىكى قۇرۇپ بېرىپ كەتكەن. بۇنى تاش مۇھەممەت ۋە ئابدۇسېلىمجانلار باشقۇرغان. ئۇ ۋاقىتتا بۇ كىنو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىلىملىرىدىن چاپايېۋ، مايىز گىرانشتان، تىمىرناتسى، ۋولگا، ئالېكساندىر سىرگىيېۋىچ، كوستا، ۋاسىلىسا («خاپا چوكان»، ھېكايە فىلىم)، نەسىردىن ئەپەندى، گوركى، لېنىن ئۆكتەبىر قاتارلىق فىلىملەرنى قويغان.

1944 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە يەكەن سەنئىتىدە بىر ئاز ئۆزگىرىشلەر بولدى. پېشقەدەم ئارتىسلار خىزمەت ئال-

ماشتۇرۇپ ۋە ئالمىشىپ سىرتقا كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ يەنە جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى بولغاچقا چېكىنمەي ئۇزلۇكسىز زورايدى. توختى سوفى (ئۆلكىلىك مەدەنىي كۇرستا ئوقۇغان كەسپىي ئارتىس) ۋە ئابدۇقادىر مۇھەممەدىنلارنىڭ رېژىسسورلۇقىدا بارلىق ئارتىسلار تىرىشىپ ئىشلەپ «غېرىپ - سەنەم»، «رابىيە - سەئىدىن»، «تاھىر زوھرا»، «ئەرشىن - مالئالان» (ئەزەربەيجان تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان) قاتارلىق دراممىلارنى سەھنىلەشتۇردى ۋە يېڭى كونسېرت - كومېدىيىلەرنى كۆرسەتتى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئازاد بولغاندا، يەكەن سەنئىتىگە يېڭىدىن جان كىرىپ يېڭى ئىستىقبالغا قاراپ ماڭدى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

رەتلىگۈچى: ئابدۇللا ئىدرىس



# شىنجاڭ سەنئەتچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىچكى ئۆلكىلەرنى ساياھەت قىلىشى

پەرىدە ئېلىيوۋا

30 - يىللاردىكى ئويغىنىش دەۋرىدە، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپى يوقتىن بارلىققا كېلىپ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. جۈملىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ يوقتىن بارلىققا كېلىپ راۋاج تاپتى. ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا سانايىنەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) تەسىس قىلىنىپ، بۇنىڭ ئەتراپىغا زىيالىيلار، ئارتىس، ئارتىسكىلار ۋە يازغۇچىلار جەلپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن 1937 - يىلىغا كەلگەندە ئەدەبىيات - سەنئەت (سانايىنەپىسە) ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، دەسلەپكى ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش، دېكلاماتسىيە سۆزلەشتىن ئىلگىرلەپ سەھنە ئەسەرلىرىنى قويالايدىغان بولدى. شۇ چاغدا «ئانارگۇل»، «غېرىپ - سەنەم»، «پەرھات - شېرىن»، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «قانلىق داغ»، «رابىيە سەئىدى»، «زەينەپكە تۆھمەت»، «چىن مۇدەن»، «ئارشىن - مالئالان» قاتارلىق سەھنە

ئەسەرلىرى ئوينالغانىدى. تاتار ئۆيۈشمىسىدا: «ئاسىل يار»، «غالىيە بانو»، «باشماق»، «سىرىنگەن يۇلتۇزلار» قاتارلىقلار؛ قازاق ئۆيۈشمىسىدا: «شوغا»، «قىزجىبەك» قاتارلىقلار؛ ئۆزبېكلەردە، «نەسەپ قۇربانى»، رۇسلار ۋە باشقا مىللەت ئۆيۈشمىلىرىمۇ ئۆز لايىقىدا ئويۇنلارنى قويالايدىغان بولدى. ئۇ چاغدا ھەممە ئۆيۈشما ئۆز مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى. مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى بىلىملىك كىشىلەرگە يۆلەنسە، ئەدەبىيات سەنئىتىمۇ زىيالىي ياشلارغا، قابىلىيەتلىك، تالانتلىق ئارتىس، ئارتىسكىلارغا ۋە مۇزىكانتلارغا مۇھتاج ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئاساسلىق قىيىنچىلىق ئارتىسكا مەسىلىسى بولۇپ، ئاياللارنى سەھنىگە چىقارغىلى بولمايتتى. ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىدىكى ئاياللار، بولۇپمۇ يارامىلىق ئارتىسكىلار ئاز ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا فېئوداللىق دىنىي خۇراپاتلىق خاھىشى كۈچلۈك بولغاچقا ئاياللار سەھنىگە چىقسا ئۇلارنى پەقەت كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان بىر ئويۇنچىلار، دەپ قارىغانلىقتىن، ھېچكىم ئاياللارنى سەھنىگە چىقىرىشقا ئۇنىمايتتى. 1940 - يىلغا كەلگەندە ئۆيۈشمىلار ئارا بىر قېتىملىق ئەدەبىيات - سەنئەت مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۆيۈشمىسى باشچىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. ھەرقايسى ئۆيۈشمىلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئويۇن قويۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە توپلىدى. نەتىجىدە ھەرقايسى ئۆيۈشمىلاردىن يىغىلغان ئىئانە - ياردەم پۇللارغا 10 ئايروپىلان سېتىۋېلىپ، ئۇنى 1939 - يىلى ياپونغا قارشى تۇرۇش باش ئۆيۈشمىغا



ىپ بەردى. بۇنىڭدا ھەرقايسى ئۆيۈشمىلارنىڭ ھەسسىسى بولغانىدى. مانا شۇنداق ھەرىكەتلەر شۇ چاغدا ئاممىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن تەربىيىلىدى. شۇ چاغدىكى سافايىنەپىسەدىكى سەنئەتچىلەر گەرچە ئاز ساندا بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقىدەك مۇھىم ھەرىكەتلەرگە پائال قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ۋە ئاممىنى ۋەتەننى سۆيۈش، جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋە خەلقنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1941 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆيۈشمىلار ئارا يەنە بىر قېتىم مۇسابىقە ئېلان قىلىنغانىدا، قەمبەرخانىم تۇغقان يوقلاپ چۆچەككە كېتىپ قالغانىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەركىزىي ئۇيغۇر ئۆيۈشما ئالاھىدە بىر ماشىنا بىلەن ئابلەھەق ھوشۇرنى ئەۋەتىپ، قەمبەرخانىم بىلەن سىڭلىسى گۈلبەھرەمنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئاچا - سىڭىل ئىككىسى سەھنىدە ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ بىز چوڭ تەييارلىقلار بىلەن مۇسابىقىگە قاتناشتۇق. مەن شۇ چاغدا ئۈچ ئۆيۈشمىنىڭ ناخشا ۋە مۇزىكىسىغا قاتناشتىم. قەمبەرخانىم، گۈلبەھرەملەر قاتناشقان شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە مەركىزىي ئۇيغۇر ئۆيۈشمىسى بىرىنچىلىكنى ئالدى. شۇندىن تارتىپ قەمبەرخانىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق سەنئەتچىسى بولۇپ قالدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمۇ ئۇچقاندەك راۋاج تاپتى. ئىلگىرىكىدەك ئاياللار سەھنىگە چىقماسلىقتەك كونا رامكىنى بۇزۇپ تاشلاپ،

سەھنىگە ئايالار كۆپلەپ چىقىشقا باشلىدى. مۇسابىقىلەرمۇ داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. 1947 - يىلىغا كەلگەندە رەئىس جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئەيسالارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ھال سوراش ئۆمىكى ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر ۋە قاغىلىق قاتارلىق يەرلەردىن بىر تۈركۈم ئارتىس، ئارتىسكىلارنى تاللاپ ئەكېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى سەنئەتچىلەر بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى قارمىقىدا 60 كىشىلىك بىر سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىندى. بۇ ئۆمەك ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ھال سوراش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى. بۇلارغا كىيىم ئۈچۈن شاڭخەي، شياڭگاڭ بازارلىرىدىن نەپىس رەختلەرنى تاللاپ كېلىپ سەنئەتچىلەر كىيىمىنى تىكتۈردى. ئارتىس، ئارتىسلارغىمۇ كاستيۇم، شالۋۇر، پەلتولارنى تىكتۈردى. شۇنىڭ بىلەن سەنئەتچىلەرنىڭ سەھنە كىيىملىرى دېگەندەك چىرايلىق ھەم تولۇق بولدى. تەييارلىقلىرىمىز پۈتكەندىن كېيىن ھال سوراش ئۆمىكى دېگەن نام بىلەن جاڭجىجۇڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىپ، تۆۋەندىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن مەمەت ئىمىن توختايوپنى بەلگىلىدى. بۇ چاغدا ئەيسابەگنىڭ ئايالى پاتىمە خانىم ئۆمەك بىلەن مەنمۇ بارىمەن دېگەنىدى، ئەيسابەگ ئۇنىمىدى. ماڭار چېغىمىزدا ئەيسابەگ ئۇزىتىش نۇتقى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «بىز شىنجاڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ھال سوراش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى خەنزۇلارغا تونۇشتۇرۇش ۋە سىلەرنى خەنزۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، مەدەنىيەت، سەنئەت ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن سى-



لەرنى تەشكىللەپ ئەۋەتمەكچى بولدۇق. سىلەر بۇرۇن ئۇ يەرلەرنى كۆرمىگەن، ئۇلارمۇ سىلەرنى كۆرمىگەن، تۇنجى قېتىم كېتىپ بارىسىلەر. سىلەر شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا ۋاكالىتەن ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە جۇڭگونىڭ قىسمەن شەھەرلىرىنى، خەلقىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارىسىلەر. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن سىلەر دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى، بارغانلا يەردە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنى ئوبدان تۇتۇش، بولۇپمۇ ئەدەب ئەخلاققا دىققەت قىلىپ، يامان تەسىر بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. ھەر جەھەتتە ياخشى تەسىر كۆرسىتىپ، قايتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن......»

1947 - يىلى 10 - ئاي ئاخىرلىرىدا بىز ئۈرۈمچىدىن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ، لەنجۇدا بىر كېچە قوندۇق. ئەتىسى شۇ چاغدىكى مەركىزىي شەھەر نەنجىڭگە يېتىپ باردۇق. بىزگە ئۇ يەردە غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمە مۇدىرى جاڭجىجۇڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. بىزنى نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق مەركىزىي ئىدارىلەر، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋە خەلق ئاممىسى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، تەييارلانغان مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. بىز بىرقانچە كۈن ئارام ئالدۇق. بۇ جەرياندا مۇخبىرلار كېلىپ، بىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشتىكى مەقسىتىمىز ۋە قاچانغىچە تۇرۇپ، قانچە ۋاقىت ئويۇن قويۇشىمىزنى سوراپ، كۈندىلىكنى كۈندە گېزىتكە خەۋەر قىلىپ تۇردى. بىز ئۇ يەردە بىر تەرەپتىن خەلققە ئويۇن قويۇپ، بىر تەرەپتىن ئىدارە، جەمئىيەت، فابرىكىلارنى، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق ۋە كۆپ تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇق. بىر

كۆنى نەنجىندە چوڭ كۆلۈبتا ئويۇن قويغاندا ئويۇنىمىزغا جياڭجېيىشى كېلىپ ئويۇنىمىزنى كۆردى. ئويۇن مەزمۇنىنى بۇرھان ئەپەندى ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتقانتى. مەن سەھنىدە ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ كۆردۈم. ئۇ بىرەر سائەت كۆرە - كۆرمەيلا كېتىپ قالدى. بىز قالغان تاماشىبىنلارغا ئويۇنىمىزنى قويۇۋەردۇق. بىزلەر تۇنجى قېتىم ئىچكىرىگە بارغان ئۇيغۇرلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن خەنزۇ خەلقى بىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇلار قىزىققان ھالدا بىز بىلەن سۆھبەتلەشتى، بىزنى سىلەر چەت ئەللىكمۇ؟ دەپ سورايتتى. بىز ئۇلارغا جۇڭگولۇق، شىنجاڭلىق دېسەك، شىنجاڭ دېگەن نەدە؟ سىلەر قايسى مىللەت؟ دەپ سوراپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا بېرىش - كېلىش ئىشلىرى يوق دېيەرلىك بولغاچقا، مىللەتلەر ئارا چۈشەنچىلەر ئەنە شۇنداق ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىدى. ئويۇن قويۇشنى باشلاپ ئاۋۋال ئىدارە، جەمئىيەتلەرگە، ئاندىن ئاممىغا ئويۇن قويدۇق. بىلەتلەر باس - باس بولغاچقا كوچىغا چىقساق بىلەت بەرسەڭلار دەپ ماڭغۇزمايتتى. بىزنىڭ كونسېرتلىرىمىز قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، كېچە - كۈندۈز ئويۇن قويۇپ تۇرساقمۇ يەنە خەلق ئاممىسى ئۈستى - ئۈستىگە تەلەپ قىلىپ تۇردى. سەھنىدە ھەر بىر نومۇرىمىزغا قىزغىن چاۋاك چېلىنىپ، زاللارنى تىترىتىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ ئويۇنىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ شاڭخەيگە كەتتۇق. شاڭخەيدىمۇ شۇنداق ياخشى قارشى ئېلىندۇق، ئۇ يەردىمۇ بىر تەرەپتىن ئويۇن قويۇپ، بىر تەرەپتىن ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. شاڭخەيدە قىلغان ئېكسكۇرسىيىمىز ئۇزۇنراق بولدى. چۈنكى شاڭخەي شۇ زامانلاردىلا مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ،



بىزگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بىزنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىمىزمۇ ئۇلارغا ياخشى تەسىر بەردى. بىز شاڭخەيدە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇردۇق. بۇ جەرياندا كىنو فىلىمى ئالدۇق ۋە پىلاستىنكا ئالدۇردۇق. ئارىلىقتا ۋاقىت چىقىرىپ خاڭجۇغا بېرىپ كەلدۇق. خاڭجۇ دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ناھايىتى ياخشى يەر ئىكەن. ئۇ يەردىمۇ ياخشى قارشى ئېلىنىپ، ئويۇن قويۇپ بەردۇق. خاڭجۇنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى بىزنى بەك قىزىقتۇردى. ئۇ يەردە ئېسىل تاۋار، دۇخاۋا زاۋۇتلىرى بار ئىكەن. ئۇ زاۋۇتلارنى بىر - بىرلەپ زىيارەت قىلدۇق، داشۆلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. خاڭجۇنىڭ پۇراقلىق ياغاچ ماتېرىياللىرى، پۇراقلىق يەلپۈگۈچلىرى، كۆنلۈكلىرى بەك ئېسىل ئىكەن. ئاتاقلىق چاي زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق ۋە ئاتاقلىق چايلىرىنى ئىچتۇق. ئۇ چايلار دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ ئېسىل چايلار ئىكەن. نەگە بارساق شۇ يەرنىڭ يەرلىك ماللىرىدىن بىزگە سوۋغات تەقدىم قىلدى. ئۇ يەردىن قايتىپ شاڭخەيدە يەنە ئويۇن قويدۇق ۋە ئۇ يەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشتۇق. مەشھۇر سەنئەتچىلەردىن مېي لەنفاڭ، كىنو ئارتىسلىرى بەيياڭلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق. ئۇلار بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردۇق. بىر كۈنى مېي لەنفاڭ ئۆيلۈم كىچىك دەپ قەمبەرخانىم باشلىق سەككىز كىشىنى ئۆيىگە چايغا تەكلىپ قىلىپتۇ. چاي ئۈستىدە كەڭتاشا پىكىرلەشتۇق. مېي لەنفاڭنىڭ بىر ئوغلى بىر قىزى بولۇپ، قىزى ئەرەنچە ناخشا، ئوغلى ئاياللارچە ياسىنىپ، ئاياللارچە ناخشا ئېيتىپ رول ئالىدىكەن. ئۇلارنىڭ ماھارىتى

بىزنى خېلىلا ھەيران قالدۇردى. بىز يەنە شۇ چاغدىكى
كىنونىڭ مەشھۇر ئارتىس، ئارتىسكىلىرى بىلەنمۇ كۆرۈش-
تۇق. كەسپداشلار بىر - بىرىنى كۆرگەندە ناھايىتى ھايا-
جانلىنىدىكەن. ئۇلار بىلەنمۇ دوستلۇق كەيپىياتتا ئۆتتۇق. مەن
بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا ياشاۋاتقان
خەنزۇ خەلقىنىڭ چېگرا رايونىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە
بولغان قىزغىن مۇئامىلىسى ۋە سەمىمىي دوستلۇقىدىن
چوڭقۇر تەسىرلەندىم. شاڭخەيدە يەنە بىر قىسىم تاتار-
لار بار ئىكەن، ئۇلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق. ئۇلارمۇ بىزنى
قىزغىن قارشى ئېلىپ ئوبدان كۈتۈۋالدى. شاڭخەيدىكى
ئىشلىرىمىز ئاياغلاشقاندىن كېيىن تەيۋەنگە بارماقچى بول-
دۇق. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىن خەۋەر كەلدى. تەيۋەنگە بې-
رىشتا تەشكىلنى ئىخچاملاپ ئادەم سانىنى ئازايتىپ،
يارامىلىق ئادەملەردىن 30 كىشى بارماقچى بولدى. قالغان-
لارنى پاتىمخان باشلاپ ئۈرۈمچىگە قايتماقچى بولدى. بىز
تاللانغان 30 ئادەم شاڭخەيدىن مەخسۇس پاراخوت بىلەن
تەيۋەنگە ماڭدۇق. بىر يېرىم سوتكا مېڭىپ ئۇلۇغ ئوكياننى
بېرىپ دېڭىز شاۋقۇنلىرىنى تاماشا قىلىپ، تەيۋەننىڭ مەر-
كىزى شەھىرى تەيبېيگە يېتىپ باردۇق. ئۇيەردىمۇ ھۆكۈ-
مەت دائىرىلىرى ۋە خەلق ئاممىسى پورتقا چىقىپ بىزنى
قىزغىن كۈتۈۋالدى. تەيبېينىڭ ئالىي مېھمانخانىلىرىغا ئور-
ۇنلاشتۇردى. تەيۋەن ئەڭ گۈزەل جاي بولۇپ، ئۇرۇش
جەريانىدىكى قىسمەن خارابىزارلىقلارنى ھېسابقا ئالمى-
غاندا، شەھەر قۇرۇلۇشلىرى ئازادە ئىكەن. تەيۋەننىڭ يەر-
لىك تىلىنى بىر تەرجىمان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچىغا



(بىزنىڭ مەخسۇس تەرجىمانىمىز) تەرجىمە قىلدى.
50 يىل ياپونىيە ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان
تەيۋەننىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى ياپونچە بولۇپ
كەتكەنىكەن. ئۆيگە كىرىشتە كەشنى سېلىپ كىرىش، پاكار
جوزىدا تاماق يېيىشتەك ئادەتلىرى ساقلىنىپ قالغان-
كەن. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە ماسلىشىپ يۈردۇق. تەي-
ۋەن سانائەت رايونى بولۇپ، يەر بايلىقىمۇ مول ئىكەن.
ئۇ يەردە مەرۋايىت كانى بولۇپ، بازارلاردا باس - باستا-
تۈرلۈك مەرۋايىتلار سېتىلىدىكەن. شۇنىڭدەك ئېسىل سەدەپ
سايمانلار، زىننەت بۇيۇملىرى شۇ يەرنىڭ دەريالىرىدىن
چىقىدىكەن. ئۇ مەرۋايىت، سەدەپلەرنىڭ ئېسىللىكى ئادەمنى
ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەردە شېكەر
قومۇچى، چاي، سوپۇن، يوزماي، رەخت زاۋۇتلىرى بار
ئىكەن. ئۇلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. پەمىل چايلىرى
بەك ئېسىل پۇراقلىق بولىدىكەن. تەيبېيدە بىرقانچە
ۋاقىت ئۇيۇن قويۇپ، ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن تەي-
جوڭ شەھىرىگە بېرىپ ئۇيۇن قويدۇق. ئۇ يەردىمۇ بىزنى
بەك قارشى ئالدى. ئايدىڭكۆل دەپ ئاتالغان ئەينى
زاماندىكى ياپونلار ياسىغان مەشھۇر كۆلنى ساياھەت قىلىش
ئۈچۈن، بىر كۈن ئاپتوبۇس بىلەن باردۇق. ئۇ يەردە ماتور-
لۇق كېمە بىلەن كۆلنى ئايلاندۇرۇپ ساياھات قىلدۇردى.
كۆلنىڭ تۆت تەرىپى قويۇق ئورمانلىق بولۇپ، مەنزىرىسى
بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. مايمۇن، تىيىن شاختىن - شاخقا
سەكرەپ يۈرگەن، تۈرلۈك قۇشلار سايراپ تۇرغان. ئۇ يەرنىڭ
ھاۋاسىنى، مەنزىرىلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ
تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئاخىرىدا كۆلنىڭ ئۇ چېتىدە ياۋا-



1948 - يىلى ئىچكىرى ئۆلكىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن
تۇنجى شىنجاڭ مىللىي سەنئەت ئۆمىكى

يى ئادەملەر بار، شۇ يەرگە ئاپىرايىلى دېدى. بۇنى ئاڭ‑
لاپ بىز قانداق ياۋايى ئادەملەردۇر، دېگەن خىياللار بىلەن
باردۇق. قارىساق ئۇلار ھېچبىر ياۋايى ئەمەس، بىزگە
ئوخشاشلا ئادەملەر ئىكەن. قىزلار، ئاياللار، ئەرلەر بىزگە
ئوخشاشلا. ئۇلار شۇ يەرنىڭ يەرلىك خەلقى بولۇپ،
گاۋشەنزۇ دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلار ئايدىڭكۆل ياقىسىدا
ئوۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈپ كەلگەچكە، شەھەردىكى‑
لەر ئۇلارنى ياۋايى دەپ ئاتىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلار
يەرلىك كەمبەغەللەر بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىم‑كېچەك‑
لىرى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىدىكەن. باشلىرىغا
قۇش قاناتلىرىنى قىستۇرۇۋالىدىكەن، ئاياللىرى بويۇنلىرى‑
غا ھەر خىل مارجانلارنى ئېسىۋالىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆز‑
ئالدىغا تىلى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ تىلىنى تەيۋەنلىكلەر
تىلىغا، تەيۋەن تىلىدىن خەنزۇچىغا، خەنزۇچىدىن ئۇيغ‑
ۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇلارغىمۇ ئويۇن قويۇپ
بەردۇق. ئۇلار بىزگە ئويۇن قويۇپ بەردى. بامبۇك قومۇش‑
تىن كېسىپ تەييارلانغان مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى يەرگە
ئۇرۇش ئارقىلىق پەيدا قىلىنغان مۇزىكا سادالىرىغا كەلتۈ‑
رۇپ، بىر تاشنى دائىرە قىلىپ چۆگىلەپ ئۇسسۇل ئويناپ،
ناخشا ئېيتىپ بەردى. ساياھىتىمىزنى تۈگىتىپ يەنە تەي‑
بېيگە قايتىپ كەلدۇق ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى ئېكسك‑
ۇرسىيە قىلدۇق. بىرقانچە كۈن ئويۇن قويۇپ كۆپ
تەسىراتلارنى ئېلىپ، يەنە مەخسۇس چوڭ پاراخوت بىلەن
شاڭخەيگە قايتىپ كەلدۇق.

نەنجىڭ، شاڭخەي، خاڭجۇ، تەيۋەن قاتارلىق شەھەر‑
لەردە ئالتە ئاي دېگەندەك ساياھەت قىلىپ، ناھايىتى كۆپ

جايلارنى ۋە خىلمۇ خىل كىشىلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندىم. مەن تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ شىنجاڭدىن باشقا يەرنى كۆرمىگەنلىكىمدىن، ساياھات جەريانىدا ۋەتىنىمىزنىڭ زور بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت، ئىلىم سەۋىيىسى شۇنداقلا خەلقنىڭ نامرات - كەمبەغەللىكى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كەمبەغەللىكتىن ئېزىلىشلىرى ماڭا ئاجايىپ تەسىر قىلدى. ئۆزۈم ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن كۆرۈپ ئاياللار تۇرمۇشىغا بەك دىققەت قىلغانلىقىمدىن، نەگە بارسام ئاياللارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋاللىرى ماڭا ئۇچراپ تۇردى. تونجى قېتىم بىز نەنجىڭگە بېرىپ ئۆيۈن قويغىنىمىزدا كوچىلاردا ئاياللارنىڭ باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلغانلىرىنى كۆرۈپ بەك ئېچىندىم. تالاغا چىقساق مايلامچى باللار شۇنداق كۆپ ئىكەن. ھەر خىل ئوخشىمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان كەمبەغەل ئاياللار، باللار مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق تۇرمۇشىنىڭ قانچىلىك ناچار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمەك بىز ئالتە ئاي جەريانىدا يۇقىرىقىدەك تەسىراتلاردىن باشقا، ۋەتىنىمىزنىڭ قانچىلىك چوڭ بىر زېمىن ئىكەنلىكىنى، خەلقى جىق، بايلىقى نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىمۇ يامان ئەمەس بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. شۇندىن كېيىن ۋەتەنگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىم ئېشىپ ۋەتەن ھەققىدە ئوبدان تونۇشلارغا ئىگە بولدۇم. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى خەنزۇ خەلقىگە تونۇشتۇردۇق.

1948 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇيرۇققا ئاساسەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق.




پەرىدە خانىم


خەمىت ھېكىمى

# خىمىت ھېكىمى توغرىسىدا ئەسلىمە

پەرىدە ئېلىيېۋا

تىلشۇناس، دراماتورگ، تەرەققىيپەرۋەر خىمىت ھېكىمى 1906 - يىلى تۇرپان شەھىرىدىكى موزدوز (ئىشچى) ھېكىم ئاخۇن ئاكا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تولۇق ياش چېغىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغاچقا، ئاكىسى ئىبرىز ھېكىمى ئۇنى 1914 - يىلى تۇرپاندىكى مەخسۇت مۇھىتى ئاچقان «مەكتەپى مەقسۇدىيە»دە ئوقۇتىدۇ ۋە مۇھەببۇللا مۇئەللىمدىن تەلىم ئالىدۇ.

1920 - يىلى خىمىتنىڭ ئاكىسى ئىبرىز ھېكىم ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ، خەنزۇچە مەكتەپكە (شۇتاڭغا) ئوقۇشقا بېرىدۇ. خىمىت ھېكىمى شۇتاڭدا ماخمۇتجان، ئىلھامجانلار بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇيدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ھەم لۇشۈن ئەسەرلىرى، جۇڭگو تارىخى، پەلسەپە قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. خىمىتنىڭ ئاكىسى ئىبرىز ھېكىمى خەنزۇ مەكتەپتە (شۇتاڭدا) ئوقۇغان بىلىملىك كىشى بولغانلىقتىن، 1930 - يىلى ئۇنى مەخسۇت مۇھىتى چۆچەككە ئېلىپ بېرىپ، بوغالتىرلىققا يالالپ ئۆزىنىڭ سودا ئامبىرىدا ئىشلىتىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئىنىسى خىمىتنىمۇ چۆچەككە



ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا خىزمەت تېپىپ بەرمەكچى بولىدۇ. ئەمما خىمىت يەنىلا ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقتىن، ئۇ چۆچەكتىكى «تۇران» مەكتىپىدە رۇسچە، ئۇيغۇرچە تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، فىزىكا، خىمىيە، شېئىر، مۇزىكا قاتارلىق يېڭىچە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ. رۇسچە ساۋادى چىققاندىن كېيىن لېرمونتوپ، پۇشكىن، ئاباي ۋە ئابلا توقايلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەم سوۋېت كىتابلىرىنى ئوقۇپ، روسسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، سوۋېت سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتلىرىدىن مەنىۋى ئوزۇق ئالىدۇ. ئۇ (خىمىت) تۇرپاندىكى چېغىدىلا مۇھەببۇللا ئەۋزى ئۆگەتكەن تۆۋەندىكى شېئىردىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ.

ئەي! تۇغقان تىل، ئەي ماتۇر تىل،
ئەتىكەم، ئەنكەم* نىڭ تىلى.
دۇنيادا كۆپ نەرسە بىلدىم،
سەن تۇغقان تىل ئارقىلىق.

«ئابدۇللا توقاي»

خىمىت ھېكىمى چۆچەكتىكى «تۇران» مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ چىققان كۈنلەردە، شىنجاڭدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى بىلەن 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى بولۇپ، شىنجاڭدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلىنىدۇ. ئۇزۇن قالمايلا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىرە قىلىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت

* ئەتىكەم، ئەنكەم تىلى — ئاتامنىڭ، ئانامنىڭ تىلى، يەنى ئانا تىلى.

ئاللە سىياسەت ئېلان قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى» قۇرۇلدى ۋە يېڭىچە مىللىي مائارىپ يولغا قويۇلدى. 1934 - يىلى خېمىت ھېكىمى چۆچەك «تۇران مەكتىپى»نى پۈتتۈرۈپ، ياھىيلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىدا تەرجىمان، «تاۋۇش» گېزىتىدە تەھرىر، ھەم چۆچەك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا مەدەنىي تەشۋىقى قاتارلىق ئىشلارغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىدۇ. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا مۇزىكا (تەمبۇر چېلىش)، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش كۇرۇژوكلىرىغا قىزغىن قاتنىشىپ، شائىر ئابدۇرۇسۇل قېيۇمى (تۇرپانلىق) نىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى:

«سۇسىز چۆللەردە،
تاشلىق، قۇملۇقتا،
سۇ تاپالماستىن،
يۈرۈپتىمىز بىز.

قاراڭغۇ تۈندە،
چېقىن بوراندا،
كۆز ئاچالماستىن
يۈرۈپتىمىز بىز.»

ئۇ، 1934 - يىلى باھاردا چۆچەكتىكى ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك يىگىتلەردىن تەركىب تاپقان سەنئەت كۇرۇژوكىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ كۇرۇژوك ئۆز نۆۋىتىدە داۋاملىشىپ، كۈندىن - كۈنگە رەسمىي سەنئەت گۇرۇپپىسىغا ئايلىنىدۇ. كېيىن



چۆچەكتىكى مىرئابىت باينىڭ بېغىدا بورا بىلەن يېپىلغان كۇلۇبىنى ياساپ، تۇنجى قېتىم ناخشا - ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ كونسېرت كېچىلىكىدە ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ كونسېرت نومۇرلىرى پۈتۈن خەلق تاماشىبىنلىرىنى ۋە ئەينى زاماندىكى مەدەنىي - مائارىپ رەھبەرلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئەربابلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك، قازاق ياشلىرىدىن ئاساس قىلىنغان خېمىت ھېكىمى باشچىلىقىدا ساناييىنەپىسە (سەنئەت) ئۆمىكى تەشكىل قىلىنىدۇ. ناخشا - ئۇسسۇل (كونسېرت) يېڭى - يېڭى ئەجايىپ ئەسەرلەر بىلەن بېيىپ بارىدۇ. كېيىن ئەھەيدۇللا باسىت «ئانارخان» ناملىق دراما يېزىپ چىقىدۇ. بۇ دراممىغا ئەخمەتجان سەيپۇللىن دېگەن كىشى رېژىسورلۇق قىلىدۇ (ئەخمەتجان سەيپۇللىن دېگەن كىشى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن رۇسىيىدە كىنو - ئاكتيورلار مەكتىپىنىڭ رېژىسورلۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان). ئۇ چاغدا خوتۇن - قىزلارنىڭ تىياتىردا رول ئېلىپ چىقىشىغا ئىجتىمائىي ئادەت كۈچى يول قويمايتتى، ھەتتا ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ تىياتىرخانىغا بېرىپ ئويۇن كۆرۈشىمۇ مەنئى قىلىناتتى. «ئانارخان» دراممىسىدا خېمىت ھېكىمى يىگىت رولىنى ئالدى. مەن (پەرىدە) قىز رولىنى ئالدىم (بىز تۇران مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپلا توي قىلىشقانىدۇق). شۇ چاغلاردا خېمىت ھېكىمى ماڭا تەربىيە بېرىپ: «دراممىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى خوتۇن - قىزلارنىڭ ئەركىن نىكاھلىنىشى ۋە ئۇلارنى

ئىنسانىي ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بولغان كۆرەشتىن ئىبارەت. مىڭلىغان خوتۇن - قىزلارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جاپالىق كۆرەش قىلىشىمىز لازىم» دەيتتى. مەن تۇنجى قېتىم سەھنىدە ئانارخان رولىنى ئويناپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم. شۇ قېتىمقى ئويۇنغا ئىشچى - خىزمەتچىلەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارمۇ قىز ئاياللىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

1936 - يىلغا كەلگەندە چۆچەكنىڭ سانائىنەپىسە ئىشلىرى خېلى جانلىنىپ قالدى. بۇرۇن ئون نەچچە كىشى ئىدۇق، كېيىن 40 ، 50 كىشىگە يەتتۇق. ئۇيۇشما رەھبەرلىرىدىن نىياز ئىسھاقى، ئاۋۇت ھاجى، مىر تۆمۈر مۇئەللىم، ئابدىخالىق قاتارلىقلار تىياتىرنىڭ راۋاجى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلىدى ۋە ئۆزلىرىمۇ قاتناشتى. ئۇلار ئاياللىرىنىمۇ تىياتىرغا ئېلىپ كېلىشتى. كېيىن بايلار، مۆتىۋەرلەرمۇ بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. ئويۇنىمىزدا خەلقنى ئىلىم مەرىپەتكە دەۋەت قىلىش، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش مەزمۇن قىلىنغانىدىن سىرت، ئەر - ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، ئەرلەر ئېزىپ، ئاياللار خار بولۇۋېرىدىغان كۆنىلەرنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكى تەشۋىق قىلىناتتى. بولۇپمۇ خىمىت ھېكىمى سەھنە ئالدىدا: «قايسىڭىزنى ئانا تۇغۇپ چوڭ قىلمىغان، قايسىڭىز ئانىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولمىغان؟ ئانىنى خارلاپ ئۆتۈشكە قايسىڭىز رازى بولىسىز؟!» دېگەندەك تەسىرلىك مىساللار بىلەن خەلقنى قايىل قىلاتتى. ئىككىنچى قېتىم ئەبەيدۇللا ياست يازغان، زالىم بەگلەر، شاڭيۇلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۈچ، تۆت خوتۇن ئېلىپ زورلاۋانلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار تەسۋىرلەنگەن «پارىخور شاڭيۇ» ناملىق دراما-



نى تەييارلىدۇق. بۇ ئەسەردىمۇ خىمىت يىگىتنىڭ، مەن قىزنىڭ رولىنى ئېلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقتۇق. ئويۇن كۆرگۈچىلەر تەسىرلىنىپ يىغا - زارە قىلىشتى.

1936 - يىلى شۇنداق قىزغىن ئىشلەۋاتقان چېغىمىزدا، شېڭ شىسەي خىمىت ھېكىمنى ئۆلكىگە چاقىرتىپ ئەكەتتى. شۇ يىلى 10 - ئايلاردا، شېڭ شىسەي خىمىت ھېكىمنى دۇبەن يامۇلنىڭ باش تەرجىمانى قىلىپ بېكىتتى. مەن ئۆلكىلىك سانائىنەپىسەگە ئورۇنلاشتىم. خىمىت ھېكىمى دۇبەن يامۇلىدا پەندىخۇيىنىڭ (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ) ماتېرىياللىرىنى، «بىرلىكسەپ ژۇرنىلى» ھەم «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ماقالىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، تەھرىرلەيتتى. ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىدىغان ماتېرىياللىرى سىياسىي، نەزەرىيىۋى، پەلسەپە قاتارلىق ماتېرىياللار ئىدى. ئۇ (خىمىت ھېكىمى) مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا رەئىس بولۇپ ئىشلەش مەزگىللىرىدە، ئۇيۇشما سانائىنەپىسەگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۆمەكنىڭ تەشكىلى، ئىجادىي رەھبەرلىك ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ چاغدا ئۆلكىلىك سانائىنەپىسەدە مۆمىن ئەپەندى، ئابدىگۇل، ئابدىكېرىم رازى، ئابدۇۋايىت سوناي، رېھىم قارى، راھىدىن قارى، پەتتارجان، نوراخانىم........ قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇ چاغقىچە ئۈرۈمچى سەھنىسىدە ئاياللارنىڭ رولىغا ئەرلەر گىرىم قىلىپ چىقاتتى. كېيىن خىمىت ھېكىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۆمىن ئەپەندىنىڭ ئايالى نۇراخانىم بىلەن ئىككىمىز تۇنجى ئۈرۈمچى سەھنىسىگە چىقتۇق. شۇ يىلى سوۋېت ئەزەربەيجاننىڭ كومېدىيىلىك ئوپېراسى «ئارشىن مال - ئالان»

نى ئۈيىندۇق. ئابلىمىت مەخسۇتوف ئەسقەر رولىغا، نۇراخانىم گۇلچېھرى رولىغا، مەن ئاسىيە رولىغا چىقىپ، خەلقنى رازى قىلدۇق، خېمىت ھېكىمى ئارقا - ئارقىدىن «ئەخمەت سەرراپ»، «ئانارخان» (قايتا ئىشلەنگەن)، «شەرمەندىلەر»، «سۆلەت» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى. بۇ يەرلىك خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىپ يېزىلغان درامىلار بولغاچقا، ئۈرۈمچى سەھنىسىدىلا ئوينىلىپ قالماي، بەلكى درامائەسەرلىرى ھەرقايسى ۋىلايەت - ناھىيىلەردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلارغىمۇ شاپىگرافتا بېسىپ تارقىتىپ بۇ، جايلارنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىگە بولغان ئېھتىياجى تەمىن ئېتىلەتتى.

1937 - يىلىغا كەلگەندە. جۇڭگو كومپارتىيىسى يەنئەن مەركىزىي كومىتېتىدىكى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن ماۋزېمىن، چېن تەنچۇ، لىن جىلۇ، ماۋدۇن (شىڭ يەنبىڭ)، جاۋدەن قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن شىنجاڭغا كەلدى. شۇ قاتاردا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدىن خۇاڭ مىڭفۇ، لى زىلىياڭ قاتارلىقلار كېلىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك تىياتىر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئەمەلىي ياردەم قىلغانىدى. بولۇپمۇ جاۋدەن بىزنىڭ ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايىنەپىسەنىڭ دراما ئويناش پائالىيىتىمىزگە ئالاھىدە ياردەملىشىپ، رېژىسورلۇق، ئارتىسنىڭ ماھارىتى، سەھنە سوۋېتى (نور) نى ئىشلىتىش، گىرىم، كىيىم قاتارلىق سەھنە سەنئىتى جەھەتتە ئىنتايىن قىزغىن ياردەم قىلدى. ئۇ ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، سايىم ۋە يۈسۈپ دېگەن ياشلارغا سەھنىدە توكتىن پايدىلىنىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ئۆگەتتى، تەربىيىلىدى. بۇنىڭ



بىلەن سەھنىمىز تېخىمۇ كۆركەملىشىپ كەتتى.

1937 - يىلىغا قەدەر بورا ياپقان كۇلۇبتا ئويۇن قوياتتۇق. خېمىت ھېكىمى ئۈرۈمچىدىكى يەرلىك سودىگەر، مۆتىۋەرلەرگە تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن، ئابلىز مۇسابايوپ نەنمىڭدىكى جايىنى تىياتىرغا ھەدىيە قىلدى. روزى ھاجى قاتارلىق بايلار پۇل ئىئانە (ياردەم) قىلدى. يەنە ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن «لاتارى» (چەك تارقىتىپ تەلەي سىناش) ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، لاتارى كىرىمى، ئىئانە ھەم ئويۇن كىرىمى بىلەن نەنمىڭدە تۇنجى زامانىۋى «مەدەنىيەت كۇلۇبى» (تىياتىرخانا) نى بىنا قىلدى. كۇلۇبىنىڭ لايىھىسىنى خېمىت ھېكىمى ئىشلەپ چىقتى ھەم باشتىن ئاياغ كۇلۇب قۇرۇلۇشىغا ئۆزى قول سېلىپ پۈتكۈزدى. كۇلۇبنىڭ ئۈستى كېمىر ئۆي شەكلىدە يېپىلغان ئىدى. مەن خېمىت ھېكىمگە چاقچاق قىلىپ، «كۇلۇبنى تۇرپان كېمىر ئۆيلىرىگە ئوخشىتىپ قويۇپسىز» دېسەم، خېمىت ماڭا: «شۇنداق، يەرلىك ئەنئەنە يېڭى زامانغا خىزمەت قىلسا ياخشى ئەمەسمۇ؟» دېگەنىدى.

كۇلۇبمۇ پۈتتى، تىياتىرىمىزنىڭ سان - سۈپەت جەھەتلىرىدىمۇ كۆزگە چېلىققۇدەك ئۆزگىرىشلەر بولدى. چۆچەك، غۇلجا، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم سەنئەتكارلار ئۆلكىلىك تىياتىرىمىزغا تەكلىپ قىلىندى. قاسىمجان قەمبىرى، روزى تەمبۇر، مەروپ ئاكام، سەيدۇللام، پەتتارجان، مويىدىن نىياز، سىراجىدىن زەپەر، ياسىن ھەسەن، ئابدىرېھىم چاڭ، سەمەت ئاخۇن، ئابدىكېرىم رازى، ئابدىگۈل قاتارلىقلار بىلەن يېرىك سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناشقا باشلىدۇق. ئەسەر يازىدىغان ئاپ-

تورلارمۇ كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» (ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى پارتىزانلار ئۇرۇشىنى ئىپادىلىگەن دراما)، «كۈرەش قىزى»، «سامساق ئاكاك قاينايدۇ»؛ ئابدۇشۈكۈر يالقۇننىڭ «شاڭخەي كېچىسى»، زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم»، زىياسەمەدىنىڭ «غېرىپ - سەنەم»، مۆمىن ئەپەندىنىڭ «بوز يىگىت»، قاسىمجان قەمبىرىنىڭ «زەينەپكە تۆھمەت»، ماۋدۇننىڭ «كۈرەش»، «يېڭى شىنجاڭ» قاتارلىق درامىلىرىنى ۋە شېكسپىر ئەسەرلىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن «سويىپ تاغام»، «يالغان تېۋىپ»، «جەلگۈر» (يانچۇقچى)، «پىرخون» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى ئوينىدۇق. مەدەنىيەت كۇلۇبى بىنا قىلىنغىنىغا بۇ يىل (1987 - يىلى) توپتوغرا 50 يىل بولدى. 50 يىلدىن بېرى بۇ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئوچىقى نۇرغۇن سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈردى ۋە خەلققە مەدەنىيەت تارقاتتى. خىمىت ھېكىمى ئۆلكىگە كەلگەندىن كېيىن (چۆچەكتىن كەلگەندىن كېيىن)، ئۇ، پەندىخۇيىغا يەنى ۋاڭ باۋچەن، خۇاڭ مىڭغۇ، خەنگۇاڭ، ماۋدۇن، جاۋدەن...... قاتارلىق كوممۇنىستلارغا يېقىنلاشتى، ماۋزېمىن، چېن تەنچۇلارنىڭ دوكلات، دەرسلىك، ماقالىلىرىنى تەرجىمە قىلدى. مۇھىمى، ئالتە سىياسەت دەرسلىكى، ئەيسى چېنىڭ يېڭى پەلسەپىسى، ماركسىزم، لېنىنىزم نەزەرىيىلىرى، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم پەلسەپىسى، لېنىنىزم مەسىلىلىرى، ياپونغا قارشى بىرلىك سەپ سىياسىتى ۋە سىياسىي ئىقتىساد قاتارلىق بىرىشورلار، ماقالە، ئوبزورلىرىنى تەرجىمە قىلدى. ئۇ شۇ تەرجىمە جەريانىدا ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى قىزغىن



قوبۇل قىلىش بىلەن ئۆگەنگەنلىرىنى شىنجاڭدىكى خەلققە تەشۋىق قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى، بولۇپمۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جۇڭگو پارتىزانلىرىغا ياردەم توپلاش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشتەك ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. خىمىت ھېكىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات سەنئەت» ئىستىقبالىغا بولغان چۈشەنچىسى ئۈستۈن ئىدى. شۇڭا ئۇ دائىم: «خەلقنىڭ ئىجتىمائىي مەكتىپى تىياتىرچىلىق» دەپ ماختايتتى. ئۇ، مەدەنىيەت كۇلۇبى پۈتۈپ تۈنجى ئويۇن قويۇلغان كۈنىدە، لېنىننىڭ: «تىياتىر خەلق تۇرمۇش ئەينىكى»، دېگەن سۆزى يېزىلغان لوزۇنكىنى پەردە ئۈستىگە ئاسقانىدى.

1939 - يىلى ماۋدۇن (شېڭ يەنبىڭ)، شۈي تاۋ، جاۋدەن قاتارلىقلار پۈتۈن شىنجاڭدىن 200 گە يېقىن ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن «مەدەنىي كادىرلار مەكتىپى» نى ئاچقانىدى. بۇ چاغدا خىمىت ھېكىمى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يەرلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىلىرىدىكى ياشلارنى يۇقىرىقىلارغا تونۇشتۇرىدۇ. شۇ قاتاردا ماۋدۇن، شۈي تاۋ، جاۋدەنلەرنىڭ مەدەنىي كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە بېرىدىغان دەرسلىكلىرىنى تەرجىمە قىلدى ھەم ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە قىلغان پىكىر ۋە يوليورۇقلىرىنى قوبۇل قىلدى. خىمىت ھېكىمى ئۇزۇن يىل ئوقۇدى، پەقەتلا 6 يىل ئىشلىدى.

1939 - يىلى 11 - ئاپرېل، تۈن كېچىدە ئۇنى شېڭ

شىسەيىنىڭ ژاندارمىسى قولىغا ئالـدى. لىيۇبىندى خىمىتنى
باغـلاپ ئېلىپ مـاڭـدى ۋە، ئـۆيـنى پـۇتـۇنـلـەي ئاخـ
تۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ جاۋەندىـكى كىتاب ـ ماتېرىياللىـ
رىنى پۇتۇنلەي يىغىۋالدى. خىمىت شۇ كۈنى ئـاخشىمى،
ماۋزېدۇڭنىڭ رەسىمى بار بىر قېلىن كىتابىنى ئوقۇپ چىقـ
قـانىدى. ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭدىن: «بۇ كىتابـ
تىكى كىمنىڭ سـۈرىتى» دەپ سـورىدىم. خىمىت: «نېمە
قىلىسىز سوراپ؟» دېدى. مەن يەنە: «بـۇ ئادەمنىڭ لىۋىـ
دىكى مېڭى ناھايىتى يـارىشىملىق ئىكەن، ئـۆزىمۇ چىرايـ
لىقـكەن» دېدىم. خىمىت: «شۇنداق، بۇ ئادەمنىڭ قىلىقىمۇ
چىرايلىق، ئىشىمۇ چىرايلىق ئادەم» دەپ كۈلۈپ، بۇ كىتابـ
نى يـاستۇق ئاستىغا قويدى، ئـۇخلاپ قالدۇق. ھېلىقى
لـيۇبىندى كىرگەنـدە، قۇچاقتىكى قىزىمنى ياستۇق ئۇستىـ
گە ياتقۇزۇپ، پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قويـدۇم. لېكىن لـيۇـ
بىندى ھېلىقى كىتابنى قولىغا چۈشۈرەلمەي، ماڭا قاتتىق
تەلەپپۇز بىلەن: «بۇنىڭ (خېمىتنىڭ) بىر خەنـزۇچە كىـ
تابى بارمىش، ئۇ كىتاب قەيەردە!؟» دەپ سورىدى. «بىلـ
مەيمەن!» دېدىم. چۈنكى لـيۇبىندى خىمىتنىڭ قـولىنى
باغـلاۋاتقاندا، خىمىتنىڭ كۆزۈمگە قاراپ: «ياستۇق ئاسـ
تىدىكى كىتابنى چىڭ ساقلا!» دېگەندەك ئىـشارە قىلغاـ
نىدى. لـيۇبىندى خـېمىتنىڭ يېزىـۋاتـقان «نەپىس قۇرـ
بانى» ناملىق دىرامىسـىنىمۇ ئېلىپ كەتتى.

خىمىت ھېكىمى ـــ شىڭ شىسەي تۇرمىسىدە يۆلەنگەن
كوممۇنىستلار قاتارىدا قۇربان بولـدى. ئـۇ 33 يىل ئۆمۈر
كۆردى. ئەمما ئۇ قىسقىغىنا ھـاياتىدا، مـاركسىزم، لېنىنىزم
ـ ئۇقتىنەزەرىنى تاللىۋالغان، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى يوـ



لىنى يـاقتۇرغـانىدى. ئـۇ جۇڭـگونىڭ بۈگۈنكى زامانىـ
دەك بەختىيار، قۇدرەتلىك سـوتسىيـالىزم دۆلىتى بولۇشىغا
زور ئىشەنچە باغلىغانىدى. ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئىدىيىسىدىـن
ئۆلگۈدەك قورققان شىڭ شىسـەي ۋە لىيۇبىندىلار خىمىتـ
نـى ھـاياتىدىن ئايـرىغان بولسىمۇ، مـليونلىغان جۇڭـگو
خەلقى كوممۇنىستىك پـارتىيە رەھـبەرلىكىدە خىمىت ئارزۇ
قىلغان يېڭى جۇڭگونى ياراتتى. بەلكى ھەر قانداق ئەكـ
سىيەتچى كۈچلەر ئۇنى توسۇپ قالالمىدى.

# ئاتاقلىق شەخس — باي سىجاڭ

ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

باي سىجاڭ (ئىسمائىل قاسىم ھاجى) شىنجاڭ تارىخىدىكى ئاتاقلىق شەخسىيلەرنىڭ بىرى. ئۇ 1930 - يىللاردىكى خوجىنىيازھاجى باشچىلىق قىلغان دېھقانلار دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق سەركەردىلىرىدىن ئىدى. باي سىجاڭ يالغۇز ھەربىي ئەمەلدار سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر سۈپىتىدە يېرىم ئەسىردىن بۇيان خەلق قەلبىدە ياشاپ كەلمەكتە.

باي سىجاڭ 1870 - يىلى ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ بوزدۆڭ تاغلىق كەنتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسى قاسىم ھاجىم دىيانەتلىك، ئەمگەكسۆيەر كىشى بولۇپ، يازدا يايلاقتا، قىشتا قىشلاقتا چارۋا باققۇچىلىرى بىلەن بىللە تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ چارۋا باققۇچىلىرىمۇ خوجايىنغا بەك ساداقەتمەن ئىدى. قاسىم ھاجى چارۋىچىلىقتا تېز بېيىغاندىن كېيىن كارۋانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللاندى، ئوغلى ئىسمائىل ئاخۇن (باي سىجاڭ) دادىسىدەك گەۋدىلىك، ساغلام بەدەن ۋە ئەقىللىق بولۇپ يېتىشتى. ئۇ مىلتىق ئېتىشقا ماھىر بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا «ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشقاچنى بىر قولىدا مىلتىق ئېتىپ



سوقۇۋېتىدۇ» دېگەن گەپلەر تارقالغان ئىدى. ئىسمائىل ئاخۇن دادىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغانلىقتىن ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى شەھەردە سودىگەرچىلىك، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىگۋارچىلىققىچە كېڭەيدى. ئىسمائىل ئاخۇن ئۆز كارۋانلىرى بىلەن ئىلىغىمۇ بىرقانچە قېتىم باردى ۋە كارۋانلارغا شاڭيۇ بولدى. كېيىنرەك پۈتۈن تاغ رايونىنىڭ شاڭيۇسى بولۇپ، «باي شاڭيۇ» دەپ ئاتالدى.

باي شاڭيۇ 1932 - يىلى ئاقسۇ تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە «تۆمۈر غازى ئاتا» ناملىق يېڭى مەكتەپ تەسىس قىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسكۇنىلىرى تولۇق، تەنتەربىيە سايمانلىرى مۇكەممەل ئىدى. مەكتەپنىڭ دەسلەپكى مۇدىرى خوتەنلىك نۇرمەھەممەت ئېلى دېگەن كىشى ئىدى. كېيىن كىشىلەر بۇ مەكتەپنى باي شاڭيۇنىڭ نامىدا «مەكتەپى ئىسمائىلىيە» دەپ ئاتاشتى. «مەكتەپى ئىسمائىلىيە» 1937 - يىلى ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى مەركىزىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1946 - يىلىدىن 1973 - يىلىغىچە بولغان 27 يىل ئىچىدە ئاقسۇ ماتارىپىنىڭ بىردىنبىر بۆشۈكى بولغان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئەنە شۇ «مەكتەپى ئىسمائىلىيە» دە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچتى. 1973 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ، ئوقۇتۇش ئېلىپ بارماقتا.

باي شاڭيۇ مەكتەپ تەسىس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىت

تا يەنە ناھىيە بازىرى ئوتتۇرىسىدىكى «خەزىنە ھويلا①» دېگەن كوچىدا ئىككى مەسچىت سالدۇرغان. باي شاكىيۇ يەنە بىر مەدرىس، ئىككى قەۋەتلىك ساراي، يوغان دەڭ، باغلارنى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ ساراي، دەڭلىرى سودىگەرلەر، كارۋانلار ۋە ھارۋىكەشلەر بىلەن ئاۋاتلاشقان. ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ئېقىننىڭ ئاخىرقى تەرىپىگە كۆۋرۈك ياساتقان. بۇ كۆۋرۈك خېلى ئۇزۇنلارغىچە «باي شاكىيۇنىڭ كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن «دۆڭ كۆۋرۈك» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. باي شاكىيۇنىڭ خەلق پايدىلىنىدىغان مەكتەپ، مەسچىت، دەڭ، ساراي، كۆۋرۈكلەرگە چوڭ قوللۇق بىلەن پۇل چىقىم قىلىشى ئۇنىڭدىكى ھاتەمچە سېخىيلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ تەشەببۇسكارلىقىدا قۇرۇلغان سودا شىركەتلىرى چەتتىن تاۋار ئالماشتۇرۇپ، سودا ئىشلىرىدا تەرەققىياتقا قاراپ يۈزلەنگەنىدى.

1933 - يىلى تۆمۈر تۇەنجاڭ ئاقسۇغا كەلگەندە باي شاكىيۇنىڭ سارىيىدا بىر ھەپتىدەك تۇرۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى جازانىخورلار، گۆرۈكەشلەر ۋە زىناخورلارنى جازالاپ، قەشقەرگە مېڭىش ۋاقتىدا باي شاكىيۇنى تۇەنجاڭلىققا تەيىنلىدى. باي تۇەنجاڭ ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان خەنزۇ بالىلاردىن بىر قىز، ئۈچ ئوغۇل بالىنى بېقىۋالدى. بۇ بالىلار باي تۇەنجاڭنىڭ كۆيۈمچانلىقى بىلەن

① خەزىنە ھويلا — ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى كوچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى بۇ كوچىدا پۇل ساقلايدىغان ئامبار ياساتقان. كېيىن بۇ كوچا «خەزىنە ھويلا» دەپ ئاتالغان.



ياخشى تەربىيە ئېلىپ، ئەقىللىق ۋە ساغلام چوڭ بولۇپ ئۇيغۇرلار بىلەن توي قىلدى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاشتى. ھازىر بۇ ئۇيغۇر جەمەتلىرىنىڭ سانى 100 دىن ئاشىدۇ. باي تۇەنجاڭنىڭ باشقا دىندىكى يېتىملەرنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قېلىشى كىشىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىكتۇر.

باي تۇەنجاڭ سوۋېت ئىستىپاقىغا چىقارغان قوي بەدىلىگە 500 دانە مىلتىق، 10 دانە پىلموت، ئوق - دورا، كىيىم - كېچەك، ئىگەر - جابدۇقلارنى كىرگۈزۈپ، قارا مىلتىق بىلەن قوراللانغان قوشۇنىنى زامانىۋى قورال، يارىشىملىق كىيىم، يوگۈرۈك ئاتلار بىلەن بىللە جابدۇپ شۆھرىتىنى نامايەن قىلدى. ئەپسۇسكى بۇ خىللانغان قوشۇن باي تۇەنجاڭنىڭ ئىستىپاقچىلىرىنىڭ قورسىقىدا «جىن» پەيدا قىلىپ، باي تۇەنجاڭنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتتى.

باي تۇەنجاڭ غوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى مەسلەكداشلىرىغا سادىق بولۇپ، 1933 - يىلى كۈزدە رەقىبى ما لۈيجاڭنىڭ سۇيىقەستىنى ما لۈيجاڭنىڭ ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق بىلىۋالغاندىن كېيىن (ما لۈيجاڭ باي تۇەنجاڭنى يوقىتىش ئۈچۈن قورالغا ئايانماستىن «زىياپەت» چاقىرىش ھېيلىسىدەك يۇمشاق پىچاق ئارقىلىق جايلىماقچى بولىدۇ. باي تۇەنجاڭنى ئاقسۇغا زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ باغاق كىرگۈزىدۇ. باغاق ئەكېلىپ بەرگۈچى كىشى باي تۇنجاڭغا بۇ «زىياپەت» نىڭ ماھىيىتىنى ئېيتىپ قويىدۇ. باي تۇەنجاڭمۇ ما لۈيجاڭ ئۈچۈن «زىياپەت» تەييارلايدۇ ۋە بۇ «زىياپەت» تەييارلىقىنى ما لۈيجاڭنىڭ «زىياپەت» تەييارلى-

قىدىن بۇرۇنراق پۇتكۇزىدۇ. شۇڭا ما لۇيجاڭنى ئالدى بىلەن «زىيا پەت» كە تەكلىپ قىلىدۇ. ما لۇيجاڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى بىلەن ئاقسۇدىن چىقىدۇ. «زىيا پەت» ئاخىرىنىڭ ئاشخانىسىنىڭ 2 - قەۋىتىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. سۆھبەت «زىيا پەت» داۋامىدا ما لۇيجاڭنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قولىغا ئېلىپ، ما لۇيجاڭدىن تىلخەت ئېلىپ، باي تۇەنجاڭنىڭ ما لۇيجاڭنىڭ لۇيجاڭلىق ھوقۇقىنى ئېلىۋالىدۇ). باي تۇەنجاڭنىڭ لۇيجاڭلىققا كۆتۈرۈلۈشى ئاقسۇ ۋە ئاقسۇ كونىشەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئەپسۇسكى باي تۇەنجاڭ ما لۇيجاڭنى ئەسىرگە ئېلىپ، لۇيجاڭلىق ۋەزىپىسى تەبرىكلىنىۋاتقان كۈنى تۆمۈر تۇەنجاڭ قەشقەردە ما زىخۇي (ما جەنساڭ) تەرىپىدىن شېھىت بولىدۇ.

باي لۇيجاڭ ئەسىرگە ئالغان ما لۇيجاڭنى ۋە ئۇنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى قوشۇپ ئاقسۇدىكى ئىنقىلابنىڭ ئۇلجىسى سۈپىتىدە كۇچاغا ئاپىرىپ خوجىنىياز ھاجىغا تاپشۇرىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم باي لۇيجاڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىپ، ما لۇيجاڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، باي لۇيجاڭغا سىجاڭلىق ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باي سىجاڭغا ئاقسۇ تەۋەسىدىكى 12 تۇەن قارايدۇ. باي سىجاڭ ئاقسۇ دائىرىسىدە بىردىنبىر ئاتاقلىق ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ قالىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى بىلەن ماخۇسەن، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى ئولجا تەقسىم قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن قورساق ئۇرۇشلىرى، 1934 - يىلى رەسمىي ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ بىر سەپتىكى سەپداشلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، نىزالارنى ئۆزى ئۈچۈن غەنىيمەت بىلگەن شېڭ شىسەي توپىلاڭدىن توغرا ئوغرىلاشقا تەييارلىنىدۇ.



ئاخىرقى كۈنلەردە ھەقىقەتەن، ئىنقىلاب سەركەردىلىرىنىڭ تەقدىرى، سوقۇشۇپ ھالىدىن كەتكەندە ئىنقىلاب مېۋىسى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئوغرىلاندى.

1934 - يىلى قىشتا كورلىدىن خوجىنىياز ھاجىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ما فۇيۈەن قوشۇنى باي چېگرىسىدىن ئۆتكەندە، باي سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى خوجىنىيازھاجى ۋە ماخمۇت سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قارا يۇلغۇنغا ئۇلارغا توساپ زەربە بېرىشكە بارىدۇ. بۇلار قارا يۇلغۇندا مۇستەھكەم پوزىتسىيە تۈزۈپ تۇرغاندا مافۇيۈەن قوشۇنلىرى يېقىنلاپ كېلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم باي سىجاڭغا: «سىز، ئاۋۇ دۆڭگە چىقىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ بېقىڭ» دەيدۇ. باي سىجاڭ دۆڭگە چىقىپ، دۇربۇن بىلەن باي تەرەپكە قاراۋاتقاندا بىر پاي ئوق ئۇنىڭ ئوڭ يامپىشىنى چېقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئوق ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرىنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولغان جىننىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىدى. ئوق كەلگەن تەرەپتە باي سىجاڭنىڭ كۈيئوغلى ئابدۇكېرەم بوجاڭ بار ئىدى. باي سىجاڭ يىقىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن پالۋان بەنجاڭ (مەمتاۋلا ئىبراھىم، سىجاڭنىڭ تاغىلىق يۇرتدىشى ئىدى) سىجاڭنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ جامغا ماڭماقچى بولغاندا، ئابدۇكېرەم بوجاڭ ئاچچىقلاپ، «ھەي ھارام تاماق، تاشلا ئاتاڭنىڭ ئۆلۈكىنى، ھېلى جېنىڭنى ئالىمەن!» دەپ قورال تەڭلەيدۇ. پالۋان بەنجاڭ ئامالسىزلىقتىن كۆز يېشى قىلىپ سىجاڭنى ئاتتىن چۈشۈرىدۇ. ئابدۇكېرىم بوجاڭ سىجاڭنىڭ نىداسىغا قارى

مای، بۆرە تېرە جۇۋىسىنى سالدۇرۇۋېلىپ، سىجاڭنى قارنىڭ ئۈستىگە يۇملىتىۋېتىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئەسكەرلىرى، باي سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىكى قورااللارنى، يۈگۈرۈك ئاتلىرىنى تارتىپ ئېلىشقا كىرىشكەندە، مافۇيۈەن قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، خوجىنىياز ھاجىم قوشۇنلىرى يېڭىلىپ چېكىنىدۇ. باي سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى سەركەردىسىدىن ئايرىلىپ بېشى قايغان تەرەپكە يول ئالىدۇ. مەنسۇر باشچىلىقىدىكى قىرغىز ئەسكەرلىرى تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىشىدۇ. باي سىجاڭنىڭ مەسلەكداشلىرىنىڭ قورسىقىغا «جىن» پەيدا قىلغان مانا بۇ خىللانغان قوشۇن، باي سىجاڭنىڭ بەختسىزلىكىگە ئۇچرىشى بىلەن توزغاقتەك توزۇپ كېتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇغا چېكىنىپ ئۇچتۇرپان ئارقىلىق قەشقەرگە ماڭىدۇ.

باي سىجاڭنىڭ قار ئۈستىدە مۇزلاپ شېھىت بولغانلىقىنى ئاڭلىغان دادىسى قاسىم ھاجىم قىرغىز چارۋىچىسى ئاسانئالى قاتارلىقلار بىلەن ئۈچ كۈندە جەسەتنى تېپىپ، تۇغۇلغان يۇرتى بۆزدۆڭگە ئاپىرىپ دەپنە قىلىدۇ.

باي سىجاڭنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە يېرىم ئەسىردىن ئاشتى. ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تۆھپىلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان «مەكتىپى ئىسمائىلىيە» - مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى، ئىلىم - پەننىڭ بۇلىقى بولۇشتەك شانلىق تارىخى بىلەن نامايەن بولماقتا. ئىككى قەۋەتلىك سارىيى ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. ئېقىنىنىڭ ئايىغىدىكى دەڭ ۋە باغ ئورنىدا ئىككى قەۋەتلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ قەد كۆتەردى. بۇ مەكتەپ ئاقسۇ كونىشەھەر



تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم بەرپا قىلىنغان قەۋەتلىك مەكتەپتۇر. مەكتەپ ئەتراپىدىكى باغلار ھازىرقى كۈندىمۇ «باي سىجاڭنىڭ بېغى» دەپ ئاتالماقتا. باي سىجاڭنىڭ ئىنسانپەرۋەر، رەھىمدىللىكىدىن ھاياتلىقتا ئېرىشكەن خەنزۇ بالىلار جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە تېگىشلىك رول ئويناماقتا. ئەنە شۇنداق ھەرتەرەپلىمە تۆھپىلىرى بىلەن تونۇلغان باي سىجاڭ (ئىسمائىل قاسىمھاجى) مىللىتىمىزنىڭ تارىخىدا، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

# ياقۇپ ئامبال توغرىسىدا ئەسلىمە

ئابدۇرېشىت خوجەخمەد

ياقۇپ ئامبال (ياقۇپبەگ) 1884 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدىكى تۆگمەنئېرىق مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، خەنزۇچە ئىسمى يوۋيخۇ ئىدى. ئاتىسى يۇنۇس ھاجىم ھەجگە بېرىپ ھەرەمدە ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

ياقۇپ ئامبال يەتتە يېشىدىن تارتىپ بىر مەھەل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن، شۇ چاغلاردا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇپ، ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن شىيۇسەي (تالىپ) دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشىدۇ. شۇندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتىدۇ ۋە ئۈچ يىل ئوقۇپ خەنزۇچە بىلىمنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغاندا ئۆلكە ئىمتىھانىدىن ئەلا دەرىجىدە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن «جۈيرېن» (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆلكە ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلەرنى شۇنداق ئاتايتتى ــ تەھرىر) دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىگە بولىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ چاغدىكى ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن، بىر كۈنى ياقۇپ ئامبالنى ئەگەشتۈرۈپ شىمالىي دەرۋازىدىكى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، تاماشا



قىلىپ ماڭىدۇ. دەل شۇ چاغدا بىر ئۇيغۇر يېتىمچى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ، تاھىر زوھرا غەزىلىدىن مۇنۇ ئىككى مىسرانى ئوقۇپ ماڭىدۇ: «تەپسەم ساندۇق ئاچىلۇر، گۈل باشىمغا ساچىلۇر......». بۇ غەزەلنى ئاڭلىغان ياڭجاڭجۈن: «يۇۋيخۇ ــ ئاۋۇ لاۋچەنتۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ياقۇپ ئامبال ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ئۇ «تىشاڭ شياڭ زاكەيلى، تۇشاڭدىخۇار سەنكەيلى...» دەۋاتىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ياڭ زېڭشىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «بارىكاللا! ئىلمىي سەنئەت جەھەتتە كامالەتكە يېتىپسەن، ئەمدى بىرەر ناھىيىگە ئامبال بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بوپسەن......» دەپ ئامباللىققا تەيىنلەيدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ كەلپىن، قاغىلىق قاتارلىق بىرقانچە ناھىيىلەرگە ئامبال بولۇپ ئىشلەيدۇ. خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا پارا، خىيانەتنى ھارام دەپ بىلىپ، ئادالەتلىك، پاكلىق بىلەن يۇرت سورايدۇ. 1932 ـ يىلى چۆشمە تامدا يېغىلىق بولغاندا ئۇ قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، ئاكىسى سىدىقبەگنىڭ قورۇسىدا تۇرىدۇ. 1933 ـ يىل بېشىدا، خوتەندە زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ بولىدۇ. شۇ چاغدىكى قاغىلىقنىڭ ئامبىلى ليۇشياۋلى، يۇقىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ماڭغان ئەسكەرلەرگە قوماندان ھەم تەنپەن ۋەكىلى بولغانىدى، ئۇ يولغا چىققاندا ياقۇپ ئامبالنىمۇ تەنپەن ۋەكىلى سۈپىتىدە بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇلار گۇما بىلەن قارىقاش ئارىلىقىدىكى قۇماتپاشاھىم، زاۋا دېگەن جايلاردا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ياقۇپ ئامبال بۇ ۋاقىتتا خەلق ئاممىسى تەرەپتە تۇرۇپ مۇھىم رول ئويىنىغانلىقتىن، كۆپلىگەن پۇق-

لارنىڭ ھاياتى ئامان قالىدۇ. 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا،
يەنە قاغىلىق بىلەن گۇما ناھىيىسىدە بىر كۈندىلا قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا سوقۇش ۋە تەنپەندىن نەتىجە چىقى-
رالماي مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەن لىيۇشياۋلى ۋە ئۇ-
نىڭ قول ئاستىدىكى مىڭدىن ئارتۇق جىن شورىن ئەسكەر-
لىرى، قوزغىلاڭ ئۈستىگىلا ئۆلگۈرۈپ كېلىپ قالىدۇ. ئۇلار
قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش باھانىسىدا، 300 دىن ئارتۇق
پۇقرانى قىرغىن قىلىدۇ، بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنى كۆرگەن
ياقۇپ ئامبال چىداپ تۇرالمايدۇ ۋە دەرھال ئەسكەر
باشلىقىنى تېپىپ ئۇنىڭغا: «بۇ قوزغىلاڭغا باشلىق بولغۇ-
چىلار بىر ياكى ئىككى ئادەم بولۇشى مۇمكىن. مۇنچىۋالا
تۇرغۇن پۇقرانى ئۆلتۈرۈۋەتسەك كېيىن بىزگە پۇقرا لازىم
بولمامدۇ؟، يەرنى كىم تېرىيدۇ، تىجارەتنى كىم قىلىدۇ؟،
شۇڭا قىرغىنچىلىقنى دەرھال توختىتىش لازىم!» دەپ
تەكلىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەسكەر باشلىقى بۇ تەكلىپنى
ماقۇل كۆرۈپ كانايچىلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ ھەم ئەسكەرلەرنى
يىغىپ قىرغىنچىلىقنى توختىتىدۇ. نەتىجىدە نەچچە مىڭ
ئادەمنى قىرىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. بۇ ۋەقەدىن
كېيىن قاغىلىقتا يەنە ئەبەيدۇللا ئەلەم، ئىشان ئاتاۋۇللاخان
خوجا ۋە ساۋۇرخان خوجىلار باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆ-
تۈرۈلۈپ، ئىككى سائەتچە جەڭدىن ئېلىشىش نەتىجىسىدە
بىر قانچە خەنزۇ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈ-
شى بىلەن ئاخىرلىشىپ، قوزغىلاڭچىلار غەلىبە قىلىدۇ. بۇ
خەۋەرنى لىيۇشياۋلى ئامبالغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خوتەنگە
ماڭغان روزى يايى، گۇمابازىرىدىن قاغىلىققا قاراپ يولغا
چىققان قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماڭغان ياقۇپ ئامبالغا ئۇچ-



رايدۇ. ياقۇپ ئامبال ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى
سورايدۇ. روزى يايى قاغىلىقتا قوزغىلاڭ بولۇپ، بىر نەچ-
چە خەنزۇ ئەمەلدار بىلەن تۆت ـ بەش نەپەر ئۇيغۇر
ئەمەلدارلار ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئامبال، دارىنلارنىڭ خوتۇن-
بالىلىرى ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇنى
ئاڭلىغان ياقۇپ ئامبال روزى يايىغا: «سېنى لىيۇ ئامبالغا
تۇغرىلايمەن. سەن ئۇنىڭغا قاغىلىق خەلقى قوزغىلىپ
خەنزۇلارنى ئۆلتۈردى دېمەي، قاغىلىققا خوجىنىياز ھاجى-
نىڭ قىسىملىرى باستۇرۇپ كىرىپ شەھەرنى تارتىۋالدى
دېگىن. لىيۇ ئامبال سېنىڭدىن قانچىلىك ئەسكەر ئىكەن،
قانداق قوراللىرى بار ئىكەن، دەپ سورىسا، ئەسكەرلەرنىڭ
سانى كۆپ، مىلتىقلىرى مىسىكلىك ئوق يېيدىغان مىلتىق
ئىكەن دەپ جاۋاپ بەر، ئۇنداق دېمىسەڭ لىيۇ ئامبال
قاغىلىققا باستۇرۇپ كىرىپ ئىت، مۈشۈكلەرگىچە قويماي
قىرىپ تاشلايدۇ.......» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ روزى يايىمۇ
ياقۇپ ئامبالنىڭ دېگىنى بويىچە لىيۇ ئامبالغا ۋەقەنى
مەلۇم قىلىدۇ. لىيۇ ئامبال خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىسمىنى
ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ، ياقۇپ ئامبالدىن مەسلىھەت سو-
رايدۇ. ياقۇپ ئامبال: «ئۇنداق بولسا بىز قاغىلىق بازى-
رىغا كىرمەي، تاغ يولى بىلەن يەكەن تەۋەسىگە ئۆتۈپ،
يەكەننىڭ يېڭىشەھىرىگە كىرىپ كېتەيلى...» دەيدۇ. شۇنىڭ
بىلەن لىيۇ ئامبال ياقۇپ ئامبالنىڭ مەسلىھەتى بويىچە
ئىش كۆرىدۇ. نەتىجىدە قاغىلىقتا نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ
قېنى تۆكۈلۈشتەك پاجىئەلىك ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن
ساقلاپ قالىدۇ. شۇندىن كېيىن ماخۇسەننىڭ 36 ـ دىۋىزىيىسى
كېلىپ قاغىلىق بىلەن خوتەن تەرەپتە ئورۇنلىشىش ئارىلا-

قىدا، ئىككى قېتىم ھاكىمىيەتسىز ھالەت يۈز بېرىپ، قىرغىنچىلىق ۋەقەسى پەيدا بولۇشى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر پەيتتە، ياقۇپ ئامبال يامۇل دەرۋازىسىنى ئېچىپ كىرىپ ئۆزىنى ئامبال دەپ جاكالايدۇ ھەم ھاكىمىيەتنى قايتىدىن تىكلەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى تەسىس قىلىدۇ. نەتىجىدە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش ئارقىلىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاپ، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ۋە نورمال ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ماخۇسەننىڭ 36 - دىۋىزىيىسى كەلگەندىن كېيىن ياقۇپ ئامبالنى خوتەنگە ئېلىپ كېتىپ، دىۋىزىيە شتابىدا مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىگە قويىدۇ. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي 36 - دىۋىزىيىنى يوقىتىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندە، شېڭ شىسەينىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ياقۇپ ئامبالنى قولغا ئالىدۇ ۋە 1942 - يىلى 4 - ئايدا ئۇنى ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئۆلتۈرىدۇ. خەلقپەرۋەر ياقۇپ ئامبالنىڭ خەلقىم، مىللىتىم دەپ بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان قىسقىغىنا ھاياتى ئەنە شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ.



# گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىگە قاتنىشىش سەرگۈزەشتىلىرىم

(ئېيتىپ بەرگۈچى ئىسمايىل، رەتلىگۈچى ۋاڭ خۇڭجاڭ)

مەن ئۇيغۇر، كىچىكىمدە تۆگە ئۈستىدە چوڭ بولغان، ئوقەتچىلىك قىلغان، گومىنداڭنىڭ ياشلار قوشۇنىغا قاتناشقان، كېيىن يەنە گومىنداڭنىڭ خاڭجۇ لەنچياۋ ھاۋا ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا يالغان قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە راست قارشى تۇرۇشتەك قىلمىشىغا نارازى بولغانلىقىم ۋە ئۇچۇش ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىمدىن قامالغان ھەتتا كاللامدىن ئايرىلىشقا تاس قالغانىدىم. ناۋادا ئۆمرۈمنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خۇشاللىنىشقا ئەرزىيدىغان بىرەر ئىش بار دېيىلسە، ئۇ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان كۈندە مەن بىر ئۇيغۇر ئۇچقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن B - 7 بەلگىلىك ئايروپىلاننى ھەيدەپ ئۇرۇمچى (دىخۇا) ئاسمىنىدا تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ شىنجاڭنىڭ ئازات بولغانلىقىنى تەبرىكلىگەنلىكىمدۇر.

1940 - يىلى، مەن ئاتامغا ئەگىشىپ تۆگە بىلەن

بارىكۆلدىكى خەيزى دېگەن جايغا بېرىپ ئوقەتچىلىك قىلدىم، سەپەر ئۈستىدە ئاتامنىڭ ئاغىنىسىنىڭكىدە بولدۇق. ئاتامنىڭ ئاغىنىسى نۇرئېلى باندىتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەچكە، بىزنىڭ 13 تۆگە ۋە مېلىمىز بۇلاپ كېتىلدى. پاتپاراقچىلىقتا ئاتام ئىزدېرەكسىز يوقالدى. نۇرئېلى مېنى تۆگىگە باغلاپ گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جيۇچۇەن ناھىيىسىگە ئېلىپ كەلدى. جيۇچۇەندىكى نەنشەن (جەنۇبىي تاغ) گە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار مېنى ئات باققۇزۇش، سۇ توشۇتۇش قاتارلىق ئىشلارغا سالدى. جيۇچۇەندە شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى بار ئىكەن، ئۇيۇشمىدىكى ئىسمايىل ئىسىملىك بىر كىشى ئارىغا چۈشۈپ مېنى ئۇلاردىن سورىۋالدى ۋە جيۇچۇەندە دۆلەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ بۆلۈمىدە ئوقۇتتى. 1943 - يىلى، شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى چۇڭچىڭغا كۆچكەندە، مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چۇڭچىڭغا بېرىپ، دۆلەتلىك چېگرا رايون پېداگوگىكا مەكتىپى (ئورنى چۇڭچىڭنىڭ جەنۇبىدىكى ۋىنچۇەندە) گە ئوقۇشقا كىردىم. 1944 - يىلى يەنە گۇيجۇدىكى چيەنجاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكەلدىم. بۇ چاغدا، گومىنداڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 100 مىڭ كىشىلىك ياشلار قوشۇنى» تەشكىللەۋاتاتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دېگەننى ئاڭلاپ، مەنمۇ بۇ قوشۇنغا تىزىملاندىم. قوشۇن چۇڭچىڭ، كۇنمىڭ قاتارلىق جايلاردا مەشق قىلغاندىن كېيىن، بىز ھىندىچىنى (بىرما) غا باردۇق. ماڭا ئاپتوموبىل ۋە موتوسىكلىت ھەيدەشنى ئۆگىنىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى، جياۋگۇەن (يېتەكچى ئوفىتسېر) لەرنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكىلىقلار ئىدى.



مەشق تېخى تۈگىمەيلا، ياپونلار تەسلىم بوپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى، بىز شۇنچە كۆپ ئەسكەر ياپونلار بىلەن بىرەر قېتىممۇ جەڭ قىلىپ باقمايلا بەزىلەر قېچىپ كېتىشتى. مەن قاچماي قوشۇن بىلەن بىللە شياڭگاڭدىكى جيۇلۇڭغا كەلدىم (بۇ ئىشلارغا ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئارىلاشقان ئىدى). بۇ يەردە قوشۇنىمىز قىسقا ۋاقىت دەم ئېلىپ تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، پاراخوت بىلەن شەرقىي شىمالدىكى خەيچېڭ ناھىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. شىنياڭدا قوشۇنىمىز كومپارتىيە قوشۇنى بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. مەن ۋە كېرەم، مەمتىمىن قاتارلىق تۆت ئاز سانلىق مىللەت جەڭچىسى رۇخسەت سوراپ نەنجىڭگە كېلىۋالدۇق. ئۇزۇن خاڭجۇ لەنجياۋ ھاۋا ئارمىيىسى ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 11 - قارارلىق كۇرسىغا ئوقۇشقا كىردۇق. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، بىز بىرنەچچەيلەن گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىگە قاتناشتۇق. شۇ ۋاقىتتىكى تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن كۆلپەتلەرنى تارتتۇق. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىزنى ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشكە يول قويمىغانلىقى تولىمۇ ئەلەم بولدى. بىز بىرنەچچەيلەن ھاجەتخانىغا كىرگەن چېغىمىزدىلا بىرنەچچە ئېغىز ئۇيغۇرچە سۆزلىشىۋالاتتۇق. دەرسلىكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن بىز نەزەرىيە ئۆگىنىش، جياۋگۇەننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇچۇش، ئەترەت بويىچە ئۇچۇش، ئۈچ ئايروپىلان بىللە ئۇچۇش، يەككە ئۇچۇش قاتارلىق بەش باسقۇچنى باشتىن كەچۈردۇق. ئەمما جياڭ جېيشى ئازادلىق ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىرىغاچقا، نەزەرىيە

ئۆگىنىشنى ھەش - پەش دېگۈچىلا تۈگىتىپ، جىياۋگۇەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇچۇش مەشقىغە كىرىشىپ كەتتۇق. جىياڭ جېيشى بىزنىڭ كۇرستىكىلەرگە ئىلگىرى - ئاخىر تۆت قېتىم ۋەز - نەسىھەت سۆزلىدى. ئۇ: «بىزنىڭ پىرقى دۆلەتكە سادىق بولۇشىمىز، ئايروپىلاننى قەدىرلىشىمىز لازىم» لىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە: «جۇڭگونىڭ ئادىمى ھەددى - ھېسابسىز»، «ئايروپىلاننى بولسا ئامېرىكىدىن سېتىۋالغان» دېدى. سۆزىنىڭ ئورامىچە، ئادەم ئۆلسە كارايىتى يوقمىش. مەن بۇ سۆزلەرنى شۇ چاغدا تولۇق چۈشىنەلمىگەچكە، ئىچىمدە تىت - تىت بولۇپ ئۇيغۇرچە غەلىتە گەپلەرنى قىلدىم، لېكىن ھېچكىم مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمەيتتى. مەكتەپ دائىرىلىرى بىزنى تېز يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئالدىرىغاچقا، ئۇچۇش داۋامىدا ئايروپىلان پاچاقلىنىپ ئادەم ئۆلۈش ئەھۋاللىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. مەن بىر قېتىم بىر پاراشوتچى ئەسكەرنىڭ پاراشوتىنى ئاچماي يەرگە چۈشۈپ كېتىپ لەختە - لەختە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم.

بىز تۆت ئۇيغۇر كۇرسانت ئىككى ئايروپىلان گۇرۇپپىسىغا تەقسىم قىلىندۇق. مەن بىلەن مەتمىن بىر گۇرۇپپىدا، كېرەم بىلەن جېلىل يەنە بىر گۇرۇپپىدا ئىدى. بۇ ئىككى ئايروپىلان گۇرۇپپىسىدا ئالتە جىياۋگۇەن بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككىسى كۇرسانتلارغا سەممىي ئىدى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ فامىلىسى ۋاڭ، يەنە بىرىنىڭ چىن ئىدى. ۋاڭ فامىلىلىك جىياۋگۇەن بىزنىڭ گۇرۇپپىدا، چىن فامىلىلىك جىياۋگۇەن جېلىللارنىڭ گۇرۇپپىسىدا ئىدى. دەرس ئارىلىقلىرىدا ۋاڭ جىياۋگۇەن بىزگە قائىدە چۈشەندۈرەتتى، تېخنىكا دەرسىنى



ياخشى ئىگىلەش لازىم، ياخشى ئىگىلىگەن تېخنىكا خەلققە مەنسۇپ دەيتتى. ئۇنىڭ باشقىلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى، بولۇپمۇ بىز بىرنەچچە ئۇيغۇر كۇرسانتلار بىلەن سىردىشىپ تۇراتتى ھەمدە بىزدىن ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى ئۆگىنەتتى.

ئايروپىلان گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇچۇش ئىنتىزامى ناھايىتى چىڭ ئىدى. كۇرسانتلارغا دائىم كىچىككىنە ئىش تۈپەيلىدىن تەنبىھ بېرىلەتتى. بىر كۈنى ئۇچۇش مەشقىدە مەن ياخشى نىيەت بىلەن مەخپىي ھالدا چۆگىلەپ ئۇچۇش (بۇرسىمان ئۇچۇش) نى سىناق قىلىپ باقتىم، شۇ ئەسنادا ماڭا دەرھال يەرگە قونۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى. مەن يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئايرودرومنىڭ تەرتىپ ساقلاش ئوفىتسېرى مېنى ئىككى كاچات ئۇردى ۋە مېنى يالاپ ئاپىرىپ تۈرمىگە سولاپ قويدى. يىغىلىپ ۋەز - نەسىھەت ئاڭلاش ۋاقتىدا، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مېنى 60 قامچا ئۇرۇپ ئاندىن قويۇۋەتتى. كېيىن مەن شۇنى بىلدىمكى، چۆگىلەپ ئۇچۇش-قېچىش قاتارىغا كىرىدىكەن، چۈنكى جەڭ مەيدانلىرىدا كۆپ قېتىم لىيۇتچىكلەرنىڭ ئايروپىلان بىلەن كومپارتىيە رايونىغا قېچىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن بولغاچقا، گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇنداق ئىشقا بەك سەزگۈرلۈك قىلىدىكەن. ۋاڭ جىياۋگۇەن مەن ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلغاچقا، مەن ئاخىرى ئېغىر جازادىن قۇتۇلۇپ قالدىم.

1947 - يىلىنىڭ ئاخىرى بىزنىڭ شۇ قاراردىكى كۇرسانتلار مۇددەتتىن بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈردى. بەلگىلىمە بويىچە كۇرسانت 350 سائەت ئەمەلىي ئۇچۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھېسابلىناتتى. ئەمما جىياڭ جېيشى ئىچكى ئۇرۇشقا جان جەھلى بىلەن بېرىلگەچكە، 280 سائەتلا ئۇچقان 11 - قارارلىق كۇرسانتلارنى ئال-

دىراپ - تېنەپ ئالدىنقى سەپكە ماڭغۇزدى. ۋاڭ جېنگوۋەن قاتارلىقلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، بىز بىرنەچچە ئۇيغۇر كۇرسانت يۇرتىمىزغا قايتىپ شىنجاڭ ئايرودرومىدا ئىشلىدۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ بىزنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىدىكى تۇرمۇشىمىز ئاخىرلاشتى. مەن بالىلىق چېغىمدىن تارتىپ ئارمىيىگە قاتناشقان كۈنلىرىمگىچە بولغان بۇ جاپالىق جەرياننى ئەسلىسەم ئۆزۈمنىڭ بۇ جەرياننى تولىمۇ مەنىسىز بىھۇدە ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن. 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا، مەن ئاز سانلىق مىللەت ئۇچقۇچىسى سۈپىتىدە ۋەزىپە ئۆتەپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقاتقىنىمدىلا، ئاندىن ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىپ يەتتىم. بۇ چاغدا مەن ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەنىدىم.

مەن ئەمدى شۇ ۋاقىتتىكى تارىخنى ئەسلىگىنىمدە، گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا يالغان قارشى تۇرۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىگە راست قارشى تۇرۇشتەك ساختا قىياپىتىنى تونۇپ يەتتىم، ئاتالمىش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 100 مىڭ كىشىلىك ياشلار قوشۇنىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

ئىزاھات: ئىسمايىل 1925 - يىلى تۇغۇلغان، ئۇيغۇر، گۈچۈڭ ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى، بۇ يىل 61 ياش، ھازىر گۈچۈڭ ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى خىزمەت بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر قەۋەتلىك ئائىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرىدۇ.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئابلەت

نۇردۇن تەرجىمىسى



# ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىنكى شىنجاڭ تاشيوللىرى

ليۇ ياڭچەن

ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىش ھارپىسىدا، يەنى 1945 - يىلى 5 - ئايدا مەن شىنجاڭغا كېلىپ چارقىلىقتىن دۇڭخۇاڭغىچە بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنى ياساشقا مەسئۇل بولغانىدىم. بۇ يول 1946 - يىلى پۈتكۈزۈلۈپ قاتناش باشلانغانىدى. ئۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى پۈتۈن دۆلەتتىكى مۇھىم تاشيوللارنى 9 رايونغا بۆلۈپ، باشقۇرىدىغان ئىدارىلەرنى تەسىس قىلغانىدى. مەن 6 - رايون تاشيول قۇرۇلۇش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جيۇچۇەننىڭ غەربىي قىسمىدىكى بارلىق تاشيوللارنى ئاسراش، ياخشىلاش، يېڭىدىن ياساش ۋە ترانسپورت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدۇم. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا ھەربىي ئىدارە قىلىش قارمىقىغا ئۆتتۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي شىمال ھەربىي سىياسىي كومىتېتىنىڭ قاتناش بۇسىغا يۆتكەلدىم. تۆۋەندە مەن شۇ ۋاقىتلاردىكى تارىخىي خاتىرىلىرىمگە ئاساسەن شىنجاڭنىڭ تاشيوللىرى ۋە قاتناش

ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئەھۋاللاردىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمەن.

## 1. شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

شىنجاڭنىڭ ئۈچ تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، خانتەڭرى تېغى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ۋە تۆت ئەتراپتا تىك چوققىلىق تاغ تىزمىلىرىنى ھاسىل قىلغان. ھەممە يەردە ئويمانلىق ۋە تۈزلەڭلىكنى ھاسىل قىلغان چۆل - باياۋانلار ھەم بۇنىڭ ئىچىدە يۇلتۇزلاردەك چېچىلىپ ياتقان سۇلۇق جايلار بار. بۇ سۇلۇق جايلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى قاتناشقا باغلىق. تارىختىن ئېلىپ ئېيتقاندا، غەربىي رايوندا قاتناشنىڭ راۋاجلىنىشى بىر جەھەتتىن مۇقەررەر ھالدا سۇلۇق جايلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىشىش ئېھتىياجىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن قاتناش يولى ئېچىش ئېھتىياجىدىن بولغان، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى مەشھۇر يىپەك يولى بۇنىڭ دەلىللىرىدۇر.

شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان قاتناش مۇناسىۋىتىدە قۇرۇقلۇق ۋە سۇ يوللىرى ناھايىتى قولايلىق، تۈركىستان، سىبىرىيە تۆمۈريولى 1930 - يىلى پۈتكەندىن كېيىن، بۇ يول شىنجاڭنىڭ چېگرىسىنى بويلاپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭدىكى تاشيول ۋە سۇ يوللىرىنى تۇتاشتۇردى. جۈملىدىن جىمىنەي، چۆچەك، ئىلى، ئۈچتۇرپان،



قەشقەر قاتارلىق چېگرىدىكى شەھەرلەرنى تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈريولى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولدى. ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى غەربكە ئاقىدۇ. ياماتۇدىن كۆرەگىچە كېمە قاتنايدۇ. ئۇنىڭ نېرىسىدا بولسا تاكى سوۋېت چېگرىسى ئىچىدىكى ئىلىيىسكىگىچە پاراخوت ماڭالايدۇ. جىمىنەيدىن باشلاپ سوۋېتنىڭ زايسان كۆلىگىچە قېيىق بىلەن يۈرۈشكە ئەپلىك.

شىنجاڭ بىلەن ھىندىستان ئارىلىقىدىكى قاتناش شەرقىي ۋە غەربىي لىنىيىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يوللاردا ئات - ئۇلاق بىلەنلا يۈرۈشكە بولاتتى. شەرقىي لىنىيىلەر قاغىلىقتىن باشلىنىپ تاكى ھىندىستاننىڭ بىرقانچە شەھەرلىرىگە قەدەر تۇتاشقان بولۇپ بۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن، يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيان شىنجاڭ بىلەن ھىندىستان ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋەت ئاساسەن مۇشۇ يول ئارقىلىق بولغانىدى. بۇ يول بىلەن ماڭغاندا بەش يەردە تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. يول تار، ئادەمزات يوق دېيەرلىك بولۇپ، ھاۋاسى سوغۇق ئىدى. قىش كۈنلىرى ھەممە يەرنى قار - مۇز قاپلاپ كېتەتتى، بۇ يولدا بولىدىغان قاتناش بىر يىلدا 4 - 5 ئايدىن ئاشمايتتى. غەربىي لىنىيە قەشقەر يېڭىشەھەردىن ھىندىستاننىڭ گىلگىتكىچە① بولاتتى. بۇ ھىندىستاننىڭ چېگرادىكى شەھىرى بولۇپ، يول تاغلارنى ئارىلاپ باياۋانلاردىن ئۆتەتتى.

شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان قاتناش

---

① گىلگىت — پاكىستان مۇستەقىل دۆلەت بولغاندىن باشلاپ پاكىستان قارمىقىغا ئۆتكەن. (ت)

ئالاقىسى: لەنجۇدىن باشلىنىپ جيۇچۇەن، شىڭشىڭشيا، قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە تۇتىشىدىغان گەنسۇ — شىنجاڭ تاش يولى بولۇپ، بۇ بىردىنبىر تاشيول لىنىيىسى ئىدى. گەنسۇدىكى دۇڭخۇاڭدىن شىنجاڭدىكى چارقىلىققا قەدەر بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىش ئالدىدا ياسالغان قوشۇمچە تاشيول لىنىيىسى ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنىڭ جىڭخۇڭشەندىن باشلىنىپ جەنۇبقا سوزۇلۇپ، تامىردىق ۋە سەيدام تۈزلەڭلىكىنى يانداپ ئۆتۈپ چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىگىچە بارىدىغان چىڭخەي - شىنجاڭ تاشيولى بولسا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ياسالغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا تاشقى موڭغۇلىيىگە بارىدىغان چوڭ يول ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىگە بارىدىغان ياندىش يوللارمۇ بولۇپ، بۇ يوللار گۇيسۇيدىن باشلىنىپ شىنجاڭدىكى گۇچۇڭدا توختايتتى. راستىنى دېگەندە بۇ يوللار رەسمىي ئۆلچەملىك تاشيوللار بولماستىن، بەلكى نىشانغا ئېلىپ بارالايدىغانلا كارۋان يولى ئىدى، خالاس. بۇ يوللارنىڭ ئالدىنقىسى 1910 - يىلى تاشقى موڭغۇلىيە سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئۈزۈلگەن. كېيىنكىسى بولسا 7 - ئىيول ياپونغا قارشى ئۇرۇشى باشلىنىپ، سۈيييۈەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن قاتناش توختاپ قالغانىدى. شىنجاڭ - سۈيييۈەن ئاپتوموبىل شىركىتى باشقۇرۇپ كەلگەن شىنجاڭ - سۈيييۈەن ئاپتوموبىل يولى لىنىيىسى، گۇيسۇيدىن ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئۇلانچاب ئايمىقى، نىڭشيا ئۆلكىسىنىڭ ئاراشائالوت ئايمىقى، ئاجىنا تۇرغات ئايمىقى ۋە گەنسۇ چېگرىسىدىكى مازۇڭشەن دېگەن جايلار ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېتىپ باراتتى. بۇ يولنىڭ مۇساپىسى تەخمىنەن



2860 كىلومېتىر بولۇپ، 1933 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتوموبىللار قاتناشقا باشلىغانىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن بۇ لىنىيىنىڭ ئەھمىيىتى بولماي قالدى. شۇ چاغلاردىكى دۆلەت مۇداپىئە نۇقتىسىدىن قارىغاندا شىنجاڭ - سۈيييۈەن تاشيولى ئەمەلىيەتتە گەنسۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ شەرقتىكى ياندىش لىنىيىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى بولسا گەنسۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ زاپاس لىنىيىسى ھېسابلىناتتى. شىنجاڭ - سۈيييۈەن ۋە گەنسۇ - شىنجاڭ لىنىيىلىرىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن 1946 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە جيۇچۇەندىن سەنلىخېزى دەرياسىغىچە، چاۋۋەندىن - گۇنپوچۇەنگىچە، مالىيەنجىڭزىدىن مىڭشۈيگىچە ئۈچ تارماق يول ياسالغانىدى.

شىنجاڭدىكى تاشيوللار جەنۇب ۋە شىمالىي يوللار دەپ ئىككى ئاساسىي لىنىيىگە بۆلۈنەتتى. بۇ يوللارنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 7775 كىلومېتىر كېلەتتى.

## 2. شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ جەريانى

### 1. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەزگىلدە

شىنجاڭدا ئەسلى ئۆلكىلىك تاشيول ئىدارىسى تەسىس قىلىنغانىدى، لېكىن تاشيول قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ جەريانلىرى ھەققىدە ماتېرىياللار كەمچىل، تەخمىنەن 1935 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە يەنى شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىكلىرى ياردەمگە تەكلىپ قىلىنىپ، جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى قورغاستىن ئۈرۈم-

چىڭگە قەدەر بولغان تاشيول ياتقۇزۇلغانىدى. كېيىن بۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى - گۈچۈڭ لىنىيىسى، ئۈرۈمچى - كورلا لىنىيىسى ۋە ئۈرۈمچى - شىڭشىڭشا لىنىيىلىرىنى ياساتقۇزدى. بۇ تۆت يول لىنىيىسى خېلى مۇكەممەل دېگۈدەك ياسالغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى - قورغاس لىنىيىسىنىڭ يولى تەكشى، كەڭ، كۆۋرۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەزمۇت بولۇپ، شۇ چاغدىكى تاشيوللارنىڭ ياخشىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقىلىرى، مەسىلەن، شىخو - چۆچەك لىنىيىسىدە ماشىنىلار هارۋا يولىدا يۈرەتتى. كورلا - چاقىلىق لىنىيىسى ۋە كورلىدىن قەشقەر ئارقىلىق كېرىيىگە بارىدىغان يوللار بولسا كونا هارۋا يوللىرىنى هاشار ئىشلىتىپ ئانچە - مۇنچە تۈزەپلا تاشيول دەپ قىلىۋېلىنغان يوللار ئىدى. ئۆلكىلىك تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىكىدىن، ھەرقايسى تاشيوللار ئاسرالماي يىلدىن - يىلغا كېرەكتىن چىقىپ تۇراتتى. 1944 - يىلى قىشتا، غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى - قورغاس لىنىيىسىنىڭ كۆۋرۈك ۋە يوللىرى بۇزۇلۇپ، بۇ يولدا قاتناش توختىدى.

## 2. گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدا تاشيول ياساش ۋە باشقۇرۇش جەريانى

يۇقىرىدا ئېيتىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى (گەنسۇنىڭ دۇڭخۇاڭدىن شىنجاڭنىڭ چاقىلىققا قەدەر) 739 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يول 1946 - يىلى پۈتكۈزۈلۈپ قاتناش باشلانغانىدى. بۇ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدا يا-



سىغان تۇنجى تاشيولى ھېسابلىنىدۇ. 1946 - يىلى يازدا گومىنداڭ قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ بىۋاسىتە قارمىقىدىكى 6 - رايون تاشيول قۇرۇلۇش ۋە باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى ۋە 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك تاشيول ئىدارىسىنى ئۆزىگە قوشۇپ ئېلىپ، بارلىق تاشيول لىنىيىلىرىنى باشقۇردى. 1947 - يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭ مەمۇرىي پالاتاسى دۆلەتتىكى مۇھىم يول تورلىرىنى بېكىتكەندە دۆلەتتىكى بارلىق يوللارنى ئاساسلىق يوللار، مېردىئان يوللار، پاراللېل يوللار دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىدى. تارماق يوللارنى نومۇر بىلەن بېكىتتى. شىنجاڭدىكى يوللار 6 - رايون يول ئىدارىسىنىڭ مەركەزلىك باشقۇرۇشىدا بولدى. بۇ ئىدارە شىنجاڭنىڭ تاشيوللىرىنى ياخشىلاش باسقۇچلىرىنى پىلانلىغاندا، يېڭى يوللارنى ياساش ۋە كونا يوللارنى رەتلەشنى ئاساس قىلىپ ئاسراش ۋە ترانسپورت ۋەزىپىلىرىنى قوشۇمچە قىلىشنى، لىنىيىدىكى يوللارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۆلچىمىنى ئىرىشىپ ياخشىلاپ، ئۆلكىلەر ئارا ۋە ئۆلكە ئىچىدىكى ترانسپورت ئىشلىرىنى ھۆددىگە ئېلىشنى بېكىتتى. 1948 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك تاشيول ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن، كېيىن بىر قىسىم ترانسپورت ۋەزىپىلىرىنى زىممىسىگە ئالدى.

## 3. 6 - رايون تاشيول قۇرۇلۇش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق كەسپى ۋە ئېلىپ بارغان ئىشلىرى

بۇ ئىدارىگە قاراشلىق دۆلەت يوللىرى سەككىز لىنىيە بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 7775 كىلومېتىر ئىدى، بۇ-

نىڭ ئىچىدە ئاساسلىق 3 - يول لىنىيىسى ئەنشىدىن باشلىنىپ، قۇمۇل، تېرەكلىك ساي، ئۈرۈمچى، شىخولار ئارقىلىق قورغاسقىچە باراتتى، جەمئىي 1691 كىلومېتىر كېلەتتى. مېردىئان 4 - لىنىيە ماڭيادىن باشلىنىپ، جىڭخۇڭشەن، چاقىلىق، چەرچەن، نىيە، كېرىيىلەردىن ئۆتۈپ يەركەنگىچە باراتتى. بۇ يولنىڭ مۇساپىسى 1871 كىلومېتىر ئىدى. (بۇنىڭ ئىچىدە چاقىلىق بىلەن گوما ئارىلىقىدىكى يول تېخى پۈتۈپ بولمىغانىدى) پاراللېل 511 - لىنىيە ئەنشىنىڭ دۇڭخۇاڭدىن باشلىنىپ جىڭخۇڭشەنگە باراتتى. بۇنىڭ مۇساپىسى 564 كىلومېتىر ئىدى. پاراللېل 512 - لىنىيە تېرەكلىك سايدىن باشلىنىپ، كورلا، ئاقسۇ، مارالبېشى، قەشقەر ئارقىلىق يەكەنگە باراتتى. بۇنىڭ مۇساپىسى 1897 كىلومېتىر ئىدى. پاراللېل 513 - لىنىيە چىچاۋجىڭدىن باشلىنىپ ئۈرۈمچىگە باراتتى. بۇنىڭ مۇساپىسى 403 كىلومېتىر ئىدى. پاراللېل 504 - لىنىيە دۆربىلجىندىن باشلىنىپ بورچىن ئارقىلىق سارسۈمبىگىچە باراتتى. بۇنىڭ مۇساپىسى 552 كىلومېتىر ئىدى. مېردىئان 614 - لىنىيە چاقىلىقتىن باشلىنىپ، تىكەنلىك، لوپنۇر ئارقىلىق كورلىغا قەدەر بولۇپ، بۇنىڭ مۇساپىسى 442 كىلومېتىر ئىدى. مېردىئان 615 - لىنىيە شىخودىن دۆربىلجىن ئارقىلىق چۆچەككە قەدەر بولۇپ، ئۇنىڭ مۇساپىسى 354 كىلومېتىر ئىدى.

6 - رايوندا جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇش باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ بۇ، باشقارما دوڭخۇاڭدىن چاقىلىققا قەدەر ئارىلىقتىكى پۈتمەي قالغان قۇرۇلۇشلارنى داۋاملاشتۇرۇش ھەم چىڭخەي - شىزاڭ تاشيولىنىڭ يېڭى تارماقلىرىنى ياساش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغانىدى. يە-



نە چاقىلىق - كېرىيە تاشيولى قۇرۇلۇشىغا نازارەت قىلىش باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، بۇ باشقارما چاقىلىقتىن چەرچەن ئارقىلىق كېرىيىگە بارىدىغان تاشيول لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەنشى، دۇڭخۇاڭ، لاپىيچۇەن، قۇمۇل، پىچان، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، تۇخسۇن، قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ، مارالبېشى، قەشقەر، خوتەن، چەرچەن، چاقىلىق، تىكەنلىك قاتارلىق 19 ئورۇندا يول ياساش ئۇچاستىكىلىرى ۋە ئىلى باش ئۇچاستىكىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى يوللارنى ياخشىلاش، ئاسراش ئىشلىرىغا ھەم مەسئۇل قىلىندى.

## 1. يوللارنى ياخشىلاش

بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ قارارلىق يول تۈزەش پىلانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى: 1946 - يىلى 9 - ئايدىن 1947 - يىلى 3 - ئايغىچە 1 - قارار بولۇپ تۈزلەنگەن يوللارنىڭ مۇساپىسى تەخمىنەن 3000 كىلومېتىر؛ 1947 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ 2 - قاراردا تەخمىنەن 4000 كىلومېتىر يول تۈزلەندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە قاراشەھەر بىلەن بۈگۈرگە بارىدىغان ئارىلىقتىكى زەيكەشلىك يول قۇرۇلۇشى ۋە كورلا بىلەن چاقىلىق ئارىسىدىكى يولنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تولىمۇ جاپالىق بولغانىدى. بۇ ئىككى يىل داۋامىدا ھەرقايسى يول لىنىيىلىرىنى ياساشتا ئىشچىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، شەرقىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئاساسەن ئىشچى ياللاش، كۆتۈرە بېرىش ئاساس قىلىنىپ، ئاز ساندا قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى ئىشلىتىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا ئاساسەن

ھەرقايسى ناھىيىلەردىن ھاشار ئېلىنىپ ئىشقا سېلىنغانىدى،
ئاز ساندا تېخنىك ئىشچىلار يالالاپ ئېلىنىپ كۆۋرۈك سېـ
لىش ۋە ئۆي ياساشقا ئىشلىتىلدى. ياغاچچىلارنىڭ كۆپ
قىسمى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىندى، تۆمۈر، پولات، سېـ
مونت قاتارلىق ماتېرىياللار باشقا ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلدى.
بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرى بولۇپ 100 مىليارد
يۈەن سەرپ قىلىنغانىدى. شۇنداقتىمۇ پۇل كۈندىن ـ
كۈنگە پاخاللىشىۋەرگەنلىكتىن پىلاندا بەلگىلەنگەن قۇرۇـ
لۇش ۋەزىپىلىرى تولۇق ئورۇنلانمىدى.

### 2. يېڭى تاشيوللارنى ياساش

يېڭىدىن ياسالغان تاشيول لىنىيىلىرى جەنۇبىي شىنـ
جاڭ تاشيولى (ئەنشىدىن دۇڭخۇاڭ ئارقىلىق چاقىلىققا قەـ
دەر)دىن باشقا پاراللېل 4 ـ لىنىيىدىكى چاقىلىق ـ كېرىـ
يە تاشيولى، چىڭخەي ـ شىنجاڭ تاشيولىنىڭ شىمالىي تارـ
مىقى (ماڭيادىن جىڭخوگىشەنگىچە) ۋە پاراللېل 512 ـ لىنىـ
يىدىكى مارالبېشىدىن چىقىپ ئاۋات ئارقىلىق يەركەنگىچە
بارىدىغان يوللار ئىدى. بۇلارنى ئايرىم بايان قىلىمەن.

### 3. يول ئاسراش خىزمەتلىرى

1948 ـ يىلىدىن بۇرۇن ھەرقايسى ئىش ئۇچاستىكىلىـ
رىدا يوللارنى رېمونت قىلىش ۋە ياخشىلاش ئىشلىرى ئاـ
ساسىي ۋەزىپە ئىدى. 1948 ـ يىلىدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا
دائىملىق ئاسراش يولغا قويۇلدى. لېكىن ھەرقايسى ئۇچاسـ
تكىلارغا قاراشلىق لىنىيىلەرنىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن، ئادەم كۈـ



چى ئاز بولغانلىقتىن ۋە ئۇلاردا قاتناش قوراللىرى، چېدىردىن
باشقا نەرسىلەر بولمىغانلىقتىن نۇقتىلىق ھالدا يۆتكىلىپ
تۇرۇپ يول ئاسراش چارىسى قوللىنىلاتتى، يولنىڭ دائىم
تەكشى بولۇپ تۇرۇشى تەلەپ قىلىناتتى. ئۇ چاغـ
لاردا شىنجاڭدا پۇقرالار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلـ
لار ئاز ئىدى. گەنسۇدىن شىنجاڭغا ئاشلىق ئېلىپ كېلىشـ
كە قاتنايدىغان ھەربىي ئاپتوموبىللار قاتنىشى ئاساسـ
لىق بولۇپ سانىلاتتى ھەربىي ئاپتوموبىللار يول ئاسراش پۇـ
لى تاپشۇرمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن يول ئاسراش راسخوتىـ
نى يولدىن كىرگەن كىرىم قامدىيالمايتتى، چىقىمنىڭ ھەمـ
مىسى دىگۇدەكلا يول ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بېرىلىـ
دىغان پۇلغا قاراشلىق ئىدى.

### 4. ھەربىيلەر يولى لىنىيىسىنى ياسىشىپ بېرىش

A. گۇچۇڭ ـ بەيتىك لىنىيىسى، 186 كىلومېتىر ئىدى،
بەيتىك تېغى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى تاشقى موڭغۇلىيىگە
بارىدىغان يولنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ، بۇ يول شۇ چاغـ
دىكى دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن
ئەسلىدىكى ھارۋا يولى ئاساسىدا ياسالغانىدى.

B. قۇمۇل ـ ئاراتۈرۈك لىنىيىسى

بۇ لىنىيە قۇمۇلدىن باشلىنىپ تىيانشان تاغلىرىدىن
ئارتىلىپ ئۆتۈپ، قۇۋۇق ئارقىلىق ئاراتۈرۈككە قەدەر
باراتتى. مۇساپىسى 216 كىلومېتىر كېلەتتى، قۇمۇل ـ قۇۋۇق
ئۇچاستىكىسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغان.
قۇۋۇق ـ ئاراتۈرۈك ئۇچاستىكىسى بولسا ئەسلىدە ئۇلاغ يولى

ئىدى. بۇ يوللارنى 1947 - يىلى چېگرا مۇداپىئە قىسملىرىنىڭ تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى ياساپ چىققانىدى.

C. قۇمۇل - سەيپىڭكۇ لىنىيىسى

بۇ لىنىيە قۇمۇل - قوۋۇق ۋە ئاراتۈرۈك - قوۋۇق ئۇچاستىكىلىرىنىڭ ئورتاق لىنىيىسى بولۇپ، قوۋۇقتىن باشلىنىپ غەربكە سوزۇلىدۇ ھەم جىڭشى، چىچۈەنجىڭ، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى لىنىيىلىرىنى كەيپىڭكۇدا تۇتاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 350 كىلومېتر كېلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئۈرۈمچى - قۇمۇل تاشيولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى بولۇپ، كونا ھارۋا يولىنى بويلاپ ماڭىدىغان ئاپتوموبىل يولى ئىدى.

D. قاراشەھەر - خېجىڭ لىنىيىسى

بۇ يول قاراشەھەر بىلەن خېجىڭنى تۇتاشتۇرىدۇ. مۇساپىسى 58 كىلومېتر بولۇپ، موڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان جايلارغا بارىدىغان يول ئىدى.

E. ئۈرۈمچى - قاراشەھەر لىنىيىسى

بۇ لىنىيە ئۈرۈمچىدىن باشلىنىپ تىيانشاندىن ئارتىلىپ ئۇدۇللا قاراشەھەرگە بارىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 371 كىلومېتر بولۇپ، ئۆلچەش خىزمىتى تاماملىنىپ، ياساش پىلانلانغانىدى.

F. ماناس كۆۋرۈكى

ماناس دەرياسى، ماناس بىلەن شىخۇنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ دەريادا خېلى چىدامىلىق كۆۋرۈك بارىدى. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قوزغىلىڭدىن كېيىن، بۇ كۆۋرۈكنى گومىنداڭ ئارمىيىسى كۆيدۈرۈۋەتكەن. 1946 - يىلى تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ



خادىملىرىنىڭ بېرىپ كېلىشى ۋە سوۋېتتىن مال ئېلىپ كەلگەن ماشىنىلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى ئۈچۈن ئاۋۋال ئىلى باش ئۇچاستىكا ئۈرۈمچى ئۇچاستىكا بىلەن بىرلىكتە ئاددىي كۆۋرۈك ياساپ ماشىنا قاتناتتى. كېيىن كۆۋرۈك قۇرۇلۇش ئىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، 16 ئۆتۈشمىلىك 240 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ تۈۋرۈكلۈك تاختا كۆۋرۈك ياساپ چىقىش پىلانلاندى. پىلانلاش، ماتېرىيال تەييارلاش ئىشلىرى پۈتكەنىدى. لېكىن 1947 - يىلى 7 - ئايدىن كېيىن ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ بۇ ئىش توختاپ قالدى.

G. غەربىي يول لىنىيىسىنى ئۆلچەش

1948 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى 42 - دىۋىزىيىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن قەشقەردىن ئۇلۇغچاتقىچە بولغان لىنىيە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى. بۇ دۆلەت چېگرىسىدىكى تەمىنلەش لىنىيىسى بولۇپ، مۇساپىسى 188 كىلومېتر كېلەتتى. 1948 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ گارنىزون باش شتابىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سانجىدىن غەربىي سايغىچە سوزۇلىدىغان يول لىنىيىسى ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى.

## 4. بىرنەچچە يېڭى يول لىنىيىلىرىنىڭ ياسىلىش ئەھۋالى

A. جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنىڭ دۇڭخۇاڭدىن چاقىلىققا قەدەر يېڭى قۇرۇلۇشى ۋە ئەنشىدىن دۇڭخۇاڭغا قەدەر مۇساپىسىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى.

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ ياۋروپا، ئاسىيا قۇرۇقلۇق

قاتنىشىدىكى ئاساسلىق يول بولۇپ، جەنۇب، شىمال ۋە ئوتتۇرا ئۈچ لىنىيىدىن ئىبارەت يىپەك يولىنىڭ ھەممىسى دۇنخۇاڭدىن باشلىنىپ، قەشقەر يېڭى شەھىرىدە توختايدۇ. خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكىرىگە كىرىشى، ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ شەرققە تارقىلىشى، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە تارقىلىشى، جۈملىدىن خەلقئارا سودا مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا شىنجاڭ ئارقىلىق بولغانىدى. 2 مىڭ يىل بۇرۇن خەن ۋۇدى جاڭچيەننى غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ غەربىي يولنى ئاچقاندا، دەسلەپ يۈمەن قوۋۇقى بىلەن ياڭگۇەندىن ئىبارەت ئىككى يولنى ئاچقان. ئۇنىڭدىن كېيىن كرورەنگە يۈرۈش قىلىنغانىدى. ھەربىي ئىشلارنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كرورەن قاتناش يولىنىمۇ ياساتقان. كرورەن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، قاتناش ئىشلىرى تېز راۋاجلانغان ۋە كرورەن يولى ھەربىيلەر يولىدىن بىراقلا ئۆزگىرىپ سودا يولى بولغان. بۇ يولدا سودىگەرلەر، ئەمەلدارلار، راھىبلار ئۈزۈلمەستىن قاتناپ تۇرغان. تەخمىنەن مىلادى 330 - يىللاردىن كېيىن لوپنور كۆلىنىڭ جەنۇبقا سۈرۈلۈشى تۈپەيلىدىن، بۇ جايلاردىكى ئىنسانلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشى نەتىجىسىدە شىمالىي كرورەن يىپەك يولى ئەسلىنى يوقىتىپ چۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن. كېيىنكى 1500 يىل جەريانىدا جۇڭگونىڭ غەربىي رايون بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسىنى قايتىدىن جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئىككى يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلگەن. شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە يەنى 1934 - يىلدىكى ماجۇڭيىڭ ۋەقەسىدە دۇنخۇاڭدىن چاقىلىقچە بولغان قاتناش



توختىتىلدى. كېيىن چىلىيەنشەن رايونى بىلەن بۇجاي سەيدام ئويمانلىقىدىن جەنۇبقا كۆچكەن قازاقلارنىڭ چارۋىچىلىق يايلىقى بولۇپ قالغانلىقتىن بۇ جايلاردا قاتناپ يۈرۈش ئەنسىز بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن جەنۇب شىمالدىكى بۇ ئىككى يولمۇ پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. 1943 - يىلى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بۇ تاشيولنى ياساشنى بەلگىلىدى. غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك تاشيول ئىدارىسى ئادەم تەشكىللەپ ئۆلچەش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. گەنسۇ تەۋەسىدە قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى بىر ياقتىن ئۆلچەپ، بىر ياقتىن ياساشقا كىرىشتى. لېكىن بىخەتەر بولمىغانلىقتىن ھەم تەمىنات يەتكۈزۈش قىيىن بولغانلىقتىن بۇ ئىش ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالدى. 1945 - يىلى 5 - ئايدا شېڭ شىسەي يۆتكەپ كېتىلدى. خۇ زۇڭنەن قوشۇنى شىنجاڭغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. شۇ چاغلاردا گەنسۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ جيۇچۇەندىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان ئارىلىقتا تاشقى موڭغۇلىيە ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، ماشىنىلارنى بۇلاپ، ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا دائىم خەۋەر كېلىپ تۇراتتى. شىنجاڭدىكى ھەربىي مەمۇرىي دائىرىلەر دۇنخۇاڭدىن چاقىلىقچە بولغان تاشيولنى ياساشنى قەتئىي تەكىتلەپ، گەنسۇ - شىنجاڭ تاشيولى ئۈزۈۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاتناش ئۈچۈن ئىككىنچى بىر يولنىڭ بولۇشىغا كېپىللىك قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى 1945 - يىلى 5 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنىڭ گەنسۇ ئۇچاستكىسى ۋە شىنجاڭ ئۇچاستكىسىدىن ئىبارەت ئىككى

قۇرۇلۇش باشقارمىسىنى تەسىس قىلدى. گەنسۇ ئۇچاستكىسىغا دۇڭخۇاڭدىن باشلىنىپ مايتاغ ئارقىلىق غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، چىلىيەنشەن، شاشەن تاغلىرى ئارىسىدىكى چۆل ئارقىلىق ئاقسايغىچە، ئۇ يەردىن يەنە غەربكە يۈرگەندە شوفۇدو جىلغىلىرى، شىياۋخۇڭشەن، داخۇڭشەن، كۇشۈي خابالىرىدىن ئايلىنىپ لاپىيچۇەن ئارقىلىق گەنسۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرىسىدىكى جىجىنتەيگىچە بولغان يول لىنىيىسى تەۋە بولۇپ، بۇنىڭ مۇساپىسى 333 كىلومېتىر كېلەتتى. بۇ يولنىڭ لاپىيچۇەنگە يېقىن 30 كىلومېتىر قىسمىدىن باشلاپ جايلىرى پۈتۈنلەي قۇملۇق چۆل ئىدى. شىنجاڭ يول ئۇچاستكىسى چاقىلىقتىن باشلىنىپ مىرەن ۋە مىرەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ باتۇربۇلاق ئارقىلىق دۆكبېرىدىققىچە، بۇ جايدىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، ئالتۇن تاغ ۋە قىزىل، سۆگەتساي، باشقوغۇن ئارقىلىق يەنە شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، ئالتۇن چوقا ئېغىزىغا؛ ئۇ يەردىن چىقىپ باياۋان ئارقىلىق شەرققە بۇرۇلۇپ قۇمتاغ، شوركۆل قىزىلسۇ، قىزىلبۇلاق ئارقىلىق جىجىنتەيگىچە بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 406 كىلومېتىر كېلىدۇ. گەنسۇ، شىنجاڭ ئىككى يول ئۇچاستكىسىدا 1946 - يىلى 2 - ئايدىن باشلاپ پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى. بۇ يوللارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىككى مىليارد يۈەن سەرپ قىلىندى، تەخمىنەن 250 مىڭ ئادەم قېتىم ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىلدى. 1946 - ۋە 1947 - يىللىرى 6 - رايون تاشيول قۇرۇلۇش ئىدارىسى، پۈتۈن يول لىنىيىلىرىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولۇشقا، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇش باشقارمىسىنى تەسىس قىلدى. بۇنىڭغا 3 مىليارد 600 مىڭ يۈەن پۇل، 170 مىڭ ئادەم قېتىم ئەمگەك كۈچى سەرپ قى-



لىندى. ئەنشىدىن دۇڭخۇاڭغىچە بولغان يول مۇساپىسى 120 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ ئەسلىدىكى ھارۋا يولى ئىدى. بۇ يولنى ياخشىلاش ئەمەلىيەتتە يېڭىدىن ياساش ئىدى. بۇ ئىش 1946 - يىلى 11 - ئايدا باشلىنىپ، كېيىنكى يىلنىڭ 3 - ئېيىدا تاماملاندى. بۇنىڭغا 3 يۈز مىليون يۈەن پۇل بىلەن 100 مىڭ ئادەم قېتىم ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىندى.

دۇڭخۇاڭ - چاقىلىق لىنىيىسى 739 كىلومېتىر بولۇپ بۇ يولنى ياساش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئادەم تەشكىللەپ ئۆلچەش ۋە يول ئۈچۈن يەر تاللاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا تارىختىكى جەنۇبىي يىپەك يولى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەنىدى. ئىشنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بەزى جايلاردا ئازراق ئايلانما يوللار ياسالغان. بۇ لىنىيە بېسىپ ئۆتىدىغان يوللاردا ئادەم ياشايدىغان سۇلۇق ۋە دەرەخلىك جايلار 2% نى، قۇملۇقلار 10% نى، شېغىللىق جايلار ۋە چۆللەر 48% نى، سېرىق توپىلىق تاغ باغرىلىرى ۋە سايلار 36% نى، كۆچمە قۇم ۋە قۇم دۆڭلىرى 3% نى تەشكىل قىلاتتى. پۈتۈن يول بويى ئادەمزات يوق دېيەرلىك ئىدى. شىنجاڭ يولى ئۇچاستكىسىدا ئىشلەيدىغان ھاشارچى ئىشچىلار بۆگۈر قاتارلىق ناھىيىلەردىن پىيادە كېلىپ ئىشلەيتتى. يول ياساش سايمانلىرى ۋە ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى لەنجۇدىن ئېلىپ كېلىنەتتى. سۇ مەنبەسى يوق، قۇملۇق ۋە بىپايان چۆل - باياۋانلاردا 50 كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراقلىقتىن قىش كۈنلىرى مۇز، ياز كۈنلىرى سۇ توشۇپ كېلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى. يول ياسىغاندا ئىشچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئاشلىق، ماتېرىيال، يېقىلغۇ ۋە سۇ قاتارلىقلار پۈتۈن

لىنىيىگە تۆگە ياكى ئېشەك ئارقىلىق توشۇپ كېلىنەتتى. پۈتۈن يول لىنىيىسى چۆل باياۋاندا بولۇپ، ياز كۈنلىرى ناھايىتى ئىسسىق، قىش كۈنلىرى ناھايىتى سوغۇق بولاتتى. خاتىرىلەنگەن تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا فارېنھېيت 120 گرادۇسقا يېتىپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرا سېلسىيە 45 گرادۇسقا چۈشكەن ئىدى. تۇپراق سۈپىتى ناچار، بىخەتەرلىك ئىشى ياخشى باشقۇرۇلمىغان بولۇپ، تۇرمۇش جاپالىق ئىدى. پۇل پاخاللىشىپ مال باھاسى كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەۋەرگەنلىكتىن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۈچ يىل داۋامىدا 5 مىليارد 7 يۈز مىليون يۈەن سەرپ قىلىندى. بۇنى 1947-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىكى مال باھاسىغا سۇندۇرغاندا 440 مىليارد يۈەنگە باراۋەر كېلىدۇ. دېمەك خامچوتتا بەلگىلەنگەن پۇلنىڭ قىممىتى، پۇل پاخاللىقىغا ئۇچراپ، قىممىتى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن ئەھۋالىمىزغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ قۇرۇلۇشنى قىسقارتىپ، ماشىنا ماڭالىسىلا بولىدۇ دېگەن يەرگە كېلىپ ئىشنى داۋاملاشتۇردۇق. ئاخىرىدا تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ 33%تىلا پۈتكەن بولدى. لېكىن سۈپەت جەھەتتە شۇ چاغدىكى 3-دەرىجىلىك يولنىڭ ئۆلچىمىگىمۇ يەتمەيتتى. بۇ يولدا ماشىنا قاتناتقاندا، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئوتتۇرا ھېسابتا سائەت تېزلىكى: گەنسۇ يولى ئۇچاستكىسىدا 16 كىلومېتىر، شىنجاڭ يولى ئۇچاستكىسىدا تەخمىنەن 15 كىلومېتىر ئىدى. ئىككى يىل داۋامىدا يول ياخشىلانغاندىن كېيىن، 25 كىلومېتىرغا يەتتى. لېكىن بۇ يوللار كېيىنكى چاغلاردا رەسمىي ئىشلىتىلمەي قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ شىنجاڭ ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىكى ۋاقىتلىق تەسەللى بولۇپ قالدى. كەل-



گۈن ۋە كۆچمە قۇملارنىڭ بۇزۇشى، ئاسراشنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن شۇنچە كۆپ مەبلەغ ۋە نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىنغان بۇ يوللار تاشلىنىپ كېتىپ چۆل جەزىرىگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدۇ.

B. چىڭخەي-شىنجاڭ تاشيولى شىمالىي ئۇچاستكىسىنىڭ ياسىلىشى

چىڭخەي-شىنجاڭ تاشيولى چىڭخەيدىكى شىنىڭدىن شىنجاڭدىكى چاقىلىققا قەدەر بولۇپ، (شىنىڭدىن داۋشاڭ دەرياسىغىچە ياسىلىپ بولغان. چىڭخەي-شىزاڭ تاشيولى، قىزىل يۇلغۇندىن چاقىلىققىچە ياسىلىپ بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى بۇنىڭ ئىچىدە) بۇ يول سەيدام ئويمانلىقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ يول شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان قاتناش ئىشلىرىدىكى تاشيوللارنىڭ غول لىنىيىسى ھېسابلىنىدۇ. 1946-يىلى چىڭخەي ئۆلكىسى چىڭخەي-شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇش باشقارمىسىنى تەسىس قىلدى. 1947-يىلى ماڭيادىن قىزىل يۇلغۇنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى لىنىيە چىڭخەي-شىنجاڭ تاشيولىنىڭ شىمالىي ئۇچاستكىسى قىلىپ ئايرىلىپ 6-رايون تاشيول قۇرۇلۇشى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ ياسىشىغا تاپشۇرۇلدى. 5-ئايدىن 6-ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنىڭ دۇڭخۇاڭدىن 445 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايىدىن باشلاپ، جىڭخوگۇشەن تېغىنىڭ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، قىزىل جىلغىغىچە؛ تاشلىق چوققا ۋە ئالتۇنتاغ ئۈستىدىن ئۆتۈپ سايئاغزىدىن جۇيخۇگىلۇگىغىچە؛ يەنە كالتىباش، قىزىل جىلغا، داۋۇس ئارقىلىق دەنسكەنلىك ساي

ئاغزىدىن ئۆتۈپ ماگىياغىچە يول ياساش بېكىتىلدى بۇ يولنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 186 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جىڭگ-خۇگۇشەن تېغى چوققىسىدىن ئۆتىدىغان يول ئون كىلومېتىر، تاش-لىق چوققىسىدىن ئۆتىدىغان يول بىر كىلومېتىر، داۋۇشقا بارىدىغان شېغىللىق يول 20 كىلومېتىر دەڭسىكەنلىك ئارقىلىق تاغ چوققى-سىدىن ئۆتىدىغان بىر كىلومېتىر بولۇپ، بۇ لىنىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ناھايىتى جاپالىق ئىدى، قالغان قىسمى كۆپىنچە چۆل - باياۋان بولۇپ، ئازراق قىسمى دەريا جىلغىلىرى ۋە شورلۇق جايلار ئىدى. 7 - ئايدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن يول سىزىقلىرى بەلگى-لىنىپ ۋە ئۆلچىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىش باشلانغانىدى. لېكىن ئۇشتۇمتۇتلا 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قازاق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇلار ئىككى ئادەمنى بۇلاپ كېتىپ بىرسىنى ئۆلتۈردى، بىرسىنى يارىدار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يولنىڭ قۇرۇلۇشى بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت توختاپ قالدى. ئەسلىدە بۇ يولنىڭ قۇرۇلۇشىغا شۇ چاغدىكى ھەربىي ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئوبدان ئېتىبار بەرگەنىدى. قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى قىسمىنىڭ 19 - تۈەن بىرىنچى يىڭىدىن 472 كىشى يول ياساش ماشىنىسى ھەم سايمانلىرىدىن 32 نى (بۇنىڭ ئىچىدە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئالتە، تۈزلەش ماشىنىسى ئىككى) ئېلىپ كېلىپ، تاغ چوققىلىرىدىن ئۆتىدىغان مۇشەققەتلىك قۇرۇلۇشلارغا ياردەم قىلىپ، شىنجاڭدا ماشىنا ئىشلىتىپ يول ياساشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باشلىغانىدى. ئۇنىڭ-دىن باشقا ئىشلىتىلگەن ھاشار ياللاپ ئېلىنغان ئىشچى، يول ئاسرىغۇچى ئەترەتلەر بولۇپ 1100 ئادەم، 700 تۆگە، 35 چوڭ ئاپتوموبىل بىلەن توققۇز ئاي ئىشلەپ بۇ يول



پۈتۈن لىنىيە بويىچە ياسىلىپ بولدى، سەرپ قىلىنغان ئىش ھەققى 17 مىليارد يۈەن، ياسالغان ئاساسىي يول 160 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئاددىي تۈزلەنگەن يول 105 كىلومېتىر ئىدى. راسخوتنىڭ چەكلىمىسى، شارائىتنىڭ ناچارلىقى، تەمىناتنىڭ يەتكۈزۈشنىڭ قىيىنلىقى سەۋەبىدىن بۇ يوللاردا ئاۋۋال قاتناش يولىغا قويۇلۇپ، كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەييارلىقىنى كېچىكتۈرۈشكە توغرا كەلدى. بۇ يولدا قاتنايدىغان ماشىنىلارنىڭ سائەت تېزلىكى تەخمى-نەن 18 كىلومېتىر بولۇپ، ئۆلچەمدىن خېلى تۆۋەن ئىدى.

C. چاقىلىق - كېرىيە تاشيولىنىڭ ياسىلىشى.

شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپىدا، كورلى-دىن غەربكە ماڭغاندا قەشقەر ئارقىلىق كېرىيەگىچە، جەنۇپتا لوپنۇردىن چاقىلىقچە قاتناش تاشيوللىرى بار بولسىمۇ، لېكىن كۇئېنلۇن تېغى بىلەن تەكلىماكاننىڭ چاقىلىقتىن كېرىيەگىچە قەدەر ئارىلىقتىكى بىرمۇنچە شەھەر بازارلار يەنىلا ئوتتۇرىسىدىكى شورلۇق چۆللەرنىڭ قورشاۋىدا ياكى كۆچمە قۇملار بىلەن توسۇلۇپ قالغان ھالەتتە تۇ-راتتى. ئۇ جايلارغا بارىدىغان تاشيول ياكى ھاۋا يول-لىرى يوق ئىدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا، ھەرقايسى جايلار ھاشار سېلىپ چەر-چەنگە بارىدىغان تاشيولنى ياساتقان بولسىمۇ، بىر پۈتۈن پىلان بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يول باشقا ئومۇمىي يوللار بىلەن تۇتاشتۇرۇلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولنىڭ ياسى-لىشىمۇ ئاددىيلا بولۇپ، كۆپ يىللار مابەينىدە شامال ۋە قۇمنىڭ بۇزۇشى بىلەن بۇ يولنىڭ ئىزنىمۇ قالمىغانىدى. چاقىلىق - كېرىيە ئارىسىدىكى قاتناش پۈتۈنلەي دېگۈ-

دەك تۆگە، ئېشەك، كالا، ئات قاتارلىق ھايۋان كۈچلىرى بىلەن بولاتتى. بۇ خىل ئۇلاغ يوللىرىمۇ جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى لىنىيە بويىچە بولاتتى. جەنۇبىي لىنىيەنىڭ مۇساپىسى 900 كىلومېتىر، شىمالىي لىنىيەنىڭ مۇساپىسى تەخمىنەن 850 كىلومېتىر بولۇپ، يوللار تاغ چوققىلىرىدىن، چۆللەردىن ۋە باياۋان قۇملۇقلاردىن ئۆتەتتى.

1946 - يىلى كۈزدە، گومىنداڭ قاتناش مىنىستىرلىكى چاقىلىق - كىرىيە تاشيولىنى ياساشنى پىلانلىغان ۋە 6 - رايون تاشيول قۇرۇلۇش باشقۇرۇش ئىدارىسى ئادەم تەشكىللەپ پۈتۈن لىنىيىنى ئۆلچىگەنىدى. شۇ يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ كېيىنكى يىلىنىڭ 1 - ئايغىچە چاقىلىق بىلەن كىرىيە ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ، 1300 كىلومېتىر مۇساپىنى ئۆلچىدى ۋە جەنۇب، شىمال ئىككى لىنىيىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى. جەنۇبىي لىنىيە تاغ باغرىنى بويلاپ جىلغا ۋە يارلىقلاردىن ئۆتەتتى. يول سىزىقىدىكى چوڭ تاشلارنى يۆتكەش ئىشى بەكمۇ مۇشەققەتلىك ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ باغرىدىن تۆۋەنگە سىرىلىپ تۇرىدىغان قۇملاردىن ئەگىپ ئۆتۈشمۇ قىيىن ئىدى. شىمالىي لىنىيىدە بولسا ئېقىپ تۇرىدىغان قۇملار بولسىمۇ ئۇنى ئايلىنىپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتى ۋە يوللارنى تۈزلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. يولنى تەكشى ھالدا داۋاملاشتۇرۇشقا بولاتتى. سۇ تېپىشمۇ ئوڭاي ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي جەھەتتىن شىمالىي لىنىيە ئىشلىتىلىپ، ئۆلچەش نەتىجىسىدە ئاخىرى يولنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 801 كىلومېتىر قىلىپ بېكىتىلدى. پۈتۈن لىنىيىدە توپا يول تەخمىنەن 38% نى، شورلۇق 6% نى، تۇپرىقى بوش چۆللۈك 11% نى، شېغىللىق چۆل 7% نى تەشكىل قىلاتتى.



1947 - يىلى 5 - ئايدا چاقىلىق - كىرىيە تاشيولى تەپتىش باشقارمىسى قۇرۇلدى ۋە چاقىلىق، چەرچەن، كىرىيەدىن ئىبارەت ئۈچ يېڭى يول ئۇچاستكىسى تەسىس قىلىندى. ئاۋۋال چاقىلىق - چەرچەن تاشيولىنى ياسىماق بولدى، ئۆلچەش نەتىجىسىدە مۇساپە 316 كىلومېتىر بولۇپ چىقتى. بۇ يولنى چاقىلىق يېڭى 1 - ئۇچاستكىسى ۋە چەرچەن يېڭى 2 - ئۇچاستكىسى ياساشقا كىرىشتى. 1 - يېڭى ئۇچاستكىغا قاراشلىق لىنىيە 131 كىلومېتىر بولۇپ، ئەنشى ۋە چاقىلىقتىن 600 ھاشار دۇڭخۇاڭ، چاقىلىق، چەرچەنلەردىن 550 ياللانما ئىشچى، 220 تۆگە، 400 ئېشەك، 170 كالا ئېلىنىپ 7 - ئايدا ئىش باشلىدى. بۇ ئارىدا چەرچەن دەرياسىنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىپ دەريانىڭ قىنى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن سۇ يەتكۈزەلمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 800 كىلومېتىر ئارىلىقتا ئادەم ۋە ماددىي كۈچلەر ئۇياق - بۇياق قاتناپ يۈرۈپ تولىمۇ جاپا چەككەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ مىڭ تەسلىكتە ئىشلەپ ئاخىر 1948 - يىلىنىڭ 3 - ئېيىدا يول پۈتكۈزۈلدى. يېڭى 2 - ئۇچاستكىغا قاراشلىق لىنىيە 185 كىلومېتىر بولۇپ، 1300 نەپەر ئىشچىنىڭ ھەممىسى چەرچەندىن ياللاپ ئېلىندى. بۇ ناھىيە خېلى توقچىلىق بولغانلىقتىن كالا، تۆگە، ئاشلىق، جۇۋا قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيتتى. ياسىلىدىغان تاشيول چەرچەن دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدا بولغانلىقتىن سۇ ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمىدى. شۇنداق قىلىپ 6 - ئايدا ئىش باشلىنىپ 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يول پۈتكۈزۈلدى. 1947 - يىلى

10 ـ ئايدا كېرىيە يېڭى 3 ـ يول ئۆچاستكىسى تەسىس
قىلىنىپ، نىيىدىن كېرىيىگىچە بولغان يول قۇرۇلۇشىنى
باشقا تۇتۇش قىلىندى. ئۆلچەش ئارقىلىق يولنىڭ
مۇساپىسى 129 كىلومېتىر بولىدىغانلىقى بېكىتىلدى. كېرىيە
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خېلى مولچىلىق جايلىرىدىن بىرى
ئىدى. ئاھالە بىر قەدەر زىچ، مەھسۇلاتلىرى مول بولغان-
لىقتىن بۇ يەردىن ئادەم ۋە ماددىي كۈچلەرنى ئېلىش
خېلى ئوڭاي ئىدى. قۇرۇلۇش داۋامىدا كېرىيىدىن 2000،
نىيىدىن 2400 ھاشار ئېلىنىپ يولنىڭ ئاساسىي قىسمى
يىل ئاخىرىدا پۈتكۈزۈلدى. 1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يول-
نىڭ يۈزى ۋە كۆۋرۈكلىرى پۈتكۈزۈلدى. يېڭى 3 ـ يول
قۇرۇلۇش ئۆچاستكىسى 1948 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نىيىدىن
ئەندىر دەرياسىغىچە ياسىلىدىغان تاشيولنى ئۆلچەپ لايىھە-
لەپ چىقتى. يولنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 180 كىلومېتىر
ئىدى. يېڭى 2 ـ يول قۇرۇلۇش ئۆچاستكىسى چەرچەندىن
نىيىگىچە ياسىلىدىغان 177 كىلومېتىر يولنى ئۆلچەپ لا-
يىھەلەپ چىقتى. يېڭى 3 ـ يول قۇرۇلۇش ئۆچاستكىسى
خوتەن، قارىقاش، چىرىيە، لوپ قاتارلىق تۆت ناھىيىدىن
2100 ھاشار ئېلىپ، 1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىش باش-
لاپ، يىلنىڭ ئاخىرىدا يولنى پۈتكۈزدى. يېڭى 2 ـ يول
قۇرۇلۇش ئۆچاستكىسى چەرچەن، نىيىلەردىن
ھاشار ئېلىپ، ئوخشاش ۋاقىتتا ئىش باشلاپ
يىلنىڭ ئاخىرىدا يولنىڭ ئاساسىنى پۈتكۈزدى.
لېكىن ئاددىي يول يۈزى تەكشىلەنمىگەنلىكتىن يولنى
سىناق قىلىپ ماشىنا ماڭغۇزغاندا ماشىنىلار راۋان قاتنىيال-
مىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، چاقىلىقتىن كېرىيىگىچە بولغان



801 كىلومېتىر يول لىنىيىسىنىڭ ئەندىر دەرياسىدىن چەر-
چەنگىچە بولغان 176 كىلومېتىر قىسمىدىن باشقا يوللاردا
ماشىنا قاتنىيالىغانىدى. ئەگەر داۋاملىق ئىشلەپ تەدرىجىي
ياخشىلىنىدىغان بولسا مۇكەممەل تاشيوللاردىن بولۇپ قې-
لىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ گو-
مىنداڭ ھاكىمىيىتى گۇمران بولۇش ھارپىسىدا پۇل پاخال-
لىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، بۇ پۇللارنىڭ كۆپلۈكىدىن
ناھايىتى كۆپلىگەن ئۇششاق رەقەملەرنى ئىشلىتىشكە
توغرا كېلەتتى. يول قۇرۇلۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن-
چىلىك بولمىدى. شۇنداقتىمۇ بىز ئۆز ئىش ئورنىمىزدا
ئازادلىقنى كۈتۈپ تۇردۇق.

## 5. كونا جۇڭگودا چېگرا رايون تاشيوللىرىنى ياساش جەريانىدىكى خاپىچىلىقلار ۋە ھېس قىلغانلىرىم

1941 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن يېقىمدىن تۆمۈريول ياساش
ئىشلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ ترانسپورت ۋەزىپى-
لىرى تاشيوللارغا يۈكلىنىشكە باشلىدى. مەن تيەنجىن ـ
چىڭدۇ تۆمۈريول قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن شىكاڭ ـ چىڭ-
خەي تاشيولىنى باشقۇرۇشقا يۆتكەلدىم. (شىكاڭنىڭ
كاڭدىڭدىن چىڭخەينىڭ يۇشۇ دېگەن يېرىگىچە). بۇ ئىشتا
ئىلگىرى ـ ئاخىر تۆت يىل تۇرۇپ، كاڭدىڭدىن يىڭگۇەنسەي-
گىچە، يىڭگۇەنسەيدىن گەنزىگىچە، گەنزىدىن يۇشۇغىچە
بولغان ئومۇمىي مۇساپىسى تەخمىنەن 800 كىلومېتىر كېلى-
دىغان يوللارنى ياساتتىم. 1945 ـ يىلى شىنجاڭغا يۆتكىلىپ
كېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى، چىڭخەي ـ شىنجاڭ

تاشيولىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە چاقىلىق - كېرىيە تاشيوللىرىنى ياساتتىم. شۇنداق قىلىپ چېگرا رايوندا 10 يىل يول ياساش بىلەن شۇغۇللاندىم. 1943 - يىلدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ بىرقانچە يىللار داۋامىدىكى ئەڭ چوڭ تاشيول قۇرۇلۇشلىرىغا مەن مەسئۇل بولدۇم. مانا بۇ جەرياننى ئەسلىسەم شۇ چاغدا تارتقان روھىي ئازابلىرىم ۋە ھەسرەتلىرىم يادىمغا كېلىدۇ.

1. يوللارنى ياسىغانسېرى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا خەجلىگەن پۇللارنىڭ چىقىمىمۇ كۆپىيىپ تۇراتتى. 1941 - يىلى مەن شىكاڭ - چىڭخەي تاشيولىنىڭ كاڭيىڭ ئۇچاستكىسىنى ياساتقىنىمدا، قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا چېڭ - يۇ شۇ - كۈن، تيەنجىن - چىڭدۇ قاتارلىق ئۈچ تۆمۈريول قۇرۇلۇش ئىدارىلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن مەزمۇت بىر بەنزە بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۆلچىمىگە لايىق ئىدى. ياسىغان يوللار نۇرغۇنلىغان تاغ جىلغىلىرىدىن ئۆتەتتى. بەزى جايلارنىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 4369 مېتىر ئېگىز بولۇپ، شۇ چاغلاردا دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ھېسابلىغاندا ئەڭ ئېگىز تاشيول ھېسابلىناتتى. 1943 - يىلدىن كېيىن مال باھاسى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەشكە باشلىدى، قۇرۇلۇش خىراجىتى بۇنىڭغا يېتىشەلمەي قالدى، شۇڭا ئەھۋالىمىزغا قاراپ ئىش كۆرۈشىمىزگە توغرا كەلدى. بەزى چىقىملارنى كېمەيتىش، قۇرۇلۇشلارنى قىسقارتىش، ئىشنى بولۇشىچە قىلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇق. 1945 - يىلى شىنجاڭدا تاشيول ياسىغىنىمىزدا يول بويلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. چۆل باياۋان پايانسىز بولغانىنىڭ ئۈستىگە مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ



كەتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە پۇل پاخاللىقى تۈپەيلىدىن پۇل ھېسابلاشتا ناھايىتى كۆپ رەقەملەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاخىرى چاقىلىق - كېرىيە تاشيولىنىڭ چەرچەن - ئەندىر دەريا ئارىلىقىدىكى يولنى داۋاملىق ياساش مۇمكىن بولماي قالدى. قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا ناچار بولسىمۇ، لېكىن بىز بىلمەسلىككە سېلىپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالدىغاندەك بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋەردۇق. بۇنداق ئىش، بىز قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرىغا نىسبەتەن ئىچىمىزنى بەكمۇ پۇشۇرىدىغان روھىي ئازاب بولۇپ قالدى.

2. 1941 - يىلدىن كېيىن، مېنىڭ يېتەكچىلىكىمدە ياسىتىلغان تاشيوللار، شۇ چاغلاردىكى چېگرا رايوننىڭ قاتناش ئېھتىياجى ياكى دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇلۇش جىددىي ۋە ئالدىراش ۋەزىپە قىلىپ تۇتۇلدى. لېكىن يول ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپتوموبىللارنى ماڭغۇزۇپ بېقىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بەزى تارماق يوللارنى داۋاملىق ياساپ چىقىپ، سىرتقى لىنىيە ترانسپورتىنى يولغا قويغاندىن باشقا ھېچقانداق ھەربىي ترانسپورت ياكى سودا ترانسپورتى يولغا قويۇلمىدى. يوللارنى كۆچەپ تۇرۇپ ئىشلەپ ئۆلچەمگە لايىق پۈتكۈزۈش ياكى ئاسراش ئىمكانىيىتىمىز يوق ئىدى. قاراپ تۇرۇپ يوللارنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشى ھەم شۇنچە نۇرغۇن ئادەم ۋە ماددىي كۈچلەرنىڭ ئىسراپ بولۇشى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى!

3. جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنى ياساشنى جياڭ جيېشى ئۆزى بەلگىلىگەن ئىدى. شۇ چاغدىكى ئۇرۇش مەزگىلىدە تران-

سپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئامېرىكىلىق مۇئاۋىن جۇجاڭى جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ترانسپورت كۈچىگە قارىغاندا بۇ يولنى ياساش مۇمكىن ئەمەس دەپ ھېسابلىغانىدى. جۇيجاڭ يۇفېيشەن جياڭ جيېشىغا بىۋاستە مەكتۇپ سۇنۇپ بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشنى سورىغاندا، جياڭ جيېشى ئۇنىڭ مەكتۇبىنى يەرگە ئېتىپ قاتتىق غەزەپلەنگەن، يۇفېيشەن بۇيرۇققا ئامالسىز بويسۇنۇپ، نەتىجىدە ئالدىراش ھالدا بۇ ئىشقا مېنى تاللىۋېلىپ قويغانىدى. 1946 - يىلى 3 - ئايدا، مەن بارلىق يول لىنىيىلىرىنى ياساشتىن توختىتىپ، چوڭچىڭغا قايتىپ بېرىپ يۇفېيشەن جۇجاڭغا يول قۇرۇلۇشى ھەققىدە دوكلات بېرىۋاتقىنىمدا فېيخۇ دۈيجاڭ (قاناتلىق يولۋاس ناملىق ئەترەتنىڭ باشلىقى — ت) جېننارد كېلىپ قېلىپ گېپىمىزنى ئۈزۈۋەتتى. گومىنداڭنىڭ خىزمەت ئىشلىرىدىكى مۇشۇنداق بېشى بار، ئايىغى يوق بولىدىغان ئەھۋاللار كىشىنى بىزار قىلاتتى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا 8 - ئۇرۇش مەيدانىنىڭ باش قوماندانى جۇشاۋلياڭ مەسئۇل ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىر قېتىم ئۇنىڭغا دوكلات قىلغىنىمدا ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئۇ يەردە ئەسلىدە بىر تاشيول بار بولۇپ، يولنى ياسىغاندا بىر سۇ بۆلگۈچ چوققىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن، شۇڭا يولنىڭ مۇساپىسىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەپتۇ، يولنى ئۇزارتسا پۇل يەتمەيدىكەن، يول قۇرۇلۇشىنى باشقۇرغۇچى ئۇنىڭدىن پۇلنى كۆپەيتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ، نېمە ئۈچۈن يول مۇساپىسىنى ئۇزارتىسەن دەپتۇ، قۇرۇلۇش خادىملىرى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇساپە



ئۇزارتىلمىسا يول بەك تىك بولۇپ كېتىپ ماشىنا چىقالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ، جۇشاۋلياڭ: «لىنىيە مۇساپىسىنى ئۇزارتماڭلار، تاغ چوققىسىنىڭ ئېغىزىدا دائىم بىرقانچە ئون كالا تەييار تۇرسۇن، ماشىنا چىقالمىغاندا كالىلار تارتىپ چىقارسا بولىدۇ!» دەپتۇ. جۇشاۋلياڭ ئۇ چاغدا لەنجۇ ۋە ئۈرۈمچىدە ئالمىشىپ تۇراتتى، ئۇ ئۆزىنى ھەر دائىم زۇگۇاڭغا ئوخشىتاتتى. ئۇ، يۇقىرىدىكى گەپلەرنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەندە قاش - قاپاقلىرىنى ئوينىتىپ مەغرۇرلىنىپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم ھەم ئۆزۈمنى بىلمەيلا قالدىم. بۇنىڭدىن گومىنداڭنىڭ بەزى ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكى قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولاتتى. بىز قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى دائىم مۇشۇنداق كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر ئىدۇق، بۇ بىز ئۈچۈن بىر روھىي ئازاب ئىدى.

4. مەن شىكاڭ - چىڭخەي تاشيولىنى ياساتقان مەزگىللەردە، جىڭشيا جىياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ شىكاڭ - شىزاڭ تاشيولىنى ياساشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈشنى ئويلىغانىدىم. بۇنىڭغا خېلى جۈرئەت قىلدىم، بۇ يولنى ياساشقا باشقىلارنىمۇ قوزغىتىش ئۈچۈن، بىر نەپەر ئىنژېنېر بىلەن بىر نەپەر دوختۇرنى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىزاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خادىملىرى نامىدا، شۇ ئورۇننىڭ باشلىقى بىلەن بىرلىكتە ھىندىستان ئارقىلىق شىزاڭغا ئەۋەتمەكچى بولدۇق، بىز يەنە زاڭزۇچىنى ئوبدان بىلىدىغان بىر كادىرنى چاي ساتقۇچى سودىگەر قىياپىتىدە ياساپ، قۇرۇقلۇق يول بىلەن گەنزى، چاڭدۇ ئارقىلىق لاساغا بېرىپ، ئۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن ئىنژېنېر بىلەن ئۇچ-

رىشىنى تاپالىدۇق. ئاندىن كېيىن يەنە شۇ سودىگەر قىياپىتىدە سودىگەرچىلىك قىلىپ، قۇرۇقلۇقتىكى يول بىلەن قايتىپ كەلگەچ شىزاڭغا بارىدىغان بۇ يول ئۆتىدىغان تاغ - دەريا، توسالغۇلارنى، يەر شەكلى ۋە ئەھۋاللارنى ئۆگىنىپ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمىنى تەخمىنەن مۆلچەرلەپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق. ئۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ باشقا مىنىستىرلىك ياكى كومىتېتلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك مەخسۇس كىشىلەرنى شىزاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارما خىزمەتچىلىرى قىياپىتىدە شىزاڭغا كىرگۈزۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرمەكتە ئىدى. كۈتۈلمىگەندە ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىدىن پاسپورت ئالىدىغان چاغدا دەل مۇشۇنداق خادىملارغا پاسپورت بېرىلمىدى. بۇنىڭدىن بىز جاھانگىرلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئاخباراتلىرىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ ئالغانلىقىنى بىلدۇق. بۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشىمىزغا توغرا كېلەتتى.

شۇ يىللاردا مەن باشقۇرغان تاشيول قۇرۇلۇشلىرىدىن يېڭى جۇڭگوغا قېپقالغانلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردىكى بەزى تەرتىپسىز يول قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى، شىنجاڭ تاشيوللىرى ئارقا - ئارقىدىن ياسىلىپ، قار - مۇزلۇق داۋانلار ۋە چۆل - باياۋانلاردىن ئۆتكەن يوللاردا قاتناش راۋانلاشتۇرۇلدى. ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ئوخشىمايدىغان نەتىجە بەردى، قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان مۇئامىلىگە سازاۋەر بولغانلىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرىدىن چوڭقۇر ھېس قىلدى. چېگرا رايونلاردىكى تاشيول قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى سېلىشتۇرمىسى بۇنىڭغا كۈچلۈك تارىخىي پاكىت بولالايدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلكېرىم ئابدۇللا



# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى

ۋاڭ ليەنفاڭ

ئىزاھات: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭ نېفىت سانائىتى بىر مەزگىل تەرەققىي قىلىشتىن خارابلىشىشقا قاراپ ماڭغان. بۇ مەزگىلگە ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئاشكارا نەشر قىلىنغان نەرسىلەردە كۆرگىلى بولىدىغانلىرى بىر قەدەر ئاز، كۆپ قىسىم ماتېرىياللار ماشىنكىدا ئۇرۇلۇپ ياكى قولدا يېزىلىپ ماي باسمىدا بېسىلغان ماتېرىياللار شۇنىڭدەك ئاز مىقداردىكى قول يازمىلاردىن ئېلىندى. بۇ ماتېرىياللار جەمئىي يەتتە تېمىغا ئايرىلدى.

1. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە نېفىت كېنى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى؛ 2. مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ 1942 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى؛ 3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىغا

كۆكۆل بۆلۇشى؛ 4. شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتكەندىن كېيىن مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ خارابلىشىشى؛ 5. شىخو نېفىت كېنىدا تەييارلىق كۆرۈش ئورنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە؛ 6. مايتاغ نېفىت كېنىدىكى ئىشچىلارنىڭ نامرات تۇرمۇشى ۋە ئىش تاشلاش كۆرەشلىرى؛ 7. مۇھىم نېفىت ئالامەتلىرى بولغان باشقا رايونلارنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالى. بەزى ماتېرىياللاردا يېزىق خاتالىقى، چۈشۈپ قالغان خەتلەر ياكى مەنىسى ئېنىق بولمىغان جايلىرى بولسىمۇ ئەسلى تېكىستى ئەينەن كۆچۈرۈلدى، بەزىلىرىگە «ئىلاۋە» شەكلى بىلەن ئىزاھات بېرىلدى. ئالاقىدار بولغان بەزى ماتېرىياللار «ئىلاۋە» شەكلىدە تونۇشتۇرۇلدى. مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ 1945 - يىلى 9 - ئايدىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋاقىتىنچە كەم قالدى.

مەزكۇر ماتېرىيال «شىنجاڭ نېفىت تارىخى ماتېرىياللىرىدىن قىسقىچە توپلام» (قەدىمكى، يېقىنقى زامان قىسمى) نىڭ ئۈچىنچى قىسمى.

## 1. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە نېفىت كېنى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى

نېفىت كېنى — شىخو ناھىيىسىگە قارايدىغان يەنسىخەي، مايتاغدىن نېفىت ئەڭ مول چىقىدۇ...... بۇرۇن ماينى ئۆلكە شەھىرىگە توشۇپ كېلىپ ئايرىغان، بۇلتۇر پار قازىنىنى يەنسىخەيگە يۆتكەپ، ماينى ئۆز جايىدا ئايرىيدىغان بولدى. ماينىڭ يۈز جىڭىدىن 40 جىڭ چىراغ يېغى، ئاراماي (يەنى قاراماي) دىن 30 نەچچە جىڭ ئاي-



رىغىلى بولىدۇ. چىراغ يېغىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، ئىسى يوق، ئەڭ ئوبدان يېقىلغۇ، قاراماي بىلەن ماشىنا، ھارۋىلارنى مايلىغىلى بولىدۇ، ناھايىتى كەڭرى ئىشلىتىلىدۇ. شىخو ناھىيىسىگە قارايدىغان يۈەنشىنگۇڭ، ساۋەن ناھىيىسىگە قارايدىغان شاۋگەي ۋە كۇچا قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدىن نېفىت چىقىدۇ. ھازىر شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتى پىلان تۈزۈپ، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىپ، بۇ يەرلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئاچماقچى.

شۈگىي ۋۇ: «شىنجاڭ تەسىراتلىرى» (شىئەن شىجىن گېزىتخانىسى. 1934 - يىل)

شىخونىڭ مايتاغ، چىڭسىخوزا، يەكەننىڭ شاۋۋۇ، كۇچانىڭ قارا يۇلغۇن، چۆچەكنىڭ چىڭشىشا، سانجىنىڭ جىنگۇخې، ساۋەننىڭ بورتۇڭگۇ دېگەنگە ئوخشاش يەرلىرىدىن نېفىت چىقىدۇ، شىخونىڭ چىڭسىخوزا، مايتاغدىن چىققىنىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى، ھەر يۈز جىڭ خام نېفىتتىن 30 جىڭ چىراغ مېيى، 30 جىڭ ئاراماي ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. نېفىت ئايرىش زاۋۇتى يەنسىخەيگە قۇرۇلغان، ھازىر يېڭى شەكىلدىكى ماشىنىلارنى سېتىۋېلىپ كەڭ كۆلەمدە قازماقچى. ساۋەندىن چىقىدىغان نېفىت بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، يېقىلغۇ قىلغاندىن باشقىغا يارىمايدۇ.

شۈگىي ۋۇ: «شىنجاڭ تەسىراتلىرى» شىئەن شىجىن گېزىتخانىسى 1934 - يىل)

شەھرىمىز خەۋىرى: يەنسىخەي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 1923 - يىلى (ئىلاۋە: 1934 - يىلى) ئەسلىگە كەلتۈرۈ-

لۇپ، 1924 - يىلى كۆزدە ئۆزگەرتىلگەن. ئەسلىدىكى كېڭەيتىش پىلانى بويىچە 4 - يىلى قىشتا گېئولوگلارنى تەكلىپ قىلىپ، نەق مەيداندا ئىككى ئايدىن ئوشۇقراق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قۇدۇق قېزىش ئىشىغا تەييارلىق كۆرۈلدى. قۇدۇق قېزىش ئىشى چوڭ بولغاچقا ھۆكۈمەت مەخسۇس زاۋۇت قۇرۇشنى ھەمدە مۇتەخەسسىسلەرنى ئىنژېنېرلىققا تەكلىپ قىلىپ، ھەر جەھەتتىكى ئىشلارنى تېز پۈتتۈرمەكچى بولغانلىقىنى گېزىتىمىز خەۋەر قىلغانىدى. ئۇقۇشىمىزچە مەزكۇر زاۋۇت قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىشنى باشلاپ، ئاۋۋال كىچىكرەك بولغان، 18 ئات كۈچىگە ئىگە بولغان چېرنوبىلاگلىس UB تىپلىق ماي ماشىنىسىدىن بىرنى، ناسوستىن بىرنى، تىپلىق بۇرغىلاش ستانوكىدىن بىرنى ئورنىتىپ، بۇرغىلاش ستانوكىنى تىكلىگەن، تاغ يولىنى ئېچىپ ھەممە ئىشلارنى ئاساسەن پۈتتۈرگەن. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇدۇق قېزىشنى باشلاپ، ھازىرغىچە 100 مېتىر قازغان، مايلىق قۇملار كۆرۈنگەن، دولتا زىيادە كىچىك بولغاچقا، چوڭقۇرلاپ قېزىش تەس بولغان. ھازىر چوڭراق دولتا ئالماشتۇرۇپ ئىشنى قايتىدىن باشلىماقچى ھەمدە چوڭراق ماشىنىلارنى ئورنىتىپ، باشقا كۆز ئاچماقچى. تەكشۈرۈشىمىزچە بۇ زاۋۇتنىڭ ئەسلى ئىككى ئۆيى بولۇپ، ئىشچىلار پەيدىنپەي كۆپەيگەنلىكتىن يېتىشمەي قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ياللاپ ياغاچ، كېسەك، ئوت - چۆپ، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاشقا ئالدىراش كىرىشىپ كېتىپتۇ، ئىشچىلارغا كەلسەك، جەمئىي 90 نەچچىسى بولۇپ، مەزكۇر ئۆلكىدىكى 14 مىللەتتىن بولغانلار يېرىمىدىن ئېشىپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە،



شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغانلار بار ئىكەن، ئۆلكە شەھىرىدىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىكەن، ئۇلار بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەۋېتىپتۇ، زاۋۇت دائىرىلىرىدىن ئۇقۇشىمىزچە ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، خىزمەتلەرگە نازارەت قىلىپ، ئۈچ يىللىق پىلاننى ئورۇنلاشتا ئاۋانگارت بولماقچىكەن. بۇ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ يۈزدە يۈز غەلىبە قىلغانلىقىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«شىنجاڭ گېزىتى» 1936 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 4 - بېتىدىن.

شەھىرىمىز خەۋىرى: يەنسخەي نېفىت كېنىدىكى زاۋۇتتا مايتاغ، چىڭسىخوزا، يۈەنشىنگۈك قاتارلىقلارنىڭ مېيىنى چەككىلەپ ئايرىش ئۈچۈن، يەنسخەيدە زاۋۇت قۇرۇلغانىدى، ئورنى ئانچە مۇۋاپىق بولماي قالدى، مايتاغدىكى بۇرغىلاپ چارلاش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى، چىڭسىخوزا، يۈەنشىنگۈك قاتارلىق جايلاردىكى نېفىتلىكنى ئېچىش توختىتىلدى. يەنسخەي مايتاغقا 130 نەچچە يول كېلىدۇ. زاۋۇت ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ قولايسىز بولغاچقا ھۆكۈمەت نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى مايتاغقا يۆتكەپ، نېفىت تەكشۈرۈش زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتكە ئوڭايلىق يارىتىشنى قارار قىلدى. بۇ زاۋۇت 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن باشلاپ كۆچۈرۈلۈشكە باشلىغان، ھازىر نېفىت ئايرىش قازىنى، سۇ تۇرۇبىسى ۋە باشقا ماشىنىلار كۆچۈرۈلۈپ بولدى، قالغان ئۆي جاھازىلىرى، ئوتۇن - ياغاچقا ئوخشاش نەرسىلەر داۋاملىق كۆچۈرۈلۈۋاتىدۇ. نېفىت ئايرىش ئىشىغا كىرىشىش ئۈچۈن مايتاغدا زاۋۇت قۇرۇلۇپ،

سۇ قۇدۇقلىرى قېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن مايتاغدىكى نېفىت زاۋۇتىدا قۇدۇق قېزىپ نېفىت تەكشۈرگەندىن باشقا، نېفىت ئايرىش خىزمىتى قوشۇلۇپ كەسىپ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» 1936 - يىل 11 - ئاينىڭ
6 - كۈندىكى سانىدىن

شىخو مايتاغ خەۋىرى: مايتاغ نېفىت زاۋۇتىدا ئىش باشلانغاندىن كېيىن، ئىشلار ئاكتىپ ئىشلەنمەكتە، هازىر 120 دىن ئارتۇق ئىشچى، ئون نەچچە خىزمەتچى بولۇپ، جەمئىي 130 دىن ئوشۇق خادىم بار. ئادەم ئايغى ناھايىتى ئاز تېگىدىغان بۇنداق قاقاس تاغقا 200 دىن ئوشۇق ئادەم يىغىلىشى بىلەن كەيپىيات باشقىچە قىزغىن بولۇپ كەتتى. بۇرغىلاپ - چارلاش خىزمىتى ئىشلەۋاتقان 1 - قۇدۇقنىڭ ئىشى قايتا ئىشلەندى. كالون چۈشۈرۈلدى، پەسكە چۆكتۈرۈلۈپ قېزىلىۋاتىدۇ، نېفىت سۈپىتى، ئالامەتلەر خېلى ياخشى. هازىر ئوخشاش بىر چوققىدا بىرىنچى قۇدۇقنىڭ غەربىدە 2 - قۇدۇق كۆزى قېزىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا چوڭراق بۇرغىلاش ستانوكى ئورنىتىلىپ، گېئولوگىيىلىك ئەھۋاللارنى تەكشۈرگەندە ئەھۋال 1 - قۇدۇقتىن ياخشىراق بولدى. شۇڭا يەنسەخەيدىكى ئايرىش قازىنى بىلەن سۇ تۇرۇبىسىنى يۆتكەپ ئەكىلىپ قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، زاۋۇت قۇرۇپ، نېفىت چىققان هامانلا ئايرىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى، ھەمدە نېفىت ئايرىش بىناسىنىڭ يېنىغا قۇدۇق قازماقچى، چۈنكى نېفىت ئايرىشتا كېتىدىغان سۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تاغدا بۇرۇندىن سۇ قىس، هازىر ئىچىدىغان سۇمۇ ئۆستەڭدىن ئېلىنىدىغان بولغاچقا ئىش ناھايىتى تەسكە



چۈشىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىغا كەلسەك، ئىشخانا بىلەن ئىشچىلار ياتىقىنىڭ قۇرۇلۇشى چوڭراق بولغاچقا ئىش كۆتۈرە بېرىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندىن باشقا ئاشخانا، ماتېرىيال ئىسكىلاتى، ياغاچچىخانا، تۆمۈرچىخانا، ماي ئىسكىلاتى، ئاپتوموبىل لاپاسى، ئات قورۇسى، مۇنچا قاتارلىقلار ماتېرىيال تېجەش ئۈچۈن تاغقا يۆلەپلا سېلىنغان. مۇنداق ئۆي - ئىمارەت جەمئىي 40 تىن ئاشىدۇ. هازىر بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تەگىدىن تولىسى پۈتتى، ئەگەر هاۋادا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىسا، بىر ئايدا تولۇق پۈتۈپ بولىدۇ. ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن تەن - سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش، كېسەللەرنى داۋالاپ، ئىشچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش ھەمدە شىخودىن كېسەل داۋالاتقىلى كەلگەنلەرنى داۋالاش ئۈچۈن بىر دوختۇرخانا قۇرۇلغان. ئېلېكتر چىراغ ئورنىتىش ئۈچۈن، ماي قالاپ توك چىقىرىدىغان گېنېراتوردىن بىرسى ئورنىتىلغان. ئولتۇراق ئۆيلەر پۈتمىگەنلىكى ئۈچۈن خادىملار ھەممىسى چېدىردا يېتىپ قوپىدۇ، بۇنداق چېدىردىن 20 نەچچىسى بار، توك يورۇقى ئاق رەختكە چۈشۈپ يىراقتىن قارىغاندا ئاجايىپ كۆرۈنىدۇ. بۇ زاۋۇتنىڭ ئۆزىنىڭ 6، 7 ئاپتوموبىلى بولۇپ، يېتىشمىگەچكە ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن بىر مۇنچە ئاپتوموبىل ئىجارە ئالغان، ئاپتوموبىللارنىڭ پائالىيىتى ئون نەچچە قېتىمدىن كەم بولمايدۇ، ئۇلار بېرىش-كېلىشىدە سۇ ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى توشۇيدۇ. مۇشتەرىلەرنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مەزكۇر زاۋۇتنىڭ يېقىنقى خىزمەت ئەھۋالىنى خەۋەرلەرگە قاراپ گېزىتكە چىقىرىمىز.

«شىنجاڭ گېزىتى» 1936 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈندىكى سانىنىڭ ئىككىنچى بېتىدىن

ئۆلكە مەھكىمىسى خەۋىرى: شىخو ناھىيىسىگە قاراشلىق مايتاغنىڭ نېفىتىنى تەكشۈرگۈچى زاۋۇت باشلىقى بېيەن شيەچىڭنىڭ تېلېگرام خەۋىرىگە قارىغاندا، مەزكۇر زاۋۇت يېڭىدىن قازغان بىرىنچى نېفىت قۇدۇقىدا كېچە - كۈندۈزلەپ جىددىي تۇتۇش قىلىش ئارقىلىق 14 - كۈنى كېچىدە نېفىت چىققان، نېفىت قۇدۇق ئاغزىدىن نەچچە چى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئېتىلىپ چىققان. مەزكۇر زاۋۇتنىڭ مېخانىكى ئۆلكىگە كېلىپ ھەممىنى دوكلات قىلدى، ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇنداق قۇدۇقلارنى كۆپلەپ قازماقچى.

«شىنجاڭ گېزىتى» 1937 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى سانىنىڭ 1 - بېتىدىن

ئەسلىدە يەنسىخەيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئۆلكە شەھىرىدىكى ھۈنەر - سەنئەت زاۋۇتىنىڭ ئىچىدە ئىدى. لېكىن نېفىت چىقىدىغان رايون چىڭسىخوزا، يۈەنشىگۈڭ، مايتاغ قاتارلىق جايلار بولۇپ ئارىلىق يىراق، پۇل چىقىم كېتىپ، ۋاقىت زايا بولۇپ كەتكەچكە توختاپ قالغان. 1923 - يىلى 7 - ئايدا قايتا ئېچىپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى يەنسىخەيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، نېفىت چىقىدىغان مايتاغنى مەركىزىي رايون قىلدى. 24 - يىلى 8 - ئايدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مايتاغنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. 1925 - يىلى 8 - ئايدا مايتاغ نېفىت زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، خىزمەتكە قولايلىق يارىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى



ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنسىخەي مايتاغ نېفىت زاۋۇتىغا قاراشلىق قىلىندى.

مايتاغ نېفىت زاۋۇتى 1925 - يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇرغىلاپ چارلاش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىپ تاغنىڭ ئاستى - ئۈستىدە بىرقانچە قۇدۇق قېزىۋىدى. نېفىت ناھايىتى ئوبدان چىقىپ، مەھسۇلاتى تەدرىجىي ئاشتى. نېفىت ئايرىش جەھەتتە، كىچىك كۆلەمدىكى نېفىت ئايرىيدىغان بىنادىن بىرنى سېلىپ، ئىچىگە نېفىت ئايرىيدىغان تۆت قازان ئورنىتىپ ئاپتوموبىلغا ۋە چىراغ يېقىشقا بولىدىغان مايلاردىن كۆپلەپ ئايرىپ چىقتى. 1931 - يىلى كۆزدە ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ ۋىنخاۋ كانغا كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرۇشنى مەركەز ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. 1931 - يىلى قىشتا پېقىر بۇ يەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

چېن جى دىڭ «شىنجاڭغا نەزەر» (جيەنجۇڭ نەشرىياتى، 1943 - يىلى)

كانچىلىق جەھەتتە: مايتاغ نېفىت زاۋۇتى 1936 - يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ بەش قۇدۇق قازغان، نېفىت ئايرىش قازىنىدىن تۆتنى ئورۇنلاشتۇرغان، نېفىتنى دەسلەپتە قازغاندا مەھسۇلاتى يۇقىرى بولمىسىمۇ، كۆلەم شەكىللەنگەن.

جۇدۇڭجياۋ: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى»

ئىلاۋە: جۇدۇڭجياۋنىڭ ئەسلى ئىسمى جۇچۇنخۇي بولۇپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىگەن. ئاخىر بولۇپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەھرىرى، ئالتاي گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان، كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قاماپ قويۇلغان، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك جىڭگۇۋچۇ (مۇھاپىزەت ئىشلىرى باشقارمىسى) دا ئىشلىگەن. «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى» 1947 — 1948 - يىللىرى يېزىلغان.

شىنجاڭنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا، ئالايلۇق، مايتاغ نېفىت كېنى، ئالتاي ئالتۇن كېنى، پۈتۈن ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە سوۋېتلىق مۇتەخەسسىسلەر ۋە مەسلىھەتچىلەر تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىلدى.

جۇدۇڭجياۋ: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى»

مايتاغ نېفىت كېنىدا سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماشىنا بىلەن قۇدۇق قېزىش ۋە نېفىت چەككىلەش ئىشلىرى ئىشلەندى. بۇنىڭغا كېرەكلىك ماشىنا، ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت تەرەپ تەمىنلىدى، نېفىت گېلىنى ئۆزلەشتۈرۈش پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشتى دېيىشكە بولىدۇ.

جودۇڭجياۋ «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى»

ئىلاۋە: مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ئىسمى كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلدى:



يەنسىخەي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، 1934 - يىلى ئېچىلغان، (ئۇسكۈنىلىرى ئۈرۈمچىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن) 1936 - يىلى 10 - ئايدا مايتاغ نېفىت تەكشۈرۈش زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

بايتاغ نېفىت تەكشۈرۈش گۇرۇھى 1936 - يىلى 4 - ئايدا قۇرۇلغان. مايتاغ نېفىت تەكشۈرۈش زاۋۇتى، 1936 - يىلى 8 - ئايدا نامى ئۆزگەرتىلگەن، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 1937 - يىلى ئىسمى ئۆزگەرتىلگەن. بۇلارنىڭ ئالدى-كەينىدە يەنە نېفىت زاۋۇتى، كان زاۋۇتى، نېفىت كېنى ۋاھاكازا دەپمۇ ئاتالغان.

نېفىت بىلەن نامى چىققان مايتاغدا بىرقانچە جايدا مايبۇلاق بار، بۇ مايبۇلاقلار تاغنىڭ شىمالىدىكى جىلغىدا (ھازىر شىگۇ دېيىلىدۇ) بولۇپ، چىقىدىغان مايىنىڭ ئاز قىسمى قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە بولغاندىن باشقا، يەنە بۇلاق سۈيى ۋە كۆمۈر گازى بار، سۇ توپلىنىپ كۆلچەك بولۇپ قالغان، كۆمۈر گازىمۇ كۆلچەكتىن كۆتۈرۈلىدۇ، گاز پۇۋەكچىلىرى مەرۋايىتتەك ئۈزۈلمەي كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. مىنگونىڭ 24 - يىلى (ئىلاۋە: 1935 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مايتاغ نېفىت كېنىنى ئېچىشنى، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇشنى، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى قۇدۇق قېزىش ۋە نېفىت ئايرىش ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىشنى پىلانلىغان؛ 30 - يىلى (ئىلاۋە: 1941 - يىلى) دىن باشلاپ نېفىت كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بىراقلا شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى يېڭى سانائەت بولۇپ بارلىققا كەلگەن.

خۇاڭ جىچىاڭ: «شىنجاڭ شىخو ناھىيىسىنىڭ مايتاغدىكى نېفىت ۋە كۆمۈر گازى ياتمىلىرى ھەققىدە چۈشەنچە» (1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مايلىق باسمىسى)

تەڭرىتاغدىن 200 كىلومېتىردەك كېلىدىغان جايدا 100 مېتىردىن ئارتۇقراق ئېگىزلىكتىكى تاغ تىزمىسى چۆل - جەزىردە چوقچىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ يەرنىڭ ئىسمى مايتاغ، يەنە تاقىرتاغ دەپمۇ ئاتالغان. تەڭرىتاغنىڭ ئىككى، ئۈچ مىڭ مېتىر كېلىدىغان جايلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قارىغايلىق بولسىمۇ بۇ يەردىكى تاغدا گىياھ ئۈنمەيدىغانلىقتىن تاقىرتاغ دەپ نام ئالغان. بۇرۇن بۇ يەردىكى پۇقرالار تاغنىڭ ئېتىكىدىن ماي چىقىدىغانلىقىنى بايقاپ، بۇ ماينى ئاپىرىپ چىراغ ياققان. باشقا يېزىلىقلار ماي چىقىدىغان يەرگە ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. يەنە شىخو، يەنسىخەي ئارىلىقىدىكى ساۋەن ناھىيىسىدىن يەر مومىسى بايقالغان، بۇنداق موم ماي ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن قېپقالغان قالدۇق مايدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ھازىر بۇ تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە ئۈچ، بەش جايدا ماي كۆرۈنمىسى بار. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پەرمەتدارىنىڭ بۇ يەرنى ئېچىش نىيىتى بولغان بولسىمۇ ئاچمىغان. مىنگونىڭ 24 - يىلى (ئىلاۋە: 1935 - يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى مۇتەخەسسىسى شىڭ دوبەن (شىڭ شىسەينى دېمەكچى — ت) نىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، بۇرغىلاپ چارلاش ئېلىپ بارغان، كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولغان، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيىسىدە



قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن سەرمايە سېلىشقا تەۋەككۇلچىلىك قىلمىغان. توشۇپ كېلىنگەن ماشىنا - زاپچاس، پولات تۇرۇبا، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ (28 - يىلى پۈتكەن) ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ چىقىم قىلىپ تۇرغان، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن ئەۋەتىلگەن بىرلا زاۋۇت باشلىقى مەمۇرىي ئىشلار خىزمەتچىلىرىدىن بىر قانچە ئوننى باشلاپ بېرىپ، خوجىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن تەمىنلىنىدىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ پۇلىنى شىنجاڭ ئۆلكىسى تۆلىگەن. بۇ شۇنىڭ بىلەن ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، 1931 - يىلى ئەتىيازدا ماي خېلى ئۇبدان چىقىپ، تەشكىل كېڭەيگەن بولسىمۇ چارىلەر بۇرۇنقى پېتى بولۇۋەرگەن.

گوڭ شۆسۈي: «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كېنىنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن دوكلات» (1942 - يىلى 7 - ئاي. مايلىق باسما)

ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل بىرەر ئىككى ئايدا مەزكۇر كانغا كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېتىدۇ، كۈندىلىك ئىشلاردىن باش ئىنژېنېر ھەل قىلالماي قالغانلىرىنى تېلېگرام ئارقىلىق باش كونسۇلدىن يوليورۇق سورايدۇ، بۇ باش ئىنژېنېر ئىشلارنى تېخنىك بۆلۈم ئارقىلىق بېجىرىدۇ.

گوڭ شۆسۈي: «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كېنىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشتىن دوكلات» (1942 - يىل 7 - ئاي مايلىق باسما)

شىخو نېفىت كېنى مىنگونىڭ 34 يىل (ئىلاۋە: 1935-

يىلى) لىرى رەسمىي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە ئېچىلغان، كۆلىمى خېلى چوڭ بولۇپ، ئۈسكۈنىلىرى پۈتۈنلەي ماشىنىلاشقان، ئەڭ ئىلغار پەن-تېخنىكا بىلەن ئېچىلغان. ئۆتكەندە سوۋېتلىق كان تەكشۈرگۈچى ئىنژېنېرلار ۋە گېئولوگ، خىمىيە مۇتەخەسسىسلىرى ھەممىدە باشقا تارماقلاردىن سەپلەنگەن تېخنىك خادىملار جەمئىي يۈزدىن ئاشىدۇ، ئىشچىلىرىنىڭ سانى ئۈچ مىڭغا يېتىدۇ. بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىرقانچە قېتىم خېلى زور سەرمايە سالغان، بىراق كېرەكلىك پولات-تۆمۈر، ماشىنىلار، تېخنىك، ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى يۈك ئاپتوموبىل بىلەن توشۇپ ئەكىلىدۇ.

ئۈفېن: «شىنجاڭ كانچىلىقىنىڭ ئەھۋالى»
(شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ
زاۋۇت-كان بۆلۈمى. 1946-يىل قولىيازما)

1935-يىلى شېڭ شىسەي مېنى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى 5 مىليون روبلى قەرز بېرىش توغرىسىدىكى توختامغا ئىمزا قويۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىر مىليونى تاشيول ياساشقا، قالغانلىرى قورال-ياراق سېتىۋېلىشقا، زاۋۇت قۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىپ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇش، مەكتەپ، دوختۇرخانا سېلىشقا ياردەملەشتى، شۇ چاغدىلا شىنجاڭدا ئاندىن ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت جەھەتلەردە بەزى قۇرۇلۇشلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

بۇرھان شەھىدى: «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا» (تار-



خىي ماتېرىياللاردىن تاللانما» 79-قىسىم، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1982-يىلى 3-ئاي).

شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈندىن-كۈنگە قويۇقلىشىپ باردى. شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىش جەھەتتە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، كان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، چارلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. پەقەت 1935-يىلدىن باشلاپ، ئىلى، چۆچەك، ئالتايغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 86 ئادەم كەلدى. مايتاغدىكى نېفىت زاۋۇتىنىڭ ماشىنىلىرىنى، تېخنىكا خادىملىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى يەتكۈزۈپ بەردى.

بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (تارىخىي
ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1984-يىل 2-ئاي)

مايتاغدىكى نېفىت ئالامەتلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىلا بايقالغان، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن قۇدۇق قېزىپ نېفىت ئالغان، زاۋۇت قۇرۇپ چەككىلىگەن بولسىمۇ، مەھسۇلاتى ئىنتايىن ئاز بولغان، بۇنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلاشقان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى قۇرۇلۇشقا باشچىلىق قىلغان، نېفىت قېزىش، ئايرىشقا كېرەكلىك تېخنىك ماتېرىياللارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كىرگۈزۈپ بەرگەن.

يەنشۇاڭ: «جۇڭگونىڭ نېفىت كانلىرىدىن خاتىرە»
(ئازادلىقتىن بۇرۇن ماشىنكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا)

1935 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، ئىشچىلىرى يەنىسخەي ۋە مايتاغقا كېلىپ، چارلاش ئېلىپ باردى. 1936 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن رەسمىي مايتاغ نېفىت كېنىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىل قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئىنژېنېر، مۇتەخەسسىس ئەۋەتىپ بۇرغىلاپ چارلاش ۋە يەر شەكلىنى ئۆلچەش، گېئولوگىيە قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. 1937 - يىلى 7 - ئايدا ئۆلكە تەرەپ زاپىسى مول بولغانلىقتىن مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇرۇشنى تەشكىللىدى. 1938 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن چارە تۈزۈشۈپ، ماشىنا - زاپچاسلارنى سوۋېتتىن كىرگۈزدى....

«جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»
(1949 - يىلى ماشىنكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا).

ئىلاۋە: مايتاغ نېفىت كېنى ئېچىلغان مەزگىلدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە يېزىلغان ماتېرىياللار بىردەك ئەمەس. شۇنداقلا ئانچە ئېنىق ئەمەس. مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى نەشر قىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقى» دېگەن كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە: «مايتاغ نېفىت كېنى مىڭگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) تىجارەت باشلىغان ھەمدە ھېچقانداق شەرتنامە ياكى توختام بولمىغان. پەقەت سوۋېت تەرەپ شىڭ شىسەي بىلەن ئېچىشنى ئاغزاكى



يوسۇندا مەسلىھەتلەشكەن. ئۇلار خۇددى ئۆز دۆلىتىدەك ئىش قىلىۋەرگەن.»

يەنە 1942 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان «سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشىمى» لايىھىسىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆز كۈچى بىلەن، شىنجاڭنىڭ مايتاغ رايونىدا نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان كان ھەمدە مۆلچەر بويىچە يىلىغا 50 مىڭ توننا خام نېفىتنى چەككىلىيەلەيدىغان بىر زاۋۇتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نېفىت كومبىناتىنى قۇرۇپ، كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپتىن تەشكىل قىلىنغان مايتاغ نېفىت كومبىناتى ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالايدۇ...» دېيىلگەن. يەنە، 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋەكىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىلىگە ئوتتۇرىغا قويغان «سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كېنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى» (لايىھە) نىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مەزكۇر كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە بىنائەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مايتاغ رايونىدا قۇرغان نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ھەر يىلى 50 مىڭ توننا خام نېفىتنى چەككىلىيەلەيدىغان زاۋۇتنى كېلىشىم تۈزۈشكە ئىككى تەرەپتىن تەشكىل قىلىنغان «مايتاغ جۇڭگو - سوۋېت نېفىت ئىشلەپچى-

قىرىش - چەككىلەش بىرلەشمە شىركىتى» گە ئۆتكۈزۈپ بېرى-
دۇ...» دېيىلگەن. ئۈچىنچى ماددىسىدا: «جۇڭگو - سوۋېت ئىككى
تەرەپ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش چەككىلەش زاۋۇتى توغرىسىدى-
كى مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالانغان ۋاقىتتىن بۇرۇن سەرپ
قىلىنغان خىراجەتلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئە-
گەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەجلىگەن قىسمى جۇڭگو
ھۆكۈمىتى تۆلەشكە تېگىشلىك قىسمىغا يېتىشمىسە، جۇڭگو
ھۆكۈمىتى مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالانغان ۋاقىتتىن باشلاپ،
ئىككى يىل ئىچىدە تۆلەپ بولۇشى كېرەك» دېيىلگەن. ئىك-
كى تەرەپنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى پەن يۈشىن:
«مەزكۇر نېفىت كېنىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جابدۇق-
لاندۇرۇپ بولدى ھەمدە تىجارەتكە كىرىشتى»، «مەزكۇر كان
1939 - يىلدىن باشلاپ تىجارەت باشلىغان... مەزكۇر كان
تىجارەتكە كىرىشىشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن ئاغراكى
كېلىشىم ھاسىل قىلغان دېدى...» دېيىلگەن.

### 2. مايتاغ نېفىت كانىنىڭ 1942 - يىلنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى

دۆلەت تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىلەردىن 40 ~ 50 كىشى،
سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئىنژېنېردىن تۆۋەن دەرىجىلىك
خىزمەتچىلىرىدىن 140 - 150 كىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلە تە-
ۋەلىرىدىن بولۇپ 160 - 170 كىشى بار. كاندا ئىشچى بۇرا-



دەرلەردىن مىڭدىن ئوشۇق بولۇپ، خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار
ھەممىدىن كۆپ.
ھازىر 17 ئېغىز قۇدۇق قېزىلدى، 20-، 31-، 42 - نومۇرلۇق
قۇدۇقتىن كۈنىگە جەمئىي 10 توننىدىن 30 نەچچە تونني-
غىچە نېفىت چىقىدۇ، 20 - نومۇرلۇق قۇدۇق ئاساسلىق
قۇدۇق بولۇپ، كاچالكا ئىشلىتىلمەيدۇ، نېفىت ئۆزلۈكىدىن
ئېقىپ چىقىدۇ، ھەربىر قۇدۇقنىڭ ئارىلىقى 150 مېتر قى-
لىپ بەلگىلەنگەن، ئارىلىقىنى تاغلار تۇسۇۋالغانلىقتىن،
ئارىلىقى، 120 - 130 مېتر كېلىدىغانلىرىمۇ بار. قېزىلغان
قۇدۇقلارنىڭ نومۇرى رەت تەرتىپى بويىچە قويۇلغان ئەمەس،
بۇنى گېئولوگلار ئەھۋالغا قاراپ بېكىتكەن. ھەر كۈنى
كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ، كۆپ بولغاندا 10، 20 مېتر،
ئاز بولغاندا 2، 3 مېتر قازىدۇ، بۇ يەر قاتلىمىنىڭ خاراك-
تېرىگە قاراپ بولىدۇ. ھازىر بەش دانە بۇرغا ستانوكى
بولۇپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ پار كۈچى، تەخمىنەن 300 ئات
كۈچىگە تەڭ. كاندىن ئېلىنغان تەبىئىي گازنى پولات
تۇرۇبا ئارقىلىق پار قازىنىغا ئەۋەتىپ، يېقىلغۇ قىلىدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا 85 كىلوۋاتلىق گېنېراتورمۇ پارنى ھەرى-
كەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىدۇ. نېفىت ئايرىش ئوچىقىنىڭ
يېقىلغۇسىغىمۇ تەبىئىي گاز ئىشلىتىلىدۇ.
بۇ كاننى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى خېلى ئېغىر
مەسىلە. بۇرۇن ھارۋا بىلەن توشۇلغان بولسىمۇ زور ئىستې-
مالغا يېتىشمەيتتى. ھازىر كۆيتۈڭ دەرياسىغا دىئامېترى 6
سۈڭلۈك سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلىپ، كانغا 10 كىلومېتر كې-
لىدىغان يەردىن سۇ پومپىسى بىلەن ئۈزۈلمەي كەلتۈرۈلىدۇ!

.................................

مەزكۇر كان گېئولوگىيە جەھەتتىن مۇرەككەپ بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كۆزىتىشىچە، ئىستىقبالدىن ئۈمىد باركەن. بارلىق خىزمەتلەر ئاكتىپ ئىشلىنىۋاتىدۇ... هازىر نېفىت ئايرىش ئۈسكۈنىسى بىلەن كۈنىگە 150 توننىدىن جىق نېفىت ئايرىيالايدۇ. ئۇنىڭ نىسبىتى مۇنداق:

بېنزىن 19%، كىرسىن 23%

قالغانلىرى قارامای بولۇپ، پار قازىنىغا يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

نېفىت ئايرىش ماشىنىسى تۈرۈبىسمان هورلاندۇرۇش ماشىنىسى بولۇپ، پارچىلاش شەكلىدە ئەمەس. ئەتراپتا ماي كۆلچىكى (بۇ يەردىكىلەر ماي بېكى دەيدىكەن) دىن بەشى بار، نېفىت، كىرسىن، بېنزىننىڭ ھەرقايسىسىدىن 1000 نەچچە گاللون ساقلىغىلى بولىدۇ. مەزكۇر كاندا ترانسپورت ئاپتوموبىلىدىن 30 نەچچىسى بولۇپ، ماتېريال توشۇپ ئەكىلىش ۋە مايلارنى سىرتقا توشۇپ ئەچقىشى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يىل 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئۆزى ئىشلەتكەنىنىڭ سىرتىدا جەمئىي 120 نەچچە مىڭ گاللون بېنزىن سېتىلغان. بارلىق بېنزىن دىبەن مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ بىرا تۇتاش باشقۇرۇشىغا بېرىلىدۇ. ھەر بىر گاللون ئۈچۈن ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلسە شىنجاڭ پۇلىغا ئالتە مو ئۈچ پۇڭ ئېلىنىدۇ، سودىغا ئىشلىتىلسە بىر يۈەن تۆت مو ئېلىنىدۇ. ئۈرۈمچىدە سودىغا ئىشلىتىلىدىغان بېنزىننىڭ سېتىلىش باھاسى ھەر بىر گاللونى ئىككى يۈەن. ھەممىۋا كىرسىن مالىيە نازارىتىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا تاپشۇ-



رۇلىدۇ، ئۇنىڭ باھاسىنىمۇ مالىيە نازارىتى ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىدۇ. مەزكۇر كانغا كېرەكلىك بولغان شىنجاڭ پۇلىغا كەلسەك، ئۇنى مالىيە نازارىتى ئاجرىتىپ بېرىدۇ.

گوڭشۈسوي: «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كېنىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» (1942 - يىلى 7 - ئاي، مايلىق باسمىسى)

## كان ئەھۋالىدىن تەرمىلەر

(1) كان ئورنى. ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي - شىمالىغا 251 كىلومېتر كېلىدىغان تاشيولنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە سەككىز كىلومېتر 700 مېتر كېلىدىغان مايتاغنىڭ جەنۇبىي تەگرىتاغدىن 100 نەچچە كىلومېتر يىراقلىقتا.

(2) تەرەققىيات. بۇنىڭدىن بۇرۇن يېزىدىكىلەر تاغ ئېتىكىدىكى تەبىئىي نېفىتنى ئېلىپ چىراغ ياققان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بۇ يەرنى ئېچىش مۇھاكىمە قىلىنغان، مىنگونىڭ 24 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككى كىشى شىنىڭ دوبەننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، كاننى چارلاشقا كىرىشكەن، 30 - يىلى كېڭەيتمەكچى بولغان.

(3) قۇدۇق قېزىش. ھازىر بۇرغىلاش ماشىنىسىدىن بەشى بار، تەخمىنەن 300 ئات كۈچىگە تەڭ بولۇپ، پار ئارقىلىق ماڭغۇزۇلىدۇ. 17 قۇدۇق قېزىلدى، چوڭقۇرلۇقى 700 — 1000 مېتىردىن كۆپرەك.

(4) نېفىت. ئۈچ قۇدۇقتىن نېفىت چىقتى، ھازىر كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون توننىچە نېفىت چىقى-

دۇ، رەڭگى يېشىل قوڭۇر رەڭدە، تەبىئىي گاز بىرلىكتە ئېتىلىپ چىقىدۇ.

(5) نېفىت ئايرىش. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بىر يۈرۈش نېفىت ئايرىش ئۈسكۈنىسى پۈتكەن بولۇپ، كۈنىگە 150 توننىدىن ئارتۇق نېفىت ئايرىيالايدۇ، ھازىر ئۇنىڭ 15 تىن بىرىنى ئايرىيالايدۇ. ئايرىغان ماينىڭ نىسبىتى تۆۋەندىكىچە: بېنزىن 19%، كىرسىن 23%، قالغىنى قارامايى بولۇپ، يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

(6) كان ھوقۇقى. كۆرۈنۈشتە سوۋېت ئىتتىپاقى مايتاغ نېفىت كانى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قاراشلىق دەپ قارايدۇ، بىراق بۇ كانغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مەبلەغ سالغان، بۇ ئارىلىقتا ئېنىق كېلىشىم يوق، ئەمەلىي ھوقۇق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ قولىدا.

(7) مايلارنى باشقۇرۇش. بېنزىن دوبەن مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلىدۇ، كىرسىن مالىيە نازارىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

(8) سەرمايە سېلىش ئۇسۇلى. ئالاھىدە خىراجەتلەر، ئالايلۇق، ماشىنا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىش ھەققى چىقىمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاجرىتىدۇ. شۇ يەردىن سېتىۋېلىنىدىغان نەرسىلەر ۋە جۇڭگو خادىملىرىنىڭ چىقىمىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيە نازارىتى چىقىم قىلىپ بېرىدۇ. ھەر تەرەپنىڭ چىقارغان پۇلىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، مۆلچەرلىنىشىچە تەخمىنەن، ئۈچ مىليون ئامېرىكا دوللىرى.

(9) بېنزىننىڭ مەھسۇلات مىقدارى. ھازىر ئۈچ تون-



نىلىق ھەربىي ترانسپورت ئاپتوموبىلىدىن 50 نىڭ نورمال يۈرۈشىنى قامدىيالىشى مۇمكىن، بۇنىدىن كېيىن پەيدىنپەي كۆپەيتىشنىڭ ئۈمىد بار.

(10) بېنزىن باھاسى. بېنزىن ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلسە ھەر بىر گاللوننىڭ باھاسى ئالتەمو بەش پۇڭ، سودىغا ئىشلىتىلىدىغىنىنىڭ باھاسى شىنجاڭ پۇلىغا بىر يۈەن تۆت مو.

گوك شۆسۈي: «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ
نېفىت كانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن دوكلات»
(1942 ـ يىلى 7 ـ ئاي. مايلىق باسمىسى)

ئىلاۋە: گوك شۆسۈينىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن دوكلات» جەمئىي بەش قىسىم: 1. يولغا چىقىشقا تەييارلىنىش. 2. يول ئۈستىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم. 3. نەق مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈش. 4. مەزكۇر كان ۋە غەربىي شىمالنىڭ قاتناش ترانسپورتى. 5. كان ئەھۋالىدىن تەرىملەر... كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كانغا كەلگەن ۋاقتى 1942 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانلاردىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋېڭ ۋېنخاۋ، يۈيمېن نېفىت كېنىنىڭ باش دىرېكتورى سۇن يۆچى قاتارلىقلار بار.

...... ۋېڭ ۋېنخاۋ ئۈرۈمچىدە قېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كېنىغا ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئىشىنى مەسلىھەتلەشكەندە شېڭ شىسەي قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېڭ ۋېنخاۋ مەن ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن مايتاغ نېفىت كېنىغا كەلدۇق. مەزكۇر كان ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىن 200 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى-

نىڭ كان باشلىقى قوشۇمچە باش ئىنژېنېرى ۋە بىر سوۋېت گېئولوگى بىزنى كۆتۈۋېلىپ جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. ھەممە بىزگە تۈرلۈك دىئاگراممىلارنى كۆرسىتىپ، نېفت كېنىنىڭ چارلىنىش، ئېچىلىش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى چۈشەندۈردى. مەن بۇ كاندا قۇدۇق قازىدىغان بۇرغىلاش ماشىنىسىدا يۇيىمىن نېفت كېنىدىكىدەك ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغان چىش چاقلىق دولتا ئىشلەتمەي، بىر قەدەر قالاق بولغان بىلىق قۇيرۇقسىمان دولتا ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆردۈم. نېفت كېنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىمۇ يۇيىمىن نېفت كېنىنىڭكىدەك ئەمەسكەن. ئۆز ۋاقتىدا بۇ نېفتلىك ئانچە ئۈمىدلىك ئەمەستەك، ئىستىقبالى يۇيىمىن نېفت كانىنىڭكىدەك ياخشى ئەمەستەك كۆرۈنگەچكە، ئۇلار بىزنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالغان ئارىلىقتا مەن: «ئىككى كان موسابىقىلىشايلى» دېدىم، كۆڭلۈمدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەنسىتمىگەندەك قىلدىم، شىنجاڭغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نېفت كېنىغا كېرەكلىك نېفتنىڭ ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش ئويۇمدىنمۇ ۋاز كەچكەن ئىدىم. لېكىن مايتاغ كېنىنىڭ نېفت ئايرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماي ساقلايدىغان باكلىرى يۇيىمىن نېفت كېنىنىڭكىدىن كۆپ ھەم ياخشى ئىكەن. بىز ئۇ يەرنى ئىككى كۈن ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق.

سۇن يۈچى: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىككى قېتىم شىنجاڭغا بېرىشتىن خاتىرىلەر» («تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانما» نىڭ 84 ـ قىسمى تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى 1982 ـ يىل 12 ـ ئاي.)



### 3. نېفت كېنىنىڭ تەشكىلى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى

تەشكىل ئىككى قىسىمغا ئايرىلاتتى، بىر قىسمى، باشقۇرىدىغان قىسمى بولۇپ، كۆپىنچىسىگە جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى خادىملار مەسئۇل ئىدى. يەنە بىر قىسمى تېخنىك قىسمى بولۇپ، كۆپىنچىسىگە سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خادىملار مەسئۇل ئىدى، سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىلەردىن جەمئىي 120 كىشى ...... جۇڭگو تەۋەلىكىدىكىلەردىن 54 كىشى...... ئىشچىلاردىن جەمئىي 776 كىشى بولۇپ، ھەممىسى جۇڭگو تەۋەلىكىدىكىلەردىن.

### 4. قۇدۇق مەيدانى

1. ئۈسكۈنىلەر: بۇرغا ستانوكىدىن چوڭ ـ كىچىك بولۇپ، جەمئىي 11 ى بار، ئىشلەتكىلى بولىدىغىنىدىن ئاران سەككىزى بار، چوڭقۇر بولغاندا 1800 مېتىر قازالايدۇ. 80 ئات كۈچىگە تەڭ پارقازاندىن 16 سى بار. 80 ئات كۈچىگە تەڭ دىزېل ماتوردىن تۆتى بار. ياغاچ ۋىشكىدىن ئىككىسى، تۆمۈر ۋىشكىدىن چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 12 سى بار. باشقا دولتا، كالون، سىغىزلىق ئېرىتمە ناسوسى، سىغىزلىق ئېرىتمە ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر خېلى تولۇق، قۇدۇق ئاغزىنى كونترول قىلىدىغان ئۈسكۈنىلەر ئانچە تولۇق ئەمەس، ھازىر ساقلىنىۋاتقان بۇرغىلاش ماتېرىياللىرى ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدا بىر مىليون 350 مىڭ دوللارغا باراۋەر كېلىدۇ. 12 ئېغىز قۇدۇق قازغىلى بولىدۇ.

2. قۇدۇقلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى؛ جەمئىي 33 قۇدۇق بولۇپ، جەمئىي چوڭقۇرلۇقى 15 مىڭ 838 مېتىر، نېفىت ئەڭ كۆپ چىقىدىغىنى 39 ـ قۇدۇق، قوشۇمچە جەدۋەل تۆۋەندىكىچە

| قۇدۇق نومۇرى | قۇدۇق ئېغىزىنىڭ ئېگىزلىكى (مېتىر) | ئىش باشلىغان ۋاقتى | | ئىش توختىغان ۋاقتى | | قۇدۇق چوڭقۇرلۇقى (مېتىر) | نېفىت قاتلىمى ئورنى (مېتىر) | هازىرقى كۈنلۈك مەهسۇلات (توننا) | ئىزاهات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | يىل | ئاي | يىل | ئاي | | | | |
| $C_2$ | 823.1 | 28 | ئەتىياز | 28 | ياز | 100+ | 100+ | | كېرەكسىز بولدى |
| 33 | 830.5 | 28 | ياز | 29 | ئەتىياز | 27+ | 270+ | | 〃 |
| 13 | 837.3 | 29 | كۈز | 30 | 〃 | 603 | 580 | 580 | 〃 |
| 18 | 852.5 | 29 | قىش | 31 | 10 | 1030 | 400 | | |
| 19 | 787 | 30 | ئەتىياز | 30 | كۈز | 320 | يوق | | |
| 30 | 858 | 30 | 6 | 30 | 12 | 588 | 540 | 0.3 | |
| 20 | 874.3 | 30 | 9 | 31 | 2 | 730 | 690 | 12.5 | |
| 42 | 886.5 | 31 | 2 | 31 | 5 | 749 | 730 | 705 | |
| 41 | 886 | 31 | 2 | 31 | 5 | 864 | 740 | ناھايىتى ئاز | |

| قۇدۇق نومۇرى | قۇدۇق ئېغىزىنىڭ ئېگىزلىكى | ئېشىش باشلىغان ۋاقتى: يىل | ئېشىش باشلىغان ۋاقتى: ئاي | ئېشىش توختىغان ۋاقتى: يىل | ئېشىش توختىغان ۋاقتى: ئاي | قۇدۇق چوڭقۇرلۇقى (مېتر) | نېفىت قاتلىمى ئورنى (مېتر) | ھازىرقى كۈنلۈك مەھسۇلاتى (توننا) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 37 | 865 | 31 | 3 | 31 | 6 | 611 | 600 | 5.5 | |
| 36 | 874 | 31 | 6 | 31 | 11 | 696 | 650 | 5.5 | |
| 44 | 874 | 31 | 7 | 31 | 9 | 735 | | | 735 مېتىردا گاز قاتلىمى بولغاچقا ۋاقتىنچە توختىتىلغان |
| 40 | 898 | 31 | 1 | 31 | 7 | 1017 | 900+ | | كېرەكسىز بولدى |
| 39 | 871.9 | 31 | 7 | 32 | 1 | 807 | 673 | 35 | 1932 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى نېفىت چىققان |
| 43 | 898 | 31 | 8 | | | 540 | | | قېزىلىۋاتىدۇ |
| 8 | 857.4 | 31 | 12 | | | | | | 〃 |



| قۇدۇق نومۇرى | قۇدۇق ئېغىزىنىڭ ئېگىزلىكى | ئېشىش باشلىغان ۋاقتى: يىل | ئېشىش باشلىغان ۋاقتى: ئاي | ئېشىش توختىغان ۋاقتى: يىل | ئېشىش توختىغان ۋاقتى: ئاي | قۇدۇق چوڭقۇرلۇقى (مېتر) | نېفىت قاتلىمى ئورنى (مېتر) | ھازىرقى كۈنلۈك مەھسۇلاتى (توننا) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 21 | 877.6 | 31 | 2 | 31 | 12 | 1453 | 320+ | بەك ئاز | |
| $B_3$ | 870 | 28 | | 32 | | 320 | 285 | گاز | پۈتۈنلەي گاز چىقىدۇ |
| 17 | 859 | 29 | 10 | 30 | 3 | 320 | 320 | گاز | 〃 |
| كىچىك قۇدۇق 14 ئېغىز | | 29 | ئەتىياز | 29 | قىش | 300~200 | 200 مېتر ئۆپچۆرىسىدە | 0.15 | 14 قۇدۇقنىڭ ھەممىسى كېرەكسىز بولىدىغان ۋاقتىغا يەتتى |

* قۇدۇق ئاغزىنىڭ ئېگىزلىك ئۆلچىمى جۇ زۇڭجۇن بەگ سىزغان مايتاغ كان رايونىنىڭ بىر خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن ئېگىزلىك نۇقتىسىغا ئاساسەن ھېسابلانغان.

3. نېفىت چىقىدىغان قۇدۇق سانى ۋە مەھسۇلاتى: 30 ـ، 20 ـ، 42 ـ، 41 ـ، 37 ـ، 36 ـ، 39 ـ قۇدۇق قاتارلىق يەتتە ئېغىز قۇدۇقتىن نېفىت چىقىدۇ، ھەر كۈنى 55 توننا نېفىت چىقىدۇ. ئەگەر يېڭىدىن ئۇن قۇدۇق كۆپەيتىلسە، 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى كۈنىگە چىقىدىغان مەھسۇلات 150 تونىنغا يېتىدۇ.

## 5. نېفىت ساقلاش ۋە ئاققۇزۇش

قۇدۇق مەيدانىدا نېفىت ساقلايدىغان باكتىن ئىككىسى بار. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىن ئىككىسى بولۇپ، جەمئىي تۆت باك بار. 1400 توننا نېفىت ساقلىغىلى بولىدۇ. ئالتە سۇڭلۇق نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىسىدىن 2500 مېتىر بولۇپ، ھەر كۈنى 6000 توننا نېفىت ئاققۇزغىلى بولىدۇ.

## 6. نېفىت ئايرىش زاۋۇتى

1. ئۈسكۈنىلەر ۋە ئىقتىدارى: نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا يېڭى ـ كونا پېچتىن بىردىن بار.

يېڭى زاۋۇت — ئۈسكۈنىسى مۇكەممەل بولۇپ، قۇدۇق رايونىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، ئەڭ يېقىن نېفىت



قۇدۇققىچە بىر كىلومېتىردەك كېلىدۇ، يېڭى تىپتىكى پولات تۇرۇبىلىق ھورلاندۇرۇش قازىنىدىن بىرسى بولۇپ، تۈرلۈك قۇرۇلمىلار ھەممىسى ئاپتوماتىك باشقۇرۇلىدۇ، نېفىت چەككىلەشكە كېتىدىغان ئادەم كۈچى ناھايىتى ئاز، نېفىت ساقلاش، توشۇش ئورۇنلاشتۇرۇش خېلى مۇۋاپىق، ھەر 24 سائەتتە كۆپ بولغاندا 55 مىڭ گاللون نېفىت ئايرىيالايدۇ، 20 مىڭ گاللوندەك بېنزىن، 10 مىڭ گاللوندەك كىرسىن ئىشلەپچىقىرالايدۇ، قالغىنى يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

كونا زاۋۇت — تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە، 5 ـ قۇدۇققا يېقىن، ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر ئاددىي، جابدۇقلىرى كونا ئۈزۈلدۈرۈپ ھورلاندۇرىدىغان قازاندىن بىرسى بولۇپ، ھەر كۈنى 1800 گاللون نېفىت ئايرىيالايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى گۇرۇپپا يېڭى ـ كونا نېفىت قازىنى ھەر كۈنى 150 توننىدىن 240 تونىنىغىچە نېفىت ئايرىيالايدۇ. كۈنىگە 21 توننا بېنزىن، 11 توننا كىرسىن ۋە يېقىلغۇ مايدىن 23 توننا ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

2. مەھسۇلات سۈپىتى: نېفىت ـ ئارىلاش ئاساسلىق بولۇپ، قارا رەڭلىك، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.8128 دىن 0.8377 گىچە، بېنزىن تەركىبى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40% 38، كىرسىن 20%، يېقىلغۇ ماي 42%، بېنزىن ـ رەڭسىز، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.7685 دىن 0.7715 گىچە.

## 7. باشقا ئۈسكۈنىلەر

1. لابوراتورىيە: لابوراتورلۇق خىزمىتى تەتقىقات، خىمىيىلىك ئانالىز، ئېلېكترلىك تەكشۈرۈش، قۇدۇق ئاس-

تىدا ئۇرۇق ئېتىش قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇسكۇنىلىرى خېلى تولۇق.

2. ماشىنىسازلىق زاۋۇتى: ئۇسكۇنىلىرى مۇكەممەل، ئىنچىكە زاپچاسلىرى زىيادە مۇرەككەپ بولغاندىن باشقا بارلىق سەپلىمىلەرنى ياساش ۋە ماشىنىسازلىق رېمونت خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ماسلىشالايدۇ.

3. سۇ پونكىتى: كۆيتۈك دەرياسىنىڭ يېنىدا كان رايونىنىڭ غەربىگە 7 ـ 8 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە سۇ پونكىتى بار. ئات كۈچى 65 بولغان دىزېل ماتوردىن بىرى بولۇپ، كۈنىگە 600 توننىدەك سۇ چىقىرالايدۇ.

4. ئېلېكتىر ئىستانسىسى $84K_w$ ۋە $27.5K_w$ لىق ئۆزگىرىشچان ئېلېكتىرلىك گېنېراتورنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىرى بار، بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توشۇپ كېلىنگەن $150K_w$ لىق گېنېراتوردىن بىرسى بولۇپ، تېخى جابدۇقلانمىغان.

5. ترانسپورت ۋە ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى: ئاساسلىق ترانسپورت لىنىيىسى ئۈرۈمچى ـ تارباغاتاي لىنىيىسى بولۇپ، ئاخىرقى نۇقتىسى قومۇشلۇقتا، كانغا 386 كىلومېتىر كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىغا تۇتىشىدۇ. ئاساسلىق ترانسپورت قورالىدىن چوڭ ـ كىچىك بولۇپ، ھەر خىل ئاپتوموبىلدىن 30 نەچچىسى بار، يەككە لىنىيىگە 4 كۈندە يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قوشۇمچە ترانسپورت ئىقتىدارى سۈپىتىدە تۆت هارۋا بار، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدىن بىرسى بار.

## (8) ماتېرىيال ۋە مەھسۇلات

1. بۇنىڭدىن بۇرۇن (1925 ـ يىلدىن 1931 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە) جەمئىي 9650 توننا تېخنىكا ماتېرىيال تو-



شۇپ كىرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە ماشىنا زاپچاسلىرى كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ.

2. مەھسۇلاتلارنى قاچىلاش ـ ساقلاش: ھازىر بېنزىن باكىدىن بەشى، كىرسىن باكىدىن تۆتى، يېقىلغۇ ماي باكىدىن ئىككىسى بولۇپ، جەمئىي 11 باك بار، جەمئىي 2500 توننا ماي سىغىدۇ، مۆلچەرىمىزچە 1932 ـ يىلى يېڭىدىن سەككىز باك ئورنىتىلسا جەمئىي 19 بولىدۇ، جەمئىي 4500 توننا ماي سىغىدۇ.

3. مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ۋە ئۇنىڭ تەقسىملىنىشى: مەزكۇر زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى ۋە ئۇنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ باش ئىنژېنېرى مەخپى تۇتىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1931 ـ يىلى بىرىنچى ئايدىن يەتتىنچى ئايغىچە بولغان مەھسۇلات ۋە ئۇنىڭ تەقسىم قىلىنىش سانىغا قارىغاندا يەتتە ئاي ئىچىدە جەمئىي 10 مىڭ 577 توننا بېنزىن، 873.4 توننا كىرسىن ئىشلەپچىقىرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلغان بېنزىن 62.1% نى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىگە بولغىنى 22.1% نى، ئۆزى ئىشلەتكىنى 15% نى ئىگىلەيدۇ، كىرسىندىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلغىنى 3.7% نى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىگە بولغىنى 63.5% نى، ئۆزى ئىشلەتكىنى 33% نى ئىگىلەيدۇ.

## 9. ھېساباتنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى

جۇڭگو تەرەپنىڭ باشقۇرىدىغىنى پەقەت باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ ھېساباتى بولۇپ،

قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ باشقۇرىدۇ، قەرز ئامانەت ئىشلىرىنىڭ ھېساباتىنى ھەر قايسى ئۆزلىرى بىرتەرەپ قىلىدۇ.

**10. مال — مۈلكىنىڭ تەخمىنى سانى** (گوكېچۇەن قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەخمىنى مۆلچەرىگە ئاساسلانغان).

شىنجاڭ پۇلىغا تەخمىنەن 3 مىليون 324 مىڭ 420 يۈەن، ئامېرىكا پۇلىغا 2 مىليون 952 مىڭ 286.60 يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە قۇدۇق قۇرۇلۇشى، بۇرغىلاش ماشىنىسى ۋە ئۈسكۈنىلەر كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ،

**11. سەرمايە**

سوۋېت تەرەپنىڭ سەرمايىسى: شىنجاڭ پۇلىغا 2 مىليون 62 مىڭ 9.51 يۈەن، ئامېرىكا پۇلىغا 2 مىليون 952 مىڭ 286.60 يۈەن.

جۇڭگو تەرەپنىڭ سەرمايىسى: شىنجاڭ پۇلىغا 3 مىليون 766 مىڭ 795.81 يۈەن.

ھازىرقى مال مۈلۈك جەمئىي: شىنجاڭ پۇلىغا 5 مىليون 828 مىڭ 805.32 يۈەن، ئامېرىكا پۇلىغا 2 مىليون 952 مىڭ 286.60 يۈەن.

**12. قوشۇمچە ئىشلار**

1. دېھقانچىلىق مەيدانى: مەبلىغى 300 مىڭ يۈەن،



كۆلىمى 45 جۇڭگو موسى، مۇستەقىل باشقۇرۇلىدۇ.

2. كۆمۈر خۇمدىنى، خىش خۇمدىنى، ھاك خۇمدىنى ۋە ياغاچچىلىق زاۋۇتى قاتارلىقلار.

3. ئولتۇراقلىق ئۆي، دوختۇرخانا، مەكتەپ، سودا كوپېراتىپ، كۇلۇب قاتارلىقلار بار.

**13. بۇرغىلاش تەننەرخىگە مۆلچەر**

جەمئىي قېزىلغان قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 15.830 مېتىر، ھەر بىر مېتىرنىڭ تەننەرخى شىنجاڭ پۇلىغا 140 يۈەن، ئامېرىكا پۇلىغا 50 يۈەن، ئامېرىكا پۇلىغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 93.8 يۈەن.

## «شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كانىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ قىسقارتىلمىسى»

ئىلاۋە: مەزكۇر «تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ قىسقارتىلمىسى»دىن قالدۇرۇپ قويۇلغىنى (1) ئورنى، (2) نېفىتلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى. ئاپتورى ۋە ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. مەزمۇنىدىن پەرەز قىلغاندا، يېزىلغان ۋاقتى 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىن بولۇشى مۇمكىن. «قۇدۇقلارنىڭ ئەھۋالى جەدۋىلى»دە 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 39 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن نېفىت چىققانلىقىنىڭ خاتىرىلەنگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى، باشقا ماتېرىياللارغا قارىغاندا ئاپتور گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بايلىق مەنبە كومىتېتى ئەۋەتكەن تەكشۈرۈش دۈيىدىكىلەردىن بولۇشى ئېھتىمال. بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ 1942 - يىلى 12- ئاينىڭ 31- كۈنى

گومىداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئەۋەتكەن ئالاقىسىغا ئاساسلانغاندا، «گوكېچۈەن، شۇ خۇيجېنىڭ قاتارلىق بەش كىشى ئۈسكۈنىلەرگە باھا قويۇش ئىشى ئۈچۈن ئەۋەتىلدى، بۇلار 11- ئاينىڭ باشلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىپ، شۇ ئايدا مايتاغ كان مەيدانىغا يېتىپ بارىدۇ» دېيىلگەن.

مەزكۇر ماتېرىيالدىكى 1942 - يىلى 1- ئايدىن 7- ئايغىچە 10577 توننا بېنزىن ئىشلەپچىقىرىلدى دېگەندە خاتالىق بار. ماتېرىيال ئىچىدە تىلغا ئېلىنغان بېنزىننىڭ ئايرىۋېلىنىش نىسبىتى 40% 38 بويىچە سۈندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 10577 توننا بېنزىن ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 26442 ـــ 27834 توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش، كۈنلۈك مەھسۇلات 126~133 توننا بولۇش كېرەك. ماتېرىيالدا خاتىرىلەنگەن كۈنىگە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلات 55 توننا بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق خېلى چوڭ، شۇڭا «توننا» دېگەن «تۇڭ» دەپ تۈزىتىلىشى كېرەك.

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئېچىلغاندىن بۇيان 30 نەچچە قۇدۇق قېزىلدى، بۇنىڭدىن ئاران تۆت، بەشىدىن نېفىت ئوبدان چىقتى، قالغانلىرىدىن نېفىت ئاز چىقتى ياكى گازلا چىقتى، يا بولمىسا كېرەكسىز بولۇپ كەتتى.

بۇرغىلاش ئۈنۈمى تەخمىنەن سەككىزدىن بىر بولدى، يەنى سەككىز قۇدۇق قازسا بىرسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ 30 نەچچە قۇدۇقنى تارقىلىشى بويىچە ئۈچ رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ. بىرى شىگو رايونىدىكى 4-، 33-، 13- ۋە 18- قۇدۇقلار بولۇپ، ئانتىكلىنال قاتلامنىڭ چوققىسىغا



جايلاشقان، ئەڭ چوڭقۇرى 1000 مېتىردەك كېلىدۇ. قۇدۇقتا كۆرگىلى بولىدىغىنى سۆسۈن رەڭ ۋە يېشىل رەڭ سىلانىس جىنسىنى ئاساس قىلىدۇ، نېفىت ناھايىتى ئاز چىقىدۇ، بىراق گاز كۆپ چىقىدۇ (ھازىر ھەممىسى توختاپ كەتتى). گاز چىقىدىغان قاتلامنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس. يەنە بىرى، نەنگونىڭ شىمالىي رايونى بولۇپ، 1-، 2-، 3-، 5-، 7-، 8-، 9-، 10-، 11-، 12-، 17- قۇدۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۆپىنچىسى خېلى تېيىز، چوڭقۇرلۇقى 100 مېتىردىن 300 نەچچە مېتىرغىچە، ھەممىسىدىن دېگۈدەك گاز چىقىۋاتىدۇ، لېكىن نېفىت ناھايىتى ئاز چىقىدۇ، ھازىر تەگدىن تولىسى تاقىلىپ قالدى، يەنە بىرى نەنگونىڭ جەنۇبى رايونى بولۇپ، 20-، 36-، 37-، 39-، 40-، 41-، 42-، 44- قۇدۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چوڭقۇرلۇقى ئالتە، يەتتە يۈز مېتىردەك كېلىدۇ، ئەڭ چوڭقۇرى (40- قۇدۇق) 1017 مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 20-، 37-، 42- قۇدۇقتىن نېفىت ئەڭ ئوبدان چىقىدۇ، ھەر كۈنى 30 توننا ئۆپچۆرىسىدە (مەزكۇر ماتېرىيالنى يېزىۋاتقىنىمىزدا 39- قۇدۇقتىن كۆپلەپ نېفىت چىقىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم) نېفىت چىقىپ، مەزكۇر زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق نېفىت مەنبەسى بولۇپ قالدى. نېفىت قاتلىمىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا بۇرغىلاپ چارلاش خاتىرىسى بولمىغاچقا ئۇنى تەپسىلىي ئۇققىلى بولمىدى، لېكىن زىيارەت قىلىپ بىلىشىمچە، نەنگونىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىكى نېفىت قاتلىمى يەر ئۈستىدىن 600~700 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە، تاغ جىنسى شېغىل بولۇپ، قېلىنلىقى ئىككى مېتىردىن تۆت مېتىرغىچە، لېكىن قېلىنلىقىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپ بولۇپ، قاتلام ئور-

لىنى پەرق ئېتىش ناھايىتى تەس.

مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ نېفىت قاتلىمى ھەم تېيىز ھەم رەتسىز بولۇپ، ھەر بىر قۇدۇقتىن چىقىدىغان نېفىت مىقدارى ناھايىتى ئاز، نېفىتنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېڭىدىن جىق نېفىت قۇدۇقى قېزىش، تاما - تاما كۆل بولار دېگەندەك بىر قۇدۇقتىن كۈنىگە 20 توننا نېفىت چىقسا 20 قۇدۇقتىن كۈنىگە 400 توننا نېفىت چىقىدۇ......

.........................

نېفىت تەركىبىدىكى بېنزىن ئادەتتە 35% ئۆپچۆرىسىدە، لېكىن بەزىدە 40% گە يېتىدۇ (مەسىلەن: 36 - قۇدۇقتىن شۇنداق نېفىت چىققان). كېرسىن ئادەتتە 43%، نېفىتنىڭ ئېقىش نۇقتىسى تۆۋەن بولغاچقا، قىشتا ئاسان توڭلاپ قالمايدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، كۆپلەپ ئېلىۋالمىسا بولمايدىغان نېفىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مايتاغدىكى نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ ھەممىسىدىن كۆمۈر گازى چىقىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە نەنگونىڭ شىمالىي رايونىدىكى قۇدۇقلاردىن ئەڭ كۆپ چىقىدۇ؛ شىڭگو ئانتىكلىنال قاتلىمىنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان بولۇپ، گاز مول چىقىدىغان رايونلار بولۇشى ئېھتىمال. ھازىر ھەر قايسى قۇدۇقلاردىن چىقىدىغان كۆمۈر گازى پار قازىنىغا قالاشقىلا ئىشلىتىلىدۇ، كۆمۈر گازىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئانالىز قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئېنىق ئەمەس.

خۇاڭ جىچىڭ: «شىنجاڭنىڭ شىخو مايتاغدىكى نېفىت ۋە كۆمۈر گاز ياتقۇلىرى توغرىسىدا ئىزاھاتنامە» (1943 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مايلىق باسمىسى)



ئېلاۋە: 1942 - يىلى 10 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مايلىق مەنبە كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن مايتاغ نېفىت كېنىنى بىرلىشىپ ئېچىش، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دۆيى ۋە قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش دۆيى ئەۋەتىپ مايتاغدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولغان. گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دۆيىنىڭ دۆيجاڭى خۇاڭ جىچىڭ، دۆي ئەزاسى ياڭ جۇڭجيەن، چېڭ يۈچى، جۇ زوڭجۈن، شيا مېنيەن، ۋاڭ ۋېنبو ئىدى. خۇاڭ جىچىڭ قاتارلىقلار 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مايتاغقا كېلىپ، 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خۇاڭ، ياڭ، چېڭ، جۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا مىس بۇلاقتىكى، ئاقسۇ كونىشەھەر تاغلاقتىكى نېفىت ئالامەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە باردى.

قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى سۇتكىسىغا 110 توننا ئۆپچۆرىسىدە.

«مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋېن زىجۈننىڭ شىنجاڭ مالىيە نازارىتىگە يوللىغان دوكلاتى» (1943 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى).

مايتاغ دېگەن يەردىكى مايبۇلاق ۋە تەبىئىي گازنى خېلى بۇرۇنلا شۇ يەردىكى ئاھالىلەر پىششىق بىلىدۇ. 1935 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بۇ يەرنى بۇرغىلاپ چارلاشنى قارار قىلىپ، 1938 - يىلدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياللانغان ئىنژېنېرلار يېتىپ كەلگەن، ھەممە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توشۇپ كەلگەن ماشىنىلارنى قۇراشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، نېفىتلىكنى ئېچىشنى باشلى

غان. گېئولوگىيە جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوۋېت
ئىتتىپاقى ئىنژېنېرلىرى ئانتىكلىنالنىڭ شەرقىدىكى چوققىس-
نى تاللاپ بۇرغىلاپ چارلاشنى باشلىغان. دەسلەپتە، مەر-
كىزىي قىسىمدا تېيىز بۇرغىلاش ئېلىپ بېرىپ، بىر ئىككى
يىل ئىچىدە جەمئىي 15 ئېغىز قۇدۇقنى، يەنى 1-، 2-،
3- يېڭى 3-، 4-، 5-، يېڭى 5-، 7-، يېڭى 7-، 9-، 10-،
11- ۋە 12- قۇدۇققا ئوخشاش قۇدۇقلارنى قازغان، چوڭقۇر-
لۇقى ئادەتتە 200 مېتىردىن 300 مېتىرغىچە، 5- نومۇرلۇق
قۇدۇق ئەڭ تېيىز بولۇپ 120 مېتىر، 12- نومۇرلۇق قۇدۇق
ئەڭ چوڭقۇر بولۇپ 360 مېتىر بولغان، مۇشۇنىڭدەك قۇدۇق-
لاردىن دەسلەپتە نېفىت خېلى كۆپ چىققان بولسىمۇ
ئۇزۇن ئۆتمەي قۇرۇپ كەتكەن، كۆپىچىلىك قۇدۇقلاردىن
گاز ناھايىتى كۆپ چىققان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قانچە قۇ-
دۇقنى تەكشۈرگەندە، گاز چىقىشىمۇ قۇرۇپ كەتمىگەن، مە-
سىلەن: يېڭى 3- قۇدۇقنى ئاساس قىلغان گاز قۇدۇقنىڭ
گازى يېقىلغۇ قىلىنغان، 12- قۇدۇقتىن كۆپلەپ گاز چىقىپ،
كۆلچەكتىن سۇ ئېتىلغاندەك چىققان.
شەرقىي چوققىنى بۇرغىلاپ چارلاشنى ئېچىشنىڭ بى-
رىنچى مەزگىلى دېيىشكە بولسىمۇ، نەتىجە رازى بولغۇدەك
بولماي، باشقا يەرنى تاللاپ، سىناپ چارلىغان. 1939 -
يىلى شىگودىن 4c - قۇدۇق ۋە 33 - قۇدۇقنى قازغان،
1940 - يىلى شۇ يەردىن يەنە 13 - ۋە 18 - قۇدۇقنى
قازغان، قۇدۇقلار بۇرۇنقىدىن چوڭقۇر بولۇپ، 800 مېتىرغا
يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن ئاشقان، نەتىجىدە گاز كۆپ چى-
قىپ، ئاز مىقداردا نېفىت چىققان، بۇنىڭدىن كىشى تەس
رازى بولىدۇ، بۇ ئېچىشنىڭ 2 - مەزگىلى بولغان.



1941 - يىلى ۋە 1942 - يىلى چوڭقۇر قازىدىغان
بۇرغىلاش ماشىنىسى كانغا كەلگەندىن كېيىن 3 - مەزگىل-
لىك خىزمەت باشلانغان. بۇرغىلاپ چارلاش ئورنى شىگو-
نىڭ جەنۇبىدىكى ئانتىكلىنالنىڭ مەركىزىدىن يىراق جاي-
دا. بىر يىل ئىچىدە جەمئىي سەككىز قۇدۇق يەنى، 30 -،
20 -، 40 -، 42 -، 41 -، 37 -، 36 - ۋە 39 - قۇدۇق
قېزىلغان بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 360 مېتىردىن (3 - قۇدۇق)
864 مېتىرغىچە (41 - قۇدۇق)، ئەڭ چوڭقۇرى 1017 مېتىرغا
(40 - قۇدۇق) يەتكەن. قۇدۇقلاردىن ھەم گاز ھەم نېفىت
چىققان، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچىسىدىن دەسلەپتە كۈ-
نىگە 30 — 40 تونىنا نېفىت چىققان، لېكىن بىرەر ئىككى
ئايدىن كېيىن ئادەتتە ھەممىسىنىڭ مەھسۇلاتى ئازىيىپ
كەتكەن. نېفىت قۇمى يەر يۈزىدىن 600 — 700 مېتىر چوڭ-
قۇرلۇقتا، جەنۇبىي جىلغىدىكى قۇدۇقلارنىڭ تەپسىلاتى
تۆۋەندىكىچە:
30 - نېفىت قۇدۇقى، چوڭقۇرلۇقى 560 مېتىر، بۇ
چوڭقۇرلۇقتا بىر قانچە قېتىم گاز پارتلاپ، كالوننى يېرى-
ۋېتىپ، تېخنىكا جەھەتتە قىيىنچىلىق پەيدا قىلغان، قۇدۇق-
نىڭ جىسمىنى ئاشۇرغاندىن كېيىن گاز ئازلاپ، مۇشۇ
ئەتراپتىكى يېرىقلاردىن سىرغىپ چىققان.
يۇ قاتارلىقلار مايتاغدىكى چاغدا (1942 - يىلدىن
1943 - يىلغىچە) نېفىت ئايرىش زاۋۇتى دائىرىلىرى جەنۇ-
بىي جىلغىغا قاراپ يۆرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقان، يۇ قاتار-
لىقلار كاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن 50 - قۇدۇقنى ئېچىش-
قا كىرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە 43 - قۇدۇقمۇ پۈتكەن.
قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مەھسۇلات مىقدارى قاتار-

لىقلارنىڭ جەدۋىلى تۆۋەندىكىچە:

| قۇدۇق نومۇرى | بۇرغىلاش باشلانغان ۋاقتى | بۇرغىلاش تۈگىگەن ۋاقتى | قۇدۇق چوڭقۇرلۇقى | مەھسۇلاتى |
|---|---|---|---|---|
| 15 | 1938-يىلى ئەتىياز | 40-يىلى قىش | 200.3 | مۇھىم ئەمەس |
| 4 | 39-يىلى ئەتىياز | 39-يىلى ياز | 100 | يوق |
| 33 | 39-يىلى ياز | 40-يىلى ئەتىياز | 270 | 〃 |
| 13 | 40-يىلى كۈز | 41-يىلى ئەتىياز | 603 | 〃 |
| 18 | 40-يىلى قىش | 42.10 | 1030 | 〃 |
| 19 | 41-يىلى ئەتىياز | 41-يىلى كۈز | 378 | 〃 |
| 30 | 41.6 | 41.12 | 560 | 0.3 توننا |
| 20 | 41.9 | 42.2 | 730 | 3.0 〃 |
| 42 | 42.2 | 42.5 | 749 | ئىنتايىن ئاز |
| 41 | 42.2 | 42.5 | 864 | 7.0 توننا |
| 37 | 42.2 | 42.6 | 611 | 5.0 〃 |
| 36 | 42.6 | 42.11 | 655 | يوق |
| 44 | 43.7 | 42.9 | 735 | 〃 |
| 40 | 42.1 | 42.7 | 1017 | 〃 |
| 39 | 42.7 | 43.1 | 807 | - |
| 43 | 42.8 | | 540 | |
| 8 | 42.12 | | 88 | |
| 21 | 42.2 | 42.11 | 1453 | ئىنتايىن ئاز |
| يېڭى 3- | 39 | | 320 | گاز |
| 17 | 40.10 | 41.3 | 367 | گاز |



بۇ قاتارلىقلار نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى چاغدا نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى كۈنىگە 30 — 40 توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 20-، 42- ۋە 37- قۇدۇقتىنلا 30 توننا چىققان. 1943-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن باشلاپ 39-قۇدۇقتىن نېفىت چىققان، دەسلەپتە مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كۈنىگە 40 توننىغا يەتكەن، مەزكۇر نېفىتلىكنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتى جەمئىي 70 — 80 توننا بولغان، لېكىن بۇ رېكورت ئۇزۇن داۋاملاشماي، تېزدىنلا چۈشۈپ كەتكەن.

نېفىت ئايرىش خىزمىتىنى ئىنژېنېرلار مەخپىي ئىشلىگەن، ئىشلەتكەن ئۇسۇلى ۋە ماشىنىلىرى ئىنتايىن زامانىۋىلاشقان بولۇپ، نېفىت ئايرىشتا ئەڭ چوڭ سىغىمى كۈنىگە 240 توننىغا (نېفىت) يەتكەن، چەككىللەشتە ئەڭ مۇۋاپىق سىغىمى كۈنىگە 170 توننا بولغان. بۇنىڭدىن نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ سىغىمىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىغا قاراپ ئانچە چوڭ بولۇپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر قايسى قۇدۇقلاردىن بىر ئايدا چىققان نېفىتنى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 4-5 كۈندىلا ئايرىپ تۈگىتىدۇ. شۇڭا نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ھەر ئاينىڭ كۆپىنچە چاغلىرىدا بوش قالىدۇ، جەنۇبىي جىلغىدا بىر كونا تىپتىكى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بولۇپ، سىغىمى كۈنىگە ئالتە توننا ئىدى.

خۇاڭ جىچىڭ: «شىخو مايتاغ نېفىت كېنى» (قول يازما، يىلى ئېنىق ئەمەس).

جەمئىي 30 نەچچە يەردە نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاپ چارلانغان، ئۇنۇمى ياخشىراقىدىن تۆتتەك يەردە بار ئىدى. قازغان چوڭقۇرلۇقى ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ 1500 مېتىرغا يەتكەن، نېفىت قۇدۇقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن ھايۋاناتلارنىڭ تاشقا ئايلانغان جىنسىنى بايقىغان، بۇنى ئىچى كاۋاك بۇرغا تۇرۇبىسى ئىچىدىن چىقىرىۋالغان، بۇنىڭ ئىچىدە بۇرمىسىمان تاشقا ئايلانغان جىنس ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، قالغاچ تېشى، مارجان تېشى قاتارلىقلار بار ئىدى.

مىنگونىڭ 1931 ـ يىلى ھەر سوتكىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 200 نەچچە توننىغا (جۇملىدىن كىرسىن ۋە بېنزىن، نېفىت بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس) يەتكەن.

ۋۇفېن: «شىنجاڭ كانچىلىقىنىڭ ئەھۋالى» (1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قول يازما).

ئىلاۋە: ۋۇفېن ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ زاۋۇت كان بۆلۈم خادىمى.

.... 27 ـ يىلى (ئىلاۋە: 1938 ـ يىلى) دىن 29 ـ يىلغىچە 1، 2، 3، يېڭى 3ـ، 4ـ، يېڭى 4ـ، 5ـ، يېڭى 5ـ، 6ـ، 7ـ، يېڭى 7ـ، 9ـ، 10ـ، 11ـ، 12ـ قۇدۇق بولۇپ، جەمئىي 15 قۇدۇق قېزىلغان، بۇ قۇدۇقلار مەركىزىي لىنىيىنىڭ سول تەرىپىگە يېقىن بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى ئادەتتە 200 — 300



مېتىر، ئەڭ تېيىزى 10 ـ قۇدۇق بولۇپ 120 ـ مېتىر، ئەڭ چوڭقۇرى 5 ـ قۇدۇق بولۇپ 360 مېتىر بولغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇنچە قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلاتى دەسلەپتە خېلىلا ياخشى بولغان بولسىمۇ، بىر ئىككى يىلدىن كېيىن ئازلاپ كەتكەن ياكى گازلا چىقىپ ماي چىقمىغان.

مىنگونىڭ 30 ـ يىلىدىن 31 ـ يىلىغىچە (1941 ~ 1942) سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كۆپلەپ ماشىنا كىرگۈزۈپ، ئېچىش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، 30ـ، 20ـ، 40ـ، 42ـ، 41ـ، 37ـ، 36ـ، 39ـ قۇدۇق بولۇپ، جەمئىي سەككىز قۇدۇق قازغان، قۇدۇق ئورنى ستروكتورىنىڭ چوققىسىدىن سەل يىراقتا بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 700 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە 30 ـ قۇدۇق ئەڭ تېيىز بولۇپ، 526 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇرى 40 ـ قۇدۇق بولۇپ، 1017 مېتىر، ئۇنىڭدىن قالسا 41 ـ قۇدۇق بولۇپ، 872 مېتىر بولغان. بىر قانچە قۇدۇقتىن دەسلەپتە كۈنىگە 200 ~ 300 تۇڭ نېفىت چىققان بولسىمۇ بىر ئايغا يەتمەي مەھسۇلاتى جىق تۆۋەنلەپ كەتكەن، يەنە ئەڭ جەنۇب تەرەپتىكى 50 ـ قۇدۇق قېزىلىپ 570 مېتىر چوڭقۇرلۇققا باردى، نېفىت قاتلىمىغا يەتمىدى، داۋاملىق قېزىشقا توغرا كېلىدۇ.

مۇھىم قۇدۇقلارنىڭ قېزىلغان ۋاقتى ۋە چوڭقۇرلۇقى توغرىسىدا تۆۋەندىكى جەدۋەل تۈزۈلدى.

| قۇدۇق نومۇرى | قۇدۇق چوڭقۇرلۇقى (مېتر) | قۇدۇق ئېچىلىش ۋە تاقىلىش ۋاقتى | دەسلەپتىكى ئەڭ زور مەھسۇلاتى (تۇڭ) |
|---|---|---|---|
| 2 | 234 | 1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە | ئېنىق ئەمەس |
| 3 | 330 | 1939 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە | ″ |
| 17 | 374 | 1940 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە | ″ |
| 20 | 717 | 1941 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە | 199 |
| 30 | 562 | 1941 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە | 90 |
| 36 | 689 | 1942 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە | 83 |
| 37 | 609 | 1942 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە | 216 |
| 39 | 805 | 1942 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە | 300 |
| 41 | 872 | 2-″ 1-″ 5-″ 7-″ | 75 |
| 42 | 750 | 1941 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 1942 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە | 150 |
| 43 | 750 | 1942 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 1943 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە | 180 |



مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ ھەر ئايلىق نېفىت مەھسۇلاتى جەدۋىلى بىرلىكى: تۇڭ

| ئايلار | 2* | 20 | 30 | 42 | 41 | 37 | 36 | 39 | 43 | جەمئى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1942 - يىل 1 - ئاي | 23 | 2657 | 119 | | | | | | | 2999 | |
| 2 - ئاي | 24 | 4365 | 143 | | | | | | | 4532 | |
| 3 - ئاي | 28 | 308 | 56 | 2244 | | | | | | 3636 | |
| 4 - ئاي | 36 | 3361 | 80 | 1699 | 53 | | | | | 5199 | |
| 5 - ئاي | 17 | 3010 | 38 | 2156 | 473 | 98 | | | | 5792 | |
| 6 - ئاي | | 2552 | 17 | 1930 | 215 | 1193 | | | | 5907 | |
| 7 - ئاي | | 2164 | 11 | 1358 | 59 | 983 | | | | 4575 | |
| 8 - ئاي | | 2078 | | 1390 | | | 154 | | | 3622 | |
| 9 - ئاي | 16 | 1757 | | 1394 | | 218 | 173 | | | 3558 | |
| 10 -ئاي | 15 | 1711 | 46 | 1489 | 69 | 1193 | | | | 4523 | |
| 11 -ئاي | 26 | 1575 | 45 | 1155 | 6 | 508 | 1005 | | | 4230 | |
| 12-ئاي | 42 | 1621 | 300 | 1175 | 22 | 521 | 600 | | | 4287 | |
| 1943 - يىل 1 - ئاي | 22 | 1448 | 45 | 900 | | 420 | 482 | 1052 | | 4360 | |
| 2-ئاي | 23 | 1054 | 57 | 816 | | 320 | 601 | 569 | | 3417 | |
| 3-ئاي | 17 | 1046 | 42 | 840 | 45 | 419 | 705 | 3054 | 1370 | 7538 | |
| 4-ئاي | 32 | 821 | 45 | 980 | 58 | 398 | 649 | 3105 | 2561 | 8646 | |

يەنشۈاڭ «جۇڭگونىڭ نېفىت كانلىرى ھەققىدە خاتىرە» (ئازادلىقتىن بۇرۇن ماشىنكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا)

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ باشقۇرغان چاغدا پارىۋاي بىلەن ئايلاندۇرۇپ قازىدىغان 1800 مېترلىق بۇرغا ستانوكىدىن بىر يۇرۇش، 1000 مېترلىقتىن ئىككى يۇرۇش، 720 تۇڭلۇق تۇرۇبىسىمان نېفىت ئايرىش پېچىدىن بىرسى، 85 تۇڭلۇق پېچىتىن بىرسى بار ئىدى....

....

مەزكۇر زاۋۇتنىڭ بۇرۇنقى يىللاردىكى مەھسۇلاتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. پەقەت مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغان مىنگونىڭ 31 - يىلى (ئىزاھ: 1942 - يىلى) ۋە 32 - يىلىنىڭ دەسلەپىدىكى تۆت ئايدا. قۇدۇقلارنىڭ ئايلىق مەھسۇلاتىغا دائىر جەدۋەل 357 - بەتتە كۆرسىتىلدى.

ئىزاھ: يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىكى بەزى ئايلارنىڭ يىغىندىسى بىلەن ئايرىم سانلارنىڭ قوشۇلمىسى تەڭ ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى نامەلۇم.

1938 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ چارە تۈزۈپ چىقىپ، ماشىنا زاپچاسلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توشۇپ ئەكىردى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇرغىلاش ستانوكىدىن ئىقتىدارى 200 مېترلىقتىن ئىككىسى، ئىقتىدارى 300 مېترلىقتىن بىرى بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 33 قۇدۇق قېزىلدى، ئەڭ تېيىزى 100 مېتر، ئەڭ چوڭقۇرى 1017 مېتر بولدى. نېفىت ئايرىش ئۈسكۈنىسىدىن 1938 - يىلى ئەتىيازدا ئاۋۋال ھورلاندۇرۇش شەكلىدىكى ئايرىش پېچىدىن بىرسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۈنىگە 1300 تۇڭ



نېفىت ئايرىيالايدىغان ھورلاندۇرۇش ئۈسكۈنىسىدىن بىرى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1940 - يىلى پۈتتى. شۇ چاغدا كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى بىر نەچچە ئون تۇڭدىن ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن، ئايرىشقا يېتىشمەيتتى، كۈندە 45 تۇڭ نېفىت ئايرىيالايدىغان ھورلاندۇرۇش شەكلىدىكى پېچىتىن بىرىلا ئىشلەيتتى.

1942 - يىلى 1 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقىدىن ئۈچى بار ئىدى. 1943 - يىلى 4 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقىدىن توققۇزى بار ئىدى.

«جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»
(1949 - يىلى ماشىنكىدا ئۇرۇپ بېسىلغان نۇسخىسى)

## Ⅲ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى ۋە تەرەققىپەرۋەر زاتلارنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىغا كۆڭۈل بۆلۈشى

رۇخسەت، ئەسلى ھېسابات تۈزىتىلسۇن. يۈەن، 14.
جۇبىڭ (تامغا)

يولداش ماۋ زېمىننىڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋاڭخۇا لۇنىڭ، قوينىڭ ھەر بىرىگە 15 يۈەن، بۇغداينىڭ ھەر بىر دېنىگە 20 يۈەندىن باھا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىغا سالغان تەستىقى (1941 - يىل).

1. مەزكۇر زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىش ئورگىنى بولغاچقا ئىجارە ھەققى كېچىرىم قىلىنسۇن. ئادەتتىكى قائىدىگە ئۇيغۇن بولمىسا، ئويلىشىپ ئىش كۆرۈشكىلارغا

بولىدۇ.

2. ئەسلىدىكى ئىجارە ھەققى بويىچە مەزكۇر زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىشكە بېرىلسۇن.

يۈەن، 31، جۇبىلىڭ (تامغا)

يولداش ماۋ زېمىننىڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋاڭ خۇالۇننىڭ شىخو ناھىيىسى ئەسلىدە بارتىيە يېزىنىسىغا ئىجارىگە بەرگەن يەرنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئۇنى زاۋۇتقا بېرىش ھەمدە ئىجارە ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش ھەققىدىكى دوكلاتىغا سېلىنغان تەستىقى (1941 ـ يىلى).

1) 30 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلسۇن.

2) تېلېگرام ئارقىلىق بۇ زاۋۇتنىڭ بۇندىن كېيىن پۇل تەلەپ قىلىش ئىشلىرىدا باش ئىنژېنېر ئىمزا قويسا ئىناۋەتلىك بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلسۇن.

ماۋ زېمىننىڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋاڭ خۇالۇننىڭ كۆمۈر توشۇش راسخوتى ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ يازغان دوكلاتىغا سالغان تەستىقى (1941 ـ يىلى).

مەزكۇر زاۋۇتنىڭ دۆلەت مۈلكىگە شۇنچىۋالا كۆيۈنگەنلىكى ئالاھىدە ياخشى ئىش. ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشقان، تاللاپ چىقىرىلغان چوڭ ـ كىچىك تۆمۈر تۇڭلارنى ئامال قىلىپ پۇقرالارنىڭ پايدىلىنىشىغا سېتىپ بەرمەكچى بولۇپ، بىكار بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باھا قويۇپ، جەدۋەل تۈزۈپ چىققان. شۇ بويىچە بېجىرىپ تىزىمغا ئېلىنسۇن.

ماۋ زېمىننىڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مەز-



كۇر زاۋۇت تاللاپ چىققان ئىشلىتىشكە يارىمايدىغان چوڭ ـ كىچىك تۆمۈر تۇڭلارنىڭ سانىنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ يازغان دوكلاتىغا جاۋاب خېتى (1940 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى).

500 بېيجىڭ دەنلىك بۇغداينى ئاجرىتىپ، ئىلگىرىكى تېلېگرامما بويىچە بېجىرىلسۇن.

9. 6. جۇبىلىڭ (تامغا)

يولداش ماۋ زېمىننىڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى يېتىشمەي شىخو باج ئىدارىسىدىن شۇ يىللىق غەللە ـ پاراق ئاشلىقنى ئاجرىتىپ بېرىشنى سوراپ يوللىغان دوكلاتىغا سالغان تەستىقى.

30 يۈەنگە يارىسا مەزكۇر ئىدارە بىلەن نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بىۋاستە ھېسابلاشقاندىن كېيىن ھېسابىنى يۆتكىسە بولىدۇ.

10. 8. جۇبىلىڭ (تامغا)

يولداش ماۋ زېمىننىڭ شىخو باج ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشتىن بۇرۇن مايتاغ نېفىت زاۋۇتىغا ئاجرىتىپ بەرگەن قويلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇش (ھەر بىرسى ئەڭ تۆۋەن باھا 30 يۈەنگە سۇندۇرۇپ) ھەققىدىكى دوكلاتىغا سالغان تەستىقى.

ئىلاۋە: ماۋ زېمىن (تەخەللۇسى جۇبىلىڭ) 1938 — 1941 ـ يىللىرى شىنجاڭدا مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان.

1935 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شېڭ شىسەينىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت

«ئالتە چوڭ سىياسەت» نى تۈزۈپ چىقىشقا ياردەملەشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىڭ شىسەينىڭ قاتمۇ-قات توسقۇنلۇقلىرىنى يېڭىپ، ھەر قايسى خىزمەت تارماقلىرىدا ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىدا ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئالتە چوڭ سىياسەتنى قەتئىي بىجا كەلتۈردى. 1933-يىلىدىن تارتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغانغا قەدەر بولغان قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. ئالايلۇق:

......

ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ، بىرىنچى قارار ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى...... سانائەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى نەتىجىلىرىمۇ ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى، 1936-يىلى شىخونىڭ مايتاغقا نېفىت زاۋۇتى قۇردى. بۇنىڭدا بۇرغىلاپ قاچىلاش ماشىنىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىندى، تېخنىكا خادىملىرى نېفىت ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلىندى.......

يولداش ماۋ زېمىن 1938-يىلى شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندىن كېيىن، قانۇنلۇق ئورنى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جاپالىق خىزمەت ئىشلىدى ...... مايتاغ نېفىت زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كۈنسايىن مۇكەممەللىشىپ، نېفىت-



نىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتى 1941-يىلى 100 توننا ئۆپچۆرىسىگە يەتتى......

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى: «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى توغرىسىدىكى تەزكىرىلەر توپلىمى» (دەسلەپكى ئورىگىنال، 1963-يىل).

شىنجاڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتىمۇ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا مەلۇم تەرەققىياتلارنىڭ بولغانلىقىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر كادىرى يولداش ماۋ زېمىننىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يولداش ماۋ زېمىن شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كونا مالىيە خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە مايتاغ نېفىت زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاپ، نېفىتنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتىنى 100 توننىغا يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

دىڭ جېڭچېڭ: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» («مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1959-يىل 6-سان)

يولداش ماۋ زېمىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندىن كېيىن، مالىيە تەشكىلاتلىرىنى تەكشۈردى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈمىنى ئورناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مالىيە ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سالدى ...... مۇشۇ ئاساستا تۈرلۈك ئىقتى-

سادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ باردى. مەسىلەن، مايتاغ نېفىت كېنى ۋە تۇدۇڭخې چۆيۈن زاۋۇتى شۇ ۋاقىتتا قۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى.

ياڭ نەنگوي: «شىنجاڭ تۈرمىسىدىكى كۈرەش خاتىرىسى» («قىزىلبايراق لەپىلدىمەكتە» 10 - قىسىم).

يولداش ماۋ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، باج مەنبەسىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرىنى كۆپەيتىش، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرىنى ئازايتىش دېگەن يوليورۇققا ئاساسەن، كارخانا ئورۇنلىرى، مەسىلەن: سودا شىركىتى، ئالتاي ئالتۇن كان ئىدارىسى، مايتاغ نېفىت كېنى ۋە شۇنىڭدەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئىمكان قەدەر قاندۇرۇلدى.

ليۇ دېخې: «يولداش ماۋ زېمىن شىنجاڭنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرغان مەزگىلدىكى تەدبىرلىرى ۋە تۆھپىسى» («شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» 8 - قىسىم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل 2 - ئاي).

يولداش زېمىن (ماۋ زېمىننى دېمەكچى — ت) دائىم: مالىيە ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۈپ چارىسى كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمنى تېجەش دەيتتى. كىرىمنى كۆپەيتىش — ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش دېگىنى ئىدى. يولداش زېمىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىشچىلارنى ئاكتىپ قوللاپ ھەمدە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ مايتاغ نېفىت كېنى، ئالتاي ئالتۇن كېنى، تۇدۇڭخې چۆيۈن زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلارنى قۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تۆھپە قوشتى، شۇ



ئارقىلىق مالىيە ئەھۋالىنى بۇراشتا ئەجايىپ رول ئوينىدى.

شيې لياڭ، گاۋ دېڭباڭ، چېن شى، جياڭ ليەنمۇ، يەن يىجېن:

«تەڭرىتاغقا ئاققۇزغاچ ئىسسىق قېنىنى، ھەممە كىشى يادلايدۇ مەڭگۈگە ئۇنى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى)

ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، 1939 - يىلى 8 - ئايدا دۇ جۇڭيۈەن ئەپەندى ئۆمەك باشلىقى، جاڭ جۇڭشى ۋە گو شېنشەن (ئىلمىي باشقارما باشلىقى) مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، 200 نەچچە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىدىن، «شىنجاڭ شۆيۈەن يازلىق تەتىل خىزمەت ئۆمىكى» ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ ئۆمەك غۇلجا، سۈيدۈڭ، كۈرە، جىڭ، شىخو، ماناس، قۇتۇبى ۋە مايتاغ نېفىت كېنى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلغان...... خىزمەت ئۆمىكىنىڭ پائالىيەت جەدۋىلىدە ئەسلىدە مايتاغ نېفىت كېنىغا بېرىش ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان، لېكىن نېفىت كان ئىشچىلىرى شىخوغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، خىزمەت ئۆمىكىنىڭ كان رايونىغا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. دۇ ئەپەندىم ئىشچىلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى، ئەينى يىللاردا مايتاغ نېفىت كېنى قاقاس بىر جاي بولۇپ، گۈل - گىياھ، سۇ يوق ئىدى، ئىشچىلار ئاددىي ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. دۇ ئەپەندىم كان رايونىدا قىزغىنلىققا تولغان نۇتۇق سۆزلەپ ئىشچى قېرىنداشلاردىن سەممىي ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدا نېفىتنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقارغان تۆھپىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختىدى. كان رايون ئىشچى-

ري ئۇچۇق يەرگە سەھنە ياسىدى، كەچتە ئويۇن قويۇۋات-
قاندا تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ، سەھنىنى لىڭشىتقى-
لى تۇردى، دۇ جۇڭيۈەن ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە ياغاچ
كۆتۈرۈپ كېلىپ، سەھنىنى تىرەپ قويدى، بىر مۇنچە سا-
ۋاقداشلار پەردىنى قولىدا تارتىپ تۇردى. سەھنە ئەسۋاب-
لىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئويۇننى داۋاملاشتۇردى. دەم ئېلىش
ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈز - كۆز، پۇت - قوللىرىنى
يۇيۇپ، ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشچىلار بىر نەچچە
چېلەك ئىسسىق سۇ ئەكېلىپ بەردى. دۇ ئەپەندىم تۇيۇق-
سىزلا يۈگۈرۈپ كېلىپ ساۋاقداشلارنى سۇ ئىشلىتىشتىن توس-
تى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە سۇ قىس، بىز ئىشچى-
لارنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆپەيتىۋەتسەك بولمايدۇ»؛ ئەسلىدە
دۇ ئەپەندىم ئىشچىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مايتاغ كان
رايونىدا سۇنىڭ ناھايىتى قىس ئىكەنلىكىنى، سۇ ئاققۇزۇش
تۇرۇبىسىنىڭ تېخى پۈتمىگەنلىكىنى، كۈيتۇڭ دەرياسىدىن
توشۇپ كېلىش ئۈچۈن 10 نەچچە يول يۈرۈش كېرەكلىك-
نى، خېلى ۋاقىتتا ئاران بىرەر قېتىم سۇ ئەكەلگىلى بو-
لىدىغانلىقىنى ئۇققان ئىكەن، ئىشچىلار تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان
سۇنىڭ يېرىمىنى تېجەپ، بۈگۈن كېچە ۋە ئەتە ئەتىگەندە
خىزمەت ئۆمىكىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا
بەرگەن ئىكەن. شۇ كۈنى كېچىسى دۇ ئەپەندىم ئەتە تاڭ
يورۇشىغىلا يولغا چىقىشنى، ئىشچىلارنى ئويغىتىۋەتمەسلىكنى
ئۇقتۇردى. ئۇلار ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ بولغاندا كان را-
يونىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە نۇرغۇن ئىشچىلار يۈگۈرۈپ كېلىپ،
ئەتىگەنلىك تاماق يەپ مېڭىڭلار، دەپ تۇتۇۋالسىمۇ، دۇ ئە-
پەندىم ئىشچىلارنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، توسقانىغا



ئۇنىماي كېتىپ قالدى. بىر مۇنچە ئىشچىلار بۇنىڭدىن
چوڭقۇر تەسىرلىنىپ كەتتى. بىر ئۇيغۇر ئىشچى باشمالتى-
قىنى چىقىرىپ كەينى - كەينىدىن: «يارايدۇ! يارايدۇ!»
دەپ ماختىدى.

سۇڭ شيەندا: «ۋەتەن قۇتقۇزۇش يولىدا قىلغاچ كۈ-
رەش، جاسارىتى ساقلىنار ئەبەدىل - ئەبەد دۇ جۇڭيۈەن
ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ شۆيۈەنىدىكى چاغلىرىنى ئەسلەش»
(شىنجاڭ گېزىتى 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى).

ئىلاۋە: دۇ جۇڭيۈەن ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر زات. 1939-
يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى بولغان. 1940 - يىلى
قەشقا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنغان، 1943 - يىلى
شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

## IV شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشقاندىن كېيىن مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ خارابىلىشىشى

### 1942 - يىل

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چېن تيەنچيۇ رېن بىيشىغا تې-
لېگرام بېرىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا مۇنۇلارنى
دوكلات قىلغان: سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن
جياڭ جيېشى شىنجاڭنى تارتىۋېلىشقا پائال ھەرىكەتلىنىپ،
خۇ زۇڭنەن قىسىملىرىنى ما بۇفاڭنىڭ ئورنىغا مۇداپىئەگە
قويدى، جياڭ جيېشى جاڭ يۈەنخۇ (ئىلاۋە: جاڭ يۈەنخۇ
شېڭ شىسەينىڭ چوڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى) نى شىن-

جاڭغا قايتىپ بېرىپ، شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى، شېڭ شىسەي بولغان بەشىنچى ئىنىسى شېڭ شىيىنى جاڭ يۈەنخۇ بىلەن بىر ئايروپىلاندا چۇڭچىڭغا ئەۋەتتى. شېڭ شىيىي شىنشى شەرتنامىسى ۋە مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ سەنشىگە بېرىپ جياڭ جېيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن تېزدىن شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىشنى سوراپ، تىل بىردەكتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈرمەكچى...

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شېڭ شىسەي جياڭ جېيېشىغا يوللىغان مەخپىي تېلېگراممىسىدا: سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى مولوتوۋنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقى بىرقانچە كۈن ئىچىدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دېكانوزوۋنى مايتاغ نېفىت كېنى ۋە باشقا مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتىمىز دەپتۇ، دېگەن. شېڭ شىسەي جياڭ جېيېشىدىن مۇھىم ئادەملەرنى شىنجاڭ - سوۋېت سۆھبىتىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جياڭ جېيېشى جۇ شاۋلياڭ، ۋېڭ ۋېنخاۋ، ماۋ باڭچۇ قاتارلىقلارنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى پارتىيە تارىخى خىزمەت كومىتېتىنىڭ «يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈرەشلىرىدىن خاتىرە» (ئازادلىق ئارمىيە نەشرىياتى، خەنزۇچە 1985 - يىل 8 - ئاي).

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى مەن يەنىمۇ نېفىت كېنىدا



گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى قوشۇمچە بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى ۋېڭ ۋېنخاۋنىڭ چۇڭچىڭدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭدا: ئەتە ئۆزىنىڭ جۇچۈەن ئايرودرومىدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن نېفىت كان ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىنى، مېنىڭ جۇچۈەن ئايرودرومىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بىللە ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ......

......

بىز يېتىپ بارغاندا، شېڭ شىسەي ۋېڭ ۋېنخاۋنى ئۆزىنىڭ دوبەن مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىپ، ئايرىم سۆھبەتلەشكەن. شېڭ شىسەي مۇنداق دېگەن: شىخو مايتاغ نېفىت كېنىنى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلىشىپ باشقۇرغان. يېقىندا مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرىنى ئۈرۈمچىگە نېفىت كېنى ئىشلىرى توغرىلىق ئەۋەتىدىغانلىقى ھەققىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدىم. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا ئەزەلدىن مۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئەۋەتىپ باقمىغان. بۇ قېتىم تۇيۇقسىزلا مۇنداق مۇئاۋىن مىنىستىرنى ئەۋەتكەنلىكىدىن ناھايىتى تەشۋىشلەندىم. ئۇ راستىنلا شىخو نېفىت كېنى ئىشلىرى توغرىلىق كېلەمدۇ - يوق؟ شۇڭا ۋېڭ ۋېنخاۋنى تەكلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ نامى بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرماقچىمەن ....

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دېكانوزوۋ ئۈرۈمچىگە كەلدى، .... كېيىن ۋېڭ ۋېنخاۋ جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى

سالاھىيىتى بىلەن بۇ مۇئاۋىن مىنىستىر بىلەن نېفىت كېنىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇش ئىشىنى سۆھبەتلەشتى، نەتىجىسى بولمىدى.

سوڭ يۆچى: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىككى قېتىم شىنجاڭغا بېرىش خاتىرىسى» («تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانما» 84 - قىسىم، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1982 - يىل 12 - ئاي).

نىرىتىن: بۈگۈنكى سۆھبەت يىغىنىدا كۈتىدىغىنىم، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ خىزمىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، كۆپلەپ ئىشلەپچىقارسا ۋە ياخشىلانسا، بۈگۈنكى سۆھبەت يىغىنىغا پېڭ نازىر، لى نازىر، باش كونسۇل قاتناشتى. خىزمەتلەرنى ياخشىلاش ئۈچۈن مايتاغنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىرەك ئۇقۇشۇپ كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى قۇدۇقلاردىن ھازىر 39 -، 43 - قۇدۇق ئىشلەۋاتىدۇ. 39 - قۇدۇق مۇشۇ ئاينىڭ 20 نەچچىلىرى پۈتىدۇ. بۇ قۇدۇق مايتاغنىڭ كەلگۈسىدىكى مەھسۇلاتىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

21 - قۇدۇق پۈتتى، لېكىن مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا چارلىنىۋاتقان ئىدى. ھازىر مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ.

44 - قۇدۇق بۇرغىلىنىۋاتىدۇ. ئاق توپا توشۇپ كېلىنسە، ئاندىن داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

8 - قۇدۇقتا گاز بولمىغانلىقتىن بۇرغىلانمىدى، 20 - كۈنلىرى ئۆپچۆرىسىدە ئىش باشلىماقچى.

37 - قۇدۇقتىن بىر سوتكىدا ئۈچ توننا نېفىت چىقىدۇ.



قىش پەسلىدە ۋىشكا ئورنىتىش ئىشى بەك قىيىن بولغانلىقتىن يازدا تەييارلانغان ئۈچ قۇدۇق ئورنىغا ۋىشكا قۇراشتۇرۇپ بۇرغىلاشنى باشلىماقچىمىز.

50 - قۇدۇق قۇراشتۇرۇلۇۋاتىدۇ، يېقىندا پۈتىدۇ.

ھازىر تۆت قۇدۇقتىن نېفىت چىقىۋاتىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر سوتكىدا 20 توننا ئۆپچۆرىسىدە چىقىدۇ. نېفىت ھەر تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ، خىزمەتنى ئېغىزدا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ياخشىلاش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

خىزمەت جەھەتتە، پۈتۈن زاۋۇتنىڭ ئىشى توختىغىلى بىر - ئىككى كۈن بولدى، ۋىشكا قۇراشتۇرۇش خىزمىتى توختىغىلى 18 كۈن بولدى، ...... ئىش توختاشنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى ئىشچىلارنىڭ كىيىم - كېچەكى بېرىلمىدى، ئۇندىن قالسا تەمىناتى يېتىشىپ كېتەلمىدى.

ئىش كىيىمىنىڭ تەقسىم قىلىنىشقا يەتمىگەنلىكى ھەم ئىش توختاپ قېلىشنىڭ سەۋەبى.

تەمىنات بولماسلىقىغا مالىيە نازارىتىنىڭ پۇل بەرمىگەنلىكى سەۋەب بولدى. تەمىنات بولمىغانلىقتىن ئادەملەر كېتىپ قالدى.

يېقىندا بىر كۈنى ماي سىڭىش ئورنىدىكى بىر ئىشچى ئىش ئورنىدا تاماكا چەككەن، نېفىتلىككە ئوت كېتىش خەۋپى بار. بۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق. ئۇ ئوتتىن ساقلىنىش قائىدىسىگە قارشى تۇردى، بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار يېقىنغىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا مايتاغدا ئەسلىدىكى خىزمەت ھالىتى ئەسلىگە كەلمىگەن، كېسەل ھالەتتە

تۇرۇۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

خىزمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن:

1. ئىشلەپچىقىرىش ئىنتىزامىنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك، ھەر بىر ئىشچى سېپىنا يېتەكلىگۈچى مۇتەخەسسىسنىڭ يوليورۇقىغا بويسۇنۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا خىزمەتنى خالىمىدى دەپ قاراپ، مۇناسىپ چارە قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

2. ئىش توختىغاندىن كېيىن يەنە بىر قىسىم ئىشچىلار زاۋۇتقا قايتىپ كەلمىدى. بۇلار مەلىكىلىك ئىشچىلار بولۇپ، تەربىيىلىمەك ئۇڭاي ئەمەستى، بىر قىسىملىرىنى شىخو جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاماپ قويغان، بىر قىسمىنى زاۋۇت تەرەپ قاماپ قويغان، بۇ ئىشچىلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، يەنە زاۋۇتتا ئىشلىتىشكە بولامدۇ ـ يوق.

3. ھازىر يەنە ئىشچىلارنى پات ـ پات داۋاملىق قولغا ئېلىش بولۇۋاتىدۇ، مەن ئىشچىلارنىڭ نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگىنىنى ئۇقمىدىم، ماڭىمۇ ئۇقتۇرۇش قىلمايدۇ. خىزمەتتە مەن مۇتەخەسسىسلەرگە ۋەزىپە تاپشۇرىمەن، لېكىن ئۇلا ئىشچىلارنىڭ داۋاملىق ئىشلىيەلەيدىغان ـ ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمىغاچقا، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايدىغان ـ ئورۇندىيالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

4. جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھېچكىمنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي ياغاچ ماتېرىيال ئالىدۇ. مەن سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ نېمە دەپ سورسام، ماڭا جاۋاب بېرىشنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ تېخى يەنە ناھايىتى تەرسا. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ پات ـ پات ئادەم قوشۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قوشقان بۇ ئادەملىرى زادى قەيەردە ئىشلەيدۇ؟



مەن باش ئىنژېنېر، مەن ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىشقا ھوقۇقلۇق، لېكىن ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ماڭا جاۋاب بەرمىدى.

5. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى جەھەتتە، ھازىر مۇتەخەسسىسلەر ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى پەقەت سېتىۋالالمايۋاتىدۇ، مەن گۆش سېتىۋالسام جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكىلەر كېيىنمىدىن گۆشنى نەگە ئاپىردۇ دەپ تەكشۈرۈپتۇ. يېقىنقى بىر قانچە كۈندىن بۇيان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاشخانىسىدا گۆش يوق، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار قانداقمۇ خاتىرجەم ئىشلىيەلەيدۇ؟

6. مەلۇم تەرەپلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتتى، نېفىت ئايرىش ئۆيىدىكى مۇتەخەسسىس گىلاسكىن مۇنچىغا كىرىپ، ئۇ يەردىن چىقالماي، كېيىن دېرىزىدىن چىققان. ھەر تەرەپنىڭ مۇتەخەسسىسلەرگە يامان كۆز بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز.

7. ھازىر سوۋېت پۇقرالىرى داۋاملىق قولغا ئېلىنىۋاتىدۇ، شىخودا ئاپتوموبىلدىلا قولغا ئېلىنغانلا بار. سوۋېت پۇقرالىرى ئەگەر جىنايەت ئۆتكۈزسە باش كونسۇلدىن رەسمىيەت ئۆتەشكە بولىدۇ، مۇشۇنداق خالىغانچە قولغا ئېلىۋېرىش ياخشى ئەھۋال ئەمەس.

مەن بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا بۇرۇنقى كەمچىلىكلەرنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى تولۇق سېتىۋېلىشقا بولامدۇ ـ يوق.

ئۇنىڭدىن قالسا مالىيە نازارىتىگە بېرىدىغان نېفىت، ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىغا بېرىلىدىغان بېنزىننىڭ باھاسىنى مايتاغنىڭ بەلگىلىشىگە بولامدۇ ـ يوق.

ۋىن زىجۇن: ۋىشكا قۇراشتۇرىدىغان ئىشچىلارنىڭ 18 كۈن ئىش توختىتىشىدا ئىش كىيىمىنىڭ تەقسىملەشكە يېتىشمەسلىكى سەۋەب بولالمايدۇ. ئىش توختىتىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، باش ئىنژېنېر نېرىتىنىنىڭ ئېگىزلىككە يامىشىدىغان ئىشچىدىن 10 نى قوغلاندى قىلغانلىقى، بۇنداق چارىگە ئىشچىلار ئەلۋەتتە نارازى بولىدۇ، شۇڭا ئىش توختاتقان.

«1942 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى يىغىن خاتىرىسى» يىغىنغا قاتناشقۇچىلار: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پوسكىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پېڭ جىۋەن، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لى بولىن، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باش ئىنژېنېرى نېرىتىن، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋىن زىجۇن.

زاۋۇتتىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆپىيىشىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، بۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەنلەر بار، ئۈرۈمچى، ئىلىدىن كېلىپ جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەر بار، زاۋۇتقا كىرگەندىن كېيىن ھەممىسى مۇتەخەسسىس بولۇپ كەتكەن ھەمدە ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ئەۋزەل تەمىنات بېرىلگەن. لېكىن شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى باش ئىنژېنېر نېرىتىن (ئىلاۋە: نېرىتىن، ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو-سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بولغان) ئاشكارا ھالدا ئېتىراپ قىلمايدۇ، پەقەت زاۋۇت باشلىقى، بوغالتىر، بۆلۈم باشلىقى، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تەر-



جىمىدىن ئىبارەت تۆت خىزمەتچىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ، باشقا خىزمەتچىلەرنى بىردەك ھېسابقا ئالمايدۇ. بۇنداق قىلىش جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ مەبلەغ سېلىشتىكى مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ خىزمەتچىلىرى چەكلىمىسىز كۆپىيىۋەرسە ۋە ئىش ھەققى ئايمۇ - ئاي ئۆسسە، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭ يېرىمىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، لېكىن زاۋۇت تەرەپنىڭ چەكلىك خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى زىيادە تۆۋەن بولۇپلا قالماي، ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ھېسابىغا كىرگۈزمىسە، بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، تەمىناتتىكى پەرق زىيادە كۆپ بولۇپلا قالماي، مەبلەغ سالغان ئىككى تەرەپكە تەكپۇك ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەتمۇ بىر قەدەر چىق زىيان تارتىدۇ، بۇندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ زاۋۇتقا كېلىدىغانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەشكە بولامدۇ - يوق. يوليورۇق بېرىلسە.

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋىن زىجۇننىڭ دوبەن مەھكىمىسىگە يوللىغان تېلېگراممىسى (1943 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى).

نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ شتاتى ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن، مەزكۇر زاۋۇت ئەسلىدىكى شتات ئورنى بويىچە، ئادەملەرنى داۋاملىق ئىشلىتىشى، ئاۋۋالقىدەك چىقىم قىلىشى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئىش ھەققىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈشى كېلىشمىگەن ئىش، بۇ ئىشنى تاشقى ئىشلار بويىچە پەۋقۇلئاددە خادىم مەھكىمىسىگە يوللاپ، شۇلارنىڭ ياردىمى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دوبەنى قوشۇمچە رە-

ئىس شىڭ شىسەينىڭ ۋىن زىجۇنگە جاۋاب تېلېگراممىسى
(1943 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى).

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونـ
سۇلى ئارقىلىق مەزكۇر زاۋۇتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەـ
رەپ مەسئۇللىرىغا: بۇندىن كېيىن خالىغانچە خادىملارنى
كۆپەيتىش، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ، جۇڭگو
تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېـ
رەككى، كەمسىتىشكە بولمايدۇ ......

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
پەۋقۇلئاددە ئەمەلدارى مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتكە جاۋاب خېتى (1943 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ
كۈنى).

بىز تەرەپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتىنى سوـ
ۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ خادىملىرىنىڭ تەمىناتى بىلەن سېـ
لىشتۇرغاندا باراۋەر ئەمەس، ئىش ھەققىنىلا ئالساق، ئوخـ
شاش دەرىجىلىك بۇرغىلاش ناچالنىكلىرىنىڭ بىز تەرەپتىـ
كىلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئاران 60 — 70 يۈەن، سوۋېت
ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكىلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى بولسا
700 — 800 يۈەن، ھەممە ئايرىم ھالدا 100 نەچچە
يۈەن تاماق پۇلى بېرىلىدۇ. مۇشۇنداق چوڭ پەرقلىق
تەمىنات جۇڭگو ـ سوۋېت مەبلەغ سېلىپ بىرلىشىپ باشـ
قۇرغان ئىشلاردا بىز تەرەپنىڭ ئەمگەك كۈچى مەبلىغىمىزـ
گە زىيان سالماي قالمايدۇ. بولۇپمۇ چەت ئەللىكلەر جۇڭـ
گودا مەبلەغ سېلىپ، كان ئېچىپ، ئەرزان خام ئەشيا ۋە
ئەمگەك كۈچى ھېسابىغا خام ئەشيا ۋە مەنپەئەتكە ئىگە بولـ
سا، ئەمەلىيەتتە تەڭ باراۋەرلىكتە ئۆزئارا مەنپەئەت



يەتكۈزۈش پرىنسىپىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، يەنە، تەكشۈرۈشـ
مىزچە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى
ئالدىنقى يىلى 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا ئىككى قېتىم ئۆستۈرۈلـ
گەن، بۇنى ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلغان. ھەممە بۇيرۇق بىـ
لەن يولىيورۇق بېرىلگەن، بىز تەرەپ قوشۇلمىغان بولسىمۇ،
ئۇنى توسقىلى بولمىدى.

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى
ۋىن زىجۇننىڭ شېڭ شىسەيگە يوللىغان مەكتۇبى (1943 ـ
يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى).

1942 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلـ
كىسىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە دوبەنى شېڭ شىسەي سوۋېت
ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىسـ
تىرى مولوتوۋغا مۇنداق ئالاقە ئەۋەتكەن: «...... سىلەرـ
نىڭ 1942 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى مايتاغ نېـ
فىت كېنى توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق.
(ئىلاۋە: بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان سوۋېت
ئىتتىپاقى، شىنجاڭنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى بىرلىكتە مەبـ
لەغ سېلىپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى «سوۋېت سوتسىيالىستىك
رېسپوبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىـ
لىك ھۆكۈمەتنىڭ كېلىشىم لايىھىسى»نى كۆرسىتىدۇ.) مەن
بۇ ئىشنىڭ ئەسلى ئەھۋالىنى سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى
خالايمەن. جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنـ
چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىلا مايتاغدىن نېفىت چىقـ
قانلىق ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ھەمدە ئىنتايىن ئەھمىـ
يەت بەرگەن. شۇڭا ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋېڭ
ۋېنخاۋنى شىنجاڭغا مەسلىھەتلىشىشكە ئەۋەتكەن. دۇنيا بويىچە

فاشىزمغا قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈلگەن شارائىتتا، جۇڭگونىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇشى جاپالىق باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن، پىقىر مايتاغ نېفىت كېنىنى يالغۇز جۇڭگونىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، خەلقئارادىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ دەپ قارىدىم. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇشۇنداق تەلەپنى قويغاندا ئۇنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. شۇ سەۋەبتىن بۇنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. ئالدىدا كەلگەن ئالاقىدە مايتاغ نېفىت كېنىنى ئىككى تەرەپ باشقۇرسا بولىدۇ، يەنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ياكى جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى باشقۇرسا بولىدۇ دېيىلىپتۇ. مەن پىكىرىڭلارغا تامامەن قوشۇلىمەن. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، بۇ كارخانىنى جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى باشقۇرغىنى مۇۋاپىق ......»

1942 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مولوتوۋ شېڭ شىسەيگە جاۋاب ئالاقە ئەۋەتكەن: «...... 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مايتاغ نېفىت كومبىناتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئالاقىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم ...... جانابىڭىز، مايتاغ نېفىت كومبىناتىنى باشقۇرۇشقا ئىككى تەرەپ، يەنە جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قاتنىشىنى مۇۋاپىقراق دەپ قاراپسىز. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ باياناتقا قوشۇلىدۇ ......». شېڭ شىسەي بۇ ئالاقىنى تېلېگرام ئارقىلىق جياڭ جيېشىغا ئەۋەتكەن، جياڭ جيېشى



بۇنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى فۇ بىڭچاڭ، چيەن چاڭكەي، ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋېڭ ۋېنخاۋغا ئەۋەتىپ، كونكرېت چارىسىنى مەسلىھەتلىشىپ چىقىرىشنى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەۋسىيە قىلغان.

1942 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەپسىراتىنى سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتكەن: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى مايتاغ نېفىت كېنىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرۇشنى قارار قىلدى، باللدۇرراق توختام تۈزۈپ بۇ ئىشقا كىرىشىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسى بىلەن چۈشەنچىڭىزدا مەسلىھەتنى باشلىماقچى.»

1942 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «.... سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلىشىپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى باياناتىنى مۇۋاپىق دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى فەن يۇشىن ۋە سودا ئىشلىرى ۋەكىلى باكونىننى چۈشەنچىڭىزدا جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە ئاساسلىق مەسئۇل تارماقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى تاپشۇ-

رىدۇ ......»

1942-يىلى 10-ئاينىڭ 15-كۈنى جۇڭگو-سوۋېتنىڭ شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىدىغان تۇنجى يىغىننى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ يىغىنغا جۇڭگو تەرەپتىن: فۇ بىڭچاڭ، ۋېڭ ۋېنخاۋ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن: فەنيۇشىن، باكونىن قاتناشتى، جۇڭگو تەرەپ «شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى جۇڭگو-سوۋېت بىرلىكتە باشقۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىم لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ، مايتاغ نېفىت كېنىنى تەكشۈرۈشكە ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئۈسكۈنىلىرىدىكە نەق مەيداندا باھا قويۇشقا قوشۇلدى.

1943-يىلى 1-ئاينىڭ 18-كۈنى فەن يۇشىن كاتىپنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان «سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى» (لايىھە) نى ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى.

1943-يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنى جۇڭگو-سوۋېت ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، قاتناشقۇچىلار، جۇڭگو تەرەپتىن: سۇڭ زىۋېن، ۋېڭ ۋېنخاۋ، فۇ بىڭچاڭ، ۋو گوجىن، خۇ شىزې، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن: فەنيۇشىن، باكونىن. ۋېڭ ۋېنخاۋ ئىككى تەرەپنىڭ «مۇھىم ئوخشىماسلىقى» بولغان ئون نۇقتىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان؛ فەن يۇشىن ئىككى تەرەپنىڭ لايىھەسى ئىچىدىكى پىكىردە پەرق ناھايىتى چوڭ دەپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن جاۋاب بېرىشنى بىلدۈرگەن.



1943-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى ئىككىنچى قېتىملىق يىغىن ئېچىلدى. قاتناشقۇچىلار، جۇڭگو تەرەپتىن ۋېڭ ۋېنخاۋ، ۋۇ گوچېن، خۇ شىزې، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن: فەن يۇشىن، باكونىن، ئىككى تەرەپ بىر قانچە ماددىلار ئۈستىدە مۇنازىرىلەشتى.

1943-يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى، 3-قېتىملىق يىغىن ئېچىلدى. قاتناشقۇچىلار، جۇڭگو تەرەپتىن: ۋېڭ ۋېنخاۋ، ۋۇ گوجېن، خۇ شىزې. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن: فەن يۇشىن، باكونىن، فەن يۇشىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ پىكىرىنى يەتكۈزدى: 1. دەسمايىنى ئىككى تەرەپنىڭ ھەر قايسىسى 50% تىن چىقىرىدۇ، 2. باشقۇرۇشتا ئىككى تەرەپ ئۈچتىن ئادەم چىقىرىپ دوڭسىخۇي تەشكىل قىلىنىپ، نۆۋەتلىشىپ رەئىسلىكنى ئۆتەيدۇ. بىرىنچى دىرېكتورلۇقنى سوۋېتلىك ئۆتىشى كېرەك. 3. ھەر قانداق قانۇن كېلىشىمدىكى پرىنسىپ ياكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولمىسا ئۇنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. 4. شىركەتكە ئېھتىياجلىق بولغان يەرنى باھاسىنى سۈرۈشتۈرمەي شىركەتنىڭ ئىشلىتىشىگە ئاجرىتىپ بېرىش كېرەك.

ئىككى تەرەپ بىر-بىرلەپ مۇنازىرىلەشتى.

1943-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى فەن يۇشىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى چۇۋۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇپ كېتىدىغانلىقـ

نى ئۇقتۇردى. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى توختىدى دەپ ئۇقتۇردى.

ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسەن قىسقارتىلىپ تۈزۈلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مېنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى سەۋەبىدىن ئامالسىزلىقتىن چىقارغان قارارىنى جانابىلىرىغا تەپسىلىي دوكلات قىلىشىمنى بۇيرۇدى: ...... (2) مايتاغ نېفىت كېنى ۋە نېفىت ئايرىش خىزمىتىنى توختىتىش، مۇتەخەسسىسلەرنى قايتۇرۇپ كېتىش ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇپ ئەكېتىش ......»

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى فەن يۇشىننىڭ جاڭ جىيىشىغا يوللىغان تەپسىرىسى (1943 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

... ۋېڭ مىنىستىر شۇ مەيداندىلا مۇتەخەسسىس ئەۋەتىپ مەزكۇر كانغا بېرىپ ئۈسكۈنىلەرگە باھا قويۇش ۋە كان رايونىنى تەكشۈرۈش پىكرىنى چۈشەندۈردى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باش ئەلچى فەن يۇشىن بۇنىڭغا قوشۇلدى ھەمدە ھۆكۈمىتىگە كاندا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ مەسئۇللىرىغا بۇ ئىشقا ئىمكانىقەدەر ھەمكارلىشىشنى تېلېگرام بىلەن ئېيتىشنى دوكلات قىلدى، يىغىندىن كېيىن بۇ كومىتېت ئادەم تاللاپ شىنجاڭغا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. گو كېچۈەن، شۇ خۇبېڭ قاتارلىق جەمئىي بەش كىشىنى ئۈسكۈنىلەرنى باھالاشقا ئەۋەتتى. خۇاڭ جىچىڭ، ياڭ جۇڭجيەن قاتارلىق ئالتە كىشىنى كان رايونىنى ئۆل-



چەش ئىشىغا ئەۋەتتى. مەزكۇر كىشىلەر 11 - ئاينىڭ باشلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يولغا چىقىپ شىنجاڭغا يېتىپ بېرىپ، شۇ ئايدا مايتاغ كان مەيدانىغا كېلىپ، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىدى.. ئۈسكۈنىلەرگە باھا قويۇش خىزمىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ھېساباتلىرىنى ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا مەزكۇر كاندا ئىش تاشلاش دولقۇنى پەيدا بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئىنژېنېرى ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەرنى چاقىرتىپ كەتتى، بىز تەرەپكە كېرەكلىك ماتېرىياللار تەييارلىنىپ، ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بېجىرىلىدىغان بولدى. 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سوۋېت تەۋەلىكىدىكى بۇ باش ئىنژېنېر كانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن: سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت خەلق كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، مۇھاكىمە قىلىدىغان ئورۇن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ۋەكىلى تېخى رەسمىي بېكىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئىشلەش ۋاقتىنچە قىيىن، خەرىتە، جەدۋەل، سانلىق مەلۇماتلارنى بۇيرۇق بويىچە كېچىكىپ بېرىمىز دېگەنلەرنى ئېيتتى، كومىتېتىمىز بۇ دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال كىشى ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئىشلىرى ۋەكىلى باكونىن بىلەن كۆرۈشتى. باكونىن ھۆكۈمىتىگە تېلېگرام بېرىدىغان بولدى ...... ۋەكىل باكونىننىڭ ئېيتىشىچە، شۇ ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ نېفىت كېنىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مەسئۇللىرىغا بىز تەرەپنىڭ خىزمىتىگە ئىمكان قەدەر ھەمكارلىشىشنى ئۇقتۇرغانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى تاپ-

شۇردى، ھەممە مەزكۇر كومىتېتنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىغان ئالاقىسى (1942 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى).

نېفىتلىك ھالىتىنى قوغداش توغرىسىدا، مەزكۇر كاندا جەمئىي ئالتە نېفىت قۇدۇقى بار بولۇپ، تۆمۈر قاپقاق بىلەن ھىملاپ قويۇلغان، چۆرىسى بولتا بىلەن چىڭىتىلغان ھەممە قەلەي بىلەن كەپشەرلەپ قويۇلغان. سوۋېت تەرەپ باش ئىنژېنېرىنىڭ ئېيتىشىچە: قۇدۇق ئىچىدىكى كالون بېجىرىم بولۇپ، ئۇنىڭغا تېگىلمىگەن، قۇدۇقتا باشقا ھېچقانداق نەرسە ئورنىتىلمىغان. جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ تاپشۇرۇپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن پېچەتلەپ قويۇلغان. بۇ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمدە راستەك قىلىدۇ.

2. چۈۋۈش ئەھۋالى توغرىسىدا. ئەمەلدار زېبىشاڭنىڭ مۆلچەرلىشىچە چۈۋۈش ئىشىنىڭ 70% ى ئورۇندىلىپ بوپتۇ، ئاپتوموبىل ترانسپورت مىقدارى ئاز بولغاچقا چۈۋۈپ بولغان ماتېرىياللارنىڭ يەنە يېرىمىدەكى تېخى توشۇلمىغان. بۇرۇنقى ترانسپورت مىقدارى بويىچە مۆلچەرلىگەندە، يەنە ئۈچ ئايدا ھەممىنى توشۇپ بولغىلى بولىدۇ. سۇ ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىگە كەلسەك، زاۋۇت ئىچىدە يەنە جۇڭگو - سوۋېت تېخنىك ئىشچىلىرىدىن جەمئىي 500 دىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، يەنىلا سۇ توك بىلەن تەمىنلەشكە تېگىشلىك بولغاچقا، تېخى چۈۋۈلمىدى. ئەمەلدار زېبىشاڭ كېچىكتۈرۈپ چۈۋۈشنى تەۋسىيە قىلدى. پىقىرنىڭ قارىشىچە بىز تەرەپ



نىڭ كەلگۈسىدە باھا قويۇپ سېتىۋېلىپ پايدىلىنىشىنى، بۇ ئىشنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلى بىلەن كېڭىشىپ، ئۇنى چۈۋۈماي ھېسابىتىن ئۆتكىچە قالدۇرۇپ قىلىشنى لايىق كۆردۈم ......

ۋۇ زېشاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىغان تېلېگراممىسى (1943 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى).

ئىلاۋە: ۋۇ زېشاڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى، 1943 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مايتاغنى تەكشۈرۈشكە بېرىپ، 26 - كۈنى قايتىپ كەلگەن.

سوۋېت كونسۇلى قوشۇمچە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرى ۋەكىلى ماكرووۋنىڭ 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەھكىمىگە كېلىپ ئېيتىشىچە: مايتاغ نېفىت كېنىدىكى بارلىق بۇرغىلاش قۇرۇلۇشى، ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلاردىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سوۋېت تەرەپ مەبلەغ سالغان كان مەيدانىنى بىزگە سېتىپ بەرمەكچىكەن. باھاسى ئامېرىكا پۇلىدا 2 مىليون 12 مىڭ 630 يۈەن ئىكەن. شىڭ دوبەن بىلەن مەسلىھەتلىشىش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: بۇ نېفىت كېنىنى كەلگۈسىدە ئېچىشنى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى بېجىرىشى كېرەك. بۇ كاندىكى سوۋېت تەرەپ مەبلەغ سالغان ئۈسكۈنىلەرگە باھا قويۇپ مۆلچەرلەشتە، ئۆي ئىمارەت قىسمىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېقىن ئەتراپتىن كىشى ئەۋەتىپ مۆلچەرلىشىگە بولىدۇ، بۇرغىلاش ۋە تېخنىكا قۇرۇلۇشى قىسمىغا مۇتەخەسسىس بولمىغاچقا ئىقتىساد مىنىستىرلىكى

نىڭ يۇيمىن نېفىت كېنىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى كېلىپ باھا قويۇپ بېرىشكە تېلېگرام بېرىشنى سورايمىز. بۇ ئىش بالدۇرراق مەسلىھەتلىشىپ پۈتسە، پېقىر كېلەر يىل ئەتىيازدا ئېچىشنى باشلىماقچى.

ۋۇ زېشاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىغان تېلېگراممىسى (1943 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى).

شېڭ دوبەننىڭ مەزكۇر كاننى مەركەزدىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ماشىنا - زاپچاسلىرىنى مىنىستىرلىكىمىز سېتىۋېلىش پىكرىنى قوللايمىز. شۇڭا ئالىيلىرى (ئېلاۋە: جياڭ جيېشى) مىزدىن يولىيورۇق بېرىشى ھەمدە گەنسۇ نېفىت كېنىنىڭ تېزدىن مۇتەخەسسىس ئەۋەتىپ باھالاپ كېلىشى سورالدى.

ۋېڭ ۋېنخاۋنىڭ ۋۇ زېشاڭغا جاۋاب تېلېگراممىسى (1943 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى).

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ سالغان مەبلەغ سانىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ۋە سوۋېت تەرەپنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ قىممىتىنى كۆرۈپ باھالاش ئەھۋالى:

1. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ مەبلىغى ئامېرىكا پۇلىغا 4 مىليون 346 مىڭ 170 يۈەن، ئىنژېنېر نېرىتىنىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قىسىم ماشىنا - زاپچاسلار ۋە ھېساباتلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەندىن باشقا قېپقالغان ئۆي ئىمارەتلەر ۋە نېفىت قۇدۇقىنىڭ باھاسى 2 مىليون 12 مىڭ 630 ئامېرىكا دوللىرى دېيدۇ. بۇنى پەۋقۇلئاددە ئەمەلدار ۋۇ (زېشاڭ — ت) بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق: سوۋېت ئىتتىپاقى



تەرەپ ساتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ ئالىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ سالغان مەبلەغ ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

2. بىز تەرەپنىڭ مەبلىغىنى ئىككى تەرەپنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى بىلەن ئامېرىكا پۇلىغا 1 مىليون 53 مىڭ 978 يۈەن يەتتە مو تۇققۇز فۇڭ قىلىشقا قوشۇلدى. تەكشۈرۈشىمىزچە يۇقىرىقى مەبلەغدىن باشقا مالىيە نازارىتىنىڭ 1930 - يىلى 12 - ئايدا مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ماشىنا - زاپچاس توشۇشى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن كىرا ھەققى 175 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بار ئىكەن. ئىنژېنېر نېرىتىنىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ 1941 - يىلى 4 - ئايدا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى سودا شىركىتىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشى ئۈچۈن مالىيە نازارىتىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل بولۇپ، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ كىرا ھەققى ئەمەس. بۇنى مەبلەغ قىلىشقا بولمايدىكەن.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى خىزمەتچىسى چېن يۇجاڭ، سۇ جيۈەن، ۋاڭ لىنسېڭ، ۋېن زىجۇلەرنىڭ جۇڭگو - سوۋېت تەرەپنىڭ مەبلىغىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات (1943 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى).

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئۆلكىمىزنىڭ شىخو مايتاغ نېفىت كېنىنى سېتىپ بېرىش ئىشى توغرىسىدا، ئۆتكەن يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 41 - نومۇرلۇق تېلېگراممىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتىپ ئۆي - ئىمارەت قىسمىنىڭ باھاسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ئېيتىلغان. نېفىت قۇدۇقى قىسمىغا كەلسەك بايلىق مەنبە

كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ئىنژېنېر ئەۋەتىشىنى (ئىلاۋە: گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى لى تۇڭجاۋ) كۈتۈپ قالغان. بۇ كىشى ئالدىنقى يىلنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ باھا قويۇشقا كىرىشكەنىدى. بۇ يىل 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى باھا قويۇش ئىشلىرى ئاياغلاشتى، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قىممىتى ئامېرىكا پۇلىغا 250 مىڭ دوللار، نېفىت قۇدۇقى قۇرۇلۇشى ئامېرىكا پۇلىغا بىر مىليون 250 مىڭ دوللار، جەمئىي 1 مىليون 500 مىڭ دوللار بولدى. لېكىن باھا قويغۇچى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قويۇلغان باھا بەك چىڭ بولغان. ئەسلىدىكى باھاسىدىن خېلى چوڭ پەرقلىنىدۇ. ئەگەر بۇنى يېڭىباشتىن قۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە جىق پۇل كېتىدىكەن. دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ: نېفىت قۇدۇقى قىسمىغا ئامېرىكا پۇلىغا 2 مىليون 20 مىڭ دوللار، ئۆي - ئىمارەتكە 490 مىڭ دوللار، جەمئىي 2 مىليون 510 مىڭ دوللار باھا قويدى. سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ سېتىش باھاسىنى 1 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈردى. لېكىن بۇنىڭدىن يەنە ئازايتمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بىز تەرەپنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ پېچەتلەنگەن قۇدۇقنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ۋە پېچەتنى ئېلىش قەدەم باسقۇچلىرىنى يازما ئىزاھلايدىغان بولدى. پېقەت ئۇنى بىر تەرەپ قىلسا، نېفىت چىقىدۇ. ئۇلار يەنە قۇرۇلۇشقا دائىر بارلىق خاتىرە خەرىتىلىرىنى، جەدۋەللىرىنى پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بېرىدىغان بولدى. شىڭ دوبەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرگىنىمدە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ باھاسىدا مۇنداق چوڭ يول قويۇشى ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشكە



ئالدىرىغانلىقىدىن بولغان، شۇڭا پۇرسەتنى ئىگىلەپ، شۇ باھا بويىچە سېتىۋېلىش كېرەك دېدى. مىنىستىر ۋېڭ ۋېنخاۋغا تېلېگرام يوللاپ يوليورۇق سورىغىنىمىزدا بايلىق مەنبە كومىتېتى ئۆز باھاسى بويىچە سېتىۋالسا بولىدۇ دەپ يوليورۇق بەردى ھەمدە توختام تۈزۈشكە تولۇق ھوقۇق بەردى. شۇندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمىزدە مەزكۇر كاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن ئۆزئارا ئېلىم - بېرىمى بولۇپ، ئېنىقلىغىلى بولمىغانلىقتىن ئادەم ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى بىلەن بىرلىكتە مەزكۇر كانغا بېرىپ ھېساباتنى ئېنىقلاشقا ياردەملەشتۇق. شۇندىن كېيىن سوۋېت كونسۇلى بىلەن ھېسابىنى توغرىلىدۇق. توختامنىڭ ماددىلىرى تۈزۈلۈپ بولدى. بۈگۈن (16 - كۈنى) مەھكىمىدە تۈزۈلگەن توختامنىڭ خەنزۇچە، رۇسچە نۇسخىسىغا ئىمزا قويۇلدى. توختامنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى مەزكۇر تېلېگرام ئارقىلىق بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەۋەتتۇق. كىشى ئەۋەتىپ نېفىت كېنىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى ھەمدە توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشنى سورايمەن. بۇنىڭدىن باشقا مەھكىمىنىڭ دوبەن مەھكىمىسى ئارقىلىق بىز تەرەپنىڭ زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئاۋۋال تاپشۇرۇپ ئېلىپ ساقلاپ تۇرۇشقا ھاۋالە قىلىشىنى سورايمەن.

ۋۇ زېشاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تېلېگراممىسى (1944 - يىل 2 - ئاينىڭ 16- كۈنى).

(1) ب تەرەپ (ئىلاۋە: سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ)

شىنجاڭ ئۆلكىسى شىخو ناھىيىسى ئىچىدىكى مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەئەللۇق بولغان بارلىق نېفىت قۇدۇقى قۇرۇلۇشى ۋە ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى ئا تەرەپ (ئىلاۋە: جۇڭگو تەرەپ) كە سېتىپ بېرىدۇ، ھەمدە ئا تەرەپ ئەۋەتكەن باھا قويغۇچى خادىملارنىڭ نەق مەيداندا باھالىغان سانى ۋە ب تەرەپ بەرگەن ئالاقىدار نېفىت قۇدۇق قۇرۇلۇشى، ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئا تەرەپنىڭ تاپشۇرۇۋېلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

(2) ئا تەرەپ ب تەرەپنىڭ يۇقىرىدىكى نېفىت قۇدۇق قۇرۇلۇشى ۋە ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈن جەمئىي نەق بىر مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بېرىدۇ. يەنى جۇڭخۇا مىنگو چۇڭچىڭ مەركىزىي بانكىسى ئارقىلىق نيو - يورك يولى بانكىسىغا (*CHASEBANK*) تېلېگرام ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بانكىسى ھېسابات نومۇرىغا كىرگۈزىدۇ ...

(3) مەزكۇر توختام ئىمزالاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ خادىم ئەۋەتىپ يۇقىرىدىكى نېفىت قۇدۇق قۇرۇلۇشى، ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ھەمدە بۇنى 15 كۈن ئىچىدە ئېنىق پۈتتۈرۈپ، مۇھاپىزەتچىلەرنى (ئىلاۋە: 1943 - يىلى 6 - ئايدا مايتاغ نېفىت كېنىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنىنى قومۇل ئارقىلىق چېكىندۈرۈپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ) قايتۇرۇپ كېتىشكە قوشۇلدى.

(4) ب تەرەپ مەزكۇر توختام ئىمزالانغاندىن كېيىن بىر ئاي ئىچىدە مەزكۇر كاندىكى نېفىت قۇدۇق قۇرۇلۇشىغا ئائىت خاتىرە سىخېمىلار مەسىلەن: ① ئېلېكتر



بىلەن تەكشۈرۈش خاتىرىسى. ② بۇرغىلاش خاتىرىسى. ③ جىنىس قاتلىمىنىڭ كەسمە يۈز سىخېمىسى. ④ مايتاغ رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش سىخېمىسى قاتارلىقلارنى شۇنىڭدەك بېرىشكە بولىدىغان باشقا تۈرلۈك سىخېمىلارنى ئا تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

جۇڭگو - سوۋېتنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئىلگىرىكى قۇرۇلۇش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش - سېتىش توغرىسىدىكى «توختامى» (1944 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى).

جۇڭگو مەركىزىي بانكىسى 2 - ئاينىڭ 19- كۈنى جەمئىي باھا پۇلى نەق بىر مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى نيو - يورك يولى بانكىسىغا ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بانكىسى ھېسابات نومۇرىغا كىرگۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان نېفىت قۇدۇقى، ئۆي - ئىمارەت، ماشىنا قاتارلىقلارنى جۇڭگو تەرەپ 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تاپشۇرۇۋېلىپ پۈتتۈردى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتكەن ئالاقىسى (1944 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى).

مىنگونىڭ 32 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېتىلدى، كان زاۋۇتنىڭ پۈتۈن ئۈسكۈنىلىرى — ئېنېرگىيە، ئېلېكتر، تېخنىك ماتېرىياللار ۋە ۋودوپروۋود قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممىسى چۇۋۇپ ئېلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇپ كېتىلدى، جېنى ئار قالغان ۋە ئىشلىتىشكە يارىمايدى-

غان ئاز مىقداردىكى سايمانلار، تېخنىك ماتېرىياللار بىر تەرەپكە قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بايلىق مەنبە كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە زور مىقداردا ئامېرىكا دوللىرى تۆلەپ بەردى، كېيىن بايلىق مەنبە كومىتېتى ئادەم ئەۋەتىپ مەزكۇر زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئىشلىدى، قىيىنچىلىق ناھايىتى كۆپ بولدى، لېكىن مەھسۇلاتى بۇرۇنقىدەك بولمىدى.

ۋۇفېن «شىنجاڭ كانچىلىق ئەھۋالى» (1946 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قول يازما).

## V شىخو نېفىت كېنىغا تەييارلىق كۆرۈش ئورنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە

شېڭ شىسەي كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن...... شىخو مايتاغ نېفىت كېنىدىكى سوۋېتلىكلەر نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىدىن باشقا چۇۋۇپ كېتىشكە بولىدىغان ماشىنا، ماتېرىيال ۋە يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن سۇ تۇرۇبىسى، نېفىت تۇرۇبىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ ئېلىپ كەتتى. شېڭ شىسەي ئىقتىساد مىنىستىرلىكىدىن مەزكۇر كاننى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. بايلىق مەنبە كومىتېتى بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك پۇل خەجلەپ، پۇلنى نيۇ - يوركقا تاپشۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈكنى سېتىۋالدى ھەمدە مەزكۇر كاننى يۇيۈمەن نېفىت كېنىنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئېچىشىنى، بۇ ئىشنى مېنىڭ مەسئۇل بولۇپ



بېجىرىشىمنى تاپشۇردى. مەن يۇيۈمەن نېفىت كېنىنىڭ ئىنژېنېرى لى تۇڭجاۋ (ئۆلۈپ كەتتى) نى شىخو مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئەۋەتتىم. ھەمدە بىر قانچە چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن بىر تۈركۈم بۇرغىلاش ۋە نېفىت ئاققۇزۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇپ ئاپىرىپ بەردىم.

.... مەن 1943 - يىلى (ئىلاۋە: 1944 - يىلى بولۇشى كېرەك) 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا يۇيۈمەن نېفىت كېنىنىڭ باشلىقى يەنشۇاڭ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى جىن كەيپىڭ ۋە لى تۇڭجاۋ قاتارلىقلار بىلەن بىللە يۇيۈمەن نېفىت كېنىدىن شىنجاڭغا شىخو مايتاغ نېفىت كېنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن باردىم.

بىز 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردۇق..... شېڭ شىسەي ماڭا تېلېفون بېرىپ: «.... سەن شىخو نېفىت كېنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سېنى تاماققا تەكلىپ قىلىمەن. شۇ چاغدا كۆرۈشەيلى.... مەن مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ مەسئۇلىغا تېلېگرام بەردىم، سەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ» دېدى. بىر ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ۋاڭ سەنۇجاڭ مېنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت زالىغا بېرىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىلىرىگە سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئىقتىساد مىنىستىرلىكى بايلىق مەنبە كومىتېتىدىن شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن شىخو نېفىت كېنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتىلگەنلىكىمنى، ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپرەك ياردەم بېرىشىنى سورايدىغانلىقىمنى سۆزلىدىم. مەن شېڭ شىسەي-

نىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ شىخو نېفىت كېنىدىن
چىققان نېفىتنىڭ كۆپ بولمىغانلىقى سوۋېتلىكلەرنىڭ
قېرىشقانلىقىدىن بولغان، دەپ گۇمانلانغانلىقىنى ئاڭلىغان
ئىدىم. چۈنكى بۇ يەردىن نېفىت كۆپ چىقسا سوۋېت ئىتتى-
پاقىدىكى باكو نېفىتلىكىدىن چىقىدىغان نېفىتكە تەسىر
يېتەرمىش. بۇ نېفىت كېنىنى ئېچىشقا قارىتا ساۋادى كەم-
چىل بولغان بىر خىل قاراش ئىدى ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق
گەپ بويىچە بولغاندا مېنىڭدىنمۇ يۇيمېن نېفىت كېنىدىن
چىقىدىغان نېفىتكە تەسىر يېتىپ قالىدۇ دەپ قەستەنگە
نېفىتنى ئاز چىقىرىۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىنىشى مۇمكىن. نا-
ۋادا بۇنداق سۆزلەر شېڭ شىسەينىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا
خىزمىتىمىزگە ئورۇنسىز قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ-
لارنىڭ بۇ خىل گۇمانىنى تۈگىتىش ئۈچۈن مەن نېفىت
كېنىنى ئېچىشقا دائىر ساۋاتلارنى سۆزلىدىم. مەن ئايال-
لاردا ئىككى ئەمچەك بولىدۇ. بالا بىرسىنى ئىمىپ بولغان-
دا، ئاندىن يەنە بىرسىنى ئىمىدۇ، ئىككى ئەمچەك بىر -
بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، سۈتى بىر - بىرسىگە ئۆتۈشۈپ
كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغان
ئىككى نېفىتلىك بىر - بىرسى بىلەن تۇتۇشۇپ، مەھسۇلات-
قا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بىرلا نېفىتلىك بولغاندىمۇ يەنە
نۇرغۇن قۇدۇق قېزىپ نېفىت ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ
بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئەمگەنگە ئوخشاش ئىش
دەپ سۆزلىدىم. مەن مۇشۇنداق مىسال قىلىپ سۆزلىسەم
ئۇلار ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. مەن شىخودىن نېفىت
چىقسا باكو ياكى يۇيمېندىن نېفىت چىقىشقا تەسىر يېتى-
دۇ دېگەن ئەخمىقانە گەپلەرگە ئوچۇق ئىزاھات بەرمىگەن



بولسامۇ ئۇلار بۇ مىسالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە
چۈشىنىشتى. بۇ كېيىنچە ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قېلىشنىڭ
ئالدىنى ئالىدۇ.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مەن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ
غەربكە قاراپ مېڭىپ، شىخو نېفىت كېنىغا كەلدىم. بۇ يەر
ئۈرۈمچىگە 200 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىكەن. مەن يولغا
چىقىشتىن ئاۋۋال شېڭ شىسەي بىلەن تېلېفوندا سۆزلى-
شىپ، مەن ئەتە شىخو نېفىت كېنىغا بارىمەن دەپ قويى-
دۇم....

شۇ كۈنى مەن شىخو مايتاغ نېفىت كېنىغا يېتىپ
كېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ نېفىت كېنىغا ئەۋەتكەن مەسئۇل
ئادىمى بىلەن 17 - كۈنى تاپشۇرۇۋېلىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش
رەسمىيىتىنى بېجىرىشنى بېكىتتىم.

17 - كۈنى تاپشۇرۇپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇرا-
سىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلار تېخى پوجاڭزا ئېتىپ تەبرىك-
لىدى. ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن كاننىڭ بارلىق خىزمەت-
لىرى لى تۇڭجاۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىشلىنىدىغان بولدى.

سۇن يۆچى: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
مەزگىلىدە شىنجاڭغا ئىككى قېتىم بارغانلىق خاتىرىسى»
(«تارىخي ماتېرىياللاردىن تاللانما» 84 - قىسىم، تارىخي
ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1982 - يىل 12 - ئاي).

1943 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
ھەمكارلىشىپ ئېچىش تەكلىپىنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. سو-
ۋېت ئىتتىپاقى ماشىنىلارنى توشۇپ ئەكەتتى. لېكىن نېفىت-
لىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جۇڭگو تەرەپ خېلى مەب-
لەغ چىقىرىپ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋال-

دى. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ كان توختاپ كەتتى.

1944 - يىلى يۇيمېن نېفىت كېنىنىڭ دىرېكتورى سۇن يۆچى قاتارلىقلار كاننى كۆزدىن كەچۈرگىلى، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پىلانلىغىلى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇيمېندىن بىر قىسىم ماشىنا توشۇپ كېلىندى ھەمدە شىخو نېفىت كېنىغا تەييارلىق كۆرۈش ئورنى قۇرۇلدى. 1945 - يىلى كۈنىگە 100 تونىنا بېنزىن ۋە نېفىت ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى، شۇندىن كېيىن ئىلىدىن شىخوغا يۆرۈش قىلىشمۇ توختاپ قالدى.

خۇاڭ جىچىڭ: «شىخو مايتاغ كېنى» (قول يازما).

ئىلاۋە: كۈنلۈك مەھسۇلاتى 100 تونىنا ئۆپچۆرىسىدە دېگەن سۆز مۇۋاپىق ئەمەس. «تونىنا» دېگەن «تۈڭ» دەپ ئۆزگەرتىلىشى كېرەك.

گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسىنىڭ باش دىرېكتورى سۇن يۆچى ھەمراھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولۇپ 12 كىشىنى باشلاپ 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مايتاغقا يېتىپ كېلىپ، نېفىت كېنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە رىياسەتچىلىك قىلدى. 15 - كۈنى بۇ كان شىخو نېفىت كېنىغا تەييارلىق كۆرۈش ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. لى تۇڭجاۋ مۇدىرلىققا تەيىنلەندى، سابىق زاۋۇت باشلىقى ۋىن زىجۇن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، ئاستىدا ئۈچ بۆلۈم ۋە بىر ئىسكىلات قۇرۇلدى. كۈيتۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بۇرۇنقىدەك قېلىۋەردى. ھەر قايسى بۆلۈملەردىن بوغالتىر بۆلۈمى بۇرۇنقى پېتى قېلىۋەرگەن-



دىن باشقا بۆلۈملەر، ئىسكىلاتقا بۇ قېتىم كەلگەنلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا تولۇقلاندى، شتاتنىڭ سىرتىدىكى بۆلۈم باشلىقلىرى باشقا ئىشقا قويۇلامدۇ، بۇ تېخى بەلگىلەنمىدى. ئۆتكەندە بۇ زاۋۇتتىكى خىزمەتچى، ئىشچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى كوللېكتىپ تاماق يەيدىكەن، ئائىلىسى بولغانلار ھەر بىر كىشى ئېيىغا 30 يۈەن تاماق پۇلى تۆلەيدىكەن. بۇ قېتىم كوللېكتىپ تاماق يېيىش بىكار قىلىنىپ، تاماق پۇلى كولىنىدۇ دېگەن گەپلەر بار. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ تەسىرىدىن كونا خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولماي قېلىۋاتىدۇ. كۆپىنچىسى رۇخسەت سوراپ، جان بېقىشنىڭ يولىنى تاپىمىز دېيىشىۋاتىدۇ......

شىنجاڭ ئۆلكىلىك مۇھاپىزەت ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى خۇ شاۋلياڭغا يوللىغان «مايتاغ ساقچى ئىدارىسىنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى» (1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى).

ئورنىمىز مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرغاندىن بېرى ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. باش دىرېكتور سۇن يۆچى 8 - ئاينىڭ باشلىرى بۇ يەرگە كېلىپ 20 نەچچە كۈن تۇرۇپ، نېفىت ئېلىش ئايرىش قۇرۇلۇشىنى پىلانلىغاندىن باشقا، خىزمەتچىلەر، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بۇ چاغ بۇ كاننى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى باشلانغان چاغ بولۇپ، خىزمەتچىلەر، ئىشچىلاردىن ئەينى ئەھۋالنى ئۇققانلار ئۆتكۈن-

چى مەزگىلدە ئادەم قىسقارتىلدىغان بولۇپتۇ دېيىشكەن. سۇڭ
دىرېكتور خىزمەتچىلەر، ئىشچىلارغا خاتىرجەم ئىشلەش توغ-
رىسىدا كۆرسەتمە بەردى. ئورنىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن
بۇ كاننى ئۆتكۈزۈۋېلىشى ماي مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش،
ئارقا سەپنى تەمىنلەشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىدى.
ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەتچى، ئىشچى كۆ-
پەيتىش كېرەك. قانداقمۇ ئىشچى قىسقارتىش غەرىزى بول-
سۇن؟ خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ ئۇزۇقلىنىش چارىسىگە كەل-
سەك، خىزمەتكە، ئىشچىلارنىڭ ئۆزى ھەقسىز ئوزۇقلىنىدۇ.
ئائىلە - تەۋەلىرىدىن يېيىشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قا-
راپ تاماق راسخوتى ئېلىنىدۇ، بۇ ئەسلىدىكى بەلگىلىمە
بويىچە بېجىرىلىدۇ. باش دىرېكتور سۇن 8 - ئاينىڭ 31-
كۈنى پۈتۈن كاندىكى خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ تەمىناتىنى
ياخشىلاش، ھەر ئايلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى كۆپەيتىش،
بۇنىڭ سانى ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنىڭ بىر ھەسسىسىگە-
چە بولۇش، مۇشۇ يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇش
ھەققىدە يازما يوليورۇق بەردى. ھۆكۈمەت قولىدىكى دۆ-
لەت ئىشىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى ئۇقمايدىغانلارنىڭ ئەپ-
قاچتى گەپلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەزكۇر كان دۆ-
لەت مۇداپىئەسىدىكى ئېغىر سانائەت ئورنى، بېنزىن ئىش-
لەپچىقىرىش ئارقا سەپ ترانسپورتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇ-
ھىم، ھۆكۈمەتنىڭ پايدا - زىياننى ئايرىش ئۈچۈن دۆ-
لەتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى سورايمىز.
«شىخو نېفىت كېنىغا تەييارلىق كۆرۈش ئورنىنىڭ
خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ كولىېكتىپ ئوزۇقلىنىش ئىشى
توغرىسىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللىغان جاۋاب



تېلېگراممىسى» (1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى).
مىڭگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) سوۋېت ئىتتى-
پاقى تەرەپ خادىملىرى چېكىنىپ كەتتى. تۈرلۈك نېفىت
ئېلىش، ئايرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن بىر مۇنچىسىنى دۆلەتكە
تۇشۇپ ئەكەتتى، قۇرۇلۇش توختاپ كەتتى. 1933 - يىلى
ھۆكۈمەت قايتۇرۇۋېلىپ، گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسىگە
ئادەم ئەۋەتىپ، تۈرلۈك تېخنىك ماتېرىياللارنى ئەكىلىپ
رەتكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تاپ-
شۇردى. نېفىت چىقىدىغان قۇدۇق 20-، 30-، 36-، 37-،
39-، 42-، 43- قاتارلىق يەتتە قۇدۇق بولۇپ، كۈنلۈك
مەھسۇلاتى 70 توڭچە ئىدى، بىر مەزگىل تىجارەت قىلىن-
غاندىن كېيىن «باندىت» لار پاراكەندىچىلىك سالغانلىق-
تىن، ئىلاجىسىز تاشلىۋېتىلدى......
يەنشۇاڭ: «جۇڭگو نېفىت كانلىرى خاتىرىسى» (ما-
شىنكىدا بېسىلغان نۇسخا، يىللىرى ئېنىق ئەمەس).
بىز تەرەپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بارغاندا، تۈرلۈك ماشىنا،
زاپچاسلار توشۇپ كېتىلگەن ئىكەن. بىر قانچە ئاي تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىپ رەتلەش ۋە تولۇقلاش ئارقىلىق بىر-
ىنچى قۇدۇق رېمونت ماشىنىسىدىن بىرى، 100 توڭلۇق
تۇرۇبىسىمان ئايرىش پېچىدىن بىرى، 80 توڭلۇق ۋە 25
توڭلۇق ھورلاندۇرۇش پېچىدىن بىردىن، بەش توڭلۇق
سىلىقلاش مېيىنى ئايرىش پېچىدىن بىرى پۈتتۈرۈلدى.
يەنشۇاڭ: «جۇڭگو نېفىت كانلىرى خاتىرىسى» (ماشىنك-
ىدا بېسىلغان نۇسخا، يىللىرى ئېنىق ئەمەس).
1933 - يىلى گەنسۇ نېفىت كېنى ئىدارىسى ئۆتكۈزۈ-
ۋېلىپ باشقۇرغاندىن كېيىن، ھەر كۈنلۈك نېفىت مەھسۇ-

لاتى 60 تۇڭدىن 70 تۇڭغىچە بولۇپ، بىر يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشتى. «باندىت» ئەسكەرلىرى توپىلاڭ قىلىپ، شىخو قولدىن كەتكەندىن كېيىن خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار ئالدىراپ - تېنەپ چېكىندى، قۇرۇلۇش شۇنىڭ بىلەن توختاپ كەتتى. ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرغاندىن كېيىن قۇدۇقلارنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلات جەدۋىلى تۆۋەندىكىچە:

| قۇدۇق نومۇرى | كۈنلۈك نېفت مەھسۇلاتى (تۇڭ) |
|---|---|
| 20 - قۇدۇق | 7.5 |
| 30 - 〃 | 2 |
| 36 - 〃 | 7.5 |
| 37 - 〃 | 7.5 |
| 39 - 〃 | 7.5 |
| 42 - 〃 | 30 |
| 43 - 〃 | 8 |
| جەمئىي | 70 |

يەنشۇاڭ «جۇڭگو نېفت كانلىرى خاتىرىسى» (ماشىنكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا، يىللىرى ئېنىق ئەمەس).

1943 - يىلى 4 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىرلىشىپ باشقۇرۇشنى توختىتىشنى قارار قىلدى، بارلىق نېفت ئېلىش، ئايرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى دۆلىتىگە توشۇپ ئەكەتتى. شۇ يىلى 6 - ئايدىن 10 - ئايغىچە جەمئىي 12 مىڭ تونا تېخنىك ماتېرىيالىنى توشۇپ ئەكەتتى، ھەممە نېفت قۇدۇقلىرىدىكى كالونىنى چى-



قىرقۇۋېلىپ، قۇدۇق ئاغزىنى پېچەتلىۋەتتى، قېپقالغان پېچەتلىۋېتىلگەن نېفت قۇدۇقىدىن 11 نى ۋە ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى ھەممە نېفت قۇدۇقى قۇرۇلۇش خاتىرىسىنى بايلىق مەنبە كومىتېتى بىر مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋېلىپ، 1944 - يىلى 2 - ئايدا توختام تۈزۈشتى، ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن گەنسۇ نېفت كېنىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ، تېخنىك ماتېرىياللارنى ئاپىرىپ رەتكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تاپشۇردى. بىر مەزگىل باشقۇرغاندىن كېيىن يەرلىكتىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى سەۋەبىدىن تاشلىۋېتىلدى.

1942 - يىلى 1 - ئايدا ئۈچ ئېغىز ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى بار ئىدى. 1943 - يىلى 4 - ئايدا توققۇز ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى بار ئىدى. 1944 - يىلى گەنسۇ نېفت كېنى ئىدارىسى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن يەتتە ئېغىز ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، كۈنلۈك نېفت مەھسۇلاتى 60 تۇڭدىن 70 تۇڭغىچە بولدى. ئۈسكۈنە جەھەتتە بىر قانچە ئاي تولۇقلاش ۋە رەتلەش ئارقىسىدا بېنزىنلىق قۇدۇق رېمونت ماشىنىسىدىن بىرى 100 تۇڭلۇق تۈرۈبىسىمان ئايرىش پېچىدىن بىرى، 80 تۇڭلۇق ۋە 25 تۇڭلۇق ھورلاندۇرۇش شەكلىدىكى پېچنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىرى، بەش تۇڭلۇق سىلىقلاش مېيى ئايرىش پېچىدىن بىرسى پۈتكۈزۈلدى. 1944 - يىلى 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە جەمئىي 1234.4 تونا نېفت ئىشلەپچىقىرىلدى، 380.4 تونا بېنزىن، 258 تونا كىروسىن ئىشلەپچىقىرىلدى، 1945 - يىلى 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە جەمئىي 1858.3 تونا نېفت ئىشلەپچىقىرىلدى، 600.5

تونىنا بېنزىن، 469.2 تونىنا كېروسىن ئايرىپ چىقىلدى، 9 - ئاينىڭ باشلىرى يەرلىكتە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى بولغانلىقتىن، خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار ئالدىراپ - تېنەپ چېكىنىپ كەتتى، قۇرۇلۇش شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى.

«جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» (ماشىنىكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا، 1949 - يىلى).

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، شېڭ شىسەي دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى مايتاغ نېفىت كېنىنى ئېچىش، بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ياردەم بەرگەنىدى، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغانىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خادىملىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى ئېلىپ كېتىلدى، مېنىڭچە شىنجاڭدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سوۋېتلىكلەرنىڭ تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ياردىمى بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا تىنچلىق كېلىشىمىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن (ئىلاۋە: يەنى 1946 - يىل 1 ئاينىڭ 2 - كۈنى جاڭ جىزجۇڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت يەرلىك ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالىغان «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن رايونلار خەلق ۋەكىلىنىڭ قوراللىق توقۇنۇشىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى») شەرتنامىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە تۈزۈپ چىقىشقا كىرىشتىم، ھەممە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىپ، ماقۇللانغاندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئوتتۇرىغا



قويدۇم. باش كونسۇل ۋە سودا ئىشلىرى ۋەكىلى ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى، لېكىن موسكۋادىن يولىيورۇق سوراشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، مېنىڭچە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تۈزىتىش كىرگۈزگەن شەرتنامىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنىڭ ئويلىشىپ كۆرىدىغان ئىمكانىيىتى بار ئىدى. كېيىن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش (بىز تەرەپنىڭ باش ۋەكىلى تاشقى ئىشلار پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى يولداش ليۇ زېروك ئىدى) ئارقىلىق جۇڭگو - سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى (سودا مەسىلىسى، رەڭلىك، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال قېزىش مەسىلىسى، نېفىت ئېلىش مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) ئاخىرى ۋۇجۇتقا چىقتى. لېكىن بۇ چاغدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى يەنە ئىككىلىنىشكە باشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلگىچە بىر قارارغا كېلەلمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالانغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى مۇشۇ لايىھەنى ئاساس قىلدى.

«جاڭ جىزجۇڭ ئەسلىمىلىرى» (تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1985 - يىل).

جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى 1950 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلدى. 1951 - يىلى پائالىيەت باشلىدى، بۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەققىيات شىركىتىگە قاراشلىق مايتاغ نېفىت زاۋۇتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئاساس قىلدى. ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋال ئىنتايىن بىچارە ھالەتتە ئىدى. بۇ يەردە ئاددىي قول سانائەت ئۇسۇلى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان ئىككى ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى، سىغىمى توققۇز كۇب مېتىر كېلىدىغان ھورلاندۇرغۇچتىن تەشكىل تاپ-

قان ئىككى ھورلاندۇرۇش ئۇسكۇنىسى، چۆلسىرەپ قالغان، ئاساسى جەھەتتىن رېمونت قىلىشقا توغرا كېلىدىغان، بىر قانچە كورپۇس تۇرالغۇ ئۆي بار ئىدى.

«جۇڭگو، سوۋېت نېفت شىركىتىنىڭ 1951 - يىللىق خىزمىتىدىن خۇلاسە» (ماشىنكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا).

## VI مايتاغ نېفت كېنىدىكى ئىشچىلارنىڭ نامرات تۇرمۇشى ۋە ئىش تاشلاش كۈرەشلىرى

جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ تاماق، ياتىقىنى كان بېرىدۇ. ھەر كىشىنىڭ ئايلىق تامىقى ئۈچۈن 50،04 يۈەن كېتىدۇ. ئەگەر خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى تاماقتا بىللە بولسا ھەر كىشىدىن ئېيىغا 10 يۈەن شىنجاڭ پۇلى ئېلىنىدۇ، ھەر بىر ئىشچىنىڭ ئايدا ئايرىم ئالىدىغان ئىش ھەققى 50 يۈەن. لېكىن ئىشچى يېتىشمىگەچكە، سىرتتىن پارچە - پۇرات ئېلىنىدىغان ئىشچىلارنىڭ ھەققىگە كېتىدىغان پۇل كۆپرەك بولۇپ ئىشچىلاردىن قېچىپ كېتىدىغانلار بار ئىدى، شۇ يەرنىڭ مال باھاسى بويىچە گۈرۈچنىڭ ھەر بىر كۇرسى 420 كونا جىڭ (ھەر جىڭى 16 سەر) بولۇپ، شىنجاڭ پۇلىغا 140 يۈەن، ئۇنىڭ ھەر يۈز جىڭى شىنجاڭ پۇلىغا 35 يۈەن، چوشقا گۆشىنىڭ ھەر جىڭى شىنجاڭ پۇلىغا 1.5 يۈەن بولۇپ، ئۆرلەپ كېتىش يۈزلىنىشى بار ئىدى.

گۇڭ شۆسوي: «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفت كېنىنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن دوكلات» (1942 - يىل 7 - ئاي، مايلىق باسما).



سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىدىن جەمئىي 120 كىشى بولۇپ، ئىش ھەققى ئامېرىكا پۇلىغا 360 دوللاردىن 50 دوللارغىچە ئىدى. جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىدىن 54 كىشى بولۇپ، ئىش ھەققى شىنجاڭ پۇلىغا 30 يۈەندىن 120 يۈەنگىچە ئىدى، تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلىنەتتى. ئىشچى جەمئىي 776 كىشى بولۇپ، ھەممىسى جۇڭگولۇق ئىدى. تېخنىك ئىشچىلار 69% نى ئىگىلەيتتى، ئىش ھەققى ئېيىغا 40 يۈەندىن 135 يۈەنگىچە ئىدى.

«شىنجاڭ مايتاغ نېفت كېنىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن قىسقارتىلما» (1943 - يىلى).

بىز تەرەپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئازراقمۇ كۆپەيتىلمىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە ئايرىپ بايان قىلىمەن:

(1) زاۋۇت ئىچىدىكى ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ كاچاللىرىنىڭ ئىش ھەققى 80 - 90 يۈەن، ياكى 100 يۈەن بولغاندىن باشقا تامچى، ياغاچچى، كوچىگار ۋە ئادەتتىكى تېخنىك ئىشچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 40 - 50 يۈەن ياكى 50 - 60 يۈەن، شاگىرتلار ۋە ھويلىكەشلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئاران 30 يۈەن ئۆپچۆرىسىدە.

(2) زاۋۇت ئىچىدىكى خىزمەتنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسلانغاندا ئوت ئاپىتىدىن ئالاھىدە مۇداپىئە كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى كوللېكتىپ تاماق يەيدۇ. لېكىن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئايدا 30 - 40 يۈەنچە تاماق پۇلى ئېلىنىدۇ.

ئەگەر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچ - تۆت جان بولۇپ قالسا ئايلىق ئىش ھەققى ئايلىق تاماق پۇلىنىڭ يېرىمىغىمۇ يېتىشمەيدۇ، ھەتتا تاماكىمۇ سېتىۋالالمايدۇ.

(3) ھازىر نەرسە - كېرەكلەر قىممەتلىشىپ كەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالىدىغىنى ئايلىق بولغاچقا، ئائىلە - تەۋەلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ قامدىيالمايدۇ، كۆپچىلىك باللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل، بۇنداق قىيىن ئەھۋالنى ئامال قىلىپ ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك.

(4) ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالىدىغان ئىش ھەققى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى خاتىرجەملىكىگە تەسىر يېتىدۇ، ياز كېلىپ كۈن ئىسسىسا، قېچىپ كېتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش تەس بولۇپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

(5) سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئىش ھەققى بىز تەرەپتىكىلەردىن بىر قانچە ئون ھەسسە ئارتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەمىناتى مول، تۇرمۇشى باياشات، بۇلار خىزمەت كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېڭى تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالدىنىپ، تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىشلار ئاسان چىقىپ قالىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي ئىش. خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى كۆزلەپ، ئادەتتىكى تېخنىك ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېقىندا بەلگىلەنگەن ئىش ھەققى باھاسى بويىچە ئاشۇرماقچىمەن، تېخنىكىلىق ئىشچىلار، بۇرغىلاش ئىشچىلىرى ۋە خىزمەتچىلەر قاتارلىقلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئەھۋال ئالاھىدە بولغاچقا ھۆكۈ-



مەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن بىر تۇتاش تەمىنات ئۆلچىمى بويىچە تەڭ مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن، خىزمەتكە پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئاشۇرۇشقا بولامدۇ - يوق.

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋېن زىجۇننىڭ شېڭ شىسەيگە يوللىغان مەكتۇبى (1943 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى).

نېرىتىن: ...... خىزمەت جەھەتتە پۈتۈن زاۋۇتتا ئىش توختىغىلى بىر ئىككى كۈن بولدى، ۋىشكا قۇراشتۇرىدىغان ئىشنىڭ توختىغىنىغا 18 كۈن بولدى...... ئىش توختاپ كېتىشنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى ئىشچىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بېرىلمىگەنلىكتە، ئۇنىڭدىن قالسا، ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ يېتىشمىگەنلىكىدە.

خىزمەت كىيىمىنىڭ يېتىشمەسلىكى ھەم ئىش توختاشنىڭ سەۋەبى ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ بولماسلىقى، مالىيە نازارىتى پۇل بەرمىگەنلىكىدىن بولغان. ئوزۇق - تۈلۈك بولمىغانلىقتىن ئىشچىلار كېتىپ قېلىشتى.

......

ۋېن زىجۇن: ۋىشكا قۇراشتۇرىدىغان ئىشچىلارنىڭ 18 كۈن ئىش توختىتىشىدا ئىش كىيىمىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەب بولالمايدۇ. ئىش توختىتىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، باش ئىنژېنېر نېرىتىننىڭ ئېگىزگە يامىشىدىغان ئىشچىدىن 10 نى سەۋەبسىز قوغلاندى قىلغانلىقىدا، بۇنداق چارىگە ئىشچىلار ئەلۋەتتە رازى بولمايدۇ. شۇڭا ئىش توختاپ قالدى.

«1942 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى يىغىن

خاتىرىسى» قاتناشقۇچىلار:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پېڭ جيۇەن، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لى بولىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پوسكىن، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باش ئىنژېنېرى نېرىتىن، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋىن زىجۇن.

مەزكۇر كاندا 11 - ئايدا ئىش تاشلانغان ئەھۋالغا كەلسەك، ...... مۇشۇ ئاينىڭ 15 - كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان تېلېگراممىدا: 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بىر كۈن ئىش توختىتىلغان. لېكىن ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئىش ئەسلىگە كەلدى، دېيىلگەن. يېقىندا شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پېڭ جيۇەن نېفىت كېنىنىڭ ئەھۋالىنى يۈزتۇرانە دوكلات قىلدى. ئۇزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ۋاقتىنچە توختاپ قالغانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ نېفىت چىقىرالمىغان، شۇڭلاشقا مالىيە نازارىتى پۇل ۋە ئاشلىق ئاجرىتىپ بەردى. بۇ ئىشلارنى يۈرگۈزۈشتۈرۈپ بولغىچە، بىر كۈن ئىش توختاپ قالدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىغان ئالاقىسى (1942 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى).

## VII مۇھىم نېفىت ئالامەتلىرى بولغان باشقا رايونلارنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالى

### 1. كۇچا ناھىيىسى مىس كان كەنتى

كۇچا ناھىيىسىدە نېفىت ئېلىنىدىغان رايون مىس



كان كەنتى ئەتراپىدىكى رايونلار بولۇپ، ناھىيىگە 25 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۇچا ناھىيىسىدىن مەزكۇر كەنتكە بارىدىغان ئىككى يول بار: بىرى ئۇزۇنلۇقى 19 كىلومېتىر كېلىدىغان تاغلىق جىلغىدىن ئۆتىدىغان ئېرىق بولغاچقا ئۇلاغلىق مېڭىشقىلا بولىدۇ. ئاپتوموبىل، ھارۋىلار يۈرەلمەيدۇ. يەنە بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 - 70 كىلومېتىر كېلىدىغان ئەگرى - توقاي يول بولۇپ، ئاپتوموبىل، ھارۋىلار يۈرەلەيدۇ. مىس كان يېزىسىغا 5، 12، 40 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۈچ جاي نېفىت ئېلىنىدىغان جاي. ۋاھالەنكى بۇ جايدىكى نېفىت يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىققان. بۇ ئۈچ يەرنىڭ تۆپىسىنىڭ سۈپىتى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېفىت چىقىدىغان تۈرلۈك رەڭ ئالامەتلىرى بار. نېفىت قۇدۇقى تار تاغ جىلغىسى ئىچىدە بولۇپ، بىرىنچى يول بىلەن ئۇلاغدا بارسا نېفىت قۇدۇقىغا ئۇدۇل بارغىلى بولىدۇ، ئارىلىقى بىر قەدەر يېقىن نېفىت قۇدۇقىغا يېقىن قالغاندا، 100 — 150 مېتىر يەردىكى تاغ يولى تار بولغاچقا ئۇلاغلارنىڭ مېڭىشى تەس بولۇپ، پىيادە مېڭىپ ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. نېفىتنى ئالىدىغان چاغدا ئۇنى يۈدۈپ 100 — 150 مېتىر يىراقلىقتا ئاپىرىپ، ئاندىن ئۇلاغقا ئارتىپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا ئاپىرىشقا توغرا كېلىدۇ. نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئوخشاش ئەمەس. چوڭقۇرلىرىغا نېفىت ئالىدىغانلار شوتا قويۇپ چۈشۈپ چىقىدۇ، نېفىتنى چۆمۈچ بىلەن ئالىدۇ. نېفىت رايونىنىڭ بىر بۆلىكىدە 30 يەردە قۇدۇق ئېغىزى، ئىككىنچى بۆلىكىدە 10 يەردە قۇدۇق ئېغىزى بولغان. باشقا رايونلارغا بارالمىدۇق. يۇقىرىقى ئىككى بۆلەكتىكى نېفىت قۇدۇقلىرىدىن ياز پەس-

لىدە ھەر ھەپتىدە 150 — 200 جىڭ نېفىت ئالغىلى، قىش پەسلىدە بولسا 50 - 80 جىڭ ئالغىلى بولىدۇ. نېفىتنىڭ كېنىنىڭ ئەتراپىدا ئوت - چۆپ ئۆسمەيدۇ. سۇمۇ ناھايىتى ئاز، ئۇ يەردىن تۇز چىقىدۇ، بۇ يەر ئۆي - ئىمارەتمۇ ئاھالىمۇ بولمىغان بىر چۆللۈك. يۇقىرىقى قۇدۇقلاردىن چىقىدىغان نېفىتنىڭ سۈپىتى ئوخشاش، رەڭگى ئاق، بۇ جايدىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بىر ھادىسە شۇكى، نېفىت ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. يەرلىك ئاھالىلار چەككىلەنمىگەن مايىنى ئېلىپ چىراغ ياقىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسى بەك جىق چىقىدۇ...... ھازىر بۇ يەردىكى نېفىتلىكنى كۇچا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قېزىۋاتىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى چەككىلىمەي، چىراغ يېقىشقىلا ئىشلىتىدۇ.

......

كۇچا نېفىت رايونىدا سىناق تەرىقىسىدە نېفىت ئايرىش خىزمىتى ئىشلەش ئۈچۈن 161 جىڭ نېفىت ئېلىندى. ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى (تېمپېراتۇرىسى ±15℃ 0.8281) بولىدۇ.

1. بېنزىن (ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى) 0.7787 t15℃ 40 كىلوگرام
2. بىرىنچى دەرىجىلىك ئاق نېفىت (ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى) 0.7823 t15℃ 16 كىلوگرام
3. ئىككىنچى دەرىجىلىك سېرىق نېفىت (ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى) 0.8053 t15℃ 32 كىلوگرام
4. ئۈچىنچى دەرىجىلىك سېرىق نېفىت (ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى) 0.8203 t15℃ 32 كىلوگرام
5. سېرىق ئاپتول تېپىدىكىسى 26 كىلوگرام



6. ئايرىشقا سەرپ بولغان نېفىت مىقدارى 15 كىلوگرام

(ئىلاۋە: يۇقىرىقى ماقالىدىكى «ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى» دېگەن سېلىشتۇرما ئېغىرلىق، «ئاق نېفىت»، «سېرىق نېفىت» دېگەننى كىرسىن)

### 2. ئاقسۇنىڭ تاغلىق كەنتىدىكى نېفىت ئالامەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئاقسۇدىكى نېفىت چىقىدىغان رايون تاغلاق كەنتى ئەتراپىدا بولۇپ، مەزكۇر ناھىيىگە 90 — 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر ناھىيىدىن يولغا چىقىپ، 50 كىلومېتىر چۆلنى باسقاندىن كېيىن، 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوڭغۇل- دوڭغۇل ئەگرى - توقاي يول ئالدىغا كېلىدۇ. يۇقىرىقى 80 كىلومېتىر يولدا ھارۋا ۋە ئاپتوموبىل يۈرەلەيدۇ، ئاخىرقى بىر بۆلەك 15 كىلومېتىر كېلىدىغان يول چوڭ - چوڭ تاشلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن تاغ ئارىسىدا بولۇپ، كەڭلىكى 25 - 30 مېتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ. كەڭلىكى 4 - 5 مېتىر كېلىدۇ. ھاۋا ئىللىپ يامغۇر ياققاندا ئۆستەڭگە سۇ توشۇپ كېتىدۇ، تاغ ئاغزىدىن مەزكۇر مەھەللىگە كەلگىچە 10 نەچچە يەرگە كۆۋرۈك سېلىنغان. يول بارغانسېرى ئېگىزلەپ بارىدۇ، يانتۇلۇقى خېلى چوڭ، پەسكە قاراپ يۈرىدىغان يەر يوق. نېفىت قۇدۇقى مەزكۇر كەنتتىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا ئېگىزلىكى 350 — 400 مېتىر، يانتۇلۇقى 60 - 65 گرادۇس كېلىدىغان بىر پارچە يەر بار، بۇ يەردىن ئاتلىق

ياكى پىيادىلا ئۆتكىلى بولىدۇ. قۇدۇق ئىككى چوڭقۇر تار يەردە بولۇپ، 15 نېفىت قۇدۇقى بار، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىردىن 15 مېتىرغىچە، نېفىتنىڭ رەڭگى ئوخشىمايدۇ، ھەر ھەپتىدە 50 كىلوگرامدىن 70 كىلوگرامغىچە نېفىت چىقىدۇ. نېفىت قۇدۇقتىن چىققاندا سىغىمچانلىقى 15 كىلوگرام كېلىدىغان تۇڭغا قاچىلىنىپ، تاغنىڭ سول تەرىپىگە يۈدۈپ ئاپىرىلىدۇ، نېفىت قۇدۇقنىڭ ئۆپچۆرىسىدە نە ئاھالە، نە ئۆي ـ ئىمارەت يوق، بۇ يەردە تاشلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە يەردىلا بار، بۇرغىلاپ چارلاپ قۇدۇق قېزىش مۇمكىن ئەمەس، ...... ھازىر قېزىپ چىقىرىلغان نېفىتنىڭ تەركىبىدىكى مىقدار (ئىلاۋە: ئەسلى تېكىستتە شۇنداق، بۇ سۆز سېلىشتۇرما ئېغىرلىق دېيىلىشى كېرەك) 0.830، بېنزىن تەركىبى ئاز، تاش يېغى (ئىلاۋە: كىروسىننى كۆرسىتىدۇ) بىر قەدەر كۆپ، ئېغىرلىق تەكشۈرىدىغان ئەسۋاب بولمىغاچقا، ھەر خىل مايلارنىڭ تەركىبى ۋە ئېغىرلىقىنى كۆرسەتكىلى بولمىدى.

ھازىر نېفىت ئىشلىتىۋاتقانلار سودىگەرلەر بولۇپ، بۇ يەردىكى ئاقسۇ ناھىيىسىدە نېفىتنى سىناپ چەككىلەپ، 84 جىڭ ماي ئالدى. تۆرلۈك مايلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئاق نېفىت ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى 0.8328 15℃ 2 كىلوگرام
2. سېرىق نېفىت 0.8553 15℃ 60 كىلوگرام
3. ئاپتول تېپىدىكىسى 15 كىلوگرام
4. ئايرىش سەرپىياتى 7.5 كىلوگرام

(ئىلاۋە: مەمۇرى رايون ئايرىمىسى بويىچە تاغلاق كەنتى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە).



## 3. قەشقەر رايونىدىكى نېفىت ئالامەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قەشقەر نېفىت رايونى، قىزىل تۇپا جىلغىسىنىڭ يېنىدا بولۇپ، مەزكۇر رايونغا 80 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر رايونغا بارغىچە 25 كىلومېتىر تاشيول بار، قالغىنى تەبىئىي چوڭ يول بولۇپ يانتۇلۇق يوق. مەزكۇر كەنتتىن ئالتە كىلومېتىر، 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىككى يەر نېفىت چىقىدىغان رايون. ھازىر ئالتە كىلومېتىردىكى جايدىن نېفىت قېزىلىۋاتىدۇ، چىقىدىغىنى نېفىت، ئاسغالت. نېفىتنىڭ سۈپىتى دۇرۇس ئەمەس، قارا نەرسە (ئىلاۋە: ئەسلى تېكىستتە شۇنداق، مەنىسى ئېنىق ئەمەس) بار. نېفىت چىقىدىغان قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 30 مېتىر كېلىدۇ، بۇ قۇدۇقنى قازغىلى ئىككى يىل بولغان، بۇ مەزگىلدە ئىش ماتېرىيالى خىراجىتى ئىنتايىن ئېغىر بولغان. بۇ قۇدۇقتا ھاۋا يېتىشمىگەچكە، ئىشلەش قىيىنراق بولغان. نېفىت مەھسۇلاتى، يازدا كۈنىگە 150 جىڭ، قىشتا 50 ـ 60 جىڭ، نېفىت ئايرىيدىغان جاي مەزكۇر كەنتتە، نېفىت ئايرىيدىغان ئۈسكۈنىلەر بەك كىچىك بولۇپ، ھەر قېتىم 50 ـ 60 جىڭلا ئايرىغىلى بولىدۇ، لېكىن نېفىت ئايرىيدىغان تېخنىك بولمىغاچقا، بېنزىن، تاش يېغىنى ئايرىيالمىغان، ئايرىپ چىققان تاش يېغىنىڭ سۈپىتى زىيادە تۆۋەن، بىر قەدەر ئېغىر، چىراغ ياققاندا ئىسى جىق، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئارىلاشمىلار پىلىككە ئورنىۋالغاچقا، يورۇق بەرمەيدۇ. نېفىت ئالىدىغان ئورۇن ئانچە ئېگىز بولمىغان يۇمىلاق تۆپىلىكتە بولۇپ، تۇپىسى بىر قەدەر يۇمشاق، تاش يوق، ئادەم كۈچى

بىلەن نېفت دېڭىزى (ئەسلى تېكستتە شۇنداق — ت) نى بۇرغىلاپ قازسا 100 — 150 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يەتكۈزگىلى بولۇشى مۇمكىن. هازىرقى نېفت قۇدۇقلىرىغا سېلىشتۇرغاندا كېيىنچە 20 ـ 25 مېتىرغىچە قېزىلسا نېفت چىقىشى مۇمكىن. ئەتراپتىكى سۇ بېسىۋالغان قۇدۇقلارنىڭ ئۈستىدە نېفت لەيلەپ يۈرىدۇ، بۇ نېفت ئېقىمىنىڭ ئانچە چوڭقۇردا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

......

بۇ قېتىم قەشقەردە نېفتنى سىناپ ئايرىپ بېقىش ئۈچۈن، 169 جىڭ نېفت ئېلىنغانىدى، ئايرىۋېلىنغان تۈرلۈك مايلار تۆۋەندىكىچە:

1. بېنزىن، ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى 0.770، تېمپېراتۇرىسى 8 ± 9℃ كىلوگرام
2. ئاق نېفت ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى 0.880، تېمپېراتۇرىسى 14 ± 13 ℃ كىلوگرام
3. سۇس سېرىق نېفت ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى 0.835، تېمپېراتۇرىسى 15 ± 17℃ كىلوگرام
4. سېرىق نېفت ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى 0.835، تېمپېراتۇرىسى 35 ± 32℃ كىلوگرام
5. ئاپتول تېپىدىكىلەر 86 كىلوگرام
6. ئايرىش سەرپىياتى 11 كىلوگرام

شىنجاڭ ئاشيول ئىدارىسى گراشكوۋ يازغان. ۋۇ لىيەنىكى تەرجىمە قىلغان.

«كۇچا مىس كان كەنتى، ئاقسۇ ئاغلاق كەنتى، قەشقەر نېفت كېنىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» (1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مايلىق باسمىسى).



## 1. مۇقەددىمە

غانجۇغان ئۆلۈغچات ناهىيىسىنىڭ شەرقىغە 20 يول، كونىشەھەر ناهىيىسىنىڭ غەربىگە 70 يول بولۇپ، قەشقەر سىمخانا تاشيولنىڭ يېنىغا جايلاشقان، 3 ـ 4 ئۆي بار، ئاهالىسى ناهايىتى ئاز. ئەتراپى «قىزىل جىنىس قاتلىمى» دىن تەركىب تاپقان پاكار تاغ بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 ـ 60 مېتىردىن ئاشمايدۇ، نېفت چىقىدىغان يەر كەنتنىڭ جەنۇبىغا 2 ـ 3 يول كېلىدىغان جايدا بولۇپ، كەنتنىڭ ئالدىدا كىچىك يول بار، كەنتنىڭ جەنۇبىدىكى پاكار تاغدىن ئۆتۈشتە يول ئېگىز ـ پەس بولۇپ ئاتلىق مېڭىشقىلا بولىدۇ، كان رايونىغا بارغىچە يەر بارا ـ بارا تۈز بولۇپ، جەنۇب تەرەپكە بارغانسېرى قىيپاش بولۇپ چۆلگىچە بارىدۇ، بۇ يەرنىڭ جەنۇپ، شىمال قانىتى پاكار ـ پاكار تاغ، چۆلنىڭ ئوتتۇرىسى تۈز بولۇپ، شىمالدىن غەربكە، غەربتىن جەنۇبقا، شەرقتىن ـ شەرققە ئۇزۇنچاق بەلباغ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنىدىغىنى سىلىق قۇرام تاشلار بولۇپ، يالىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، چۆلدىكى تاشلار...... (ئىلاۋە: خەنزۇچە ئۇنچە خەت چۈشۈپ قالغان) پەستىكى چوققىلار كېسىلىپ جىلغا بولۇپ قالغان، چوڭقۇرلۇقى 10 مېتىردىن ئاشمايدۇ، ئاستى قىزىل يەر قاتلىمى.

بۇ رايون ئىچىدە ئېرىق بار، ...... (ئىلاۋە: خەنزۇچە يەتتىدەك خەت چۈشۈپ قالغان) پۈتۈن رايوننى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئېرىق ئىچىگە بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە بۇلاق سۈيى ئېقىپ چۈشۈپ، ئېقىپ ئۇزاقتا هارمايلا يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

2. يەر قاتلىمى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان (قىسقارتىلدى)
3. گېئولوگىيىلىك ستروكتورا (قىسقارتىلدى)
4. نېفىت چىقىدىغان ئالامەتلەر

ئا: نېفىت ئالامەتلىرى ۋە تەبىئىي گاز

ئورۇن I تار جىلغىنىڭ چېتىدە بولۇپ، قىزىل سېغىز جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، جىلغىنىڭ تېگىدە كۆلچەك بولۇپ، دىئامېتىرى ئىككى مېتىردەك كېلىدۇ، كۆلچەكنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا شېغىللىق تىك بەل بولۇپ، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردەك كېلىدۇ. كۆلچەككە يېقىن جىنىس قاتلىمى ئۇۋاق بولۇپ، بىلەيسىمان ھالەتتە، ئۇنىڭ ئارىلىقى ۋە قاتلىرىدا قارا ئاسفالتتەك نەرسىلەر بار، تاغ جىنىسلىرىنىڭ بىر قىسمى يۇمشاق، بۇ نېفىتنىڭ چىلىشىدىن بولغان، قىيانىڭ ئاستىدا ئاز مىقداردىكى نېفىتكە ئوخشاش قارا نەرسىلەر سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرىدۇ. قويۇق ۋە يېپىشقاق، كۆلچەكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن پۇۋەكچىلەر ئۈزۈلمەي سۇدىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى شېغىلنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشى قاتلامنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىدىن بولغان. نېفىت بۇ يەردىكى شېغىل قاتلىمىنىڭ ئاستىدىن چىقىدۇ، بۇنىڭ بۇ يەرنىڭ سەل - پەل ئاجرىلىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئەمەس. كۆلچەكتىكى سۇ يەر ئاستىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، سىرتقا ئېقىپ ئۇزاققا بارمايلا قۇملۇقتا يوقاپ كېتىدۇ.

ئورۇن II ۋە ئورۇن III بىر كىچىك كۆلچەك بو-



لۇپ، دىئامېتىرى بىر مېتىرچە كەلمەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەر قايسىسى تار جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئەتراپىدا كۆرۈنۈپ تۇرغىنى ساپلا قىزىل ياكى يېشىل سېغىز، شېغىل كۆرۈنمەيدۇ. بۇ يەر ئالدىدىكى I ئورۇن بىلەن بىر كىچىك تاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ئارىلىقى 10 مېتىرغا يەتمەيدۇ. كۆلچەكتە قارا رەڭلىك نېفىت كۆلچەكنىڭ چېتىدە يىغىلىپ لەيلەپ تۇرىدۇ، تەبىئىي گاز پۇۋەكچىلىرى ئۈزۈلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، بونداق پۇۋەكچىلەر II ئورۇندا ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئوت تەگسىلا كۆيىدۇ.

چوڭ كۆلچەك بار جاي قاقاسلىقتىن 10 مېتىرچە پەستە بولۇپ، بۇ كۆلچەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك، كۆلچەكنىڭ شەرقىي قىرغىقىنىڭ ئاستىدىكى شېغىل قاتلىمىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ كۆلچەك جايلاشقان يەرنىڭ ئانتىكلىنالنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇۋالغىلى بولىدۇ. كۆلچەكتە تەبىئىي گاز پۇۋەكچىلىرى ئۈزۈلمەي كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، نېفىت ئىزلىرى كۆرۈنمىدى. كۆلچەكنىڭ قىرغىقىدىكى جايلاردا خېلى كۆپ قېپپاش تۇرغان ئەسكى تاشلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇ ئېھتىمال بۇرۇن قۇدۇق قېزىپ تاشلىۋېتىلگەن تاشلار بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر قۇدۇق سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن سۇ ئاستىدا قېلىپ كۆلچەك بولۇپ قالغان.

ب: نېفىت چىلاشقان قۇم جىنس

......

ئانتىكلىنالنىڭ جەنۇبىي قانىتىدىكى يېڭى قۇدۇقنى

قەشقەر دېۋىزىيە شتابى قازغان. قۇدۇق قېلىنلىقى تۆت مېتىر بولغان تېيىز كۆلرەڭ شېغىلنى بويلاپ يەر ئاستىغا يانتۇلاپ كىرىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 20 مېتىرغا بارغاندا سۇغا دۇچ كېلىپ توختاپ قالغان.

## 5. يەرلىك ئۇسۇل بىلەن قېزىش

رايون ئىچىدە قېزىلىپ بىكار قىلىنغان قۇدۇقتىن ئىككىسى يەنى يېڭى قۇدۇق ۋە كونا قۇدۇق بار. سۇ بېسىۋالغان كېرەكسىز قۇدۇقتىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى چوڭ كۆلچەك، بىرى كونا قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى كۆلچەك، سۇ بېسىۋالغان قۇدۇقنىڭ قېزىلىش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى ئۇققىلى بولمايدۇ. يېڭى قۇدۇقنى كۆرگەنلىكىمىز ئالدىدا بايان قىلىندى، نېفىت چىقىش مۇمكىنچىلىكى يوق. كونا قۇدۇقنى تەكشۈرگەن چاغدا بىر ئۇيغۇر قۇدۇققا چۈشمەكچى بولغان ئىدى، ئۇنىڭغا يول قويدۇق، بۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، كونا قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 20 جاڭ كېلىدۇ، سۇ كۆتۈرۈلۈپ قۇدۇقنى يېرىمىغىچە بېسىۋالغان، سۇ يۈزىنى لەيلەپ تۇرغان قارا نېفىت قاپلىۋالغان. نېفىت ئالىدىغانلار قۇدۇق ئاغزىدىن تىك شوتا بىلەن نېفىت ئۈستىگىچە چۈشۈپ، قاپاق بىلەن ئالىدۇ. ھەر ئايدا 15 تۇڭچە (ھەر بىر تۇڭى بەش گاللون كېلىدۇ) نېفىت ئالغىلى بولىدۇ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە ئاپىرىپ چەككىلەيدۇ. ھەر 18 تۇڭدىن تۆت تۇڭ چىراغ يېغى ئالغىلى بولىدۇ، نېفىت تۇتۇق قارا رەڭدە بولۇپ، يورۇقلۇقتا قوڭۇر رەڭ كۆرۈنىدۇ، چىراغ يېغىمۇ قوڭۇر رەڭدە، يېرىم سۈزۈك، پارافىن



تەركىبى خېلى يۇقىرى، تەكشۈرگەندە چىراغ يېغىنىڭ ھەر جىڭى شىنجاڭ پۇلىغا 2.5 يۈەنگە سېتىلىدۇ، ئۇلۇغچات ۋە قەشقەردىكى ئورگانلارنىڭ چىراغ يېقىشىغا بېرىلىدۇ.

گۇەنشىسۇڭ: «ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى غانجۇغان نېفىتلىكى» (1945 - يىل 7 - ئاي. مايلىق باسمىسى)

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن چىقىدىغان نېفىتنىڭ ئىنتايىن موللۇقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوندىن توققۇزىنىڭ قېزىلمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

چىڭ لودىڭ: «شىنجاڭ مەسىلىسى» (ھۆججەت كىتابخانىسى 1949 - يىل).

شىنجاڭدىكى نېفتلىكلەرنىڭ ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن جايلىشىش ئەھۋالى جەدۋىلى

| ناھىيىلەر | كان رايون | يەر ئۈستىدىكى ئالامەتلەر | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| شىخو | مايتاغ | قېزىلىشتىن بۇرۇن نۇرغۇن گاز بار، جىلغىدا دائىم ماي كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. | قېزىلمىغان |
| | يەنسەن | يۇقىرىقىغا ئوخشاش | // |
| | جانجۇنغۇل | نۇرغۇن ماي ئېقىپ چىققان ھەم پارافىن بار | // |
| | ئوتتاغ جىلغىسى | يۇقىرىقىغا ئوخشاش | // |
| يەنسىخەي | يەنسىخەي جەنۇبىي بەش كىلومېتىر | ئاز مىقداردا ماي، گاز بار | // |
| | | | // |
| ماناس<br>كۇچا | خوڭگۇ ۋە تۇزلۇق ئۆستەڭ<br>مىسكان تېغى | يۇقىرىقىغا ئوخشاش<br>نېفت، گاز، پارافىن ھەممىسى بار | يەرلىكلەر جىلغىدىن ماي ئالغان يەرلىك ئۇسۇلدا قازغان |
| يەكەن | شاڭۋوپۇ | يۇقىرىقىغا ئوخشاش | قېزىلمىغان |
| ئۇلۇغچات | ئۇلۇغچات بازىرىنىڭ جەنۇبى | نېفت، گاز، ئاسفالت ھەممىسى بار | // |
| ئاقسۇ كونىشەھەر | تاغلاق كەنتى | نېفت، گاز | يەرلىك ئۇسۇلدا قازغان |
| سانجى | تۇدۇڭخى | نېفت | قېزىلمىغان |
| ئۈرۈمچى | سوداچى | نېفت | // |
| | شۇيمىگۇ | گاز | // |
| | [illegible]ساگۇ | | // |
| ساۋەن | شاۋگوۋەي | نېفت، گاز، ئاسفالت ھەممىسى بار | يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىلغان |
| چۆچەك | چىڭشىشا | يۇقىرىقىدەك | قېزىلمىغان |



# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى مايتاغ نېفتلىكى

خابدۇللا

ھەر قانداق تارىخ داۋاملىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى مايتاغ نېفتلىكىنى ئېنىقراق سۆزلەش ئۈچۈن، بۇ مەزگىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئەھۋاللارنى ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ.

1941 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەن مايتاغقا كېلىپ ئىشچى بولدۇم، ئىككىنچى يىلى، يەنى 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مايتاغ نېفت ئايرىش زاۋۇتىدا يىلىغا 70 مىڭ توننا نېفت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بىر يۈرۈش تۇرۇبىلىق نورمال بېسىمدا چەككىلەش قۇرۇلمىسى قۇرۇلدى. بۇ ئىلغار نېفت ئايرىش قۇرۇلمىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكىندىن كېيىن، 1936 ـ يىلى قۇرۇلغان يەرلىك ئۇسۇلدا نېفت ئايرىيدىغان ئىككى قازان ئىشلىتىلىشتىن توختىتىلدى. يېڭى قۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىشى بىلەن مەن كوچىگار بولۇپ تەقسىم قىلىندىم، مەن بىلەن بىللە كوچىگار بولغانلاردىن يەنە ئىبرائىم زۇنۇنمۇ بار ئىدى. بۇ ئادەم ھازىر شىخو ناھىيىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

شۇ چاغدىكى تۇرۇبىلىق نورمال بېسىمدا چەككىلەش

سىخىدا 30 ئەتراپىدا ئادەم بار ئىدى. سوۋېتلىكلەردىن ئىرىسچى زاۋۇتنىڭ باش ئىنژېنېرى، ۋارىلوف بىلەن سادىكوفلار مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر ئىدى. سىختا جۇڭگو تەرەپتىن ۋېي شيۇتاۋ، لۇ دەي، ياڭ چىمىن قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا نورمال بېسىمدا چەككىلەش سېخىدىن باشقا يەنە تەجرىبىخانا، رېمونت سېخى، يەتكۈزۈپ بېرىش سېخى (5 دانە پار قازان، ئىككى دانە دىزېل ماشىنىسى بار)، ماي چىقىرىش سېخى، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن نېفىت كېنىدا 700 — 800 ئەتراپىدا ئادەم بار ئىدى.

1943 - يىلى 3 - ئايدا نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئىشتىن پۈتۈنلەي توختىدى. 6 - ئايدا سوۋېت تەرەپ تۇرۇبىلىق نورمال بېسىمدا چەككىلەش قۇرۇلمىسىنى چۇۋۇپ يۆتكەپ چىقىپ كەتتى. سوۋېت تەرەپ يەرلىك ئۇسۇل بىلەن نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىگە تەگمىگەنلىكتىن، ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغانىدى. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى ئىشچىلارنىڭ بىر قىسمى زاۋۇتنىڭ كۈيتۇڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا ئاپىرىلدى، يەنە بىر قىسمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. شۇ ۋاقىتتا تۈرمىگە قامالغان خەنزۇ ئىشچىلاردىن لاۋدەن قاتارلىق كىشىلەر، مىللىي ئىشچىلاردىن غۇپا، بەكرى غازى، زارىپ، ئەيسا ۋە مۇسايوپ قاتارلىقلار ئىدى.

مەن كۈيتۇڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا ئەمگەك قىلىشقا ئېلىپ بېرىلغانىدىم، بىر كۈنى شادىيەنزىگە بېرىپ يەر ھەيدەۋاتقاندا كېسەل بولغانلىقىمدىن ساپاننى يۆلەپ ماڭالماي يىقىلىپ چۈشتۈم. موللاق ئىسىملىك ئىش بېشى



ھازامزادىلىك قىلىۋاتىسەن، دەپ ئۇرۇپ، تېپىپ دۇمبالىدى. مەن بىلەن بىللە يەر ھەيدەۋاتقان قازاق، ئۇيغۇر قېرىنداشلار چىداپ تۇرالماي ئولىشىپ كېلىپ، ئىش بېشىنى راسا ئەدەبلەپ قويدى. موللاق مەيدان باشلىقىغا مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلغاچقا، مەيدان ساقچى ئەۋەتىپ مېنى ئۇدا بىرنەچچە قېتىم سوراق قىلدى. مەن بىر ئاز قورقتۇم، كۆپچىلىكمۇ ماڭا نەسىھەت قىلىپ، يەنىلا بۇ يەردىن كەتكىنىڭ تۈزۈك، بولمىسا ئۇلار سېنى تۇتۇپ كېتىدۇ، دېيىشتى. 1943 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، مەن كۈيتۇڭ مەيدانىدىن قېچىپ چىقىپ شىخوغا بېرىپ، دېيۇفۇ ئىسىملىك خەنزۇ بايغا تاكى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ياللىقچى بولۇپ ئىشلىدىم.

1943 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت تەرەپ تۇرۇبىلىق نورمال بېسىمدا چەككىلەش قۇرۇلمىسىنى يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئاساسىي جەھەتتىن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنىلا ماي ئىشلىتىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىشچىلارنى قايتىدىن يىغىپ، 1936 - يىلى قۇرۇلغان يەرلىك ئۇسۇل بىلەن نېفىت ئايرىيدىغان ئىككى قازاننى تاكى 1945- يىلى 9 - ئايغا قەدەر ئىشلەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى شىخو، مايتاغنى ئېلىش ئالدىدا، زاۋۇت تەرەپ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى ئىشچىلارنى ئۈرۈمچىگە بېرىشقا مەجبۇرلاپ، پاتىخە قاتارلىق مىللىي ئىشچىلارنى شىخو تۈرمىسىگە قامىغانىدى، كېيىن مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىدى.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ پولكوۋنىكى ئەيداربېك قىسمىنى باشلاپ مايتاغقا كىرىپ، مايتاغ نېفىت كانىغا قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىش يۈرگۈزدى. شۇ ۋاقىتتا مايتاغ نېفىت كانىدا بىرمۇ ئىشچى قالمىغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بۇرۇن نېفىت كانىدا ئىشلىگەن ئىشچىلارنىڭ زاۋۇتقا قايتىپ كېلىشىنى چاقىردى. 50 ـ 60 كىشى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، زاۋۇتقا قايتىپ كەلدى، مەنمۇ شىخودىن مايتاغقا قايتىپ كەلدىم. ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىز نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق.

شۇ چاغدا نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە 20 دىن كۆپرەك ئىشچى قاتناشقان بولۇپ، مەسئۇل كىشىلەر توختارغازى بىلەن مىرزىباي ئىدى. يەنىلا 1936 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىككى دانە نېفىت ئايرىش قازىنى ئىشلىتىلدى. بىر قازانغا تۆت يېرىم توننىدىن، ئىككى قازانغا توققۇز توننا نېفىت قاچىلىغىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ توننا بېنزىن، بىر يېرىم توننا كىرسىن، يېرىم توننا دىزىل مېيى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم قويۇق نېفىت قالدۇقى ئايرىۋالغىلى بولاتتى. ئىشقا كىرىشتۈرۈش بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق بولغانلىقتىن، مەھسۇلات چىقىشى بىلەن، ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى توختارغازى بىلەن مىرزىبايغا كۈمۈش مېدال مۇكاپىتى بەردى، باشقىلارغا ماددىي مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

لېكىن، توختارغازى بىلەن مىرزىباي زاۋۇتنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلمىدى. 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەن نېـ



ـفىت ئايرىش سېخىغا مۇئاۋىن مودىر ۋە تېخنىك بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا بېنزىن، كىرسىن، دىزىل مېيى ئىشلەپچىقىرىشتىن باشقا يەنە يەرلىك ئۇسۇل بىلەن سىلىقلاش مېيى بىرىكمىسىنى ئايرىپ چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان مايغا كاپالەتلىك قىلىنغان. ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە باشقۇرۇشىدا، مايتاغدا كان رايونى قۇرۇلدى.

كان رايونى ئاپپاراتىنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك:

1. نېفىت ئايرىش سېخى — ئىشچىسى 30 نەپەر ئەتراپىدا.

2. نېفىت تەييارلاش سېخى — ئىشچىسى 35 نەپەر ئەتراپىدا ئىدى، سېخ مۇدىرى ۋارىس سىدىق بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن ئالتۇن مېدال مۇكاپىتى ئالغان.

3. بۇرغۇلاش، رېمونت ئەترىتى — ئەترەت باشلىقى سابا بولۇپ، ئىشچىسى 20 نەپەر ئەتراپىدا ئىدى.

4. رېمونت سېخى — ئىشچىسى 40 نەپەر ئەتراپىدا، سېخ مودىر پاتىخە، تۇمۇر بولۇپ، مۇئاۋىن سېخ مۇدىرى سىرىدىمكەيدەي.

5. ترانسپورت پونكىتى — پونكىت باشلىقى سېيىتغازى تىلەيبايوپ بولۇپ، سەككىز دانە ئاپتوموبىل، 3 ـ 4 تراكتور، 25 تەك ئادىمى بار. شۇ چاغدىكى شوپۇرلار كېرىم ساقى، پاكار كېرىم، ۋالتاي، نۇر سېيىت قاتارلىقلار. بۇ پونكىت يەنە نېفىت ئايرىش زاۋۇدى ۋە كان رايونىنى

توك بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ماتور ئارقىلىق توك تارقىتاتتى.

6. سېتىش گۇرۇپپىسى — گۇرۇپپا باشلىقى ئەلىيوپ بولۇپ، ئامبار مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى. ئىشچىسى 15 نەپەر ئەتراپىدا.

7. سۇ بىلەن تەمىنلەش گۇرۇپپىسى — سۇ پونكىتىدىن سۇ يەتكۈزۈپ بېرەتتى، گۇرۇپپا باشلىقى سىيىتقان سالىقبايوپ، ئىشچىسى 15 نەپەر.

8. خوجۇلۇق بۆلۈمى — بۆلۈم باشلىقى رەخمەتجان، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋارىسجان تۇردى. كۆيتۈك شادىيەنزە دېھقانچىلىق مەيدانى خوجۇلۇق بۆلۈمىگە قارايتتى، مەيدان باشلىقى ۋېسكىن (رۇس)، مۇئاۋىن باشلىقى مۇلۈك بولۇپ، مەيداندا 500 تۇياق قوي، 200 تۇياق ئات، 500 تۇياق كالا، 40 — 50 تۆگە بېقىلاتتى.

9. دوختۇرخانا — دوختۇرخانا باشلىقى ئىماش، دوختۇر، سېستىرا بولۇپ 20 نەپەر ئەتراپىدا.

10. قوغداش بۆلۈمى — بۆلۈم باشلىقى موللا ئابدۇللا، 20 ئەتراپىدا ئادىمى بار.

11. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى — ئەترەت باشلىقى ئۆمەر ئوزاق، 10 ئەتراپىدا ئادىمى بار. ئۆمەر ئوزاق 1947 - يىلى تاققا چىقىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىگە يولباشلاپ ماڭغاندا، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچراپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

12. كان رايونى ئىشخانىسى — 60 — 70 خىزمەتچىسى بار. 1945 - يىلدىن 1946 - يىلغىچە بولغان كان رەھبەرلىرى (دىرېكتور) ئەيداربېك، غاپپارخان، پالتاۋسكى



قاتارلىقلار؛ 1947 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە ئەنۋەر سابىر ھاجىيوپ، ئىمىن موللايوپ، باۋتوگكو قاتارلىقلار؛ 1948 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە كىرىز يېرجايوپ، ھەبىبۇللا قاتارلىقلار. شۇ چاغدىكى كان رايونى ئىشخانىسى ھازىرقى 1 - مېھمانخانىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، كېيىن ئوت ئاپىتى بىلەن كۆيۈپ كەتكەن. ھازىرقى 1 - مېھمانخانىنىڭ بىناسى، ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە جۇڭگو - سوۋېت شېرىكلەشكەندىن كېيىن قايتا سېلىنغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى، كان رايونى ئىشخانىسى يېنىدىكى يەتتە كورپۇس ئۆينىڭ ئورنىدا ئىدى.

1945 - يىلى 5 - ئايدىن (ئەمەلىيەتتە 1943 - يىلى 3 - ئايدىن) 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرغىچە مايتاغدا بۇرغۇلاش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا، قۇدۇق بۇرغۇلانمىدى. شۇ چاغدىكى ماي ئالىدىغان قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسى 1943 - يىلىدىن بۇرۇن بۇرغۇلانغان. يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئون نەچچە قۇدۇققا قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ ماي چىقىرىدىغان ماشىنا ئورنىتىلغان. مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر قەدەر چوڭ ماي قۇدۇقلىرى 20 -، 36 -، 43 - نومۇرلۇق قۇدۇقلار بولۇپ، بۇ ئون نەچچە ماي قۇدۇقىنىڭ يەتتە، سەككىزىدىن ئاز - تولا ماي چىقىپ، ھەر كۈنى ئۈچ توننا ئەتراپىدا نېفىت ئالغىلى بولاتتى. نېفىت ئاز بولغاچقا زاۋۇتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، دائىم ئىش توختاپ قالاتتى. پۈتۈن كاندىكى ئاھالە 30 كورپۇستەك ئۆيدە ئولتۇراتتى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، مايتاغ كان رايونىغا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كىرىپ تۇردى. شۇ چاغدا بۇ يەردە 200 ئەتراپىدا ئادەم

بار ئىدى. 1949 - يىلى 10 - ئايدا قوماندان ۋاڭ جېن قاتارلىق ئون نەچچە كىشى مايتاغقا كېلىپ نېفت ئايرىش زاۋۇتى ۋە نېفتلىكنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم ئېلىپ كەلگەن چايلىرىنى ئىشچىلارغا بۆلۈپ بېرىپ، كۆپچىلىكتىن ھال سورىدى. 1950 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيە مايتاغ نېفت كېنىغا جاپپىيمۇ باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتتى. 9 - ئايدا شىخو ناھىيىسىدە چاقىرىلغان ئاممىۋى ۋەكىللەر يىغىنىغا مايتاغدىن يولداش ۋارىسجان سىدىق ۋەكىل بولۇپ يىغىنغا قاتنىشىپ، شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى ھەم كۆكسىگە قىزىل گۈل تاقاپ، ئالقىش مەدھىيىلەر ئىچىدە مايتاغقا قايتىپ كەلدى. شۇندىن باشلاپ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كان رايونىدا پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 10 - ئايغا كەلگەندە، ۋارىسجان سىدىقتىن كېيىن يەنە ۋارىسجان تۇردى، نۇر ئەخمەت، پاتىخە قاتارلىق بىر نەچچە يولداشلار پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. مەنمۇ 10 - ئايدا ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا پارتىيىگە كىرىشكە ئىلتىماس يازدىم. يولداش جاپپىيمۇ ۋە ۋارىسجان سىدىق قاتارلىقلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 1950 - يىلى 12 - ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردىم.

1950 - يىلى 8 -، 9 - ئايلاردا، غەربىي شىمال بەش ئۆلكە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى شىئەندە داغ - دۇغىلىق چاقىرىلدى، مەن مايتاغ نېفتلىكىگە ۋەكىل بولۇپ، شەرەپ بىلەن بۇ قىممەتلىك قۇرۇلتايغا قاتناشتىم. قۇرۇلتايدا مەن ۋە شىنجاڭلىق ئون نەچچە نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى غەربىي شىمال رايونلۇق باش



ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندۇق. قۇرۇلتايدىن كېيىن بىزنى بېيجىڭ، تيەنجىن، تاڭگۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى بىر ئايدىن كۆپرەك ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بىز بېيجىڭدا ئۇلۇغ داھىمىز رەئىس ماۋزېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ دې، جۇ ئېنلەي قاتارلىق پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى كۆردۇق. 1950 - يىلى 10 - ئايدا مەن مايتاغقا قايتىپ كەلدىم ۋە مايتاغ، شىخو، كۇيتۇڭ قاتارلىق جايلاردا غەربىي شىمال بەش ئۆلكە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلدىم.

1951 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ نېفت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. مايتاغ نېفتلىكىدىكى بىرىنچى پارتىيە ئەزاسى، نېفت ئىشچىسى يولداش ۋارىسجان سىدىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى، شى جىنشى بىلەن مەن مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندۇق ھەم مەن مايتاغ نېفت ئايرىش زاۋۇتى چەكلەش سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدىم.

ئابدۇراخمان مامۇت تەرجىمىسى

# مايتاغ — شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى

ئەلىيوپ

يېرىم ئەسىر ئىلگىرىكى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بۇرغۇلاش ماشىنىلىرىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان كىچىككىنە بىر زېمىننى ئويغاتتى. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ قاقاس چۆللۈك ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتتى، گېئولوگىيە ئەترىتى، بۇرغۇلاش ئەترىتى، ئاپتوموبىل ئەترىتى ۋە تراكتور ئەترىتى بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، 200 — 300 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇن، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ ئاساسى بولغان مايتاغ نېفىت كېنىنى قۇرۇپ چىقتى.

ماشىنا بىلەن بۇرغۇلاشتىن ئىلگىرى، مايتاغدا نېفىت ئېلىش ئۇسۇلى ئىپتىدائىي ئىدى. نېفىت گازى كۆرۈنگەن جايغا ئۇزۇنلۇقى بەش جاڭ كېلىدىغان ئىككى دانە خەندەك كولاپ، ئاندىن يەنە خەندەك ئىچىگە چوڭقۇرلۇقى يەتتە چىدىن بىر جاڭغىچە بولغان بەش، ئالتە تىك قۇدۇق قېزىلاتتى. يەر ئاستىدىن ئېقىپ چىققان نېفىت بىلەن سۇ بۇ قۇدۇقلارغا يىغىلاتتى. ئاندىن كېيىن يىغىلغان ماي چېلەك بىلەن تارتىپ ئېلىناتتى. ياز كۈنلىرى ھەر



كۈنى 500 جىڭ ئەتراپىدا ماي ئالغىلى بولسىمۇ، لېكىن قىش كۈنلىرى، پەقەت 70 - 80 جىڭلا ماي ئالغىلى بولاتتى.

مايتاغدا لاي ۋولقان تېغى بولۇپ، تاغ تۆپىسىدە نۇرغۇنلىغان پاتقاق ئېتىلىپ چىقىدىغان ئېغىزلار بار ئىدى. بۇ ئېغىزلاردىن يېشىل، كۆل رەڭ ياكى گۆش رەڭدىكى ماي، سۇ، گاز ئارىلاش پاتقاق ئېتىلىپ چىقاتتى. مانا بۇ نېفىت ئالامەتلىرى بولۇپ، خەندەك كولاپ نېفىت ئېلىشتا ئۇنىڭغا تايىنىلاتتى. مايتاغ نېفىتى — سۇس يېشىل رەڭ. يېنىك ماي تەركىبى كۆپ بولۇپ، سۇ ئۈستىگە لەيلىگەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى ئاسانلا ئالغىلى بولاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ئېلىنغان نېفىتلەر ئۈرۈمچىگە توشۇلاتتى.

1938 - يىلى 4 - ئايدا، ئۈرۈمچى كۆزىتىش ئىدارىسى سەككىزدىمىزنى مايتاغقا خىزمەتكە ئەۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا مايتاغنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا سوۋېتلىك مۇتەخەسسىسلەر مەسئۇل ئىدى. رەھبىرىنىڭ ئىسمى مىخائىل سىپرىكى بولۇپ، بۇندىن باشقا يەنە رۇس تىلىنى بىلىدىغان جاۋ فامىلىلىك دۇڭبېيلىق كىشى زاۋۇت باشلىقى ئىدى. پۈتۈن زاۋۇتنىڭ 200 — 300 ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، پەقەت تۆت - بەش كورپۇسلا ئۆيى بار ئىدى. قالغانلىرى گەمە ياكى موڭغۇل ئۆيى ئىدى.

سوۋېتلىك مۇتەخەسسىسلەردىن يەنە مېتىلوپ، نىرتىك قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار دائىم كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، قۇدۇق جازىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرەتتى. بۇ كىچىك ماشىنىلار پەقەت تېخنىك خادىملار ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى، باشقىلار ئاتلىق ماڭاتتى. شۇ ۋاقىتتا يەنە

بىرنەچچە ئاتخانىمۇ بار ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردىكى مايتاغ، مەيلى خىزمەت شارائىتى ياكى تۇرمۇش شارائىتى جەھەتتىن بولمىسۇن، ناھايىتى ناچار ئىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەقەت بىرلا ئاشخانىسى بولۇپ، كىنوخانا ۋە باشقا ھېچقانداق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى يوق ئىدى. پۈتۈن زاۋۇتتا پەقەت 20 ئاپتوموبىل، ئالتە تراكتور بار ئىدى. بۇ ماشىنىلارنى ترانسپورت بېكىتى باشقۇراتتى. زاۋۇتتا ئىشخانا، گېئولوگىيە بۆلۈمى، قۇدۇق جازىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، ماشىنىسازلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەل ئەمەس ئىدى.

مايتاغقا يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدا مۇتەخەسسىس مىخائىلوۋسكىي بىزگە دەرس بەردى، ماي قۇدۇقى ئۈسكۈنىلىرىنى قانداق باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشنى ئۆگەتتى. بىز دەسلەپكى قەدەمدە بۇرغۇلاش، ماي ئېلىش جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇرغۇلاش ئەترىتىگە بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق. 1939 - يىلىنىڭ بېشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى جۇڭگو تەرەپنىڭ گېئولوگىيە ئەترىتى، توك بىلەن ئۆلچەش ئەترىتى ۋە قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدىكى رەھبەرلىرىنى يىغىپ، يەنە بىر قېتىم تېخنىكىلىق تەربىيىلەش ئېلىپ باردى. پراكتىكا جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى بىزنى تۇستاي، شىخو، چىڭگىل، شىخەنزە، تۆتتۈپ تېرەك قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. شۇندىن كېيىن مەن كارتىگراف، لابېرانت ۋە توپلىغۇچى بولدۇم.



1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىن شىخاباغا قەدەر ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ يولى يېسىلىپ، كۈيتۇڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1940 - يىلىنىڭ بېشىغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر قىسىم چوڭ قۇدۇق جازىلىرى يۆتكەپ كېلىندى. بۇ يېڭى ئەپكەلگەن قۇدۇق جازىلىرى، بۇرغۇلاش ماشىنىلىرى ئارقىلىق 700 — 800 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق بۇرغۇلاشقا بولاتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مايتاغدا ئىشلىتىلگىنى 100 مېترلىق تېيىز بۇرغۇلاش ماشىنىلىرى بولۇپ، 17 -، 20 -، 36 -، 39 -، 40 -، 41 -، 42 - نومۇرلۇق ماي قۇدۇقلىرىنى قازغان.

1941 - يىلى، خېلىلا ئىلغار بولغان نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. لېكىن 1943 - يىلىغا كەلگەندە سوۋېتلىكلەر ئۇنى بۇزۇۋېتىپ، ئۈسكۈنىلىرىنى سوۋېتقا يۆتكەپ كەتتى.

1942 - يىلى مېنىڭ نېفىتلىككە ۋە بۇ خىزمەتكە تازا قىزىقىۋاتقان ۋاقتىم ئىدى، لېكىن 10 - ئايدا مەن نېفىت كېنىدىن ھەيدەلدىم.

1943 - يىلى قۇۋۇۋقتىكى ئاكامنىڭ يېنىغا باردىم. مەن قۇۋۇۋققا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ئادەملەر مېنى سوۋېت ئىشپىيونى، دەپ قولغا ئالدى. مەن چۆچەك تۈرمىسىدە 11 ئاي يېتىپ، 1944 — 1945 - يىللىرى ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالدىم.

1947 - يىلى 3 - ئايدا قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. شۇ ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدىكى يولداشلار مېنى مايتاغقا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مايتاغقا قايتىپ كېلىپ تېخنىك بولدۇم. ئۇ چاغدا مايتاغنىڭ رەھبىرى ۋارىسجان سىدىق ئىدى. دەسلەپتە سوۋېتلىكلەر ئاچقان ھەم كېيىن ئۇلار ئېتىۋەتكەن ماي قۇدۇقلىرىنى ئېچىپ، يېڭىباشتىن ماي ئېلىشقا كىرىشتۇق.

1948 - يىلى 36 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى ئېچىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ھادىسە يۈز بەردى. مەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نېفىت گازى ئىچىدە قالدىم، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. يولۋاس قاتارلىق بىر نەچچە پېشقەدەم ئىشچىلار ماڭا ئارقان تاشلاپ بېرىپ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى، مەن ئامان قالدىم، لېكىن بىر كۆزۈم نېفىت گازى بىلەن زەخىملەندى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا قىيىن - قىستاققا ئۇچرىغانلىقىم ئۈچۈن، كۆزۈمگە تېخىمۇ زور زىيان يەتتى، ھازىر ھەر ئىككى كۆزۈم كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقتىن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيمەن.

1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ نېفىت ئايرىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدىم. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ تېخنىك ئەسۋابلار بىلەن تەمىنلەش بۆلۈمىدە خىزمەت قىلدىم. كېيىن تېخنىك ئەسۋابلار بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى قۇرۇلدى. مەن بۇ باشقارمىدا ئۈچ يىل ئىنژېنېر بولدۇم.



1954 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردىم. ئارقىدىنلا قاراماي تېخنىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولدۇم.

ھازىر شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، كۈنسايىن ئۆزگىرىپ بارماقتا. دېمەك شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى — مايتاغ.

ئابدۇراخمان مامۇت تەرجىمىسى

## 14 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسمى 268 - پولك
(شىنجاڭ يېڭى گازارمىسى) نىڭ كەچۈرمىشلىرى...
........................................ يۇ شىنخۇا
جاۋدەننىڭ شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى ... ۋاڭ ۋېيبى
ياڭ زېڭشىننىڭ تارىخقا ئائىت غەيرى رەسمىي
ۋەقەلەر ........................ جاڭ چىيىڭ
شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي
كادىرلار كۇرسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ......
........................................ چېن فاڭبەي
ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىككى قېتىم شىنـ
جاڭغا بارغانلىقىم ھەققىدە خاتىرە ... سۇن يۆچى
«تىيانشاننىڭ جەنۇبىي - شىمالىي» توغرىسىدا ......
........................................ لى فەنچۈن
بوۋام لى گېنيۈەننىڭ 1938 - يىلى شىنجاڭغا كېلىشـ
تىكى جەريانى توغرىسىدا ........... لى چېڭجىڭ
«شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى خەلق ئۇيۇشمىسى»
ۋە باشقىلار توغرىسىدا ...... خې يۈجۇ، كاڭ بىڭلىن
ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم كىرىشى ۋە
جىمسارنى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى...
........................................ جاڭ ئەنيىڭ
مەن قاتناشقان بىر نەچچە قېتىملىق جەڭنىڭ ئەمە-



لىي ئەھۋالى ........................ چېن گوجېن
شىنجاڭ تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى ..
........................................ شىن خۇڭدى
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئىبادەتخانا،
ساراي مەرھۇملار سارىيى ............... ليۇ دىخې
ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرى-
نىڭ قىسقىچە تارىخى ........... شۇ شۇتوڭ
يولۋاس توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم .............. شۇجىڭ
جيۇ چۈەن قوزغىلىڭىنىڭ ئالدى - كەينىدە ......
........................................ پېڭ مىڭدىڭ
ماتېرىيال:
جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكى
ئەمەل ناملىرى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئىسىملىكى ......

## 15 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

شىنجاڭدا «11 بىتىم» نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ بۇ-
زۇلۇشى ................................ خېۋىر تۆمۈر
11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ۋە ئاتالمىش دېموكراتىك
سايلامنىڭ سىرى ......... خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوپ
تىنچلىق بىتىم مەزگىلىدىن ئازادلىق ھارپىسىغىچە
خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ...... جاپپار ئەھمەت
1945 - يىلى 8 - ئايدىن 1947 - يىلى 8 - ئايغىچە
يەكەندە بولغان ۋەقەلەر.........ئىسرايىل ئەسقەرى
كۇچا ھورۇنباغ ۋەقەسى توغرىسىدا ئەسلىمە .........
........................................ ساۋۇت بەكرى

1947 - يىلدىكى پىچان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۆت-
مۈشى ........................ تېيىپ پولات
شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە
گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھەربىيلىرىنىڭ قاراشەھەر،
كۇچادا يۈرگۈزگەن بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرى توغرى-
سىدا ........................ زاكىر نىياز رەتلىگەن
ما فۇشىڭ (ماتىتەي) توغرىسىدا ئەسلىمە ..........
........................ مۇھەممەد ئىمىن قۇربان
قاغىلىق تارىخىغا دائىر ئەسلىمىلەردىن پارچىلار......
........................ ئابدۇرىشىت خوجاخمەت
سۈرگۈن ۋە نوم ............ ئىمىنوپ ئىلاخۇن
گومىنداڭ — جياڭ جيېشىنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى
«جۇڭتۇڭ» ۋە «جۈنتۇڭ» توغرىسىدا..............
ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا تارقىتىلغان گېزىت -
ژۇرناللار .............. ئەركىن ھۇشۇر رەتلىگەن

## 16 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

ئەجدادلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، جۇڭخۇا ئېلىنى
گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى ......... چى گو
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە ..............
........................ ياسىن خۇدابەردى
شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت ئەھۋاللار
ھەققىدە ئەسلىمە .............. ساۋدانوپ زاھىر
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە 1 - سۋىدوڭ پىيادە
پولكىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ بېسىپ



، يوللىرى توغرىسىدا ئەسلىمە ........
........................ ئىسمائىلوپ مۇھەممەد
سىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقىم
توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە ...... تۇرغانوۋ ئوسمان
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ئەس-
لىمە ........................ قۇربان ئېلى ئوسپانوۋ

## 17 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

1933 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە قەشقەر، خوتەن،
ئاقسۇلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ..........
........................ ئابدۇقادىر ھاجى
خوتەن قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئەسلىمە ..........
.............. دوختۇر مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا
ما خۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ خوتەن خەلقىگە قىلغان
زوراۋانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ئىشلىرىدىن ئەسلىمە-
لەر ........................ مەتىمىن توختى
مىللىتارىست شېڭ شىسەي دەۋرىدە ھەر مىللەت زىيا-
لىيلىرىنىڭ سۈرگۈن قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا
ئەسلىمە ........................ خالىق ساقى

## 18 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

ھەرىپقان كۆكەدايىۋ توغرىسىدا ئەسلىمە ..........
........................ مۇقاش جاكە قوغلى
كۆكتوقاي قوزغىلىڭى توغرىسىدا يادىمدا قالغان بەزى

ۋەقەلەر ........................ غازىز ئاقىت
بارىكۆل ۋەقەلىرى ھەققىدە ئەسلىمىلەر ..........
..........................قۇربان ئەلىي ئوسپانوۋ
شىنجاڭ ئۆلكىلىك چۆنجى، جىمسار، مورى مۇستەقىل
ئاتلىق ئەسكەر تىنچلىقىنى ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتى ..........
........................ ساغدۇللا ئارالباي ئوغلى
چىيەنەي پارتىزانلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى ..............
........................... ئابدۇلكېرىم مەھمۇدوپ

## 19 ـ سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

شىنجاڭ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىدىكى كۈنلەر ...
..................................شياۋ شيەنچىڭ
1930 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە يەتتە قۇدۇقتا بولغان ئۇرۇش ئاپىتى ......................شىن جۇگدې
1932 ـ يىلىدىكى تۇرپان ئۆزگىرىشى ........
...سەي جېڭسېڭ يېزىپ قالدۇرغان، سەي خېڭسېڭ رەتلىگەن ...............................
ئاچچىقسۇ ۋەقەسى ........................ لىۋ يىڭلىن
1933 ـ ، 1934 ـ يىللاردىكى ئۈرۈمچى شەھەرنى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالى ......... جىن گوجېن
شىنجاڭ موڭغۇل، قازاق مەكتىپىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا دائىر قىسقىچە ئەسلىمە ...............سەي خېڭسېڭ
شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا ............ سەي خېڭسىڭ



قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پائالىيەتلەردىن پارچىلار ......
....................................... لىۋ خۇڭېڭ
«دۆلەت ئاتىسى ناملىق سودا ـ سانائەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالى .................... لۇ گۈيسېڭ
1944 ـ يىلى دىخۇادىن چاقىلىقىچە بولغان يېپەك يولى سەپىرىم ...................... لۇ گۈيسېڭ
بەيتىڭ ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ جەريانى..... خەن يۈۋېن
«كۈرەش گېزىتى» نىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ..................... لى ۋېنخۇا
كۇچا ۋەقەسىنىڭ باش ئاخىرى ..........لى رۇخەن
نەنسەندىكى باندىتلارنى يوقىتىش خاتىرىسى ........
.......................................... يۈەن شيۇكەي
دۇ جۇڭيۈەننىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم ................................. لى مىڭجاڭ
يورۇقلۇققا ئىنتىلگەن ھايات ............................
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتقان گېنېرال جاڭ فېڭيى توغرىسىدا ....................چېن شىمىڭ
چېن يەنچيۇ شىنجاڭدا ............... جاڭ ۋېنجۇڭ
ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبىينى سېغىنىمەن ... لۇ گۈيسېڭ
فۇكاڭ ئاق ھارىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى ..........
............................................. خې زاۋشىن
ئۈرۈمچىدە تىياتىر ۋە ئەلنەغمىنىڭ تەرەققىياتى ......
............................................ ۋاڭ ۋېنجۇڭ

## 20 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى


ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەشقەر مائارىپىنىڭ قىسقىچە تارىخى ...... ئۆمەر ئەمەت

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مەدەنىي - مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە ...... جاپپار ئەمەت ......

يەكەندە مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى ۋە تەرەققىياتى ...... ئابدۇرېشىت يۈسۈپ

كۇچا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە ...... ئىمىن مۇھەممەت، ئابلىمىت نىياز

گۇچۇڭ ناھىيىسىدە مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە ...... ... ئابدۇقادىر ئابدۇسەمەت ھاجى، ئابلا ئەخمەتنىياز

ئاستانە يېزىسىدا يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى ...... ...(تۇرپان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تۈزگەن)

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىن ئەسلىمە ...... ئىگەم خېلىل

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئىلى مائارىپى ھەققىدە ئەسلىمە ...... نەسرىدىن ناسىرى

شايا ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ تارىخىدىن قىسقىچە ئەسلىمە ...... روزى ئىبراھىم

گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە ......





...... ھۆشۈرمەت بارات، تۇرسۇنمەت ھۈسەيىن

خوتەندە ئۇيغۇر مەدەنىي - مائارىپى ۋە يېڭىچە ئەدەبىي - سەنئەتنىڭ تۇنجى قېتىم مەيدانغا كېلىشى ...... مەمتىمىن توختى

كۇچا ناھىيىسىدە ھازىرقى زامان سەھنە (تىياتىر) سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ...... نىياز مەھمۇت

قاراشەھەردە دەسلەپكى سانايى نەپىسە ئىشلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە ...... ئەيسا مۇسا

شىنجاڭدا 30 - يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى... ...... خالىق ساقى

پېشقەدەم كوممۇنىست — يولداش شۆي لياڭ توغرىسىدا ئەسلىمە ...... غوپۇر ياقۇپ

يەكەندە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان پەننىي مەكتەپ مەتلەئىل ئىرپان ھەققىدە ئەسلىمە ...... ...... مۇھەممەت ئابدۇللا

ئاقسۇ كونىشەھەر مائارىپ تەزكىرىسى ...... ...... ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

باي ناھىيىسىدە پەننىي مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ...... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

责任编辑：哈力克·沙克
阿布利孜·穆罕默德·沙依拉米

**新疆文史资料选辑（24）（维吾尔文）**
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料研究委员会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
787×1092毫米　32开本　14印张　1插页
1988年2月第1版　1988年4月第1次印刷
印数：1——10,000

ISBN7—228—00518—X/K·44　定价：
（内部发行）

ISBN 7—228—00518—X

K·44(民文)　定价：[illegible].50元

（内部发行）